ھاجى نۇرھاجى

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

MORTOM



ISBN7 - 228 - 06389 - 9

ISBN 7-228-06389-9

9 787228 063895 >

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ھاجى نۇرھاجى

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

回鹘与喀喇汗王朝/阿吉·弩尔阿吉著. —乌鲁木齐:
新疆人民出版社, 2001.4
ISBN 7-228-06389-9
Ⅰ.回… Ⅱ.阿… Ⅲ.回鹘—历史—维吾尔语
(中国少数民族语言) Ⅳ.K289

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 21079 号

责任编辑:买买吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对:阿达来提·买合苏提

回鹘与喀喇汗王朝(维吾尔文)
阿吉·努尔阿吉著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版发行
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆各地新华书店经销
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 15.875 印张 4 插页
2009 年 4 月第 2 次印刷

ISBN7-228-06389-9/K·927 定价:23.00 元



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كاندىدات تەتقىقاتچىسى ھاجى نۇرھاجى 1929 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇستۇنئاتوش يېزىسىنىڭ تاقۇت كەنتىدە تۇغۇلغان. 1941 ــ 1943 ـ يىللىغىچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان. 1953 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىگە مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بولغان. 1954 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىدە مۇئاۋىن ئىشخانا مۇدىرى بولغان، 1956 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن ـ تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دىن تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1980 ـ يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى نەشرگە تەييارلاشقا قاتناشقان. 1984 ـ يىلى تۇنجى ئەسىرى «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» نى يازغان. بۇ كىتاب 1986 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ژۇرناللاردا «‹قۇتادغۇبىلىك› تىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە تاكتىكىسى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ رايونىدىكى ئىسلام دىنى تەتقىقاتى ۋە مىللىي مەسىلە توغرىسىدا»، «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› نىڭ نەشر قىلىنىشى توغرىسىدا» قاتارلىق 50 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. لۇتفىنىڭ «گۇل ۋە نەۋرۇز» ۋە مۇھەممەت شەيبانىخاننىڭ «بەھرۇل ـ ھۇدا» دېگەن ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلىغان. 1987 ـ يىلى 4 ـ ئايدا لوندوندا ئېچىلغان خەلقئارا

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى دىنىي ۋە مىللىي مەسىلىلەر تەتقىقاتى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇغان. 1986 ـ يىلى مىرسالىھ قەشقەرى كۆچۈرگەن «قەشقەر تارىخى»نى مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان. 1993 ـ يىلى «يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

1994 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ توكيودا ئېچىلغان خەلقئارا ئوتتۇرا ـ ئاسىيا تەتقىقات يىغىنىدا «شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنى تەتقىقاتى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇغان. 1995 ـ يىلى، چىڭ گوگاڭ بىلەن بىرلىكتە يېزىپ چىققان «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى» ناملىق ئەسىرى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. 1998 ـ يىلى «سۇتۇق بۇغراخان مازىرى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسى «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان. مەزكۇر كىتاب ئاپتورنىڭ كۆپ ئىزدىنىپ يازغان ھەجمى خېلى چوڭ ئەسىرى. ھاجى نۇرھاجى پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن يەنىلا تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ...... 1

## بىرىنچى بۆلۈم، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار

بىرىنچى باب، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ...... 2

ئىككىنچى باب، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ...... 30

1. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 30
2. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ...... 33
3. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسى ... 42
4. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ...... 45
5. قەدىمكى «مەڭگۈ تاش» يادىكارلىقى توغرىسىدا ... 71
   1) قەدىمكى «مەڭگۈ تاش» يادىكارلىقىنىڭ مەزمۇنى... ...... 72
   2) بىلگە تونيۇقۇق قاغان ئابىدىسى ...... 74
   3) بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى ...... 78
   4) كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى ...... 81
6. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى شامانىزم ...... 86
   1) شامان (قامان) دىنىدىكى ھېيىت ـ ئايەم ...... 98
7. مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى تەسىرى ...... 101
8. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى ...... 112
9. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى ...... 121

ئۈچىنچى باب، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ

يىمىرىلىشى ...... 123

1. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى ...... 128

تۆتىنچى باب، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ...... 147

1. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 147

2. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى ...... 159


## ئىككىنچى بۆلۈم، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار


بىرىنچى باب، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا ...... 174

1. ئەرەب ئىستىلاسى ...... 174

2. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تەسىرى چوڭ دىنلار ...... 180

1) بۇددىزم ...... 180

2) خرىستىئانچىلىق ...... 183

3) مانى دىنى ...... 184

ئىككىنچى باب، سامانىيلار خاندانلىقى ...... 201

1. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 201

2. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ...... 209

3. سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ...... 214


## ئۈچىنچى بۆلۈم، قاراخانىيلار


بىرىنچى باب، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 222

1. قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ...... 233

2. قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى كۆرەشلەر ...... 244

3. شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ...... 269

4. غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى ...... 277




www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى باب، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت
تۈزۈمى ۋە شەكلى............ ............................ 287
1. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت
تۈزۈلمىسى ............................................ 298
2. ئوردا ۋەزىرىنىڭ ۋەزىپىسى.............................. 300
3. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردا سارىيىدىكى
دىۋانلار ................................................. 305
4. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدلىيە مەھكىمىلىرى ... 310
ئۈچىنچى باب، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي
قوشۇن ................................................... 314
1. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قوماندانى
ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيىسى ............................. 321
2. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ھەربىي قوشۇننىڭ
تەرتىپ ـ ئىنتىزامى ..................................... 323
3. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ
ئۇنۋانلىرى ............................................... 340
4. قاراخانىيلارنىڭ قورال ـ ياراغلىرى ..................... 342
تۆتىنچى باب، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ جەمئىيەت
ئىقتىسادى ................................................ 360
1. قاراخانىيلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى.................. 360
1) يېزا ئىگىلىكى............................................ 367
2) قول ھۈنەرۋەنچىلىك ..................................... 370
3) بىناكارلىق ۋە نەققاشلىق ............................... 372
بەشىنچى باب، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت.......... 377
1. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت توغرىسىدا
ئومۇمىي بايان ......................................... 377
2. «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا............................ 411
1) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ....................... 414

www.uyghurkitap.com


2) «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نامى ۋە بىر قانچە نۇسخىلىرى ........ 421

3. «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدا ........ 430

1) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى توغرىسىدا ........ 432

2) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يازغان ۋاقتى ........ 443

3) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ باغدادقا بېرىشى توغرىسىدا ........ 444

4. «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» توغرىسىدا ........ 448

ئالتىنچى باب، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشى ........ 451

1. قاراقىتانلارنىڭ بېسىپ كىرىشى ........ 453

2. قاراقىتانلارنىڭ زۇلمى ........ 457

3. چىڭگىزخاننىڭ ئىستىلاسى ........ 464

قوشۇمچە I

زور ۋەقەلەر يىلنامىسى ........ 470

1. قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر يىلنامىسى ........ 470

2. قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى ........ 472

1) شەرقىي قاراخانىيلارغا دائىر زور ۋەقەلەر يىلنامىسى ........ 478

2) غەربىي قاراخانىيلارغا دائىر زور ۋەقەلەر يىلنامىسى ........ 482

قوشۇمچە II

پايدىلانغان مەنبەلەر ........ 488

# كىرىش سۆز

مىلادىيە 744 — 840 ـ يىللىرىغىچە بولغان دەۋردە ۋە 9 ـ، 11 ـ ئەسىرلەردە بىزنىڭ ھازىرقى بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە بىرقانچە ھاكىمىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. جۇڭگودا قۇرۇلغان مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر ئىچىدە خەنزۇلار قۇرغان ھاكىمىيەتلەرمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر قۇرغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەرمۇ بار ئىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە موڭغۇل دالىسىدا قارابالاساغۇننى پايتەخت قىلغان ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھاكىمىيىتى (774 — 840)، شىمالىي جۇڭگودا قىتانلار ھاكىمىيىتى، جەنۇبىي جۇڭگودا سۇڭ سۇلالىسى، غەربىي شىمال ئېگىزلىكىنىڭ بىر قىسمىدا تاڭغۇتلار ھاكىمىيىتى، خېشى كارىدورىدا گەنجۇ ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىرقىسىم جايلاردا قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر ھاكىمىيىتى، كۇچارنىڭ غەربىدىن تارتىپ بۇخاراغىچە ۋە شىمالدا ئىسسىق كۆلدىن تارتىپ جەنۇبتا خوتەنگىچە بولغان كەڭ زېمىندا ياغمىلار ۋە ئۇيغۇرلار قۇرغان قاراخانىيلار سۇلالىسى ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى. دەسلەپ بالاساغۇن شەھرىنى، كېيىن ئوردۇكەنتنى پايتەخت قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى جۇڭگو تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخى ۋە تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تارىخىدا جەمئىيەت تەرەققىياتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكى، ۋاقتىنىڭ ئۇزاقلىقى (300 يىلدىن ئارتۇق) جەھەتلەردە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىن ھەم قارا قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان چوڭ، قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسى بولۇپمۇ 11 ـ ئەسىرلەردە زور گۈللىنىش دەۋرىگە

كىرگەن. ئۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۆز زامانىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەن. بۇ دەۋردە يېزا ـ ئىگىلىكى، قول ـ سانائىتى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىش ئومۇملاشقانىدى. ئىقتىسادىي مەركەزلەردىن بولغان چوڭ شەھەرلەر مەيدانغا كەلگەنىدى. مەسىلەن، قەشقەر، بارچۇق (مارالبېشى)، بالاساغۇن، ئوترار، فاراب، سەمەرقەنت، بۇخارا قاتارلىق يىرىك ئىقتىساد، سودا ـ مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمكى مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا چوڭ شەھەرلەردە مۇكەممەل شىپاخانىلار، قەشقەر، ئاتۇشتا ئونىۋېرسال ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، مەسىلەن، ئاتۇشتا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىي ئاچقان بىلىم يۇرتى، قەشقەر ساجىيە، مەھمۇدىيە مەدرىسلىرى، جامە، كارۋان سودا سارايلىرى مەيدانغا كەلدى. قەشقەر، سەمەرقەند، بۇخارا قاتارلىق جايلاردا كۆركەم ھەشەمەتلىك مەدرىسە بىنالىرى بارلىققا كەلدى. بەزىلىرى زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئۆلىما ـ ئالىملار، ئەدىب ـ شائىرلار، تىلشۇناسلار، پەيلاسوپلار، قانۇنشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، يېزا ـ ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى، تېۋىپلار، ھەربىي ئالىملار مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئالتۇن دەۋر يارىتىلدى. ئەنە شۇ چاغلاردا قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدە ئەبۇ ئابباس پەرغانى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ رەيھان بىرونى، ئەبۇ نەسىر سامانىي، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇستازى ـــ شەيخ ئىمام زاھىد ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف قەشقىرى، جامال قارشى، جامالىددىن قەشقىرى، ئىمادىددىن قەشقىرى، ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇلغەپۇر ھۈسەيىن ئەلمايى («قەشقەر تارىخى» نىڭ ئاپتورى، 1084 ـ يىلى ۋاپات بولغان)، مۇھەممەد

ئىبنى رەشىد ئىبىن ئەلى قەشقىرى (1083 ـ يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىق ئالىملار مەيدانغا كەلدى. ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئەڭ شەۋكەتلىك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتنى ياراتقان يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىپتىخارىدۇر. دانىشمەن تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرى، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ھىببەتول ھەقايىق» ئەسىرى مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن. شەرقتىكى بودداچى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن سىڭقۇسەلى توتۇڭ، ئارغۇن سالى، بويان بوغا تېكىن، ئاپىرىنچۇرتېكىن، سىلىغ تېكىن قاتارلىق بۈيۈك ئالىم ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ئۈستۈنلۈكى، بەدىئىي جەھەتتىكى يۈكسەكلىكى، مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئۇسلۇبىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن جاھان ئەھلىگە مەشھۇردۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسى مەملىكىتىمىز تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. شۇڭا بۇ خانلىقنى دۇنيا ۋە ئېلىمىز ئالىملىرى تەتقىق قىلىپ كەلمەكتە. مەن 1983 ـ يىلىدىن ئىلگىرى بىرقانچە يىل ماتېرىيال توپلاپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق بار ماتېرىياللاردىن ئەستايىدىل پايدىلىنىپ «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ دەسلەپكى تەتقىقات مېۋىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغانىدىم. بۇنىڭغا 17 يىل بولۇپتۇ. بۇ توغرىدا نۇرغۇن ئالىملار، تەتقىقاتچىلار ئۆز ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلدى. ئەمما شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى (كېلىپ چىقىشى) نى تېما قىلغان ئىلمىي ماقالىلىرىدە بەزى ناتوغرا قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا مەن يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ئەتراپلىق ئىزدىنىشلار ئاساسىدا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم ئەسەر ۋە

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بولۇپمۇ گېرمانىيىلىك تارىخ ئالىمى پرىتساكنىڭ «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى ۋە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ يىرىك تارىخچىسى ۋە قاراخانىيلارنىڭ تارىخى جەھەتتە ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇمات بەرگەن ئىبنول ئەسىرنىڭ «تارىخي كامىل» نىڭ 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ توملىرىدىن ۋە جامال قارشىنىڭ «سوراھقا يازغان ئىلاۋە» سى قاتارلىق ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى مەنبەلىرىنى تارىخقا ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپى بويىچە سىستېمىلىق بايان قىلدىم.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى دەۋرىنى يورۇتۇپ بېرىش ناھايىتى زور ئەمگەك تەلەپ قىلىدۇ. سەۋىيەم چەكلىك بولغانلىقتىن، ئەسەردە يېتىشسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىي. كىتابخانلارنىڭ كېيىنكى نەشرىدە يېتىشسىزلىكلەرنى تۈزىتىشىم ئۈچۈن ياردەم قولىنى سۇنۇشىنى سورايمەن. بۇ ئەسەرنى يېزىشتا پېشقەدەم ئالىملارنىڭ ۋە يولداشلارنىڭ بەرگەن قىزغىن ياردەملىرىگە تەشەككۈر ئېيتىمەن، مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

بىرىنچى بۆلۈم

# ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇرلار

## بىرىنچى باب
# ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى Ⅲ ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا تەڭرىتاغ ۋادىلىرى، كوئېنلۇن، قارا قۇرۇم تاغلىرى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى، ئۇزاق تارىخىنى ياراتقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پائالىيەت ماكانى (بۆشۈكى) بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى كونا تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ ئىنسانلار ياشىغان ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئەڭ بالدۇر مەيدانغا كەلگەن جايلارنىڭ بىرى ئىدى.

يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق[①] تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ قەدىمىي تۈرك يېزىقى (بۇ يېزىق ئۇرخۇن ـ يېنسەي يېزىقى ياكى تۈرك ـ رۇنىك يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، بىراخما يېزىقى (قەدىمىي قارا شەھەر، قەدىمىي كۇچار يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا ئەرەب يېزىقى قاتارلىق بىرنەچچە خىل يېزىقلارنى قوللىنىپ ئۆزىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى خاتىرىلەپ كەلگەن.

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل.

ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىدىن جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى قەدىمكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار ۋە قەدىمكى ئىنسانلار تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇتەخەسسىسى جاڭ سىنشۇي ئەپەندى ۋە شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى ۋە ئارخېئولوگىيە ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدرىس ئەپەندى قاتارلىق خادىملارنىڭ قەدىمكى تۇرپان يارغول شەھىرىنىڭ غەربىدىكى غولىنىڭ شىمالىدىكى تۆپىلىكتىن بۇندىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرى كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قېزىۋېلىپ، شىنجاڭنىڭ كونا تاش قورال دەۋرىگە خاس مەدەنىيەت بۇيۇملىرى بولماسلىقىدەك ئەھۋالغا خاتىمە بېرىپ، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت تارىخىنى 15 مىڭ يىللاردىن 20 مىڭ يىللارغىچە ئىلگىرى سۈرگەن. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يارغولدىن ياپراقلىق تاشلار، قېزىش ئەسۋابلىرى قاتارلىقلاردىن 580 پارچىدىن ئارتۇق تېپىلغان. بۇلارنىڭ سانى ئەڭ كۆپ، نىسبىتى ئەڭ زور، مەدەنىيەتلىك خاراكتېرى ئەڭ كۆپ بۇيۇملاردىن ئىبارەت. بۇ بايقالغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا قارىتا جاڭ سىنشۇي ئەپەندىكى «بۇ تاش قوراللار كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئەڭ ئاخىرىقى مەزگىلىگە مەنسۇپ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدۇر» دەپ قارىغان①.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي مەنبەسى، ئەڭ دەسلەپكى ماكانى ھەققىدە ئېلىمىز ۋە چەت ئەل ئالىملىرى كۆپ ئىزدەندى.

ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي تەرەققىيات جەريانى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ تارىخىي جەريان.

① ئىنسانلارنىڭ تۇرپاندىكى پائالىيەت تارىخى 20 يىلغا يېقىنلىشىدۇ. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىل 22 ـ فېۋرالدىكى سانىغا بېسىلغان ماقالە. ياسىن ئەيسا تەرجىمىسى.

خەنزۇچە مەنبەلەردە «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ نامى ئالدىنقى چىن، غەربىي، شەرقىي خەن دەۋرلىرىدە «دىڭلىڭ» (丁零)، دىڭلىڭ (丁灵) ياكى «دىلى» (狄历) دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىشقان بولدى. مىلادىي Ⅲ ئەسىردىن كېيىن يەنە «چىلى» ۋە «تېلى» دەپ ئاتالدى. تېلى دېگەن نام چېلى ۋە دىڭلىڭ دېگەن ناملارغا ئوخشاش «Turk» سۆزىنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى.

«دىڭلىڭ» قەبىلىلىرى قەدىمىي خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەڭ دەسلەپ «دىلى» (狄历) دەپ ئاتالغان. مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن «دىڭلىڭ» لەرنى ئىلىم ساھەسىدىكىلەر قەدىمىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى دەپ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

«تارىخىي خاتىرىلەر» قاتارلىق كىتابلاردىكى خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، دىڭلىڭلار ئۆز دەۋرىدىلا شەرقتە بايقال كۆلى، غەربتە بالقاش كۆلى ۋادىلىرىغىچە بولغان يايلاقلاردا، ئالتاي تېغى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدىكى جايلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. دىڭلىڭلار پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئورۇن، جايلارغا قاراپ «شەرقىي تېلىلار»، «غەربىي تېلىلار» دەپ ئاتالغان.

«دىڭلىڭ» لار كېيىنكى دەۋرلەردە «قاڭقىل» دەپ ئاتالدى. Ⅵ ئەسىردە تېلى قەبىلىلىرىدىن ئۇيغۇر بۆكۈ، توڭرا، بايىرقۇ قەبىلىلىرى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشچىلىقىدا ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇيغۇر قەبىلىسى شۇ دەۋرلەردە ئەڭ كۈچلۈك قەبىلە ئىدى. كېيىن بۇ ئىتتىپاق نامى خەنزۇچە مەنبەلەردە «خۇيخې» (回纥) دەپ ئاتالدى. «خۇيخې» دېگىنىمىز دەل ئۇيغۇرلار ئىدى.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە يازما مەنبەلەردىن قارىغاندا دىلار، هۇنلار، دىڭلىڭلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي ئەجدادلىرى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىدى.

هۇنلار مىلادىدىن 2000 يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن تارتىپلا

جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدا، «غەربىي قىسمىدا ياشاپ كەلگەن»①. مىلادىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تەڭرىتاغ رايونى ھۇن ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسىدە بولۇپ كەلدى. ھۇنلار مەملىكىتىمىزنىڭ كەڭ زېمىنىنى ئېچىش ۋە ئۇزاق تارىخنى، پارلاق مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش جەھەتلەردە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان بۇ رايوندا ھۇن، تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مۇتلەق ئاساسىي ئاھالە بولۇپ ياشاپ كەلدى.

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ 70 ـ يىللاردىكى ۋە كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردىن بۇيانقى ئۇزاق تارىخ جەريانىدا تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغان ئاھالىلەر بۇ رايونلارغا كۆچۈپ كېلىش، غەربكە يۆتكىلىشتەك مۇرەككەپ ھالەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. شۇ دەۋرلەردە بۇ رايونلارغا كەلگەن ساك، سوغدى، توخرى، تۈبۈت قاتارلىق مىللەتلەر ئەسلىدىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى يەرلىك ئاھالىلەرگە ئارىلاشتى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا سىڭىشىپ بۇ يەردىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك تەركىبىي قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتتى. بۇلار شىنجاڭدا ئەسلىدە يەرلىك بولۇپ تۇرغان مىللەتلەر بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مۇرەككەپلىك ئەھۋالىنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن ئۇيغۇر تارىخىدا تۈركلىشىش قەدىمى باشلاندى. يەرلىك مىللەتلەرگە قوشۇلغان بۇ مىللەتلەر كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك تەركىبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھۇنلارنىڭ شۇ قىسمىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى دەپ

① «تارىخىي خاتىرىلەر — ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» 9 ـ جىلد، 2879 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

ئىلىم ساھەسىدە مىلادىيە I ئەسىر قەدىمىي شىنجاڭ تېررىتورىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك تۈركلىشىشنىڭ باشلىنىش تارىخىي دەۋرى بولۇپ، بۇ ھونلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالماقتا[1].

يۇرتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان ساكلار مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلار، «خەننامە» قاتارلىق تارىخىي كىتابلاردىكى بايانلار بويىچە قارىغىنىمىزدا، مىلادىدىن 1000 يىل ئىلگىرى (بۇنىڭدىن 3000 يىللار ئىلگىرىلا) ئىلى دەريا ۋادىسى، كۆنەس يۇلدۇز تاكى ئالتاي قاتارلىق جايلارنىڭ كەڭ يايلاقلىرى ساكلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

«ساكلار كېيىنكى دەۋرلەردە تەڭرىتاغ ۋە تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن»[2]. ئارخېئولوگىيە خادىملىرى لوپنور قاتارلىق جايلاردىكى تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسەن شۇ جايلارنى قەدىمىي زاماندا يەنىلا ساكلار ئورۇنلاشقان رايون دەپ ھېسابلىدى. جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى ۋە ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ ئىلمىي كۆز قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، شىنجاڭدىكى يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە ساكلار بولغان. شىنجاڭغا كۆچۈپ كەلگەن ساكلارنىڭ بىر قىسمى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا يەرلىك خەلقلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن، ئاخىر يەرلىك مىللەتلەر بىلەن بىللە ئۇيغۇر مىللىتىنى تەشكىل قىلغان. شۇڭا، ساكلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبلىرىنىڭ بىرىدۇر.

---

① «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 1998 ـ يىل 1 ـ سانىدىن.

② «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمىي مەدەنىيەت» ناملىق ئەسەردىن.

ئاتاقلىق تىلشۇناس، ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بايانلارغا قارىغاندا، «مىلادىي III ئەسىردە بىر قىسىم سوغدىلار بالاساغۇنغا كۆچۈپ كەلگەن ۋە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن. تۈركىي تىلىنى ئۆگەنگەن»① . خەنزۇچە تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مىلادىي VIII ئەسىردىن كېيىن ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدە ئورۇنلاشقان سوغدىلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان. «كېيىنكى خەننامە» ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىن يۇقىرىقىلارنى بىلىشكە بولىدۇ.

مىلادىيىن بەش ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردا بايقال كۆلىنىڭ غەربى، سېلىنگا دەريا ۋادىسى دىڭلىڭلارنىڭ پائالىيەت ئورنى ئىدى. ئۇيغۇرلار مىلادىيىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە بايقال كۆلىگە يېقىن جايلاردا ۋە خېشى كارىدورى ئەتراپىدا، مىلادىي III ئەسىردىن باشلاپ بايقال كۆلى بىلەن تەڭرىتاغ ئارىلىقىدا، مىلادىي IV ئەسىردە تارىم بوستانلىقىدا ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرىدىكى جايلاردا ياشىدى. «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم بوستانلىقى IV ، V ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانى ئىدى»② . جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق تارىخشۇناسلىرىدىن فېڭ جىياشىڭ، چېڭ سۇلو، مۇ گۇاڭۋېنلەرنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى توغرىسىدىكى ماقالىسىدا «ئۇيغۇرلار چوڭ كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا غەربىي يۇرت (شىنجاڭ) دا ئۇيغۇر، تۈركلەرنىڭ ياشاپ كەلگەنلىكى بىر تارىخىي پاكىت»③ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. «مىلادىيە III ئەسىرلەردە شىنجاڭغا ماكانلاشقان دىڭلىڭ (يەنى غەربىي دىڭلىڭلار)، مىلادىيە V ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭغا ماكانلاشقان تېلىلار

---

① ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، خەلق نەشرىياتى.

② «تارىخىي خاتىرىلەر — ھۇنلار ھەققىدە قىسسە» دىن.

③ «فېڭ جىياشىڭ، چېڭ سۇلو، مو گۇاڭۋېنلارنىڭ «ئۇيغۇرلار تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى» دىن.

ئۇزاق تارىخىي جەرياندا يەرلىك مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كېيىنچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن»[①] دەپ كۆرسەتتى.

رادلوف «ئۇيغۇرلار ئەڭ قەدىمىي تۈركى قەبىلىلەرگە مەنسۇپتۇر. شۇنداقلا ئۇيغۇرلار ئەڭ كەڭ تارقالغان تۈركىي خەلقتۇر»[②] دەپ يازغانىدى.

ئىلىم - پەننىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات سەۋىيىسى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش ئاساسى ۋە ماھىيىتى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلارغا مۇھىم تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلماقتا.

غەربىي شىمالدىكى مىللەتلەر تارىخىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن تارىخشۇناس گۇباۋ ئەپەندى يېڭى ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق پاكىتلارغا ئۇيغۇن يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. «دېھلىك ۋە تېلىلار، قەدىمىي ئۇيغۇرلار (خۇيخىلار) ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى بولۇپلا قالماي، ئۇلار تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنغان، ئەسلىدە جەنۇبىي شىنجاڭدا ماكانلاشقان ئىككىنچى (دېھقان) مىللەتلەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان»[③]. «مىلادىيە V ئەسىردە دېھلىكلار يەنى قەدىمىي ئۇيغۇرلار جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا ئۆزئۆن ھۆكۈمرانلىق قىلغان، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ خېلى كۆپ جايلىرى مۇشۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلىشىپ بولغان»[④]. «مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى شەرقىي تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدە ئۇيغۇرلار ناھايىتى قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپلا ياشاپ كەلگەن. ئاز

---

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق باشلىقى گۇباۋ«شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىش» ئىلمىي ماقالىسىدىن (جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى).

② «ۋ. ۋ. رادلوف: «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا»، 1893 - يىل نەشرى.

③ گوباۋ «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە دائىر بىرقانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا» («جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» مەجمۇئەسى 1998 - يىل 1 - سانى)

④ ۋ. ۋ. گىرىگورىيېۋ: «چىي تۈركىستان»، 1873 - يىل نەشرى.



www.uyghurkitap.com

«مىلادىيە V . «تىلغا ئېلىنغان»[①] دېگەندىمۇ (خەننامە) دە ئەسىردىن ئېتىبارەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشىغان ئاھالىلەر ئۇيغۇرلىشىش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈشكە باشلىغان. بىرمۇنچە خەلقلەر ۋە مىللەتلەر پەيدىنپەي ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن»[②].

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە ھەرخىل تەركىبلەرنىڭ قوشۇلۇشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇرەككەپ تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. بەزى قەبىلىلەر ئۇيغۇرلار تەركىبىگە كېچىكىپرەك تەركىب بولۇپ كىرگەن. بەزى قەبىلىلەر ئاساسىي يادرو بولۇپ كىرگەن.

تارىخىي يادىكارلىقلاردا «شىنجاڭغا كىرىپ ماكانلاشقان مىللەتلەر ئىچىدە، ھۇن، ساك، توخرى، سوغدى قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەر شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ شىنجاڭدىكى يەرلىك مىللەتلەرنىڭ مۇرەككەپ ئەھۋالىنى شەكىللەندۈرگەن»[③] دېگەن. بۇ خىل مۇرەككەپلىك شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمىي يېزىقلار (ئالايلۇق، قارۇشتى يېزىقى، ئۇدۇن ساك تىلى، سانسكرىت يېزىقى، تىبەت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، توخار تىلىنىڭ B، A، f تىلى قاتارلىق) بىلەن يېزىلغان خەت ـ چەك، يەر خېتى قاتارلىق (دىنىي كلاسسىك ئەسەرلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) لاردا ئەكس ئەتكەن. بۇ يەرلىك مىللەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئاخىر ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەن.

بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن ئېتنىك

① خەننامە.
② ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، 260 ـ بەت.
③ گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق ئالىم گابايىن «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇرمۇشى».

تەركىبى ئۈستىدە توختالدۇق. ئەمدى بەزى مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك تەتقىقات بولۇپ، ئۇ تارىخىي يازما يادىكارلىقلاردىن باشقا يەنە تىلشۇناسلىق، ئانتىروپولگىيە، ئارخېئولوگىيە، ئېتنولوگىيە قاتارلىق پەنلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج. دۇنيادا ساپ مىللەت بولمىغىنىدەك تۈركى تىللىق مىللەتلەرمۇ ساپ مىللەت ئەمەس. شۇڭا، مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى پەرقلەندۈرگەندە، مىللەت بىلەن دۆلەت، مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسى بىلەن مىللەتنىڭ شەكىللىنىشى قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرۈش لازىم. بىز مۇشۇ ئاساستا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا دۆلىتىمىزدىكى ۋە دۇنيادىكى ئالىملارنىڭ خېلى بۇرۇنلا بىردەك قاراشقا، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئېتنىك مەنبەسى ئىككى، بىرى، مىلادىيە 840 ـ يىلى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن بۇرۇن تارىم بوستانلىقى ئەتراپىدىكى رايونلاردا قەدىمدىن بىرى ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم يەرلىك ئۇيغۇر مىللىتى. ئىككىنچىسى، ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە تارىخنامىلىرىدە خاتىرىلەنگەن خۇيخې (خويخۇ) لاردۇر. چۈنكى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بۇ قەدىمىي ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. قەدىمىي زاماندا ھازىرقى مۇشۇ ئىككى ئاساسلىق ئېتنىك مەنبە ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا تەدرىجىي قوشۇلۇپ تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى زاماندىكى ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرگەن.

«1980 ـ يىلدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەردە تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ تىزناپ يېزىسى جىرغال مەھەللىسى تەۋەسىدىن كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا ئائىت قەدىمىي ئىز تېپىلدى. 1981 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئاتۇش شەھىرىدە ئىپتىدائىي ئادەم باش

سۆڭەكنىڭ ماڭلاي سۆڭەك، چېكە سۆڭىكى، چوققا سۆڭىكى، ئېڭەك سۆڭىكىدىن ئىبارەت تۆت پارچە تاش قاتمىسى تېپىلغانىدى. 1983 - يىلى ئىيولدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق موزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېي ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق گېئولوگىيە ئىدارىسى يەر قاتلاملىرىنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى ئىلمىي خادىملار بىرلىكتە بۇ جاينى قايتا تەكشۈرۈپ، يەنە ئۈچ پارچە (سول تەرەپ چېكە سۆڭىكى، قۇلاق ئاستى سۆڭىكى قاتارلىق) تاش قاتمىنى تاپقان. بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ (تاشقا ئايلانغان) كەم قىسمى تولۇقلانغان. ئىپتىدائىي ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ تاش قاتمىسى ئاتۇشتىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ئاتۇش ئادىمى» دەپ نام بېرىلگەن. «ئاتۇش ئادىمى» باش سۆڭىكىنىڭ تاش قاتمىسى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە تۇنجى قېتىم ئېنىقلانغان مۇھىم بايقاش بولۇپ، ئۇنىڭ شەكلى، خۇسۇسىيىتى، تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى ۋە يەر قاتلىمى ئانالىزلىرىغا ئاساسەن ئۇ كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى ۋە يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا تەئەللۇق بولغان 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى ئىكەنلىكى بېكىتىلدى. ئۇنىڭ تەخمىنەن دەۋرى بۇنىڭدىن 10—30 مىڭ يىللار ئىلگىرى دەپ پەرەز قىلىنماقتا. ئومۇمەن «جىرغال قەدىمىي ئىزى» بىلەن «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تېپىلىشى يىراق قەدىمىي زامانلاردا تارىم ۋادىسىدا ياشىغان ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ بەدەن قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى بىلىشتە قەدىمىي ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتلىرىدا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ رايونىمىزدىكى بەزى بوستانلىقلارنىڭ تاش قوراللار مەدەنىيىتى ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىش، ئىپتىدائىي ئادەملەر توپلىرىنىڭ تارالغان دائىرىسىنى ئېنىقلاش، شۇ دەۋرلەردىكى جۇغراپىيىلىك ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش

قاتارلىق بىرمۇنچە مەسىلىلەردە بىزنى ئىنتايىن مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىدى»①. «1979 ـ، 1980 ـ يىللىرى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسى بىلەن تۆمەن دەرياسى ئەتراپىدىكى بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمىي قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈرگەندە، ئۇ يەردىن ياغاچ تاۋۇت ئۈستىگە يېپىلغان قوي، كالا، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن باشقا، ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، چورۇق، يۇڭ پالاس، پەي قىستۇرۇلغان ئېگىز ئۇچلۇق يۇڭ توقۇلما بۆك، كىگىز قالپاق قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلغانىدى. قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلەرنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا ئۇنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3800 ـ، 4000 ـ يىللار ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان». «قۇمۇلدىكى قارا دۆۋ قەدىمىي قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدىن ئاشلانغان تېرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن تېرە ئىشتان، رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن يۇمىلاق ياقىلىق ئۇزۇن تون ۋە ئۇزۇن قونچلۇق كۆن ئۆتۈك قاتارلىقلار بار. بۇ جايدىن تېپىلغان يۇڭ توقۇلمىلارغىمۇ رەڭدار يىپلار بىلەن خىلمۇخىل گۈل نۇسخىلىرى توقۇپ چىقىرىلغان. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3200 يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان»②. قۇمۇل رايونىدىكى قارا دۆۋ قەدىمىي قەبرىلىرىدىن قېزىۋېلىنغان ئايال مېيىتىنىڭ (بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى) قوش ئۆرۈمە چېچى بار، پىچان ناھىيىسىنىڭ سۇ بېشىدىكى قەدىمىي قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان ئايالنىڭ قوش ئۆرۈمە چاچلىرى يۆگەلگەندىن كېيىن مەخسۇس ياسالغان چاچ تورىغا تىقىلغان.

① ئابدۇقەييۇم خوجا: «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1998 ـ يىللىق 5 ـ 6 سان.

② ئابدۇقەييۇم خوجا «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» دىن.

1983 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسىنىڭ سامبۇل يېزىسىدىكى قەدىمىي قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈرگەندە قەبرىلەرگە دەپنە قىلىنغان مېيىتلارنىڭ ھەرخىل چاچ پاسونلىرى ئېنىقلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆپ ئۆرۈمە، تاق ئۆرۈمە، قوش ئۆرۈمە، ئەشمە چاچلار بىر يۇرۇش تۆت تال، ئەڭ كۆپلىرى 16 تال بولۇپ، تاق ئۆرۈمە چاچلار ئۇچ يېشىم چاچ بىر قىلىنىپ ئۆرۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ياسالما چاچلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرىنچى خىلى، ئۇچ تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر يۇرۇش قىلىپ ئۆرۈگەن. ئىككىنچى خىلى، ئالتە تۇتام چاچنى بىرىكتۈرۈپ بىر يۇرۇش قىلىپ ئۆرۈگەن.

ھازىرقى موڭغۇلىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ نويان تاغلىرى ئەتراپىدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان ھۇنلارغا ئائىت قەبىلىلەردىن 17 تال قىزىل يۇڭ شوينىنى قوشۇپ ئۆرۈگەن چاچ تېپىلغان»[①]. «ئىلى ۋادىسى (موڭغۇل كۆرە) كىچىك خونتاي يايلىقىدىكى غەربىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە تىكلىگەن بالبال (ئەر) نىڭ كەينى تەرىپىدە ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچ ئۆرۈمىلىرى (17 تال) بالىنىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ) بار. بالبالنىڭ يۈزى كۈن چىقىشقا قاراپ تۇرىدۇ. قولىدا ھالقىسى بار.»[②]

ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى قەدىمىي تارىم بوستانلىقىدىكى ئاھالىلەردە ئومۇملاشقان.

ئۇلۇغ تىلشۇناس ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە «خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. مەسىلەن، OrgūQ ـ ئۆرۈمە چاچ (ئۆرگۈچ) Ormesaq ئۆرۈمە چاچ (ئۆرۈمە چاچ) Oiyik ـ چوپۇر چار (ياسالما چاچ)

---

① ئا. راخمان قاتارلىقلار: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى» ناملىق ئەسەر 156 ـ بەت.
② ئابدۇقىيۇم خوجا: «چەرچەن ناھىيىسىدىكى زاغۇنلۇق قەدىمىي قەبرىستانلىقىدىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار»، «جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» دىن.

uyghurkitap.com

ONIKanli - چاچ سالدى.»①

ئۆرۈمە چاچ مەسىلىسىدە بىز شۇنى ئېيتىمىزكى، ئۆرۈمە چاچ تارىم بوستانلىقىدا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن ئاياللار (ئۇيغۇر ئاياللىرى) دا ئومۇملاشقان ئادەتلەر ياكى قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ، ھەتتا ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدىمۇ ئاياللار قوللىنىشتىن سىرت، يەنە ئىمتىيازلىق تەبىقىلەردە قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىمىز. «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان خاس بەلگىلىرى يوق ئىدى. مەزكۇر مىللەتنىڭ باشقا ئادەتتىكى ئەزالىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلارمۇ بارلىق ئىمتىيازلىق كىشىلەرگە ئوخشاش چاچلىرىنى ئىنچىكە ئۇزۇن قىلىپ ئۆرۈۋالاتتى. ئالاھىدە ئىمتىيازلىق كىشىلەر بېشىغا ئۇچلۇق يۇمىلاق قالپاق كىيەتتى»②. «ھەرقانداق بىر قەدىمىي مەدەنىيەت ياكى ئۆرپ - ئادەتلەر پەيزىق پەيدا بولۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلغاندا شۇ خىل مەدەنىيەت ياكى ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ مەلۇم خەلق ياكى مىللەت ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئىزلىرىدىن دەلىل ئىزدەش ئىلىم ساھەسىدە بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان نۇقتا. شۇنداق ئىكەن بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئەجدادلارنىڭ كىيىنىش ئادەتلىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر تاكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى، ھەتتا قاراخانىيلار خانلىقىدىن تارتىپ ھازىرقى رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرىدا قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر قاتارلىق يەرلىك مىللەتلەر ئارىسىدا بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

---

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم 129 -، 175 -، 182 -، 140 - بەتلەر.

② (گېرمانىيە) ئا. ۋ. گاباين: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 850 -، 1400 - يىللار) نىڭ خانلىق قارشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1997 - يىللىق 1 - سان.

1979 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1980 ـ يىلى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنى، شىمالىي قىرغاقتىكى جايلاردىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئەتراپىدىن بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمىي قەبرىلەر قېزىپ تەكشۈرۈلدى. بۇ يەرنىڭ هاۋاسى قۇرغاق بولغاچقا قەبرىلەردىكى مېيىت ۋە ئاخىرەتلىك بۇيۇملار ئاساسەن بۇزۇلماي ياخشى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىكەنلىكى ئۇنىڭ 40 ـ 50 ياشلار چامىسىدا بولۇپ قېنى «O» تىپلىق ئىكەنلىكى ئېنىقلاپ چىقىلغان. بۇغداي دانلىرى سېلىپ قويۇلغان. بۇ بۇغداينىڭ رەڭگى قارامتۇل بولۇپ چىرىماي ياخشى ساقلىنىپ قالغان.

قەبرىلەردىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلەردىن كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا ئۇنىڭ نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە بولغان. 1 ـ قېتىم نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى ئەۋرىشكىلەردىن تەجرىبە قىلىپ بۇنىڭ بۇنىڭدىن 117+6412 يىل بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدىغانلىقى ئېنىقلاپ چىقىلغان. بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدا زور غۇلغۇلا قوزغىدى. ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار، ئىلمىي پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. كېيىن 2 ـ قېتىم بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ تەجرىبىخانىسى قايتا تەجرىبە قىلىپ ئۇنىڭ بېكىتىلگەن يىل دەۋرىنى بۇنىڭدىن 3800 يىللار بۇرۇنقى دەپ ئېلان قىلدى. لوپنۇر رايونىدىكى كۆنچى دەريا بويلىرىدىن تېپىلغان بۇ قەدىمىي بۇغداي دانلىرى هازىرغىچە «تارىم مەدەنىيىتى »گە ئائىت قەدىمىي قەبىلىلەردىن تېپىلغان دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بۇغداي ئەۋرىشكىلىرى هېسابلىنىدۇ. بۇغداي دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەن مەدەنىي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرى. بىز يۇقىرىدا «تارىخىي خاتىرىلەر»، «غەربىي يۇرت» هەققىدە بىرئابزاس سۆزنى دېگەن. يەنە بۇ سۆزنى تەكرارلايمەن

«تارىخىي خاتىرىلەر» دە غەربىي يۇرت دەپ ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ رايونى كونا تاش قورال دەۋرىدىن تارتىپ ئىنسانلار ياشىغان ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئېگىلىكى بالدۇر مەيدانغا كەلگەن جايلارنىڭ بىرى ئىدى». كۆنچى دەرياسى بويىدىكى قەدىمىي قەبرىلەردىن تېپىلغان بۇغداي ئەۋرىشكىسىدىن قارىغاندا ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىم بوستانلىقىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقتىنىڭ 3800 ـ 4000 يىلدىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنى، تارىم بۇغداي سورتىنىڭ ئەڭ قەدىمىيلىكىدىن تاللانغان بۇغداي ئۇرۇش، تېرىپ ئۆستۈرۈش تارىخىنىڭ ئەڭ قەدىمىيلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئالەمشۇمۇل يادىكارلىقلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تارىم ئويمانلىقىدا قەدىمدىن تارتىپ تۇركىي تىللىق خەلقلەر ياشىغانلىقىنىڭ پولاتتەك دەلىلى — لوپنۇر ئەتراپىدىن تېپىلغان ئايال جەسەت بىلەن يەنە يۇڭ، كەندىر، يىپەكنىڭ ئارىلاشمىسىدىن توقۇلغان مەشۇتمۇ بىللە كۆمۈلگەن. بۇ جەسەت ئېينى زاماندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى، تارىم بوستانلىقىدا جايلاشقان خەلقلەرنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، يىپەك ـ كەندىر، يۇڭ توقۇمىچىلىق ئىشلىرىنى ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئۇيغۇر تارىخىي مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا قوشۇلغان چوڭ تۆھپىلەر بولۇپلا قالماستىن، مەشھۇر مەدەنىيەتنى ياراتقان تارىم بوستانلىقىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئورنىنىڭ يۇقىرىلىقىنىڭ نامايەندىسى.

تارىم بوستانلىقى قەدىمدىن تارتىپلا سۇغۇرۇلىدىغان جايلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ۋادىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئېگىلىكى قەدىمىي زامانلاردىن باشلاپ تەرەققىي قىلغان.

ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى ئاشلىق تۈرلىرىدىن «تېرىق» قەدىمكى زامان ئاشلىق زىرائەتلىرى ئىچىدە تېرىلىش دائىرىسى كەڭ، ئىستېمال مىقدارى كۆپ بولۇپ تېرىقنىڭ ئەڭ بالدۇرقى زىرائەت ئەۋرىشكىسى مۇندىن تەخمىنەن 3000 يىل بۇرۇن قومۇل قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان.

«زىغىر» تەڭرىتاغنىڭ ئالغۇي جىلغىسىدىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى «زىغىر» دانلىرى تېپىلغان.

خوتەن ناھىيىسى تەۋەسىدىكى قەبرىلەر (بۇنىڭدىن 2000 يىل، 3000 يىل بۇرۇنقى قەبرىلەر) دىن «ماش» دانلىرى، «قارا پۇرچاق» دانلىرى تېپىلغان. «خوتەندە قەدىمدىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان ئەجدادلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئۈزۈمچىلىك بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ كەلگەن بولۇپ، شاپتۇل ئۇرۇقلىرى، ئۆرۈك 2000 يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتتا، ياڭاق، ئەينۇلا مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرگە مەنسۇپ، ئالما، ئامۇت، تەكلىماكاندا بۇنىڭدىن 2000 يىل ئىلگىرى قۇمۇلغا كۆچۈرۈلۈپ كەلگەن. نىيە خارابىسىدە كۆمۈلگەن چىلان، جىگدە، ئۈجمە قاتارلىق مېۋىلەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرگە تەئەللۇق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.»① «1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جۇڭگو ـ ياپونىيە ئالىملىرى قەدىمكى نىيە خارابىسىنى تەكشۈرگەندە بۇ خارابىنىڭ مەركىزىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ شىمالىغا بەش كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى تۈرالغۇ ئۆي خارابىسىنىڭ شەرقىگە 100 نەچچە مېتىر كېلىدىغان جايدىن ئۈزۈملۈك (تەكلىك) ئورنىنى ئۇچراتقان»② «شىمالىي ۋېي سۇلالىسى تارىخى، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: خوتەندە كەندىر، بۇغداي،

---

① شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى، 1998 ـ يىل 3 ـ ساندىن.
② «خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «خوتەن تەزكىرىچىلىكى» دىن.

شال، تۇرلۇك مېۋە ـ چېۋە ۋە باغۇ بوستانلىقى كۆپ[1] دېيىلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلارغا قارىغاندا ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ قەدىمىي مۇنبەت زېمىندا مىلادىيىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا ھەرخىل مېۋە ـ چېۋىلەرنى كەڭ دائىرىدە ئۆستۈرۈپ، باغۋەنچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۇ مۇنبەت تارىم بوستانلىقىدا بۇغداي، شال، زېغىر، نوقۇت (پۇرچاق) قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىيتتى. ئۈزۈم، نەشپۈت، ئانار، ئەنجۇر، تاۋۇز، ئۆرۈك قاتارلىقلارنى ئۆستۈرگەن. ئۈزۈم 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇلار ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي دەۋرلەردىن تارتىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم ۋادىسىدا ئالتاي تاغلىرى بىلەن تەڭرى تاغلىرى ئارىسىدىكى ھازىرقى، جۇڭغارىيىدە، ئىلى ۋادىسىدا، ئېرتىش دەرياسىدىن تارتىپ بالقاش كۆلىنىڭ بويلىرىدا، تاشقى موڭغۇلىيىدىكى سېلىنگا، ئورخۇن دەريالىرىنىڭ بويلىرىدا ياشىغان.

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىلا دىڭلىڭلار، (تېلېلار) دېگەن نام بىلەن شەرقىي ۋە غەربىي قىسىمغا بۆلۈندى. شەرقتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان رايونلىرى سىبىرىيىدىكى بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا بولغان بولسا، غەربتىكى ئۇيغۇرلار ئېرتىش دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلىنىڭ ئارىلىقىدا پائالىيەت ئېلىپ باردى.

مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئۇيغۇرلار خەنزۇ مەنبەلىرىدە «تىلى» نامى بىلەن يېزىلغان بولسىمۇ، «تىلى» يەنىلا ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتەتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەنبەلەردە شەرقتىكى «تېلېلار»، «ئون ئوغۇز»، «غوز» دەپ ئاتالسا، غەربتىكى تېلېلار ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتالدى. 6 ـ

① «خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «خوتەن تەزكىرىچىلىكى» دىن.



www.uyghurkitap.com

ئەسىردىكى خەنزۇ مەنبەلىرىدە رەسمىي ئۇيغۇر نامى بىلەن قەيت قىلىنىدى.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن قارىغاندا شۇ نەرسە ئايانكى، بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ نامى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرلەردە خەنزۇچە مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن هۇنلارنىڭ شىمالى ۋە غەربىدە ياشىغان قاڭقىللار (تولوسلار) نىڭ كېيىنكى ئەۋلادى. تۆلۈسلەر ئەڭ دەسلەپتىلا ئۇيغۇر، قوغۇرسۇر، جۇبە، ئوغۇز، ئىجىكىندىن ئىبارەت ئالتە قەبىلە ئىچىدىكى بىر ئۇرۇق ئىدى. تولوسلار ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا شىنجاڭدا ياشاپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ قوشۇلغان بىرلىكى بولۇپ كېيىنكى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بەزى ئالىملار ئۇيغۇرلارنىڭ تولوس دەپ ئاتالغان ئەجدادىدىن ئىلگىرىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ هۇنلار بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار قەدىمدىلا هونلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى دېگەن تارىخى پاكىتلارغا تامامەن ئۇيغۇن. چۈنكى، «هونلار تەركىبىدە ئون ئۇيغۇرلار، داراقورلار، ئوتخورلار دېگەن قەبىلىلەر بولغان»[①] ئۇيغۇرلار توغرىسىدا ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىم مەهمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ مەشهۇر ئەسىرى بولغان «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئۇيغۇر ـــ بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەهىرى بار. بۇ شەهەرلەرنى زۇلقەرنەين تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن.

ماڭا مۇهەممەد جاقىر توڭغاخان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى: زولقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ

① «تاڭ سۇلالىسىنىڭ كونا تارىخى» دىن. «كونا تاڭ نامە» ؟

www.uyghurkitap.com

قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئوسۇلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ. «man huz hurend» بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن. بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل «huz hur» دەپ ئاتىلىپتۇ، كېيىن «خ - h» ھەرپى «1 - ئىلىف»قا ئالماشقان. بۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئالمىشىشى بولۇپمۇ «ا - ئېلىپ» نىڭ «خ - h» غا ۋە «خ - h» نىڭ «ا - ئېلىپ»قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە»①.

مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نەقىل كەلتۈرگەن مەنبەنى تارىخىي رىۋايەت دەپ قارىغاندىمۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تۈركلەر بىلەن بولغان جېڭى ئىراننىڭ «ئاخمانىلار»② سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭدەك ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ئۇيغۇرلارنى مىلادىدىن 2—3 ئەسىر ئىلگىرىلا ئۇيغۇر دەپ ئاتىغانلىقىنى مەھمۇد قەشقىرىمۇ تىلغا ئالغان.

ئۇيغۇر ئەسلىدە بىر مىللەتنىڭ نامى ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتنىك مەنبەسىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ پەيدا بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىش ئەھۋالى، ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىش تارىخىي تەرەققىياتى قاتارلىقلاردىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلار بىرنەچچە قەبىلە ئىتتىپاقىدىن تەشكىل تاپقان قۇدرەتلىك كۈچ. مىلادىيە 1250 - يىلى خۇراسانلىق ئالائىددىن ئاتا مۇلك بىننى باھا ئىدىن مۇھەممەت جوۋەينى

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى نەشرى 1 - توم، 151 -، 152 - بەتلەر.

② ئاخمانىلار سۇلالىسى مىلادىدىن 550 - يىل ئىلگىرى ئىراندىكى ئاخمەنەن قەبىلىسىدىن بولغان دارىئوس I تەرىپىدىن قۇرۇلغان پارس دۆلىتى بولۇپ، بۇ سۇلالە مىلادىدىن ئىلگىرى 336 - 330 - يىللىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەرىپىدىن يوقىتىلغانىدى.

(مىلادىيە 1258 ـ يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي جاھانكۇشاي» ناملىق كىتاب ۋە ئىران تارىخچىسى رەشىدىددىن فەزلۇللا بىننى ئەبۇلخەيرى ھەمدۇللا (1318 ـ يىلى ۋاپات بولغان) تەرىپىدىن يېزىلغان «جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسەر، ئەبۇلغازى مۇھەممەت باھادىر خان تەرىپىدىن يېزىلغان «شەجەرەئى تۈرك» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى تارىخىي مەنبەلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆز «ئۇيۇشماق»، «ئۇيۇشۇش»، «ئىتتىپاقلىشىش»، «بىرلىشىش» دېگەن مەنىلەرگە ئىگە.

خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە مۇنداق كۆرسىتىلگەن: يۈەنخې (元和) نىڭ 4 ـ يىلى (مىلادىيە 809 ـ يىلى) ئاي تەڭرى بولمىش قاموغ بىلگە خاقان (ئاي ئىلاھىدىن تۆرەلگەن، ھەممىگە ئىقتىدارلىق خاقان) مۇندىن كېيىن مىللەتنىڭ نامىنى «شۇڭقاردەك پەرۋاز قىلىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان « 回鹘 » (ئۇيغۇر) دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاشنى ئۇقتۇرغان①.

بىز يۇقىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ماكانى، پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تەرەققىيات تارىخىغا دائىر تارىخىي مەنبەلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق.

XIII ئەسىردە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە» داستانى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىگە ئەڭ كەڭ تارقالغان ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەھرىمانلىق ھەققىدىكى تارىخىي داستان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىكى رىۋايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قەھرىمانلىق ئېپوسى. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە دائىر نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى خەلق

① «كونا تاڭنامە» نىڭ 195 ـ جىلدىگە قاراڭ.

داستانلىرىغا خاس بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلىگەن. بولۇپمۇ شۇ زاماندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادەتلىرى، دىنىي ئېتىقادى، ئەڭ مۇھىمى تۈركى خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا دائىر تارىخىي رىۋايەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئوغۇزنامە» داستانىدا ئوغۇزخاننىڭ ئوزۇنغا سوزۇلغان ھەربىي يۈرۈشلىرىنى بايان قىلىپ قاراخان تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. ئەلنىڭ يىغىلىشى تۇغرىسىدا خەۋەر قىلىنغاندىن كېيىن ئەلنىڭ كۆپ قىسمى قېلىپ قاراخان تەرەپكە بارىدۇ. ئاز قىسمى ئوغۇزخان تەرەپتە تۇرىدۇ. قاراخاننىڭ ئوغۇللىرى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوغۇزخاننىڭ يېنىغا كەلگەن. ئوغۇزخان ئۇلارغا «ئۇيغۇر» دەپ ئات قويىدى. ئۇيغۇر دېگەن سۆز «يېپىشقۇچى، ئۇيۇشقۇچى» دېگەن مەنىدە ئىدى.

تارىخشۇناس ئەبۇلغازى باھادىرخان (مىلادىيە 1606 - 1663 - يىللاردا ياشىغان) يازغان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى yapisgur (يېپىشماق ياكى چاپلاشماق) بولىدۇ»[①] دېگەنىدى.

ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچى ئالىمى موللا مۇسا سايرامىي (1836 - 1917) ئۆزىنىڭ «تارىخى ھەمىدىي» دېگەن ئەسىرىدە «ئوغۇزخان 24 قەبىلىنى تەشكىل قىلىپ ھەربىرىنى ئۇيغۇر ... دېگەنگە ئوخشاش ئايرىم - ئايرىم نام بىلەن ئاتىدى»[②] دېيىلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى توغرىسىدا ئالائىددىن ئەتامەلىك بىننى باھائىددىن مۇھەممەد جۇۋەينى تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي جاھانكۇشاي» (جاھاننى ئىستىلا قىلغۇچىلار تارىخى) ناملىق ئەسەردە مۇنداق رىۋايەتلەر يېزىلغان: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇرخۇن دەريا ۋادىلىرىدا ياشاپ

---

① ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك» ئەسىرىدىن.
② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىي» ناملىق ئەسەر، 55 - بەت.

كەلگەن بولۇپ، بۇ دەريا قارا قۇرۇم دەپ ئاتىلىدىغان تاغدىن باشلىنىدۇ. قاغان بىنا قىلغان شەھەر مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ دەريا ئۇرغۇن ئېقىنلارنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان بولۇپ، ھەربىر ئېقىننىڭ بويىدا بىردىن ئۇرۇق ئولتۇراقلاشقان. ئۇرخۇن دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغان ئۇيغۇلار ئىككى قەبىلىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، قەبىلىلەر ئىچىدىن بىرنى باشلىق قىلىپ سايلاشتى. ئۇلار 500 يىلنى شۇ تەرقىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بۆكۈخان دېگەن بۇ باشلىق ئوتتۇرىغا چىققان.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا بۇ قاغان ئاپراسىياپ ئىكەن. قارا قۇرۇم تاغىنىڭ ئىچىدە بىر كونا خەندەك بار ئىكەن. ئەينى زاماندا قارا قۇرۇمدا ئىككى دەريا بار ئىكەن. بۇ دەريالارنىڭ بىرى تۇغلا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنە بىرى سېلىنگا دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىكەن. ئىككى دەريا قومىلانچۇ دېگەن يەردە بىر ـ بىرىگە قوشۇلىدىكەن. بۇ جايدىكى دەريالارنىڭ ئارىلىقىدا بىر ـ بىرىگە يانداشقان ئۆسكەن ئىككى توپ دەرەخ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ بىرىنى «ستوك[1]» دەيدىكەن. ياز كۈنلىرى كۆكىرىپ يېشىل تۇرىدىكەن. ئۇرۇقىنىڭ رەڭگىمۇ خۇددى قارىغاي ئۇرۇقىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىكەن. يەنە بىرىنى «توز» دەپ ئاتايدىكەن. بۇ ئىككى دەرەخنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك دۆڭ بولۇپ بۇ دۆڭگە قۇياش نۇرى چۈشكەنسېرى بارغانسېرى ئېگىزلەپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر نۇر كۆرۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ دەرھال بۇ جاينى خاسىيەتلىك دەپ تاۋاپ قىلغاندا بۇ جايدىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇنداق مۆجىزىلىك ئەھۋالدا ھەر كۈنى كەچتە بىر پارچە نۇر شۇ دۆڭنىڭ ئوتتۇز قەدەم چۆرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىكەن. دۆڭ ھەر كۈنى دېگۈدەك

① قامان ـ يەنى شامان دىنىنىڭ باخشىسى.

www.uyghurkitap.com

ئېگىزلەپ تۇرىدىكەن. ھەر كۈنى ئېگىزلەۋېرىپ ئۇنىڭدىن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشىك ئېچىلىپتۇ. ئىشىكنىڭ ئىچىدە چېدىرغا ئوخشايدىغان بەش ئېغىزلىق ئۆي تۇرۇپتۇ. ھەزبىر ئۆيدە بىردىن ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇدەك. بۇ بالىلارنىڭ ئېغىزىغا بىردىن ئېمىزگە سېلىنغانىكەن. ھەربىر ئۆينىڭ ئۇستىگە ئۆيگە بېسىلغان كۈمۈش تور بار ئىكەن. قەبىلە باشلىقلىرى بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، بۇ بىر ئىلاھ دەپ، نۇر چىققان ئۆيگە تەزىم قىلىپ چوقۇنۇپتۇ. بىردىنلا غۇر - غۇر شامال چىققاندەك بولۇپتۇ - دە، بالىلار ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ مېڭىشقا باشلاپتۇ. ئۇيغۇرلار بۇ بالىلارنى خوتۇنلىرىغا ئەمدۈرۈپ چوڭ قىلىپتۇ. بۇلار گەپ قىلىشقا باشلاپ ئاتا - ئانىلىرىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئۇلاردىن سوراپتۇ. ئۇلار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەرنى ھېلىقى ئىككى توپ دەرەخنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار كىشىلەرنى تاۋاپ قىلدۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى توپ دەرەختىن زۇۋان چىقىپ، ئەي بالىلار سىزلەر بۇ يەرگە كېلىپ، بىزنى يوقلاپ تۇرۇڭلار. بىز سىلەرگە ئۇزۇن ئۆمۈر، مەڭگۈ شان - شەرەپ تىلەيمىز، دېگەن سادا كېلىپتۇ. شۇ رايوندا ياشاۋاتقان قەبىلە باشلىقلىرى بۇ بەش بالىنى خۇددى شاھزادىلەردەك كۆرۈپ، ھۆرمەت، ئىززەتلەپتۇ. ئۇلار قايتىش ۋاقتىدا بۇ بەش بالىنىڭ ئىچىدىن ئەڭ چوڭىغا شۇڭقار تېكىن، ئىككىنچىسىگە قۇت تېكىن، ئۇچىنچىسىگە توقلا تېكىن، تۆتىنچىسىگە ئورتېكىن، بەشىنچىسىگە بۇقار تېكىن دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئۇيغۇرلار بۇ تېكىنلەرنى تەڭرى ئاتا قىلغان تېكىنلەر دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنى سايلىماقچى بولۇپتۇ. بۇقا تېكىننىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، تەمكىن، باشقا بالىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەممە ئەلنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئۇنى ئۇيغۇرلارغا قاغان قىلىپ

سايلاپتۇ. كۆپچىلىك تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇنى تەختكە چىقىرىپتۇ»[1]

«بۇقا تېكىن قاغان بولغاندىن كېيىن ئەل ياخشىلىنىپ خەلق خاتىرجەملىكتە ياشاپ نوپۇسمۇ كۆپىيىپتۇ. بۇقا تېكىن ئاق تاغ دەپ ئاتىلىدىغان بۇ يەردە بىر پەرىزات بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ يەتتە يىل ئالتە ئاي 20 كۈن بىللە بوپتۇ. ئاخىرقى قېتىمدا پەرىزات بۇقا تېكىن بىلەن خوشلىشىپ ئۇنىڭغا كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسى سىزگە قارايدۇ. سىز بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىپ خەلقنى ياخشى باشقۇرۇڭ، دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇقا تېكىن قېرىنداشلىرىنى باشقا ئەللەرنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار يىراق ئەللەرنى ئىگىلەپ، ئولقا ئېلىپ ئۇرقۇن دەرياسىنىڭ بويىدا ۋە تۇركىستاندا بىر شەھەر بىنا قىلىپتۇ. شەھەرگە ئوردا بالىق (ئوردا شەھەر) دەپ نام قويۇپتۇ. بۇ ۋاقىتتا كۈنچىقىش تەرەپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئەل بولۇپتۇ.

بۇقا تېكىن بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتۇ. ئۇ كۆرگەن چۈشىدە قولىغا ھاسا تۇتقان ۋە ئاق چاپان كىيگەن بىر بوۋاي كېلىپ بىر پارچە مەرمەر تاشنى ئۇنىڭغا بېرىپ، سەن بۇ تاشنى ئۆزۈڭدىن مەڭگۈ ئاجراتماي، ئوبدان ساقلا دەپتۇ. بۇقا قاغان بۇ كۆرگەن چۈشنى ۋەزىرلىرىگە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەتىسى بۇقا قاغان زور قوشۇن تەشكىللەپ كۈنپېتىش تەرەپكە يۈرۈش قىلىپتۇ. ئۇنىڭ زور قوشۇنى تۇركلەرنىڭ ماكانىغا كەپتۇ. بۇ جاي بۇلاق سۈيى ئېقىپ تۇرىدىغان خۇش پۇراق، ھاۋالىق جاي ئىكەن. بۇقا قاغان بۇ ھاۋاسى ياخشى جايدا تۇرۇشنى قارار قىلىپتۇ. بۇ جايدا «بالا ساغۇن» دېگەن بىر شەھەرنى بىنا قىلىپتۇ. ئاندىن قوشۇنلارنى ئەتراپلارغا ئەۋەتىپ ئەللەرنى ئىدارە قىلىپتۇ».

---

① جۇۋەينىنىڭ «تارىخىي جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسىرىدىن (خەنزۇچە نەشرى).

«بۇقا قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ تەختكە چىقىپتۇ. بۇ ۋاقىتتا شۇ جايدىكى جىمى قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ھەتتاكى بوۋاق بالىلاردىن چوڭلارغىچە ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا كۆچ ـ كۆچ دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ. بۇ ئاۋاز بىلەن ئۇيغۇرلار كۆچۈشكە باشلاپتۇ. كۆچۈش جەريانىدا ھېلىقى كۆچ دېگەن ئاۋاز توختاپتۇ. ئۇلار تىنچىپ بۇ جايدا توختاپتۇ. بۇ جايدا بەش شەھەر بىنا قىلىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ نامىنى «بەشبالىق» دەپ ئاتاپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ بۇقا قاغان ئەۋلادى ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ. بۇ جايدىكى خەلقلەرنىڭ باشلىقى «ئىدىقۇت» دەپ ئاتىلىدىكەن».

«جامىئۇتتەۋارىخ»ناملىق ئەسەردىكى بايانلارغا قارىغاندا «قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرىدە ئىككى چوڭ تاغ بولۇپ ئۇنىڭ بىرىنى بوقراتۇ بوزلىق، يەنە بىرىنى ئۇچقۇنلۇق تەڭرىم دەپ ئاتىغان. بۇ ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا «قارا قۇرۇم» دېگەن بىر تاغ بار. ئوكتايقاغاننىڭ ئوردىسى ئەنە شۇ تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. يۇقىرىدىكى ئىككى تاغنىڭ يېنىدا يەنە «قۇتتاغ» دېگەن بىر تاغ بار. بۇ تاغنىڭ بىرىدىن ئون دەريا، يەنە بىرىدىن توققۇز دەريا ئېقىپ چۈشىدىكەن. قەدىمكى زاماندا ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئەنە شۇ دەريا ۋادىلىرىدىكى تاغ ۋە تۈزلەڭلىكلىرىدە ياشاپ كەلگەنىكەن. ئون دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغانلار «ئون ئۇيغۇر»، توققۇز دەريا ۋادىسىدا ياشايدىغانلار «توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىدىكەن. زامانلار ئۆتۈپتۇ، دەۋرلەر ئۆتۈپتۇ، ئۇرۇشمۇ بوپتۇ. ئەمما، ئەللەرنىڭ ھەممىسىگە بىر باشلىق پېشىۋاسى بولمىغانىكەن. بۇ ئەلگە بىر باشلىق بولمىسا زادى بولمايدىكەن دەپ قارار قىلىشىپ قۇرۇلتاي ئېچىپتۇ. ئاخىرىدا قۇرۇلتايغا قاتناشقانلار ئىشكول قەبىلىسىدىن مەنگۇتاي دېگەن دانا، ئەقىللىق ئادەمنى داھى قىلىپ تاللاپ، ئۆزلىرىگە باشلىق سايلاپ ئۇنىڭغا

«ئىلتەبىر» دېگەن نام بېرىپتۇ. ئۇلار يەنە ئاز قۇندۇز قەبىلىسىنىڭ قابىلىيەتلىك ئادىمىنى باشلىق قىلىپ ئۇنىڭغا «ئىزكىن» دەپ نام بېرىپتۇ. بۇنىڭغا سايلانغان ئىككى باشلىق ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ خانى بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بىر يۈز يىلغىچە ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. ھازىر ئۇيغۇرلار ئۇ خاننى «ئىدىقۇت» (بەخت ئىگىسى) دەپ ئاتايدۇ»①.

«جامىئۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسەردە يەنە بىر مۇھىم رىۋايەت بايان قىلىنىدۇ. «تالاس ۋە قارا قۇرۇم ئەتراپىدا بىر قەبىلە ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمى يافەس ئىكەن. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ بىرىنىڭ ئىسمى قاراخان، بىرىنىڭ ئىسمى گورخان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئورخان، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى كۆكخان ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن. بۇ تۆت ئوغۇلدىن قاراخان ئاتىسىنىڭ خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپتۇ. ئوغۇزخان چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپتۇ ھەمدە ئاتىسى، تاغىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپتۇ. ئاتىسى ئۇرۇشتا ئالەمدىن ئۆتۈپ، تاغىسى ۋە تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا تەسلىم بوپتۇ. بەزىلەر شەرق تەرەپكە قېچىپتۇ. ئوغۇزخان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا ئەل بولغان پۇقرالارغا «ئۇيغۇر» دېگەن نامنى ئىنئام قىلىپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بىز بىلەن بىرلەشتى، بىزگە ياردەملەشتى دېگەن بولىدىكەن. كېيىنكى زامانلاردا بۇ سۆز ۋاقىت، زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇ كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ مىللەت نامى بولۇپ قاپتۇ. رەشىدىددىن تىلغا ئالغان بۇ رىۋايەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۆز ئەسەرلىرىدە نەقىل كەلتۈرۈلۈپ كەلدى. راشىددىن بىلەن جۇۋەينى نەقىل

① راشىددىن: «جامۇتتەۋارىخ»، خەنزۇچە نەشرى.

كەلتۈرگەن بۇ رىۋايەتلەر «ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى» 1331 ـ يىلى (يۈەن ۋېنزۇڭنىڭ جىشۇن 2 ـ يىلى تىكلەنگەن) ناملىق ئابىدىدىمۇ خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ھەققىدە خاتىرىلەر بار. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى خۇاڭ ۋېنبي گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي دېگەن يېرىدىن تاش ئابىدىنىڭ بىرىنى تاپقان. كېيىن ئۇنىڭ دەلىللىشى ئارقىلىق بۇ ئابىدىنىڭ تولۇق تېكىستى قولغا كەلتۈرۈلدى①. بۇ ئابىدىدە يېزىلىشىچە قوجوخانغا قاراشلىق ئۇيغۇرلار يۇرتىدا قارا قۇرۇم تېغى دەيدىغان بىر تاغ بولۇپ تاغنىڭ يېنىدا تۇغلا دەرياسى②، سېلىنگا دەرياسى دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى دەريا بار ئىكەن. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا ئىككى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا دەرەخنىڭ ئۈستىگە شولا چۈشكەنىكەن. دەرەختە ھامىلە پەيدا بولۇپتۇ. ئارىدىن توققۇز ئاي ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن دەرەخ يېرىلىپتۇ ـ دە، بەش بالا تۇغۇلۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكىنىڭ ئىسمى «ئىسەن بۇقا قاغان» ئىكەن. ئىسەن بۇقا قاغان چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئېلىگە پادىشاھ بولۇپتۇ. قىرىق نەچچە ئەۋلاد جەمئىي 520 يىل ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. «ئالپ بىلگە ئىدىقۇت قاغان» دېگەن يەنە بىر خان ئۆتكەن بولۇپ بۇ قاغاننىڭ ئوغلى كۆلتېكىن ئىكەن. بۇ «قارا قۇرۇمدىكى بىلىبل تاغ دېگەن يەردە تۇرىدىكەن»، «تەڭرىتاغ دەپ ئاتىلىدىغان يەنەبىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قۇتتاغ دەپ ئاتىلىدىغا يەنە بىر تاغ بار ئىكەن»③

ئابىدىدىكى بۇ جۈملىلەرنى جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي» دېگەن ئەسىرىدە كەلتۈرگەن رىۋايەتلەرگە سېلىشتۇرساق شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، بۇ يەردىكى «بىلىبل تاغ» دەل جۇۋەينىنىڭ

---

① «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1964 ـ يىللىق 2 ـ سان.
② «تۇغلا دەرياسى» دېگەن سۆز دەل «توققۇز دەريا» دېگەن مەنىدە.
③ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

ئەسىرىدىكى «بوقراتۇ بۇزلۇق تاغ» دېگەن تاغنىڭ دەل ئۆزى شۇ. «تەڭرىخان تېغى» دەل «ئۇچقۇنلۇق تەڭرىم» دېگەن تاغنىڭ ئۆزى. «قۇتتاغ»، «قۇتلۇق تاغ» نىڭ دەل ئۆزى. ئۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە خەنزۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە ۋە ياشىغان جايلىرىغا دائىر رىۋايەتلەر توغرىسىدا خاتىرىلەر ئەينى زاماندىكى پارس تارىخشۇناسلىرىنىڭ خاتىرىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ خىل رىۋايەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك مەنبە بولۇپ، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، شەكىللىنىشى، كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تارىخىي مەنبەلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى كۆپىيىشى باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئوخشاش ئېتنىك تەرەققىيات جەريانى ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە داۋالغۇش جەريانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ تارىختا نەچچە ئەسىرلەر داۋاملاشقان بىرقانچە ئۇرۇق قەبىلىلەرنىڭ بىرىكىش، تارقىلىش، قوشۇلۇش، ئايرىلىش ئاخىرقى ھېسابتا چوڭ قوشۇلۇشتا يوغۇرۇلۇش جەريانىنى بېسىپ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنى يارىتىش بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆزىنىڭ پائالىيەت مەركىزى، بۆشۈك ماكانى قىلىپ، بىر تېررىتورىيىدىكى خەلقلەرنىڭ ئېتنىك مەدەنىيەت رايونى بولغان بىر ماكاندا گوبى چۆلىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ يايلاق داللىرىدىن تاكى تارىم بوستانلىقىدىكى قەدىمىي مىللەتلەر بىلەن سىڭىشىش جەريانىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنە ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەندى.

www.uyghurkitap.com
كىتاب تورى

# ئىككىنچى باب
# ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى

## 1. ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالغان قەدىمىي قەبىلىلەر ياغلىقار باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئىتتىپاقىغا قاتناشقان بىرنەچچە قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، بۇ خاسىيەتلىك نام پەقەت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىشىدا ئورتاق نام سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ 7 ـ، 8 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە مۇستەقىل، قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچكە ئىگە مىللەت سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىقتى. «تۈرپاندىكى تۈرك (توققۇز ئوغۇزلار) 727 ـ يىلى موڭغۇلىيىگە قايتا كۆچۈپ بېرىپ، 744 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان خانلارنىڭ ناملىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى[1].

ئۇيغۇرلار كۆكتۈرك خانلىقى (552 ـ 743 ـ يىللار) نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئىتتىپاقدىشى باسمىل قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ كۆكتۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى.

---

① قوجودىن تېپىلغان تېكىستلەرنىڭ بىرىدە كۆل بىلگە ئېلىتىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن پۈرۈس سورىنىڭ كىشى بوگۇ قاغاندۇر دەپ كۆرسىتىلگەن. سىلىنگەندىكى ئابىدىدە خانلىققا ئاساس سالغان كىشى بىلگە قاغان دېيىلگەن. بۇ ئىككى مەلۇماتنىڭ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇشى ئاسادىيى بولمىسا كېرەك. دېمەك، بوگۇ قاغاننىڭ ئوغلى ئىلى ئەگەس ئۆلزۈك بەگ بوۋىسى ئورناتقان خانلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپلا بەلكى غەربىي يۇرتتىكى شەھەرلەر بىلەن ئورناتقان ئالاھىدە مۇناسىۋەتلەرگىمۇ ۋارىسلىق قىلغان.

ئۇيغۇر خانلىقى 744 ـ يىلدىن 854 ـ يىلغىچە گوبىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ جايلارغا ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ـ شىمالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغانىدى. «بىر مەزگىل قۇجۇنى ئىدارە قىلغان»①. كۆل بىلگە موڭغۇل ئىگىزلىكىنى بىرلىككە كەلتۇرۇپ ئۇيغۇر خانلىقىنى تۇنجى قېتىم قۇرغۇچى كىشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى «قۇتلۇق بىلگە كۆل قاغان» دەپ ئاتىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى ئوردىسى «قارا بالغاسۇن ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ خانلىق شەھىرى (ئوردا بالىق بىر دېيىلىپ ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى ھۇن تەڭرىقۇت بىلەن تۈرك خانلىقىنىڭ قەدىمكى زامان بارگاھى ئەتراپىنى ئاستانە قىلغان»②.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ شەرقتە شىڭئەنلىڭ تاغلىرىدىن تارتىپ، غەربتە ئالتاي تاغلىرى ۋە تارىم ۋادىسىغا قەدەر، شىمالدا بايقال كۆلىگە قەدەر يېتىپ باراتتى. جەنۇبىي تەرەپتە سەددىچىننى پاسىل قىلاتتى.

ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى كۆكتۈرك ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىرمۇنچە مىللەتلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ تەركىبىگە قوشۇۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىغا بولغان يۈزلىنىش ئاساسەن شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى بىرىنچىدىن، موڭغۇل دالاسىدىكى تورا قەبىلىلىرى سىرتقا قارىتا ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ نامىنى ئاتىماي بىر تۇتاش ھالدا ئۇيغۇر دېگەن ئىسىمنى قوللىنىدىغان بولدى. ئىككىنچىدىن، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ موڭغۇل دالاسىدىكى تارقىلىپ ئېقىپ يۈرىدىغان ھالىتى نىسبىي ھالدا مەركەزلىشىپ مۇقىم بىر ھالەتكە ئۆزگىرىپ، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ پۈتۈن قوملۇقنىڭ

① ئا. ۋ. گاباين: «قارا قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى».
② ياڭ شىڭمىن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

شىمالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خانلىقتا مەركەزلەشتى»[①]. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مىللىي تەركىبىگە نۇرغۇن خەلقلەر قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شانلىق نامىنى نامايان قىلىدىغان تارىخ مەيدانىغا كەلدى. «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە»، «تاڭ سۇلالىسىگە ئائىت مۇھىم خاتىرىلەر» قاتارلىق خەنزۇچە مەلۇماتلارغا ئاساسەن «ئۇيغۇرلار تارىختا توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئاتالدى. «توققۇز ئۇيغۇر»، «ئىچكى توققۇز ئۇيغۇر»، «تاشقى توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئىككى چوڭ تارماققا بۆلۈنگەن.

ئىچكى توققۇز ئۇيغۇرلار: ياغلاقار، ئۇتۇرقار، تۇرلەمۇر، بوقاسقىر، ئاۋۇچاڭ، قوغۇرسۇ، بوقتار، ئاياۋۇز، ياغما؛ تاشقى توققۇز ئۇيغۇرلار: ئۇيغۇر، بۆكە، بايىرقۇ، توڭرا، ئىزگۇل، قىئار، باسمىل، قارلۇق، ئارناغۇت. تارىختا ئىچكى توققۇز ئۇرۇق: «توققۇز ئۇيغۇر»، «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتالغان. تاشقى توققۇز قوۋم: «توققۇز ئوغۇز»[②] دەپ ئاتالغان. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئون ئۇيغۇرلار ناھايىتى كۆپ ئۇرۇقلاردىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ ياغلاقار قەبىلىسى ئۇنىڭ يادروسى ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى ياغلاقاردىن چىققان بولۇپ ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئورنى يۇقىرى ئىدى. ياغلاقاردىن كېلىپ چىققان كۆل بىلگە قاغان تۇنجى ئۇيغۇر خانى بولدى. ئۇيغۇر خانلىقىغا يەنە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى خانلار، بايقال كۆلىنىڭ غەربىدىكى قورتقا، يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى ساكلار تەڭرىتاغنىڭ قارا قۇرۇم ئەتراپىدىكى تاڭغۇتلار، ھىنگان تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قىتانلار تەۋە ئىدى.

---

① فرانسىيىلىك گىرۇسسېتنىڭ «يايلاق ئىمپېرىيىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ شەرقىي تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ يوقىلىشى، ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ باشلىنىشى» دىن.
② «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، خەلق نەشرىياتى نەشرى.

## 2. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ھەققىدە قالدۇرۇلغان «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى»، «بايانچۇر مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق ئىپتىخارلىنىشقا ئەرزىيدىغان يازما يادىكارلىقلار ۋە رۇنىك يېزىقىدىكى ۋە قەدىمكى تۈرك ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي دۆلەت تەشكىلاتى ئۈستىدە قالدۇرۇلغان تارىخىي مەلۇمات مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشچە: ئۇيغۇرلار قەدىمكى كۆكتۈرك دۆلىتى ۋە ھۇنلارنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش سىستېمىسىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىجابىي راۋاجلاندۇرۇلغان ھاكىمىيەت دۆلەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنى تۇرغۇزۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ئۆز تېررىتورىيىسىگە قاراشلىق رايونلارغا كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىقنى ئورناتتى. شۇنداقلا قەدىمكى تۈرك ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ھاكىمىيەت كۆز قارىشىنى ئىپادىلىدى. شۇ نەرسە ئايدىڭكى، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا تەڭرى ئاتا قىلغان سۈپەتلەر مەۋجۇت دېگەن كۆز قاراش ئالاھىدە ئەكس ئەتكەنلىكىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ. «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»دا ئۇچرايدىغان: «تەڭرىم كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى غەلىبە قىلدى»، «تەڭرىم ئاتا قىلغانلىقىدىن مەن قاغان بولدۇم» دېگەن جۈملىلەردىن مەلۇمكى، «قاغانلار تەڭرىنىڭ ئوغلى» دەپ قارالغان. شۇنداقلا قاغانلارنى يەر، سۇ ئىلاھىغا ئوخشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانلارغا بېرىلگەن ھوقۇق تەڭرى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىلتىپات دېگەن كۆز قاراش، چۈشەنچىلەرنى مەڭگۈ تاشلارغا ئابىدە شەكلى ئارقىلىق مەڭگۈ يادىكارلىق سۈپىتىدە قالدۇرغان.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدىكى ئۇنۋان، مەرتىۋە

تۆزۈمى ۋە ئاتالغۇلىرى «ھۆكۈمرانلارنىڭ نامى سۈپىتىدە مىلادىيە II ئەسىردىلا موڭغۇللار دىيارىدىكى سىياپىلار تەرىپىدىن قوللىنىلغاندىن كېيىن تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقىمۇ قوللىنىدىغان بولغان»① . ئۇيغۇر خانلىقىدىكى پادىشاھلار قاغان نامى بىلەن ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولغان. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا روشەنكى «بۇ نام جورجان (ئاۋار) ۋە تۈركلەردىن كەلگەن. بىراق، تۈركلەردە چوڭ قاغان، كىچىك قاغان دەپ ئايرىلىدۇ. ئۇيغۇر خانلىقىدا بولسا باشتىن ـ ئاخىر «قاغان» دېگەن ئۇنۋان بىرلا بولۇپ، ئوخشاش ئۇنۋانلاردا ئىككى كىشىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلمىغان. بۇ دۆلەت تەشكىلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۈركلەردىن پەرقلىنىدىغان روشەن ئالاھىدىلىكى② . ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە خاقانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئون ئۇيغۇر ئىچىدىكى ياغلاقار ئۇرۇقىدىكىلەردىن ۋارىسلىق قىلىش يولى بىلەن بارلىققا كېلىپ تۇرغانىدى. قاغانلىققا ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىدە دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بالىسى ۋارىسلىق قىلىش، ئوغلى بولمىسا ئۇنىڭ ئاسراندى ئوغلى سۈپىتىدە تەخت ۋارىسى تۈزۈمى قوللىنىلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاكىسى ئالەمدىن ئۆتسە ئىنىسى ئورۇندا ئولتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

خاتون ــ «katun» ئافراسىياپ قىزلىرىغا خاس نام بولۇپ قوللىنىلغان③ . خاقانلارنىڭ خوتۇنى تۈرك خاتون نامى بىلەن ئاتىلاتتى. بۇ تۈركلەردىن كەلگەن نام. لېكىن تۈركلەردە قاغان نەق چوڭ خانىشىنىلا خاتۇن دەپ ئاتايتتى. كىچىك خانىشلارنى «خېنىم» دەپ ئاتايتتى. كىچىك خاتوننى قاغان نەق كىچىك خانىش دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئورنى خاتۇنىنىڭ مەرتىۋىسىدىن

---

① ئا. ۋ. گابائىن: «قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى (850 ـ 1250 ـ يىللار)»
② شۆز ۇئجىڭ: «شىمالىي جۇللۇكتىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى» ، «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى.
③ مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم، 533 ـ بەت.

تۆۋەنرەك ئىدى. شۇنىمۇ ئېيتىش لازىمكى، تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىدىن ئۇيغۇرلارغا ياتلىق بولغانلارنىڭكى مەلىكە، تەيفى قاتارلىقلارنى مەلىكە نامى بىلەن ئاتايتتى. قاغانلارنىڭ چوڭ خاتۇنلىرىنىڭ ئورنى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ تەختتە قاغان بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ سالاملىرىنى قوبۇل قىلاتتى. ھەتتا، ھەربىي سىياسىي ئىشلارغا قاتنىشىش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. خاتۇنلارنىڭ ئايرىم چېدىر ئوردىسى، ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش مەھكىمە ئەمەلدارلىرى ۋە مۇلازىملىرى بولاتتى. ئۇلاردا بەزى چاغلاردا ۋەزىر ئېھتىياجى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. قاغانلىقتا خاتۇنلار قەلئەسىنىڭ بولغانلىقى ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتەتتى.

تۈركىي تىللىق خەلقلەردە تاكى ھۇنلار زامانىسىدىن بىرى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن خاتۇن ئاتالغۇسىنى قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ مۇشۇ تەلەپپۇزدا قوللىنىلدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ سۆز ھەققىدە توختىلىپ، «خاتۇن ئەپراسىياب قىزىدىن بولغانلارنىڭ ئىسمىدۇر» دېگەن ئىزاھقا قارىغاندا، بۇ دەۋرلەردىمۇ ھۆكۈمرانلارنىڭ «خاتۇن» لىرىنىڭ باشقا خاندانغا مەنسۇپ خانىكالارغىمۇ خاتۇن دەپ ئاتىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

قەدىمكى كۆكتۈرك ۋە ئۇيغۇر خەلقلەر ۋەزىرنى «ئايغۇچى»، باش ۋەزىرنى «ئۇلۇغ ئايغۇچى» دەپ ئاتايتتى. بۇنداق ئۇنۋاندىكى ۋەزىرلەردە دۆلەت ئىچىدە دۆلەت ئىشلىرىنى ئىجرا قىلغۇچى نامى بىلەن ھۆكۈمەت باشقۇرىدۇ. ۋاقتى كەلگەندە زور ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىشىمۇ مۇمكىن. دۆلەتنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي چوڭ ھوقۇقلىرى ئۇنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ئۇ دۆلەتكە مەسلىھەتچىلىك رولىنى ئوينايدۇ. «ئۇيغۇر خانلىقىدا ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئۈچ نەپەر، تاشقى ئىشلار ۋەزىرى ئالتە نەپەر جەمئىي توققۇز نەپەر

www.uyghurkitap.com

ۋەزىر تۈزۈمى بېكىتىلگەن» . ( «تاڭنامە» دىن) ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئون ئۇيغۇرلار ئىچىدىن ياغلاقار ئۇرۇقىدىن تەيىنلىنەتتى. ئالتە نەپەر تاشقى ئىشلار ۋەزىرى تاشقى توققۇز قەبىلىدىن قويۇلاتتى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى دىنى شامان دىنى ئىدى. ئۇيغۇرلاردا، جۈملىدىن ئەڭ قەدىمىي تۈرالار ئىچىدە توققۇزغا چوقۇنۇش قارىشى مەۋجۇت ئىدى. شامان دىنىمۇ ئاسمان توققۇز قەۋەت بولىدۇ دەپ قارايتتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ئۆلكە، رايونلارنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن، ئابرۇيى، ئىناۋىتىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ تۇغى ئۇنىڭ توققۇزدىن ئارتۇق بولۇپ كېتىشىگە يول قويۇلمايتتى. چۈنكى، توققۇز دېگەن بۇ سان بەخت - سائادەتتىن دېرەك بېرەتتى»① دەپ يېزىلغاندى. كېيىنكى ئۇيغۇر خانلىقىدىمۇ ئىزچىل رەۋىشتە توققۇزدىن ۋەزىر تەيىنلەندى. «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بولغان ئۇيغۇرلارمۇ توققۇزغا باش قوياتتى. ساناقتا توققۇزنى بىرلىك قىلاتتى. بىر توققۇز، ئىككى توققۇز، ئۈچ توققۇز دەپ ساناش قائىدە - يوسۇنلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى»② ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە توققۇزنى سانلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ خاسىيەتلىك سان③ دەپ قاراپ ئۆزلىرىنى «توققۇز ئوغۇز» ، «توققۇز ئۇرۇق» دەپ ئاتىدى.

ئۇيغۇر خانلىقىدا خاتونلارنىڭ ئورنىنى ئېلىش، ۋارىسلىق قىلىشىدىكى تەنتەنىلىك مۇراسىملارنى توققۇز ۋەزىر رىياسەتچى بولۇپ باشقۇراتتى. ۋەزىر يەنە ئۆلچەملىك كىيىنەتتى. بۇنىڭدىن

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 - توم.
② «كونا تاڭنامە» .
③ توققۇز سانلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ خاسىيەتلىك بايلىقنىڭ سىمۋولى. شۇڭا توققۇز قېتىم سەجدە قىلىش ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىك بولىدۇ. توققۇز خىل تارتۇقمۇ ئەڭ چوڭ تارتۇق ھېسابلىنىدۇ. قاراخانىيلاردا توققۇز قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزسىمۇ جازالىماسلىق ئەڭ چوڭ شاپائەت قىلغانلىق بولىدۇ» «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» .

كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خانلىقىدىكى باش ۋەزىرنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ھەتتا خانلارمۇ چوڭ ۋەزىر، يەنى باش ۋەزىرلەردىن سايلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» دە ۋەزىرلەر ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى. «بەگكە ئىشەنچلىك ۋەزىر كېرەكتۇر. ۋەزىر ياخشى بولسا خان تىنچ ئۇخلايدۇ. ۋەزىر بەگلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ يۇرگۈچى ھەم خانلىقى، ئەلنى مۇستەھكەملىگۈچىدۇر. ۋەزىرلىك ئۇلۇغ ئىش، ئۇنىڭغا مۇكەممەل، يېتىشكەن، خۇش پېئىل، سەرخىل كىشى قويۇلۇشى كېرەك»[1] دېگەن. ئۇيغۇر خانلىقى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىدە قابىل، بىلىملىك، ئىقتىدارلىق كىشىلەردىن ۋەزىرلىككە قويۇلاتتى. «ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەشھۇر كۆكتۈرك ۋەزىرى تۇنيۇقۇق ئەينى زاماندا كۆكتۈرك خاقانىدا خىزمەت قىلغان پېشقەدەم ۋەزىر بىلگە قاغانغا: بۇددىزمنىڭ خەۋپىدىن بېشارەت بەرگەن ۋە ئەڭ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن «بۇددا دىنى تۈركلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىغا كۆپ يامان تەسىر يەتكۈزىدۇ دەپ، ئۇنى بۇ خەتەرلىك ئوي - خىيالدىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلغان»[2].

يابغۇ (yabgu) بۇخىل نام ئۇيغۇر خانلىقىدا تۈركان خاتۇندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان شۆھرەتلىك ئۇنۋان بولۇپ، بۇ ناممۇ تۈركلەردىن كەلگەن. قەدىمكى تۈرك سەردارلىرىنىڭ ئۇنۋانىدىمۇ قوللىنىلغان. كۆكتۈرك دەۋرىدە ئۇيغۇرلار زامانىدىن بېرى تۈرك قوۋملىرىنىڭ باشلىقلىرىغا بېرىلىپ كەلگەن «يابغۇ» ئاددىي خەلقلەردىن يۇقىرى بولۇپ، خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە بېرىلىدىغان

① يۈسۈپجان ئېلى ئىسلامى: «‹قۇتادغۇبىلىك› ۋە قانۇن»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
② دوكتۇر زەكەرىيا كىتابچى: «تۈركىستاندا ئىسلامىيەت ۋە تۈركلەر».

ئۇنۋان. ئۇيغۇر خانلىقىدىكى يابغۇلارنىڭ ئورنى يۇقىرى بولغىنى بىلەن خاراكتېر جەھەتتە تۈرك يابغۇلىرىغا ئوخشايتتى. يابغۇلار ئادەتتە ۋەلى ئەھدىلىرىدىن ياكى قاغاننىڭ ئوغۇللىرى ۋە قاغان جەمەتىدىكى ئەڭ يېقىن تۇغقانلاردىن بولاتتى. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا يابغۇنى قاغاننىڭ نايىپى دەپمۇ كۆرسەتكەنىدى.

شاد[①] ، بۇ ناممۇ تۈركلەردىن كەلگەن. تۈركلەرنىڭ مەرتىۋە سىستېمىسىدا شادنىڭ ئورنى يابغۇدىن قالسا ئىككىنچى ئورۇندا تۇراتتى. شاد ھەربىي جەھەتتىن ئەمەلىي ھوقۇق بىلەن تەمىنلەنگەن. ئوڭ شاد، سول شاد دەپ ئاتىلاتتى. شادقا قاغانلارغا يېقىن تارماقتىكى كىشىلەردىن سايلىنىشى شەرت قىلىناتتى. شادنىڭ ئورنى يۇقىرى بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا قاغانلارنىڭ قارارگاھىدىن يىراق جايلاردا ۋەزىپە ئۆتەيتتى.

تۇتۇق، بۇ نام تاڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن كەلگەن. ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلىي ھوقۇقتا ئىگە. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ نام ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى توققۇز ئۇرۇق ئىچىدىكى چوڭراق قەبىلە ئاقساقاللارنىڭ ۋارىسلىق قىلىدىغان مەرتىۋە نامى بولۇپ، خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا چوڭ قەبىلىلەردە ھەربىر قەبىلىلەرگە بىردىن ۋالىي قويۇلۇپ ئىدارە قىلىناتتى. دېمەك، تۇتۇق يېڭى قەبىلىلەرگە نازارەتچىلىك قىلىش، باشچىلىق قىلىدىغان ئاساسىي قاتلامدىكى ۋارىسلىق قىلىنىدىغان مەرتىۋە نامى بولۇپ قالغان.

سانغۇن ــ (سەنگۇن ـ خەنزۇ تىلىدا جياڭجۈن) سانغۇن ئۇنۋانى تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىپ، «قارلۇق ئىلىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان»[②] بولۇپ ئۇيغۇر خانلىقى ۋاقتىدا سانغۇن ئۇنۋانى قوللىنىلغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي

---

① «شاد ـ بۇ سۆزنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ سۆغا ئىككىلەنمەي كىرگۈچى» دېگەن مەنىسى بار. بۇ تۈركلەرنىڭ ئەمەل نامى.

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم، 523 ـ بەت.

تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە: «قارلۇقلارنىڭ قوۋم باشلىقى سانغۇن دەپ ئاتالغان» دېگەن. ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە سانغۇن ھەربىي قوشۇنغا قوماندانلىق قىلاتتى. بەزىدە چەت ئەللەرگە ئەلچى بولۇپ دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر خانلىقىدىكى سانغۇنلار ئەلەم (ھەربىي) نىمۇ قەلەم (مەمۇرىي ئىشلار) نىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، سانغۇن دېگەن نام مەرتىۋە نامى بولماستىن، ئەمەل نامى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان.

تارخان (Tarhan) «ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن»، «بەگ مەنسىدىكى بىر مەنسەپ نامى»[①] بۇ نام خەنزۇچىدە داگۇەن (چوڭ ئەمەلدار) دېگەن نامنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇشى مۇمكىن. تارىخىي مەنبەلەردە مۇشۇ قاراشنى ياپونىيە ئالىمى يۈي تيەنخېڭ تۇنجى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. تارخانلارنىڭ ئورنى خېلى يۇقىرى بولغان. ئۇ سانغۇن بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولۇپ، تارخانلاردا مەلۇم دەرىجىدە ھەربىي ھوقۇقمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. سانغۇن بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، تارخانلارنى ئۇيغۇرلاردىن ۋە تاشقى تۇققۇز قوۋمدىن كېلىپ چىققانلارنى قويالاتتى. بۇ نۇقتىدىن تۈرك تارخانلار بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئوردا ئىچىدە كاتىبات خىزمىتى، تاشقى جەھەتتە ئەلچى بولۇپ، دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى بېجىرەتتى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى تارخان ۋەزىپىسىگە ئىقتىدارلىق، بىلىملىك كىشلەر تاللاپ قويۇلغان. بۇ ۋەزىپە مەرتىۋە نامى بولماستىن، ئەمەل نامى ئىدى. تارخان ئەۋلادلىرىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تارخان ‹Tarhan› نىڭ مەنىسى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى بەگ ـ مەنسىدىكى بىر مەنسەپ نامى»[②]

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 568 ـ بەت

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 568 ـ بەت.

دېيىلگەنىدى.

بىرۇق — خاننىڭ يېنىدا چوڭلارنى جاي ـ جايىدا ئولتۇرغۇزىدىغان كىشى. پەرمانچى[1] بۇ بىرۇق — بۇ ناممۇ تۈركلەردىن كەلگەن. ئەسلى مەنىسى: خانلىقنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى يەتكۈزگۈچى، يەنى پەرمانچى. ئوردا ئەمەلدارى، خانلىق ئىچىدە مەسلىھەتچىلەر ھېسابلىناتتى. تارخان قاتارلىق ئوردا[2] ئەمەلدارلارنىڭ ئولتۇرۇش رەتلىرىنى تۈرغۇزاتتى.

تېكىن — tigin «خاقان ئوغۇللىرىنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ قوللىنىلغان»[3] تېكىن دېگەن ئەمەلگە قاغانلارنىڭ ئوغۇللىرى ۋە قاغان جەمەتىدىكىلەردىن قويۇلاتتى. بۇ بىر ئەمەل نامى. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تېكىن سۆزىنى خاندان ئەزاسى بولۇپ يېتىلگەن ئەركەك ئەۋلادلىرىنى كۆرسىتىدىغانلىقى قەيت قىلىغانىدى. تېكىن تۈركلەردە تۈركلەرنىڭ مەرتىۋە سىستېمىسىدا تېكىننىڭ ئورنى شاد بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇيغۇر خانلىقىدىكى تېكىنلەرنىڭ ئورنى شاددىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى. تېكىنلەر ئىچىدىنمۇ قاغانلىق ئورنىغا چىققانلارمۇ بولغان. تېكىنلەردە خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

قۇنچۇي — (يەنى مەلىكە) تاڭ سۇلالىسى خاتىرىلىرىدە «قۇنچۇي» دېگەن نام ئەسلى قاغان (پادىشاھنىڭ) پۇشتىدىن بولغان قىزلارنى كۆرسىتەتتى. ئۇيغۇر خانلىقىدا بولسا «قۇنچۇي» دېگەن نامنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ قوللىنىلغان بولۇپ قاغاننىڭ قىزلىرىدىنلا ئەمەس، بەزىدە يەنە خاتۇن جەمەتىنىڭ قىزلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، قۇتلۇق بىلگە قۇنچۇي ياكى يابغۇ قۇنچۇي دېگەنگە ئوخشاش.

ئېركىن — بۇ ناممۇ تۈركلەردىن كەلگەن بولۇپ ئەسلىدە

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 490 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 490 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 461 ـ بەت.

كىچىكرەك تەبىقە ئاقساقالى ئىركىن دەپ ئاتىلاتتى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇش دەۋرىدە ئىركىن دەپ ئاتىلىدىغان قەبىلە ئاقساقاللىق تۈزۈمى ئورنىتىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ نام ئۆزگىرىپ ئىچكى ۋە تاشقى توققۇز ئۇرۇق قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ كۆپىنى ئىركىن دەپ ئاتايدىغان بولدى. كېيىن ئىركىن دېگەن نامنىڭ ئورنىنى تۇتۇق بېگى، ئايماق بېگى دېگەن ناملار ئالدى. ئۇيغۇر خانلىقى ۋاقتىدا «ئىركىن» دېگەن نام قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا بېرىلەتتى.

ئىلتەبىر — بۇ نام قەدىمكى تۈركلەردىن كەلگەن بولۇپ ئۇنىڭ مەرتىۋىسى «ئىركىن»دىن يۇقىرى بولۇپ، قەدىمىي تۈركلەردە توققۇز تېلىلارنىڭ ئاقساقاللىرى مۇشۇ خىل مەرتىۋە نامىنى قوللانغانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي باش كۆتۈرۈپ چىققان دەۋرلەردە سەردارلار مۇشۇ نامنى قوللانغانىدى. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بېقىندى قەبىلەرنىڭ ئاقساقاللىقىغا پەقەت ئىلتەبىر دېگەن ئەمەلنىلا بەرگەنىدى.

چۇر — بۇ نام تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى ئىركىن دېگەن نامدىن يۇقىرى، ئەمما ھوقۇق دائىرىسى تەڭ كېلىدۇ. بۇ نامنى ئەسلى كۆكتۈرك ئاقساقاللىرىغا ئەڭ بۇرۇن بەيئەت قىلغان توققۇز ئۇرۇق قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۆزلىرىنىڭ مەرتىۋە نامى قىلىپ بۇ نامنى قوللانغان. چۇرلەر قاغاننىڭ قارارگاھى ئەتراپىدا قوشۇن باشقۇرىدىغان ۋەزىپىنى ئۆتەيتتى. ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ مەرتىۋە نام مەۋجۇت بولۇپ كېيىنكى كۈنلەردە شاھزادىلەرگە قارىتا قوللىنىلغان بولۇپ، بۇ تېكىن دېگەن مەرتىۋىگە يېقىنراق كېلەتتى.

نازارەتچى بەگ — بۇ نام تۈرك خانلىقى دەۋرىدىكى تۇتۇق (تودون) دېگەن نامنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئاتىلىشى. نازارەتچى بەگنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: قاغان بۇيرۇقى بويىچە خانلىق

تەۋەسىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەرگە بېرىپ، ئۇلارغا ئازارەتچىلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقى چوڭ بولۇپ، خانلىق تەۋەسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ھەربىي قىسىملىرىنى يۆتكەش ھوقۇقى بېرىلىدۇ①.

تامغاچى — ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۆھۈردارى، تامغا تۇتىدىغان ئەمەلدارى، خانلىقنىڭ خەت - ئالاقىلىرى، قاغان يارلىقى قاتارلىقلارغا تامغىچى مۆھۈر باسىدۇ.

## 3. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسى

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت تەشكىلى ھەققىدىكى مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن مەلۇماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش يالغۇز بۇ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى قەدىمىي ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ دۆلەتلەردىكى بەزى ھاكىمىيەت تەشكىلىنىڭ مەنبەلىرىنى ۋە مەنبەلىرىنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتىن پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ.

ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتى مىلادىيە 744 - يىلى قۇرۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن كۆل بىلگە قاغان مۇكەممەل، سىستېمىلىق ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتلىرىنى تىكلەشتە، قەدىمكى تۈرك خەلقلىرىدىكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسى بويىچە دۆلەت قۇرۇلمىسى قۇرۇپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا، ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ خەلقى ياشىغان تارىخىي شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىتنى ئاساس قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراشلىق قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەت قۇرۇلمىسى ۋە ھاكىمىيەت تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىنىڭ مەرتىۋە

---

① شۆ رۇنجىنىڭ «شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئېتىقادى» دېگەن ماقالىسىدىن.

ئەمەللىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى كۆكتۈرك خانلىقى زامانىسىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئەھۋالىغا ئوخشاش قاغان نامىدا ئىدارە قىلىنغان.

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت قۇرۇلمىسىدىكى ھاكىمىيەت تەشكىلى ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھاكىمىيەت بولماستىن، بەلكى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى دائىرىسىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر تۇرغان رايونلارنى قاتلاممۇ قاتلام باشقۇرۇش تۈزۈمى بويىچە، ئاخىر يەنىلا قاغان دۆلەتنىڭ بارلىق سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي ھوقۇقلىرىنى ئۆز قولىغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى بۇرۇنقى تۇغلار توققۇز ئۇيغۇر خانلىقىغا ئوخشاشلا ياغلارقار ئۇرۇقىدىن بېكىتىلگەندەك، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي ئاپپاراتىغا ئىچكى قىسىمدىن ئۈچ كىشى، تاشقى قىسىمدىن (خان جەمەتىدىن باشقا قەبىلىلەر) ئالتە نەپەر جەمئىي توققۇز نەپەر كىشىدىن تەركىب تاپقانىدى.

ئۇيغۇر خانلىقىدا خانلىقنىڭ مەركىزىي ئورگىنى ۋە ئۇنىڭغا بىۋاسىتە قارايدىغان رايون دەپ ئىككى چوڭ سىستېمىغا ئايرىپ ئىدارە قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلغانىدى.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۆلەت تەشكىلىي ئاپپاراتىدىكى مەركىزىي ئورگان دېگىنىمىزدە بۇنىڭغا خاتۇن، يابغۇ (ۋەزىر)، چور، تېكىن، تارخان، سانغۇن قاتارلىق مۇھىم مەنسەپ نامى ئالغانلاردىن تەركىب تاپقانىدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى مەركىزىي ئورگان ۋە ئاساسلىق ۋەزىر قاغانلىقنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزەتتى.

ئۇيغۇر خانلىقىغا بىۋاسىتە قارايدىغان رايونلار ئاساسلىقى ئون ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان ئۇرخۇن دەرياسىدىن تاكى سېلىنگاھ دەرياسىغىچە بولغان جايلار خانلىقنىڭ مەركىزىي رايونلىرى ھېسابلىناتتى. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئۆز

ھۆكۇمرانلىقىنى يۇرگۈزۈشتە، خانلىقتا قاراشلىق شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى جايلارنى ئىدارە قىلىشتا سول شاد ۋە ئوڭ شاد دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان. خانلىقتا قاراشلىق قارارگاھنىڭ شەرق تەرەپتىكى قەبىلىلەرنى سول شاد ئىدارە قىلاتتى. خانلىقنىڭ قارارگاھنىڭ غەرب تەرەپتىكى قەبىلىلەرنى ئوڭ شاد ئىدارە قىلاتتى. بۇ خىل ئىدارە قىلىش تۈزۈمى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسىدىكى قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالىدا ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشقان جايلىرىنىڭ تولىمۇ كەڭ بولۇشتەك ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئىدارە قىلىشقا باب كېلىش شەكلىنى يولغا قويغان بولۇپ، بۇ خىل باشقۇرۇش دائىرىسىدە ئورۇق - قەبىلىلەر چارۋىچىلارنى بىرلىك قىلىپ جايلارنى ئۇلارغا بۆلۈپ بېرىش، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەل مەرتىۋە تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى.

بۇنىڭدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سول شاد، ئوڭ شاددىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھوقۇقى ئارمىيە بىلەن ھاكىمىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئىدارە قىلىش خاراكتېرىدە ئىدى.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزىي ئورگىنىدىكى خانلىق بۇيرۇقى پەقەت قاغان بىۋاسىتە باشقۇرۇۋاتقان رايونلار ئىچىدە يۇرگۈزۈلەتتى. سول شاد ۋە ئوڭ شادلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى رايونلارغا بارغاندا قاغان ئۆزى بىۋاسىتە ئۇلارغا قوماندانلىق قىلاتتى. ئۇيغۇر خانلىقىغا قاراشلىق يېقىندى رايونلارنى ئىدارە قىلىشتا نازارەتچى بەگلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىدە ۋارىسلىق تۈزۈمى، ئورۇق - قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىگە سۇيۇرغاللىق ئاتا قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، خانلىقنىڭ ئالىي ھۆكۈمران گۇرۇھى يايلاقلارنى ئۆز جەمەتلىرىگە ۋە باشقا قەبىلە باشلىقلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرەتتى.

ئۆرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغا ۋە قەبىلىلەرگە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە خانلىقنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدىغان باجنى چىڭ تۇتاتتى. ھەممە ساھەنىڭ قەرەللىك ھالدا باج تاپشۇرۇش مەسئۇلىيىتى بار ئىدى.

ئۆرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى باشقا دۆلەتلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلغان چاغلاردا، سول شاد ۋە ئوڭ شادلاردىن ھەربىي قوشۇن چىقىرىشتىن باشقا، بېقىندى قەبىلىلەرمۇ قاغانلىق ئۈچۈن جەڭگە تەييارلىناتتى. بۇ ھەقتىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆتەيتتى.

ئۆرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى دەۋرلەردە بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى روبانلار، بايقال كۆلىنىڭ غەربىدە ئورۇنلاشقان يەنسەي دەريا ۋادىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قىرغىزلار، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى سارتلار، قاراقۇرۇم ئەتراپىدىكى تاڭغۇتلار، ھىنگان تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى شىرۇي، تاتابى، قىتان قاتارلىق چوڭ قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىگە كىرگەنىدى. «تارىخى جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسەردە: «ئۇيغۇر خانلىقى قۇدرەت تاپقان مەزگىللىرىدە ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى چۇ دەريا ۋادىلىرىغىچە يەتكۈزگەن»① دېگەنىدى.

## 4. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى

كۆل بىلگە قاغان (744 ـ 747 ـ يىللار) ئىلگىرىكى خانلىقلارغا قارىغاندا خېلى تەرەققىي قىلغان، ئىقتىساد گۈللەپ

① جوۋەينىنىڭ: «تارىخى جاھانكۇشاي» نىڭ خەنزۇچە نەشرىدىن.

ياشىغان مەدەنىيەتكە ئىگە ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇردى. ئۇ نۇرغۇن قەبىلىلەرنى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ بايرىقى ئاستىغا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئىچكى جەھەتتىن تىنچ گۈللەنگەن شانلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قەدەم قويدى. ئۇزۇن يىللاپ ئىچكى ئۇرۇش ئازابىنى تارتقان خەلقلەر تىنچلىققا تەشنا بولۇپ تۇراتتى. شۇڭا بۇ خانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ھەرقايسى قەبىلە خەلقلىرى كۆل بىلگە قاغاننىڭ خاقانلىقىنى قوللىدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىش بىلەنلا ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئېغىر جاراھەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ساقايتىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي خىزمەتنى دۆلەتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمىتى قاتارىدا تۇتتى.

كۆل بىلگە قاغان، ئەلئەتمىش بىلگە قاغان ئۇيغۇر تارىخىي تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكۈچى تالانت ۋە ئىقتىدارى بىلەن ئىقتىسادىي خىزمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، قاقاسلىق، يايلاق ھاياتىدىكى مۇنبەت زېمىننى ئۆزگەرتىپ، دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىش پائالىيىتى بىلەن گۈزەل يايلاق ئىگىلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا چارۋىچىلىق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشىنى باشلىغانىدى.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ زېمىنى كەڭ، پايانسىز موڭغۇل دالاسىدىكى ئۆتۈكەن تېغىنىڭ شىمالى، يەنى سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى ئېقىنلىرى، توغلا دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە يولىن تېغىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى قاتارلىق رايونلارغا ئورۇنلاشقان نۇرغۇن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۇزۇن يىللار ئۇرۇش ئازابىدىن يايلاقلىرى ۋەيران بولۇپ خارابىلىككە ئايلانغانىدى. خاقان بۇ رايونلارغا ئورۇنلاشقان قەبىلىلەر ئايماقلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇ مۇنبەت زېمىندا بىرلىك ۋە مۇقىملىقنى ئورناتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئاساسى قەبىلىلەر



www.uyghurkitap.com

ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىن بولغان قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى مۇنبەت يايلاقتا يۈز يىلغا يېقىن تىنچ مۇھىتنىڭ بارلىققا كېلىشىدەك ياخشى ۋەزىيەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى چارۋىچىلىق ئىقتىسادى راۋاجلىنىپ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى.

ئۇيغۇر خاقانلىقى چارۋىچىلىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرقانچە تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. ئالدى بىلەن چارۋىچىلار زىچ ئولتۇراقلاشقان ئۇرخۇن دەرياسى بىلەن سېلىنگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىدا بۈگۈنكى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبىدىكى خانگاھ، زابوخان، بايان ھونگور قاتارلىق رايونلاردىكى چارۋىچىلار كۆپ ئورۇنلاشقان رايوندىكى چارۋىچىلارنى يايلاقتا قاراپ تەڭشەش ئارقىلىق مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرى ئېغىل، قوتان، تاملارنى سالدۇرۇپ چارۋىچىلارنىڭ قىشتىن ئامان - ئېسەن چىقىپ، تۆل ئېلىشىنى ياخشىلىدى. بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلدى. يايلاقلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ چارۋىلارنى تۈرلىرى بويىچە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى. چۆللەك رايونلارنى تۆگە بېقىشقا مۇۋاپىق دەپ قاراپ تۆگىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. سومۇل يايلىقى كەڭ جايلارغا كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلارنى، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ غەربىدىكى ئالتاي تاغ رايونلىرىغا قوي، ئۆچكە قاتارلىق چارۋىلارنى ئورۇنلاشتۇردى، ئاتلارنىمۇ بۇ جايدىكى يايلاق ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇردى.

ئۇيغۇر خاقانلىقى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئات بېقىش، ئات نەسلىنى ياخشىلاشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. داڭلىق ئات چىقىدىغان ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى تۆۋەن ئېقىنى تۇغلا دەرياسى بىلەن كورلۇن دەريا ۋادىلىرىدىكى جايلارنى ئات بېقىش ماكانى قىلىپ ئاتنىڭ سۈپىتى ۋە نەسلىنى

ياخشىلىغاندى. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە قوينىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىدى. ئەمما ئەڭ ئەتىۋارلىقى ئات ھېسابلىناتتى.

ئات تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك سودىسىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتقانلىقتىن ئۇيغۇر خاقانلىقى بارلىق چارە ـ تەدبىرلەر بىلەن ئاتنىڭ نەسلىنى ياخشىلاپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قارايتتى. خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئاتلارنىڭ تۇرلىرى بېسىلغان تامغىلار، بېقىلىدىغان ئورۇن ـ يايلاق نامى قاتارلىقلار توغرىسىدا خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىغا ئايرىم ـ ئايرىم ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تامغىلارنى باسقانلىقىنى، ئات تۇرلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە بېسىلغان تامغىغا قاراپ تونۇۋالىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

«تاڭ سۇلالىسىگە دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» قاتارلىق كىتابلاردا شۇ چاغدىكى 40 تىن ئارتۇق قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئەھۋالى تولۇق تەپسىلىي يېزىپ قالدۇرۇلغاندى. مۇشۇ خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ھەربىر قەبىلىدىكى ئاتنىڭ سۈپىتىگە قاراپ ئەڭ ئېگىز بويلۇق، قاۋۇل ئات، ئوتتۇراھال ھەمدە كىچىك ئاتلار دەپ تۈرلەرگە بۆلگەن. بۇنىڭ بىلەن قىرغىز، باسمىل، قارلۇق قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرى ئەينى زاماندا سۈپىتى يۇقىرى نەسىللىك ئات تىپىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ خىل ئاتلار موڭغۇل دالاسىنىڭ شىمالى ۋە غەربىي جەنۇبى سىبىرىيە رايونلىرىدا نۇقتىلىق بېقىلاتتى.

ئوتتۇراھال ئاتلار تىپىگە تۈرك ـ ئۇيغۇر ئېتى دەپ نامى چىققان ئاتلار تىپىدىكى ئاتلار بولۇپ، بۇ خىل ئاتنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىنتايىن چەبدەس، ئۇستىخان تۈزۈلۈشى گۈزەل ھەم ئۇزۇنغا يۈگۈرەلەيدىغان، جەڭ مەيدانلىرىدا تېز ئالدىغا

بۆسۇپ كىرەلەيدىغان ئاتلار ئىدى. بۇ خىل ئاتلار ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ جەنۇبى ۋە قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى يايلاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

يۇقىرىقى ئاتلار تىپىدىن تۈرك ئاتلىرى بىلەن ئۇيغۇر ئاتلىرى دەپ نامى چىققان ئاتلار باشقا قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىغا نىسبەتەن جەڭ قىلىشقا چەبدەسلىك بىلەن ماھارەت كۆرسىتىدىغان ئاتلار بولغاچقا، تاڭ سۇلالىسىنى قىزىقتۇرغانلىقتىن ئۆزىدىكى ئاتلارنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش ئۈچۈن زور مىقداردا تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئاتلىرىنى ئاساس قىلىپ كۆپەيتكەنىدى. بۇخىل ئاتلارنى كۆپلەپ بېقىش بىلەن ئۇلار ئاتنىڭ مۇشۇ خىلدىكى ياخشى سورتىنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ياخشى ئاتلار ئۈستىدە توختىلىپ «ارقن arkun ئارغۇن، شالغۇت، ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتالىدىن تۇغۇلغان ئات. بەيگىدە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئاتلار ئۇزۇپ چىقىدۇ»① . ئۇيغۇر خاقانلىقىدا ئات نەسلىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۇيغۇر ئاتلىق قوشۇنىنىڭ ئورۇشتا غەلىبە قازىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرت بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئاتنى ئىنتايىن قىممەتلىك تىلتۇمار بايلىق ھېسابلاپ، ئات نەسلىنى ياخشىلاپ، سۈپەتلىك ئېسىل ئاتلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بولۇپمۇ ئاتنىڭ نەسلىنى ياخشىلاشتا دۇلدۇل ۋە تۇلپار ئاتلارمۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا داڭ چىقارغانىدى. ئۇلار ياخشى، ئېسىل نەسىللىك ئاتلارنى ئۆزىنىڭ جېنىدەك قەدىرلەپ، ئاتلارغا ھەر خىل ناملارنى بەرگەن. ئۇيغۇرلار ئاتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرىدىكى مەزگىللىرىگە قاراپ تايچاق قولۇن، تاي ئات دەپ

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 146 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئاتىغان بولسا، ئاتنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئاق بوز ئات، چىپار ئات، چىلان تورۇق ئات، جەرەن ئات، قاشقا ئات دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈپ ئاتىغان. ھەر خىل ئاتنىڭ يول يۈرۈشىگە قاراپ بوز يورغا، دۆلدۈل، تۇلپار دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتلىرى «مىلادىيە 713 ـ يىلدىن 756 ـ يىلغىچە بولغان دەۋرلەردە تىلغا ئېلىنىپ چاڭئەن، لوياڭ قاتارلىق شەھەرلەردە ئۇيغۇرلىشىش تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتىنى مىنىش، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىش شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، تاڭ گاۋزۇڭنىڭ شاھزادىسى لى شيەنيىنىڭ قەبلە تاملىرىغا غەربىي (ئۇيغۇر) كىشىلەرنىڭ ئات ئويۇنى رەسىملىرىنى سىزدۇرغان، خەنزۇ خەلقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى دۇفۇ (مىلادىيە 712 — 770 ـ يىللار) ئەمەلدارلارنىڭ ئېتى دېگەن شېئىرىدا «مەركەزدىكى ھەممە كىشىلەر چىلان تورۇق ئات مىنىدۇ»[①] دەپ يازغانىدى. بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى ئۇيغۇر ئېتى ئىدى. تاڭ دەۋرىدە «ئۇيغۇر ئاتلىرى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا ناھايىتى ئەتىۋارلانغان. تۆۋەنكى شېئىرنى كۆرۈپ باقايلى:

شاھىمىز چىقماقچى چولگە — نەزىر ـ ئايەم قىلغىلى،
بىللە چىقماقچى خېنىملار بەلگىلەندى ئاۋۇلى،
مىنگىنى ئۇيغۇر ئېتى، ئۇيغۇر لىباسى كىيگىنى،
بۇ لىباستا جىلۋىلەندى تال چىۋىقتەك بەللىرى»[②]

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە پادىشاھلارنىڭ باشچىلىقىدا ئۇيغۇر ئېتىنى مىنىش بىر مەزگىل ئەۋج ئالغان. ئۇيغۇرلار ئاتنى دېھقانچىلىقتا قوشقا

① «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1994 ـ يىل 1 ـ سان، ئابدۇرېھىم راخمان ئىلمىي ماقالىسىدىن.
② «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1994 ـ يىل 1 ـ سان، ئابدۇرېھىم راخمان ماقالىسىدىن.

قېتىش بىلەن يەر ھەيدەشتىن باشقا قاتناش ۋاستىسى ئارقىلىق پايدىلىنىپ ئۆرۈش ـ جەڭلەردە ھارۋىلارغا قاتقان. ئاتلار نۇرغۇن ئۆرۈش قورال، ئەسلىھەلىرىنى توشۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھارۋا كەسپى تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا خەنزۇ تارىخىي مەنبەلىرىدە: «قەدىمكى زامانلاردا تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىنى مىلادىدىن نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنلا «ھارۋا ئۇستازلىرى» دەپ ئاتىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ھەتتا «ھارۋا ئۇستازلىرى» دېگەن سۆز خېلى بىر زامانلارغىچە مىللەت نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. «يېڭى تاڭنامە ـ ئۇيغۇرلار تەزكىرىسى» دە: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ھونلار. ئۇلار ئېگىز چاقلىق ھارۋىلاردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئېگىز ھارۋىلىقلار دەپ ئاتىغان»[1] دېيىلگەن. قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ھارۋىنى «قانغا» دەپ ئاتايتتى. شۇڭا، ئۇيغۇرلارنى «ئېگىز ھارۋىلىقلار»، «گاۋچېلار»، «قانقىللار» دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھارۋا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ بىر كەشپىياتى بولۇپ، تاكى ھازىرغىچە قاتناش قورالىغا ئاساس سالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر خاقانلىقى ئۆرۈش قىلىشتا ۋە ئۆرۈش ئەسلىھەلىرىنى توشۇشتا يەنىلا ئاتنى قاتناش ۋاستىسى قىلغان. ئامېرىكىلىق ساك ئاسلوۋ «قاتناش ئىنقىلابى»ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدە «ئاتتىن قاتناش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش مىلادىدىن 2000 يىللار ئىلگىرىلا ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپمۇ شىنجاڭدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، 4000 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن

① «ھارۋىنىڭ كەشپ قىلىنىشى» ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ ئىلمىي ماقالىسىدىن.

www.uyghurkitap.com

بىرى ئات قۇرۇقلۇقتىكى ئاساسىي قاتناش قورالى بولۇپ كەلدى»[①] دەپ يازغان. ھەقىقەتەنمۇ ئاتنىڭ قەدىمكى زامانىدىن تاكى ھازىرقى زامانغىچە رول ئويناپ كەلگەن قاتناش قورالى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئات ھازىرمۇ كەڭ ئىشلىتىلىۋاتقان قاتناش قورالى.

ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنىغا سەل قاراشقا بولمايدىغان دەرىجىدە پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، چارۋىچىلىق جەھەتتە مىسلىسىز گۈللەپ ياشنىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن. چارۋىنىڭ سانى بولۇپمۇ، ئاتنىڭ سانى ھەيران قالىدىغان دەرىجىدە كۆپ ئىدى. ياغلىز باسمىل قەبىلىسىدىلا 300 مىڭ تۇياق ئات بار ئىدى»[②].

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ سودا تىجارەت ئىشلىرى راۋاجلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن خانلىقنىڭ مالىيە مەنبەسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغانىدى. ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى سودا ئىشلىرىغا ماھىر بولغاچقا، سودا تەرەققىي قىلغانىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ زېمىنىگە ئېلىپ بارىدىغان يىپەك ماللار سوغدىلارنىڭ قولى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئېلىپ بېرىپ ھەسسىلەپ پايدىغا ئېرىشكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقى ئۈچۈن زور مالىيە مەنبەسى ئېچىلغان.

ئۇيغۇر خاقانلىقى زور كۈچى بىلەن قاتناش ــ ترانسپورت ئورۇنلىرىنى، سودا سارايلىرىنى قۇرۇپ، سودىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. شۇ دەۋردە ياسالغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بارىدىغان ئۇيغۇر يولى تەڭرى قاغان يولى دەپ ئاتالغان. سودىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئوتتۇرا

---

① «ئۇيغۇرلاردا ئاتچىلىق» توغرىسىدا، ئابدۇرېھىم راخمان يازغان، «شىنجاڭ تەزكىرىسى»، 1994 ــ يىل 1 ــ سانىدىن.
② «قانۇنلار قامۇسى، باسمىللار ھەققىدە قىسسە»، «قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسەردىن.

ئاسىياغا بارىدىغان يايلاق يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، يول بويى ئۆتەڭ (قونالغۇ ئۆيلەرنى) پوچتا لىنىيەلىرىنى يولغا قويغان. كارۋانلارنىڭ قونۇپ ئۆتىدىغان ئۆتەڭلىرىدە قۇدۇق قېزىپ سۇنى ياخشىلىغان. «شۇ زامانلاردا ئۇيغۇر خاقانلىقى چەت ئەللەر بىلەن بولغان سودىنى راۋاجلاندۇرغان. ئەرەب ئەلچىلىرى ماۋەرائۇننەھىردىن چىقىپ ئۇيغۇرلار زېمىنىغا بارىدىغان غول قاتناش لىنىيىسىنى ئاچقان. خىشى رايونىغا بارىدىغان، قىرغىزلارغا بارىدىغان جىيەنچى يولى، غەربىي يۇرتقا بارىدىغان «بەشبالىق» تۇرپان قاتارلىق يوللارنى راۋانلاشتۇرغان. بۇ خىل يول لىنىيىلىرىدە ئەسلىھەلەر مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئەسلىھەلەر ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندىن سىرت سودا ئىشلىرىدا زور قىممەتكە ئىگە ئىدى. شۇنى ئېيتىش لازىمكى، سودا ئىشلىرى خەلقئارالاشقان ھالەتتە تەرەققىي قىلغان»①.

سەل قاراشقا بولمايدىغان پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، تاشقى سودا چارۋا مەھسۇلاتلىرى ھەممىنى جەلپ قىلىش بىلەن بىللە ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تاشقى سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغانىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بۇ سودا ئارقىلىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلدى.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى ئات، يىپەك سودىسى ھەر ئىككى تەرەپنى مەنپەئەتكە ئىگە قىلدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى بۇ سودىدا غايەت زور مەنپەئەتكە ئىگە بولدى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۆكلۈك ـ سۈيگەن توپىلىڭىدىن كېيىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ناھايىتى زور

① شۇ زۇڭچاڭ: «شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە دىنىي ئېتىقاد مەسىلىسى» دېگەن ئىلمىي ماقالىدىن.

www.uyghurkitap.com

دەرىجىدە ئاجىز ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مۇھىمى، مۇشۇ مەزگىللەردە تىبەتلەر خېشى رايونىنى بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئۇيغۇر خانلىقى ئارقىلىق ئالاقە قىلىش دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالغانىدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاجىزلىشىپ، ئۆز كۈچىنىڭ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى ئۇيغۇر خاقانلىقى ئارقىلىق قىلىدىغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودىنى ئۇيغۇرلار ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى شۇ يەردىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنلىرى بولغان جايلارنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن ئالىدىغان يىپەكلەردىن باشقا قول سانائەت بۇيۇملىرى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا لازىمەتلىك چاي فار فۇر قاچىلارنى سېتىۋېلىپ، سودىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ خىل يىپەك مال ۋە قول سانائەت بۇيۇملىرىنى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلارغا كېڭەيتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرى بىلەن بولغان سودىنى ئاچتى. بۇنىڭ بىلەن خانلىق ئىقتىسادىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆتۈرۈلۈشى بىلەن خانلىقنىڭ سىياسىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خانلىقنىڭ دەسلەپكى مەركىزى بالغاسۇن بۇ دەۋرلەردە خانلىقنىڭ سىياسىي، سودا مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، ئىقتىساد، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭمۇ مەركىزى ئىدى.

ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان سودا ئالاقىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن (بۇ خىل سودىدا مال ئالماشتۇرۇلاتتى) تاڭ سۇلالىسى ھەر دائىم دېگۈدەك ئۇيغۇر خانلىقىغا قەرزدار بولۇپ قالىدىغانلىقى، ئەكسىچە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىر قېتىممۇ تاڭ سۇلالىسىگە باج تۆلىمىگەنلىكى

خاتىرىلەنگەن. فىڭ جياشىڭ ئەپەندى مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ «ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئاتقا يىپەك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش توختامنامىسى تۈزگەن. بۇ خىل ئالماشتۇرۇشتا ئۇيغۇرلار دائىم دېگۈدەك قەرز ئىگىسى، تاڭ سۇلالىسى دائىم دېگۈدەك قەرزدار بولۇپ قالاتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئۇزۇنغا قەدەر داۋاملاشقان»[1] مىلادىيە 762 ـ يىلى تاڭ تەيزۇڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن تاڭ سۇلالىسىنىڭ سودا ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ ھەر يىلى 100 مىڭ ئات ئەۋەتىپ بۇنىڭغا 4 مىليون توپ يىپەك تېگىشىپ كېتەتتى»[2]. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى بۇ ئەھۋالغا چىدىماي، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىگە ئېغىر باج قويىدىغان بولدى. مەسىلەن، چىچەن دېگەن بىر ئۇيغۇر سودىگىرى چاڭئەن شەھىرىگە بىر قېتىمدا 10 مىڭ ئات ھەيدەپ كېلىپ سودا قىلماقچى بولغاندا خاقان تاڭ تەيزۇڭ ئاتنىڭ باھاسىغا قاراپ باج ئېلىش، بۇ يەردىكى پۇقرالارنى قاقشاتماسلىق، باجنى پەقەت خەزىنىگە تاپشۇرۇش، 10 مىڭ ئاتتىن پەقەت 6 مىڭ ئاتنىلا بازاردا سېتىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ»[3] دەپ يارلىق چىقارغان. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغان ئالپېتكىن بوقا قاغان (خاقان) تاڭ تەيزۇڭغا ئادەم ئەۋەتىپ: «بىزنىڭ ئېلىمىزدىكىلەر سىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا پەقەت مەنلا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدىم ... سىلەر بىزنىڭ ئات سودىمىزغا بىر مىليون 800 مىڭ توپ يىپەككە قەرزدار، ئۇنى دەرھال قايتۇرۇڭلار» دەپ خەت يازغان. تاڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى سودىگەر چىچەننى ئىزدەپ ئۇنىڭدىن باج ھېسابىدا ئېلىۋالغان 100 مىڭ توپ يىپەك مال، 100 مىڭ سەر ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئۇنىڭغا ئېلىپ بەرگەن»[4].

---

① فىڭ جياشىڭ: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى».
② «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».
③ «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن.
④ «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە».

ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئات، يىپەك سودىسىدىن كەلگەن پايدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ ئاساسلىق تۈۋرۈكىگە ئايلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى كارۋان يوللىرىغا بولغان باشقۇرۇشىنى ۋە قوغداشنى كۈچەيتتى. خانلىقنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار ئارا تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىدىغان قاتناش تورىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ قاتناش تورىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ ياخشىلىنىشى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش چوڭ لىنىيىسىدە بولغانلىقتىن شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى بېرىپ - كېلىشكە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. 8 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن خېشى كارىدورى بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى يىپەك يولى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئۈزۈلۈپ قالغانلىقتىن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش لىنىيىسى شىمالغا يۆتكىلىپ جۇڭغارىيە ئويمانلىقى بىلەن موڭغۇل دالاسىدىن ئۆتىدىغان بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇ يوللار تاشلىنىپ قالغان. بۇ لىنىيە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قاتناش راۋانلاشتۇرۇلدى. تارىختا بۇ يايلاقتىكى يول مەشھۇر ئۇيغۇر يولى نامى بىلەن قايتا ئېچىلىپ ئۇيغۇر خانلىقىغا بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھايات يوللىرىغا ئايلاندى. ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن تاڭ سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئات - يىپەك سودىسى تېز راۋاجلىنىپ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇيغۇرلار ئات سودىسىدا ئىنتايىن كۆپ پايدىغا ئىگە بولدى. بۇنىڭ بىلەن چارۋىچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇيغۇر خاقانلىقى ئات سودىسىدا كۆپرەك پايدىغا ئىگە بولۇش بىلەن ئىلگىرىكىگە نىسبەتەن ئات سودىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. جەنۇب تەرەپتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە

كېلىدىغان ئاتلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدى. بۇنىڭغا تاڭ سۇلالىسىنىڭ مالىيىسى بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتىن يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇيغۇرلار «ھەريىلى 100 مىڭ تۇياق ئات ئېلىپ كېلەتتى»[1] . «بىر تۇياق ئاتقا 40 توپ يىپەك تېگىشەتتى»[2] دەپ يېزىلغان. ئەگەر ھەر يىلى 100 مىڭ تۇياق ئات ئېلىپ كېلىنسە، ئۇنىڭغا 4 مىليون توپ يىپەك تېگىشكىلى بولاتتى. بۇ بەك يۇقىرى سان بولۇپ تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدرىتى يەتمەيتتى. ھەريىلى 20 مىڭ تۇياق ئاتنىڭ پۇلىنى تۆلەشمۇ تەسكە توختىغاچقا، تاڭ سۇلالىسى دائىم دېگۈدەك قەرزدار بولۇپ قالاتتى. ئۇيغۇرلار ئات، يىپەك سودىسىدا كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە پايدا تاپتى. 80 يىل ئىچىدە ئۇيغۇر قاغانلىقى تاڭ سۇلالىسىگە بىر مىليوندىن ئارتۇق ئات ساتتى دېگەندىمۇ 20 مىليون توپ يىپەك مالغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

«ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىدىن ئاتقا ئالماشتۇرغان يىپەك مالنىڭ كۆپ قىسمىنى غەربتىكى ئەرەب ئەللىرى ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. ھەتتا ئايلىنىپ رىمغىچە باردى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ يىپەكلىرى ئۇيغۇر سودىگەرلەرنىڭ قولى بىلەن رىم بازىرىدا ئالتۇن بىلەن تەڭ باھادا سېتىلاتتى. شۇ دەۋردە بىر سەر ئالتۇنغا بىر سەر يىپەك كېلەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئاپىرىدىغان بۇيۇملىرى ئىچىدە كۆپىنچە ئاق ماتا، جۇۋا بولاتتى. ئاق ماتا غەربىي يۇرتتىن چىقاتتى. ئەرەب ئىمپېرىيىسىدىن چىقىدىغان پارس دۇردۇنى قاتارلىق بۇيۇملارمۇ يايلاققا ئېلىپ بېرىلاتتى»[3] . ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسلىق سودا ئوبيېكتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا،

---

① «تاڭنامە، ئوزۇق ـ تۈلۈك، مال ـ مۈلۈك تەزكىرىسى» .
② «كونا تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە» .
③ «يېڭى تاڭنامە، قىرغىزلار تەزكىرىسى» دىن.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇيغۇرلارغا كىرگۈزۈلىدىغان توپ ماللار ئاساسلىقى يىپەك، ئاشلىق، تۆمۈر قورال ـ سايمان، چاي، ئالتۇن، كۈمۈشتىن سوقۇلغان بۇيۇملار بار ئىدى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كېلىدىغان ماللار ئات، كالا، قوي، تۆگە، سۆسەر تېرىسى قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلاتتى. بۇ خىل سودىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى بىلەن ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسىنى سودا ئىشلىرىدا پاسسىپ ۋە زىيان تارتىدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. ئۇيغۇرلار سودىدا ئۇستۇن ماھارەت بىلەن سودا قىلغانلىقتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ پايدا ئالدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ چاڭئەنگە يىغىلغانلىرىنىڭ ئۆزىلا نەچچە مىڭ ئادەمدىن ئارتۇق ئىدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىلىك سودىنى ئۆزى مونوپول قىلدى. ئۇيغۇر سودىگەرلىرى غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان قاشتېشى، دورا ـ دەرمەك، ئاق ماتا، كاھىش، سۆسەر قاتارلىق ماللارنى توشۇپ تازا بېيىدى. ئۇلار چاڭئەن قاتارلىق چوڭ مەركىزىي شەھەرلەردە مەبلەغ كۆپەيتىپ، مېھمانخانىلارنى كۆپلەپ ئاچتى. دۇكانلارنى كۆپەيتىپ سالدى. پايدا ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ چۆنتىكىگە چۈشەتتى. ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك راۋاجلانغانىدى. بولۇپمۇ قول ھۈنەر سەنئىتىدە ئېسىل ئىگەر ـ توقۇم، يۇگەن، قامچا، قاتارلىقلارنى ياسايدىغان مەخسۇس ھۈنەر كەسىپ تەرەققىي قىلغانىدى. قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ئەينى دەۋردىكى قول ـ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرلىرىدىن سىرتقا توشۇلىدىغان ماتا، دورا ـ دەرمەك، خەنزۇلارنىڭ يىپەك ماللىرى، ئات ئۈزەڭگىسى، ئىگەر ـ جابدۇق، كەمەر، تۆمۈر ئەسۋابلار، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىدىن ئاق سۆسەر تېرىسى، قارا بۆلغۈن تېرىسى، تېرە تۇماق، پىششىقلاپ ئىشلەنگەن كالا تېرىسى، تۆمۈر ساۋۇت قاتارلىقلار بار ئىدى.

قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە

ئىچكى ـ تاشقى سودىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ مەزگىلدە چارۋىچىلىق رايونلىرى بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى سودا، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىقى ئىچىدىن چىققىدىغان قول ھۈنەر سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئۆز جايىدا سېتىپلا قالماستىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىغا قوشۇلۇپ سېتىلغان. بولۇپمۇ مېتال بۇيۇملارنى ياساش، پىششىقلاپ ئىشلەش، كۆن ـ خۇرۇم ئىشلەش، يۇڭ توقۇمىچىلىق، ھەرخىل نەپىس بۇيۇملارنى ئىشلەش، تەرەققىي قىلغان كۆنچىلىك، ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەرخىل كەسىپ بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇر خانلىقىدا دېھقانچىلىق ئىگىلىكىمۇ راۋاجلانغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرى ئۇرخۇن، تۇغلادىن ئىبارەت ئىككى دەريا ۋادىلىرىدا بۇغداي، ئارپا، پۇرچاق، تېرىق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغانلىقىنى ماددىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىغان بولۇپ، قارا بالغاسۇن ئەتراپىدا ئەينى دەۋرلەردە قۇرۇلغان سۇ ئىنشائاتى، سۇغۇرۇش سىستېمىسى، يېزا ـ كەنتلەردە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان ساپان، ساپان چىش، قول تۈگمىنى قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تاپقان. بۇ ئەمەلىي پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۆز زامانىسىدا شۇ رايونلاردا تېرىقچىلىق ئىشلىرى بارلىققا كەلگەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇش ـ جەڭلەردە ئەسىرگە ئېلىنغانلارنى دېھقانچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتەتتى. شۇ ئارقىلىق ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن «ئۆتۈكەن»[1] تېغىنىڭ ئەتراپى ئۇرخۇن دەرياسى ئارىلىقىدا كۆلىمى زور كۆلەملىك ھەشەمەتلىك كۆركەم قۇرۇلۇشنى باشلاپ بەكمۇ گۈزەل ئوردۇبالىق (قارارگاھى) شەھىرىنى بىنا قىلغان.

---

① ئۆتۈكەن ـ atukan. ئۆتۈگەن ـ تاتار، مۇڭغۇل دالاسىدىكى بىر يەر نامى. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، 186 ـ بەت.

بۇ شەھەرنى خاقانلىقنىڭ پايتەختى قىلدى. بۇ پايتەخت مەركىزىي شەھىرى قەدىمكى شەھەر شەكلىدە تۆت چاسا ياسالغان بولۇپ، ھەربىر بۇرجىكىگە سۇپىلار ئورنىتىلغان. چوڭ كۆزىتىش مۇنارى بىنا قىلىنغان شەھەرنىڭ ھەممە تەرىپى سېپىل بىلەن ئېلىنغان. سېپىلنىڭ تۆۋەن قىسمى سىلىقلانغان قورام تاشلاردىن قوپۇرۇلغان. ئۈستىگە پىششىق خىش بېسىلغان. ئوردۇبالىق ھويلىسىدا ھەشەمەتلىك كىچىك ئۆيلەر خىش بىلەن سېلىنغان. ئۆيلىرىنى ئوراپ تۇرغان تاملىرى بولغان. سەيياھلار «ئوردا قورۇسى ھەرخىل رەڭدىكى كۆركەم، گۈزەل كۆرۈنۈشلەر بىلەن ناھايىتى رەتلىك بېزەلگەن. كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەرگىزمۇ كەتكۈسى كەلمەيدۇ»[①] دەپ يازغان. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئوردا شەھىرىنىڭ ئەينى زاماندىكى قۇرۇلۇشلىرى ئەڭ گۈزەل، ھەشەمەتلىك، كۆركەم قىلىپ سېلىنغان. «پايتەخت 12 تۆمۈر دەرۋازىلىق چوڭ سېپىل بىلەن ئورالغان. ئوردا شەھىرى ئىچكى شەھەر ۋە تاشقى شەھەر قىلىپ پىلانلىق سېلىنغان بولۇپ، ئىچكى شەھەرگە شەھەر ئاھالىسىنى ئورۇنلاشتۇرغان ۋە بازار، مەھەللە رەتلىك ئايرىلغان. شەھەر ئىچىدە خىلمۇخىل ئەسلىھەلەر، ئاددىي ئاشخانا، دۇكانلار جايلاشتۇرۇلغان. ساراي، ئىبادەتخانىلار بولۇپ، بازارلار ئاۋات ئىدى، ھەرخىل سودا ـ سېتىق بولۇپ تۇراتتى. تاشقى شەھەر ئەتراپىدا، دېھقانچىلىق رايونىدا ياشايدىغان ئاھالىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى»[②] . 1949 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى موڭغۇل ياپلاقلىرىدىن كۆلىمى ناھايىتى زور بىر قەدىمىي شەھەر

---

① رۇسىيىلىك پىركوۋسكى، سىبىرىيىلىك كازاك ئىۋان فىرىيىرنىڭ 1618 ـ يىلى موڭغۇلىيە بىلەن جۇڭگودىكى ساياھىتى رۇسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى رۇس تىلى بۆلۈمى تۈزگەن. سان پېتىر بۇرگ 1913 ـ يىل.

② چۇسكى: «ئوتتۇرا ئەسىر تۈركلىرى، ئىرانلار ۋە ئابغازلىقلار»، 1978 ـ يىل لوندون نەشرى.

خارابىسىنى قېزىپ تەكشۈرگەن. بۇ قەدىمكى شەھەر ئۆرخۇن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ سول قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، كۆلىمى 25 كۋادرات كىلومېتىر ئىكەن. پۈتۈن شەھەر ئىچكى تاشقى ۋە قاغان ئوردىسىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئىچكى شەھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئەتراپى سېپىل بىلەن ئورالغان. ئوردا شەھەرنىڭ كۆلىمى بىر كۋادرات كىلومېتىر كېلەتتى. ئەينى زاماندا قۇرۇلغان سېپىل خارابىسىنىڭ ئېگىزلىكى ھېلىھەم ئون مېتىرغا يېتەتتى»① ئوردا شەھەرنىڭ ئىچكى مۇداپىئە ئىستىھكامى ئەسلىھەلىرىنىڭ ئېگىزلىكىمۇ ئون مېتىردىن ئاشاتتى. ئوردا شەھەرنىڭ مەركىزى خۇددى يايلاقتا نەزەر سالغاندەك چوقچىيىپ تۇرغان «لەشكەرگاھى تۆپىلىك» ، يەنى كۆزىتىش مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى 14 مېتىر كېلەتتى. ئارخېئولوگلار بۇ شەھەرنىڭ ئىچىدىن ئوردا خارابىسىنىمۇ تاپقان. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھەممە جايى نەپىس، گۈزەل ھەيكەل كاھىشىدىن ياسالغانىدى. ئوردا شەھەرنىڭ شەرق، جەنۇب بۇرجىكىگە جايلاشقان قاراۋۇل مۇنارىنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنى قىرىش ۋە تىزىش ئارقىلىق بۇ يەردە كۆپ قەۋەتلىك بىنالارنىڭ بولغانلىقى بۇ بىنالاردا ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرىنىڭ مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى، تاملارنىڭ سىپتا سۇۋالغانلىقى ھەمدە ئىنچىكىلىك بىلەن سۇپەتلىك بېزەلگەن ئىشكىلەرنىڭ بارلىقى، ساپال تۇرۇبىلار ۋە مەرمەردىن ياسالغان قاپارتما ھەيكەللەرنىڭ بولغانلىقى بايقالغان. بۇ قۇرۇلۇشقا ئىشلەتكەن كاھىشلار تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدىكى كاھىشلارغا ئوخشاپ قالماي، بەلكى ئىشىك، دېرىزىلەرنىڭ بېزىلىشىدىكى ئوخشاشلىقمۇ تاڭ دەۋرىدىكىدىن ئالاھىدە پەرقلىق، ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. ئوردا

① كىشلوپ: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر» ، «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» نىڭ 1957 ـ يىل، 2 ـ سانى.

شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدە بۇتخانىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سوۋېت ئارخېئولوگلىرى بۇلار ئېھتىمال مەخسۇس يومىنىدا ھۆكۈمەت تەبىقىسىنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، سېلىنغان بۇتخانا بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلغانىدى. ئىچكى شەھەر بىلەن ئوردا شەھىرى ئەتراپىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھويلا ــ ئارامىلار، مۇۋاپىق پىلانلانغان كوچا ــ رەستىلىرى بار ئىدى.

«شەھەر سېپىلىنىڭ سىرتىدا كەڭ كەتكەن ئېتىز ــ ئېرىق ۋە يېزا ــ مەھەللىلىرى كۆزگە چۈشەتتى. مەھەللىدە ھەمدە ئۆيدە دېگۈدەك ئاشلىقنى ياما قىلىشتا لازىم بولىدىغان ياغۇنچاق (ئۇن تارتىدىغان قول تۈگمىنى) بار ئىدى. ياغۇنچاقنىڭ تېپىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ نوقۇل چارۋىچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان مىللەت ئەمەسلىكى، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى بىر گەۋدە قىلىپ ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شەھەر ئەتراپىدىكى ئېتىز ــ ئېرىقلارنىڭ باش ــ ئايىغى كۆرۈنمەيتتى. سۇ ئىنشائاتى، سۇغىرىش سىستېمىسى، يېزا ــ كەنتلەردە سان ــ ساناقسىز چىغىر يوللار ھەددى ــ ھېسابسىز ئېرىق ــ ئۆستەڭلەر، بىر ــ بىرىگە يېقىن كەنت، مەھەللىلەر بار ئىدى»[①]

شەھەر ئىچىدىكى كوچىلاردىن ئادەتتىكى تۇرالغۇ ئۆي ۋە ھەرخىل ماناپاكتور (قول ھۈنەرۋەنچىلىك قىلىدىغان دۇكان) خارابىسىنى قېزىپ تاپقانىدى. خارابىلىقتىن ساپال ۋە مېتالدىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى، قول ھۈنەر سايمانلىرى بىلەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى قاتارلىق يادىكارلىقلار بايقالغان. خارابىلىكتىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا قەدىمكى شەھەر ئورنى كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قىدىرىپ تەكشۈرۈلگەن ھەممە بۇلۇڭ، پۇشقاقلارنى، ئالايلۇق، قەلئە، قاراۋۇل مۇنارلىرى، بۇتخانا ۋە باشقا شەھەر

---

① چۇسكى: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر، ئىرانلىقلار ۋە ئابغازلىقلار» لوندون 1978 ــ يىل نەشرى.

رايونلىرىدا ئوتتا كۆيگەن يەر پوستى، كۆيۈك ئىزلىرىنى چىلىقتۇرغىلى بولىدۇ. كىشىنىڭ تېخىمۇ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئەھۋال شۇكى، مەيلى شەھەر ئىچى ياكى شەھەر سىرتىدىكى تېرىقچىلىق رايونلىرىدا بولسۇن ھەممە ياغۇنچاقلار، غەرب ۋە شەرق تەرەپتىكى قورام تاشلاردىن ياسالغان نەزىر - چىراغ سۇپىسى قاتارلىقلارنىڭ بىرىمۇ قالماي بۇزۇۋېتىلگەن. قەبرىستانلىقتىكى تاش قەبرىلەرمۇ ئۆرۈۋېتىلگەن ۋە چېقىۋېتىلگەنىدى. قەدىمىي شەھەردىن قېزىۋېلىنغان قەدىمىي مىس يارماقلار ئىچىدىن ئەڭ كېيىنكى دەۋرلەردە قۇيۇلغىنى مىلادىيە 840 - يىلى، يەنى تاڭ ۋىنزۇڭ كەيچېڭنىڭ 5 - يىلى قۇيۇلغانىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە ئائىت نەرسىلەردىن بىرىمۇ بايقالمىغان»[1] . شۇ نەرسە ئايانكى، قەبرە ئابىدىلەردىكى تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى ۋە خەنزۇچە يېزىقلار بىلەن يېزىلغان خەتلەردە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىنىڭ ھاياتى ۋە شانلىق ئىزلىرى، ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ مىللىي يادىكارلىق نەتىجىلىرى دەل ئۇنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان.

سوۋېت ئارخېئولوگلىرىنىڭ كۆزىتىشىدىن قارىغاندا، خاقان شەھىرىنىڭ شەرق - جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بىر قاراۋۇل ھەربىي كۆزىتىش ئورنى خان مۇنارىنىڭ خارابىسىنى قېزىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ مۇنارنىڭ كۆپ قەۋەتلىك ئىكەنلىكى، مۇنارغا ئىسسىنىش ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلىپ، پاسكىنا نەرسىلەرنى چىقىرىش ئۈچۈن، ساپال تۇرۇبىلار ئورنىتىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا مۇنارنىڭ ئىچى كۆل رەڭ سېغىز بىلەن سىلىق، سىپتا سۇۋىلىپ، زىنننەتلەنگەن. بۇ يەردىكى مەرمەر تاشلارغا قاپارتما نەقىشلەر ئويۇلغان.

ئارخېئولوگلار ئوردۇبالىق شەھىرىدىن نۇرغۇنلىغان

---

① گىشلوپنىڭ «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمىي شەھەرلەر» ، «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى» نىڭ 1957 - يىللىق 2 - سانىغا بېسىلغان ماقالىسى.

ئىبادەتخانا، قول ھۈنەرۋەن دۇكانلىرى، مۇنچا، يۇيۇنۇش ئۆيلىرىنىڭ ئىزلىرى ۋە بۇ شەھەردىن ھەرخىل ماددىي بۇيۇملارنى تاپقان. بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلار ئىچىدە ھەرخىل قۇراللار: ئوقيا، قىلىچ، خەنجەر، پىچاق، پالتا، تۆمۈر قالقان؛ جابدۇقلاردىن: ئىگەر ـ توقۇم، تەڭلە، قازان، پەتنۇس، يىڭنە؛ ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى؛ تاشئەينەك، مىس قوڭغۇراق، تاش ئويما بۇيۇملىرى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇلار ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر بىناكارلىق قول ھۈنەر سەنئىتىنىڭ خىلى مۇكەممەللىكىنى، بىناكارلىق بىلەن گۈزەل سەنئەتنىڭ نەققاشلىق، بېزەكچىلىكنىڭ يۈكسەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ①.

كىسلىيوف «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدە: «ئوردۇبالىق شەھىرىدە قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارغا ئاساسەن، سودىگەرچىلىك ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ يەرلىك ئاھالىلەر ئىچىدە زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا سودا بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ»② دەپ يازغانىدى.

ئىگىلىكنىڭ گۈللەپ ياشنىشى بىلەن مەدەنىيەت جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشقا تۈرتكە بولدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ كامالەتكە يەتكەن مۇشۇ مەزگىللەردە مەدەنىيەت ئىشلىرى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بۇ ئەھۋال ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭلۇقى، سىلىنىش ئۇسلۇبىنىڭ يېڭىلىنىشى جەھەتتە نامايەندە بولدى. تۈرك يېزىقىدىكى بايانچۇر خاقان مەڭگۈ تېشى بۇ ھەقتە: «يولۋاس يىلى (750 ـ يىلى) مەن ئادەملەرگە رەڭلىك ئوردا ياساشنى بۇيرۇدۇم. ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا (751 ـ يىلى) مەن ئادەملەرگە

---

① ئا. گ. مالياۋكىن: «ئۇيغۇر تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى».
② كىسلىيوف: «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى.

ئوردا سالدۇردۇم. ئۇلارغا تاش ئابىدىلەرنى ياساتتىم (757 ـ يىلى). مەن سوغدىلارغا ۋە تاڭ زېمىنىدىن كەلگەن ئادەملەرگە سىلىنگا دەرياسىنىڭ يېنىدا بەش بالىق شەھىرىنى ياساشنى تاپشۇردۇم» دېگەنلەرنى خاتىرە قالدۇرغان.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قاغانى بايانچۇر قاغان 757 ـ يىلى سىلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا كۆلىمى زور، ھەشەمەتلىك بەشبالىق شەھىرىنى سالدۇرغان[1]. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قاغانى بايانچۇر قاغان قۇرغان بۇ شەھەر خانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان. مىلادىيە 759 ـ يىلى ئورنىتىلغان بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدا: «توخۇ يىلى (757 ـ يىلى) سىلىنگا دەرياسى بويىدا بەش بالىقنى سالدۇردۇم ...» دەپ ئويۇلغان.

بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدا پۈتۈلۈشىچە: «ئورخۇن ۋە بايقال دەريالىرىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا ئەل ئۆيى (خان ئوردىسى) سالدۇردۇم. بۇ ئوردىنى سالدۇرۇشتىن ئىلگىرى، يەنى ئەجدىھا يىلى (752 ـ يىلى) ئۆتۈكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىڭۇر باسقان دېگەن مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربىدە بایاش ۋە تۇتۇش قىلىدىغان جايدا يازلىدىم. بۇ يەردە ئوردا سالدۇردۇم. ئوردا تېمىنى ياساتتىم. مەن مىڭ يىللىق تۈمەن كۈنلۈك پۈتۈكىدە بەلگىسىنى تاشقا يازدۇردۇم. مۇستەھكەم تاشقا ئويدۇردۇم. يەنە يولۋاس يىلى (750 ـ يىلى) ئۆتۈكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىدا تەز بېشىدا قاسار قوردان ئوردىسىنى ياساتتىم. ئوردا تېمىنى ياساتتىم. شۇ يەردە يازلىدىم. زېمىنىنىڭ چېگراسىنى بەلگىلەپ چىقتىم. بۇ يەردە بەلگەمنى، پۈتۈكۈمنى ئويدۇردۇم»[2] دېيىلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، كۆل بىلگە قاغاننىڭ ئوغلى بايانچۇر قاغان دەۋرىدە ئۆز زامانىسىغا نىسبەتەن

---

① جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى «ئارخېئولوگىيە قىسمى».
② «شىنجاڭ تەزكىرىسى» 1988 ـ يىلى 3 ـ سانىدىن.

گۈزەل، ھەشەمەتلىك بىنالارنى سالدۇرغان. بۇ سېلىنغان بىنالار ئۇيغۇر خانلىقى قارارگاھى ۋە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغان. «بايانچور يەتتە سۇ بىلەن ئىسسىقكۆل بويىدا بارىسخان، بارمان، بالغاسۇن شەھىرىنى بىنا قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا بايانچۇر قاغاننىڭ ئوغلى بۆكە قاغان زامانىسىدىمۇ (759 — 780 - يىللار) ئۇرخۇن دەرياسى ۋادىسىدا تېخىمۇ زور كۆلەملىك شەھەر ۋە ئوردا سارايلارنى بىنا قىلدى»[①].

تونباغا قاغان (780 — 789 - يىللار) ۋاقتىدا خاتۇنبالىق شەھىرىنى بىنا قىلغان. تونباغا قاغان تاڭ سۇلالىسىنىڭ قىزى شيەنيۇگە ئۆيلەندى. شۇ يىلى ئۆزىنىڭ بۇ خانىشىغا ئاتاپ ھازىرقى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىدىكى ئىجنا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا سالدۇرغان خاتۇنبالىق (قىزباللىق شەھىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شەھىرىمۇ خۇددى ئوردۇ بالىق شەھىرىگە ئوخشاشلا مۇھىم ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى. ئۇيغۇر قاغانلىرى بۇ چاغدا قىش پەسلىنى بۇ شەھەردە ئۆتكۈزەتتى. بەزى ۋاقىتلاردا يازلىق دەم ئېلىش ئورنى شۇنداقلا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئورنى ئىدى. خاتۇنبالىق شەھىرى مۇھىم ھەربىي بازار ۋە چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە قىلىش ئۆتكىلى رولىنىمۇ ئويناپتتى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانلىرى بايانچۇر ۋە بۆكۈ قاغانلار باشتىن - ئاخىر تاڭ سۇلالىسىگە دوستانە مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، مىلادىيە 755 - يىللىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەنلوشەن چىقىش بىلەن تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرىنى ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. تاڭ دۆلىتىنى

---

① فىلىك چىگجۇن «موڭغۇل تارىخى» دىن.

مۇنقەرز قىلىشقا تاسلا قالدى. بۇ چاغدا تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى بايانچۇر قاغان ئۆز ئوغلى يانچۇ تېكىن (بۆكۈ قاغان) نى 4000 قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، ياردەمگە ئەۋەتتى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشۇنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە شەرققە يۈرۈش قىلىپ، چاڭئەننىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى شياڭجىسى دېگەن جايدا ئەن چىڭشۈينى قاتتىق مەغلۇپ قىلدى ۋە چاڭئەن بىلەن لوياڭنى قايتۇرۇۋېلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتقۇزۇۋالغانىدى. 758 ـ يىلى (تاڭ سۇزۇڭنىڭ جىدى 3 ـ يىلى) تاڭ سۇلالىسى بۆكۈ قاغانغا «دانىشمەن باتۇر كۆل بىلگە قاغان» دېگەن نامنى ئىنئام قىلدى. تاڭ سۇلالىسى ئۆزىنىڭ كەنجى قىزى مەلىكە نىڭگۇنى ئۇيغۇر قاغانىنىڭ ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپ قۇدا باجىلىق مۇناسىۋىتى ئورناتتى. جەڭگە قاتناشقان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قوشۇن، سەركەردە، باتۇرلىرىغا نۇرغۇن مۇكاپات ۋە ھەرخىل ماددىي بۇيۇملارنى بەردى. تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

شۇ نەرسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بايانچۇر قاغان ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ۋە ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقانىدى. «ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا قارلۇقلار بىلەن تۈركلەر، تىبەتلەرنىڭ تۇتاش ئايمىقىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى بەشبالىققا ھۇجۇم قىلغاندا تەڭرى قاغان ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى ئىل ئۆگەننى لەشكەر بىلەن تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىغا ئەۋەتىپ تاڭ سۇلالىسى بىلەن غەربىي يۇرتنىڭ قاتناش تۈگۈنى بولغان جايلارنى قوغداپ زور خىزمەت

① «يېڭى تاڭنامە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسسە.

كۆرسەتكەن»[1] .

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردۇبالىق، بەشبالىق شەھەرلىرى 744 - يىللىرىدىن 840 - يىللارغىچە پۈتۈن موڭغۇل يايلىقى، جەنۇبىي سىبىرىيە، جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، غەربتە يەتتە سۇ ۋادىسىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاستانىسى شۇنداقلا كەڭ رايونلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. بۇ جايدىن تەرەپ - تەرەپكە كەتكەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا ئاسىياغا، سىبىرىيىگە، ھىندى تاغلىرىنىڭ شەرقىگە بارىدىغان راۋان يوللار بار ئىدى. يول بويلاپ چوڭ، كىچىك شەھەر، بازار، ئۆتەڭ، لەڭگەرلەر بار ئىدى. بۇ شەھەرلەرگە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كارۋان، راھىبلار، ساياھەتچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇراتتى. «شەھەر ئىچىدە ھەيۋەتلىك ئوردا، بۇتخانا، رەتلىك جايلاشقان كوچا، ھەر خىل قول ھۈنەر دۇكانلىرى ۋە قەسىرلەر بار ئىدى. ئەتراپىدا ياپيېشىل ئېكىنزارلىق، گىرەلىشىپ كەتكەن يوللار، تارام - تارام سۇلار بىر - بىرىگە تارتىشىپ تۇرغان مەھەللە بار ئىدى»[1] .

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى «بۆكۈ»[2] قاغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا (757 — 779 - يىللار) ئۇ نۇرغۇن ئوردا - ساراي، ھەشەمەتلىك شەھەرلەرنى سالدۇرغان. ئۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3 - ئەۋلاد قاغانى بولۇپ تۇرغان مەزگىللىرىدە شەرقىي تەڭرىتاغدىكى رايونلارنى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسىدە تۇتۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەردە خەنزۇلارنىڭ ياشىشىغا، ئۇ يەرلەردىكى قارام ئەللەر ۋە كۆچمەنلەرنىڭ ئۆز -

---

① پىرگوۋسكى: «سىبىرىيىلىك كازاك ئىۋان پېتىرنىڭ 1618 - يىل موڭغۇلىيىدە جۇڭگوغا قىلغان ساياھىتى» رۇسىيە ئاكادېمىيىسى تىل - يېزىق بۆلۈمى تۈزگەن پېتىربۇرگ 1913 - يىل نەشرى.

② مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ سۆزگە بەرگەن تەبىرى مۇنداق: «بۆكۈ - ئالىم، دانىشمەن، ئەقىللىق» .

ئۆزىنى ئىدارە قىلىشغا يول قويغان. تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە مانى ۋە بۇددىزم مەزمۇنىدىكى تېكىستلاردا كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. قۇجۇدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان، ياغاچقا ئويۇپ يېزىلغان ئىككى تېكىستنىڭ بىرسىدە كۆرسىتىلىشىچە: «بىزنىڭ تەڭرى بۆكۈ تەڭرىقۇت، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ بۆكۈ قاغانى يۇرت سوراشقا باشلىغان ئىككىنچى يىلى» قۇجۇ شەھىرىنىڭ بېگى (baligbugi) ئالىپ ئۆگەن دېگەن ئادەم بولغانىكەن. ئۇ ئادەم بۆكۈ قاغاننى ئۆزىنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى دەپ ھېسابلىغان. مۇشۇ تېكىستتىكى مەزمۇنغا قارىغاندا بۆكۈ قاغاننىڭ 2 ـ يىلى، يەنى 760 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۆكۈ قاغاننىڭ ئەمەل ناملىرى تېخىمۇ تولۇق يېزىلغان ئىككىنچى بىر تېكىستتە «767 ـ يىللاردىمۇ ئالىپ تۇتۇق ئۆگەننىڭ يەنىلا قوجۇنىڭ بېگى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان»①.

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونلىرى، يەنى تۇرپان قاتارلىق جايلارنى ھاكىمىيەت ئاستىغا ئېلىپ ئىدارە قىلىپ كەلگەنلىكىنى مۇنۇ تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. مانى دىنى مەزمۇنىدىكى تۈركچە تېكىستتە (TM ـ 301 ـ نومۇرلۇق) كۆرسىتىلىشىچە: «قۇجۇنىڭ سىرتىدىكى يەرلەرنى، يەنى يايلاقلارنى ئەل تۇتمىش ئۇلۇغ بىلگە تەڭرى (قاغان)، يەنى بۆكۈ قاغان ئىدارە قىلغان. بۆكۈ قاغاننىڭ ‹ئەتىۋارلىق ئوغلى› ئىل ئۆگەسى تۇزلۇت بەگە ‹قۇجۇ شەھىرىنىڭ بېگى› بولغانىكەن». ھازىر تويۇقتىكى بىر ئىبادەتخانا تېمىغا يېزىلغان بۇددىزم مەزمۇنىدىكى بېغىشلىما ئېلان قىلىنغان. مۇشۇ ئېلان قىلغان تېكىستنى يازغۇچىلار ئۆز ھىمايىچىلىرىغا «بىزنىڭ ئىلاھ بۆكۈ تەڭرى قاغاندۇر،

① «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخى».

www.uyghurkitap.com

قوجوبالىق بېگى تۇزلۇت بەگدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ بېغىشلىما 767 ــ 780 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا يېزىلغان»①. «بۆكۈ قاغان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللار (757 ــ 779 ـ يىللار) دا شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىدا تۇرپان ۋادىسىدىكى قوجونىڭ سىرتىدىكى يەرلەر، يەنى يايلاقلارنى بۆكۈ قاغاننىڭ ئىدارە قىلىپ كەلگەنلىكىنى، كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئىل ئۆگىسى تۇزلۇت بەگ 767 ـ يىل قوجو شەھىرىنىڭ بېگى بولۇپ ئىدارە قىلىپ كەلگەنلىكىدىكى» تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق كۆرسىتىلدى. خۇددى كېيىنكى ياغاچقا پۈتۈلگەن تېكىستتە كۆرسىتىلگىنىدەك: «بۆكۈ قاغاننىڭ ھاكىمىيىتى» شەرقتە ساجىد (دۇنخۇاڭ) دىن باشلاپ غەربتە ئۈچ بارىسقانغىچە يەتكەن»②. دۇنخۇاڭ ۋە تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يەتتەسۇ (ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى يەرلەر) نىڭ ھەممىسى بۆكۈ قاغاننىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولغان. خۇددى تارىخشۇناس جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇشاي» ناملىق ئەسىرىدە «ئۇيغۇر خانلىقى قۇدرەت تاپقان مەزگىللىرىدە ئۆزىنىڭ كۈچىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى چۆل ـ يايلاقلىرىغىچە يەتكۈزگەنىدى»③ دېگەن تارىخىي ھۆكۈمىمۇ بۇنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئەينى چاغدا، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىگە بېرىپ ساياھەت قىلغان قاسىم بىننى بەھرال مۇتاۋى ئۆزىنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدە مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «مەن پەقەت قويلار توپى بىلەن ئوتلاقلار بولغان چۆل ـ جەزىرىدە 20 كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېزا ـ قىشلاق ۋە ئېتىز ـ ئېرىقلاردا 20 كۈن ساياھەت قىلدىم. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ

---

① س. گ. كىلياشتورنى: «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخى».
② س. گ. كىلياشتورنى: «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخى».
③ جۇۋەينى: «جاھانكۇشاي» دىن.

پادىشاھ قەلئەسىگە يېتىپ باردىم». قاسىم سەپەر خاتىرىسىدە يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن ‹قاغانلىق› قەلئەسىگە بەش پەرسەڭ[1] كېلىدىغان يەردە قاغانغا تەئەللۇق بىر چېدىرنى ئۇچراتتىم. بۇ چېدىر پۈتۈنلەي ئالتۇندىن ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسالغانىدى. بۇ چېدىر قەلئەنىڭ ئۆگزىسىگە ياسالغان بولۇپ يۈز ئادەم بەھۇزۇر سىغاتتى. بۇ چوڭ شەھەرنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مول، ئەتراپىدا گۈزەل مەنزىرىلەر، چىرايلىق تۈس ئالغان ئېتىز - ئېرىقلار، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن يېزا - قىشلاقلار ئاھالىسى ئورۇنلاشقانىكەن. شەھەر قەلئەسىدە غايەت يوغان 12 تۆمۈر دەرۋازا بولۇپ، شەھەر ئاھالىسى كۆپ، شەھەر ئىنتايىن ئاۋات، دۇكان - سارايلار جايلاشقان. ھەممە يېزىلاردا قاينام تاشقىنلىق ھالەتتىكى قىزىق بازارلار بولۇپ، بازاردا سېتىلىدىغان ھەرخىل ماللار تۈرلەر بىلەن توپلانغان. شەھەر ئاھالىسى شۇ ۋاقىتتا مانى دىنىغا چوقۇنىدۇ دەپ دوكلات قىلدىم»[2]. قاسىمنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى تونۇشتۇرۇلغان ئەھۋاللاردىن ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختىنىڭ تولىمۇ گۈزەل، ھەيۋەتلىك، گۈللەنگەن، شانلىق مەدەنىيەت گۈلزارلىرى بىلەن تولغان شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

## 5. قەدىمكى «مەڭگۇ تاش» يادىكارلىقى توغرىسىدا

«بىزگە مەلۇمكى، تۈرك ئۇيغۇر خاقانلىرى دەۋرىدە مەڭگۇلۇك خاتىرە تېشى ئورنىتىش ئادىتى بولغان. خاتىرە تاشقا ئويغۇچىنىڭ ئىسمى، تەخەللۇسى، خىزمەت ئورنى، يېشى

① بىر پەرسەڭ - تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر چامىسىدا كېلىدۇ.
② قاسىم بىننى بەھرەل مۇتتاۋى: «قاسىمنىڭ ئۇيغۇر يۇرتىدىكى ساياھەتلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلار».

ئويۇلغان بولاتتى»[1].

قەدىمكى ئۇيغۇر مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىمىيلىكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم خەزىنىلىرىدىن بىرى. ئۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ شانلىق مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجى سۈپىتىدە ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ رېئال تارىخىي ھاياتىدىكى پۈتۈن پائالىيەتلىرىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەت. ئۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يادىكارلىق. شۇنداقلا ئۇيغۇر تارىخى خەزىنىسىدىكى بىباھا بايلىق بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن بىز ئەۋلادلارغا قالدۇرۇلغان تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىق، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىسى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا قوشقان زور تۆھپىسى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ئىگانت ئابىدە.

### 1) قەدىمكى «مەڭگۈ تاش» يادىكارلىقىنىڭ مەزمۇنى

قەدىمكى «مەڭگۈ تاش» يادىكارلىقىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنى قۇرۇش دەۋرىدىكى ھەربىي يۈرۈشلەر دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ بايرىقى ئاستىغا بارلىق قەبىلىلەر، قوۋملەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تىنچ ھاياتقا تولغان قۇدرەتلىك فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇش ئىدىيىلىرى ئىلگىرى سۈرۈلگەندى. بۇخىل ئىدىيە ۋە قاراشنىڭ بۇندىن 1200 يىل ئىلگىرىكى تارىخىي شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىنتايىن زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

[1] ئا. ۋ. گاباكىن: «قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 850 ـ 1250 ـ يىللار)»،

1. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ شانۇ شەۋكەتلىك دەۋرىنى يورۇتۇشتا ئەڭ قىممەتلىك يادىكارلىق بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان يادىكارلىقلارنىڭ بىرى. ئۇ مىلادىيە 712 ـ، 716 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن ئىككى پارچە چوڭ مەرمەر تاشقا 62 قۇر خەت ئويۇپ يېزىلىپ، بىلگە تونيۇقۇقنىڭ قەبرىسى ئالدىغا ئورنىتىلغان.

بۇ مەڭگۈ تاش 1897 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۇلانباتور شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىن چوقتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان. ئۇ ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا ساقلانماقتا. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» تېپىلغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ئۇ مەڭگۈ تاشنىڭ ئەسلى تېكىستى ھەر خىل تىللاردا تەرجىمە قىلىندى. دۇنيادىكى تىلشۇناس، تەرجىمىشۇناس، ئارخېئولوگ ئالىملار كۆپلىگەن ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدا ئويۇپ يېزىلغان مەڭگۈ تاشلاردىن ھەجىمى بىرقەدەر چوڭ تارىخىي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان قەدىمكى مەڭگۈ تاشلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

2. «چورۇن مەڭگۈ تېشى» ئۇ 1971 ـ يىلى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى پايتاختى ئۇلانباتورنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى جەرىن دېگەن جايدىن تېپىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش مىلادىيىنىڭ 636 ـ 687 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا ئورنىتىلغان.

3. «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» 1889 ـ يىلى ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى خوشۇشۇ سايدام دېگەن جايدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاش مىلادىيىنىڭ 732 ـ يىلى ئورنىتىلغان.

4. «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» ـــ بۇ كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ جايدىن تېپىلغان. مىلادىيىنىڭ 735 ـ يىلى ئورنىتىلغان.

www.uygurkitap.com

5. «بايانچۇر I مەڭگۇ تېشى» 1909 ـ يىلى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى سىلىنگا دەرياسى بىلەن شىنە ـ ئۇسو كولى ئارىلىقىدىكى جايدىن تېپىلغان. بۇ مەڭگۇ تاش تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 759 ـ يىلى ئورنىتىلغان.

6. «بايانچۇر II مەڭگۇ تېشى» 1957 ـ يىلى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تالىياتتى دېگەن جايدىن تېپىلغان.

7 . «توققۇز ئۇيغۇر خاقان مەڭگۇ تېشى» 1890 ـ يىلى ئۇرخۇن دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قارا بالغاسۇن (ئوردۇبالىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن تېپىلغان.

8. «سۇجى مەڭگۇ تېشى» 1909 ـ يىلى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىدىكى سوجى داۋان يېزىدىكى جايدىن تېپىلغان (بۇلاردىن باشقا يەنە يېقىنقى يىللارغىچە موڭغۇلىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان بىرقانچە مەڭگۇ تاشلار بار) .

9. «ئېرىق بىتىگ» (پالنامە، جەمئىي 104 بەت) ئەنگلىيە ئارخېئولوگى ستەيىن دۇڭخۇاڭ جىڭ ئۆيلىرىدىن تاپقان.[1]

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۇ تاش ۋە يادىكارلىقلار ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتىنى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

## 2) بىلگە تونيۇقۇق قاغان ئابىدىسى

بىلگە تونيۇقۇق 648 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 725 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ 77 يىل ئۆمۈر كۆرگەن. بىلگە تونيۇقۇق ناھايىتى ئەقىللىق، دانىشمەن ۋە تالانتلىق ھەربىي ئىستراتېگىيىچى ئىدى. ئۇ مىلادىيە 682 ـ يىلدىن 691 ـ يىلغىچە ئىلتەرىش قۇتلۇق خاقان بىلەن قاپاغان خاقانلارنىڭ

---

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» دىن.

دەۋرىدە «يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىمدە»[①] 682 ـ يىلدىن 716 ـ يىلىغىچە شەرق تۈرك قوشۇنلىرىغا 25 يىل باش قوماندان بولغان.

بىلگە تۇنيۇقۇق مىلادىيە 707 ـ يىلدىن 725 ـ يىلىغىچە قاپاغان خاقان بىلەن بىلگە خاقانغا 18 يىل باش ۋەزىر بولغان.

بىلگە تۇنيۇقۇق مەشھۇر سىياسىئون، ھەربىي ئالىم بولۇپلا قالماستىن، ئۇ ئۆتكۈر پاراسەت ئىگىسى. شۇڭا، ئىلتەرىش خاقان، بۆكۈ قاغان، بىلگە خاقان، قاپاغان خاقانلار يېنىدا 7 ياش ۋاقتىدىن تارتىپ خاقانلار خىزمىتىدە بولغان. «جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىياسىي ئىشلاردىن ھەممىشە تولۇق خەۋەردار بولۇپ تۇرغان».

بىلگە تۇنيۇقۇق ئىلتەرىش خاقانغا تەكلىپ بېرىپ، مۇنداق دېگەن: «تاپغاچ، ئوغۇز، قىتان ئۈچىسى تېپىشىۋالسا بىز تايانچىسىز قالىمىز، ئىنچىكە نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئوڭاي. يوپقا قېلىن بولسا ئۇنى ئېگىش ئاسان ئەمەس، ئىنچىكە ‹نەرسە› يوغان بولۇپ كەتسە ‹ئۇنى› سۇندۇرۇش ئاسان بولمايدۇ»[②] دەپ دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، قوشۇننىڭ ساپاسىنى ۋە ھوشيارلىقىنى ئۆستۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەن. «بۈيۈك تۈرك خاقانى بىلگە قاغان، بۆددىزمنى ئۆز تەۋەسىدە رەسمىي دىن بولۇپ قېلىشىنى خالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن». لېكىن، بىلگە خاقان يېنىدا تەجرىبىگە باي، تۈرك خەلقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئەقىللىق دۆلەت ئەربابى تۇنيۇقۇق بىلگە خاقانغا بۆددىزمنىڭ خەۋپىدىن بېشارەت بەرگەن. ئۇ بەك ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن: «بۆددا دىنى تۈركلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىغا

① «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» دىن.
② «بىلگە تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى 12 ـ، 14 ـ قۇرلىرى.

كۆپ يامان تەسىر يەتكۈزىدۇ»[1] دەپ خاقاننى بۇ خەتەرلىك ئوي ـ خىيالدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان.

ئۇلۇغ ئەرەب ئالىمى جاھىزى بۇددىستلار ئۈستىدە توختىلىپ، بۇددىست تۈركلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى (جەڭگىۋارلىقى، باتۇرلۇقى، چاققانلىقى ۋە باشقىلار)، قانداق يوق قىلىنغانلىقىغا دائىر كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ ۋە ۋىزانتىيەلىكلەر بىلەن ساسانىلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلار ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ ئۇرۇشلاردا ۋىزانتىيەلىكلەرنىڭ يېڭىلىپ قېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب روملارنىڭ رايىشلىقى، ئۆچ ئالماسلىقنى تەرغىب قىلىدىغان خىرىستىئان دىنىغا كىرگەنلىكىدىن دەپ قارايدۇ. دەل شۇنداق دەرد ـ ھەسرەتلىك ئاقىۋەتكە قالغان تۈركلەرگە ھېسداشلىق قىلغان جاھىزى مۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەر بۇددا دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، سوقۇشلاردا مەغلۇب بولۇشقا باشلىدى. تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەھرىمان قەبىلىلەردىن بولغان ‹توققۇز ئۇيغۇر› قەبىلىسى بۇنىڭ مىسالىدۇر. ھالبۇكى، ‹توققۇز ئۇيغۇر› لار قارلۇق تۈركلەردىن سان جەھەتتە نەچچە ھەسسە ئاز بولسىمۇ ئۇرۇشلاردا دائىم ئۈستۈن تۇراتتى. بۇددا دىنى ئىنسانغا تەركىدۇنياچىلىق ۋە رايىشلىقنى سىڭدۈرگەن خىرىستىئان دىنىدىن بەكرەك يامان تەسىر بېرىدۇ. ئۇلار قاچان شۇ دىنغا كىردى شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىق روھى ۋە جاسارىتى سۇنۇشقا باشلىدى ۋە جۈرئەتسىز بولۇپ قالدى»[2].

تونيۇقۇق قاغاننىڭ بىلگە خاقانغا ئېيتقان بىر ئابزاس سۆزى خاتىرىلەنگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: «تۈركلەرنىڭ كۈچى تاڭ

---

① دوكتۇر زەكەرىيا كىتابچىسىنىڭ «تۈركىستاندا ئىسلامىيەت ۋە تۈركلەر» دېگەن ئەسىرىدىن.

② پروفېسسور دوكتۇر زەكەرىيا كىتابچى: «تۈركىستاندا ئىسلامىيەت ۋە تۈركلەر» ناملىق ئەسىرىدىن.

سۇلالىسىنىڭ يۈزىدىن بىرىگىمۇ يەتمەيدۇ. ئەمما، تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق ئۈستۈنلۈكى شۇ يەردىكى، بۇ ئۇلارغا شۇنداق تاقابىل تۇرالىدىكى، بىز مۇقىم ئولتۇراقلاشماستىن ئوتلاق بويلاپ ئەۋجىلىق ۋە ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئادەتلەنگەنمىز. بىز كۈچەيگەن چاغدا ھۇجۇم قىلدۇق. ئاجىزلىغاندا چېكىنىپ يوشۇرۇندۇق. شۇڭا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرى قانچە كۆپ بولغىنى بىلەن كارغا كەلمىدى»[①] . دانىشمەن تونيۇقۇق بىلگە خاقاننىڭ قېيىناتىسى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك تەجرىبىلىرى بىلەن بىلگە خاقان ۋە كۆلتېكىنلەرنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئىشلىرىغا زور ياردەملەردە بولغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، تونيۇقۇق ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن نۇرغۇن تۆھپىلەرنى ياراتقانلىقىدىن ئۇنىڭ ھاياتى ئەڭ قىممەتلىك تۆھپە بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر تارىخىدىن ئورۇن ئالغان.

تونيۇقۇق ناھايىتى ئەقىللىق ۋە تالانتلىق ھەربىي ئىستراتېگىيىچى ئىدى. ھەربىي يۈرۈشتە شەرقىي تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈنچە دەرياسىدىن ئۆتۈپ تاكى تۆمۈر تاپىغىنچە باردۇق - دە، شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان ئاسۇق باشچىلىقىدىكى سوغداق خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى».

«ئۈنچە دەرياسى» — سىر دەرياسى بولۇپ، «تۆمۈر قاپىغ» ھازىرقى سەمەرقەنت بىلەن ئافغانىستان چېگرىسىنىڭ بەلىخ ئارىسىدىكى بوز تالا تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم تاغ ئۆتكىلى بولۇپ، تۈركلەر ئۇنى «تۆمۈر قاپىغ» (تۆمۈر دەرۋازا) دەپ ئاتىغان. «يېڭى ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە بۈيۈك تۈرك يۇرتىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكى، چېگرىسى ئومۇمەن غەربتە «تۆمۈر دەرۋازا

① «تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تارىخى توغرىسىدا ئىزدىنىش» شۈزۈڭچىڭ: «ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەن تەتقىقات ژۇرنىلى» 83 - يىل.

دېيىلىدىغان جەمھۇن قىرغاقلىرىغىچە بارىدىغانلىقى مەلۇم»①.

«كۆكتۈرك قوشۇنلىرى جەمھۇن دەرياسىغىچە بېسىپ بارغانلىقى ھەتتا سوغداق قوۋمىنى نۇرغۇن قېتىم تۈركىگە تارتىۋالغانلىقى مەلۇم»②.

«بىلگە خاقان تۈركلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇرخۇن دەرياسى ۋادىسىدا جۇڭگوچە سېپىلى بولغان بىر ئاستانە قۇرماقچى ۋە بۇددا خانىلىرى بىلەن تەرەققىياتچىلىك بۇدخانىسىنى قۇرماقچى بولغان. تونيۇقۇق خاقانغا: «بۇ يەنە بىر تۈرلۈك خاتالىق. تۈركلەرنىڭ ئاساسلىق ئۇستۇنلۈكى شۇ يەردىكى كۆچمەن چارۋىچىلار ھەرىكەتچان كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇلارغا پايدىلىق پۇرسەت تېپىلغاندا ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولىدۇ. مەغلۇب بولغان چاغدا بولسا قورشىۋېلىنمايدۇ③» دەپ مەسلىھەت بەرگەن.

## 3) بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى (684 ـ 734)

بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى مىلادىيە 735 ـ يىلى ئورنىتىلغان. بۇ ئورخۇن يادىكارلىقلىرى ئىچىدە بۈيۈك ئىلمىي ئابىدە بولۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن شانلىق ھاياتى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە سەرگۈزەشتىلىرى، ئىنسانىي پەزىلىتى پۈتۈلگەن ئابىدە بولۇپ، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇ ئابىدىدە كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇلغان نەسىھەتنامىلەردىن ئىبارەت، كىشىلەرگە مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەت يولى كۆرسىتىپ بېرىلگەن ھەقىقىي ھاياتقا باشلايدىغان يولىيورۇق ۋە تەكلىپ، تىلەك، ئارزۇ، غايىلەر ئويۇپ

① م. ئەرگىن: «ئۇيغۇر ئابىدىلىرى»، ئىستانبۇل، 1970 ـ يىل.
② زەكەرىيا كىتابچى: «تۈركىستاندا ئىسلامىيەت ۋە تۈركلەر» دېگەن ئەسەردىن.
③ گىروسسىنىڭ: «يايلاق ئىمپېرىيىلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن.



www.uyghurkitap.com

قالدۇرۇلغان. مانا بۇ بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشىنىڭ قىممەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى.

بىلگە خاقان ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇشىدىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ بۇنى قانۇنغا كىرگۈزۈپ، خاقان، خاتون، ۋەزىر، يابغۇ، شاد، تۇتۇق، سانغۇن، تارخان، تېكىن، ئېركىن، ئىلتەبىر قاتارلىق خادىملارنىڭ ۋەزىپىسى، قانۇنىي ھوقۇقى، سىياسەت پرىنسىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت قانۇنى دەستۇرىنى شەكىللەندۇرگەن.

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنىڭدا دۆلەت تەشكىلىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئىملەرگە رىئايە قىلىش لازىملىقى قانۇن - تۈزۈملەر بىلەن كاپالەتلەندۇرۇلگەن.

بولۇپمۇ دۆلەت خادىملىرىنىڭ ھەممە ئىشتا باشلامچى بولۇپ خەلقنى باياشات قىلىش يولىدا جان پىدالىق بىلەن ئىشلىشى لازىملىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكىتلىگەن.

ئەمدى بىلگە خاقان مەڭگۇ تېشىغا قاراپ باقايلى: ئۇنىڭ شەرق يۈزى 3 - قۇردا ‹بودكە ئۆزۈم ئولدۇرۇپ بونجا ئاغىر تۆردگ، تۆت بۇلۇڭدانى، بۇدون ئوجون ئەتىدىم› «(تەرجىمىسى: «ئۆزۈم تەختكە ئولتۇرۇپ تۆت ئەتراپىدىكى خەلقلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم قانۇن - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ بەردىم.»[①]).

شەرق يۈزى 36 - قۇردا: «ئېلىگ توروگ يەڭدى قازغاندىم». (تەرجىمىسى: مەن دۆلەتنى قانۇن - تۈزۈملەر بىلەن ياخشى باشقۇرۇشقا تىرىشتىم)[②] دېيىلگەن. بۇ خىل مەڭگۇ تاش — ئۆتۈكەن كۆكتۈركلەرنىڭ ئۇرخۇن ۋادىسىدىكى مۇقەددەس ئانا ۋەتىنىگە بىنا قىلىنغان.

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» دىن.
② «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» دىن.

بىلگە خاقان ئۇيغۇر خاقانلىقىنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتكەن. دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرغاندىلا دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلەيدىغانلىقىنى تونۇپ، دۆلەتنى ئادىل قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بايان قىلغان.

دۆلەتتە قانۇن بولمىغاندا دۆلەت قالايمىقانلىشىدۇ. ئاخىرقى ھېساپتا خارابلىشىدۇ. قانۇن بولمىغاندا، توغرا بىلەن خاتانى، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. قانۇننىڭ بولمىغانلىقى مۇقەررەر ھالدا خەلق ۋە دۆلەتكە بەختسىزلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ، قەدىمكى خاقانلار دۆلەت باشقۇرۇشتىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئادىل قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنىڭ لازىملىقىنى كۆرسەتكەن.

ئۇ دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئەخلاق، ئادەتلىرىنىڭ دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ياكى بۇزۇلۇشىغا، خاراب بولۇشىغا بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقىنى، بۇنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

قانۇن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى بىلىمنىڭ مەھسۇلى، ئەلۋەتتە.

بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشىدا دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان. بۇنىڭدا خەلقنى ياخشىلىققا ئىگە قىلىش، خەلق پايدىسىنى كۆزلەش، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۇيغۇر خاقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يۈز يىللاپ داۋام قىلىنىۋاتقان ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى نەزەردە تۇتقان.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قانۇن بىلەن دۆلەتنى باشقۇرۇشنىڭ كۆكتۈرك دۆلىتىدىن ھېساپلىغاندىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى يازما خاتىرىلەردىكى قانۇنلار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

كۆكتۈركلەرنىڭ يازما قانۇنلىرىدا ھەرقايسى س[illegible]لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇن ئىلگىرىكى زامانلاردا تۈزۈلۈپ ئىجرا قىلىنغان.

شۇ نەرسە ھەممىگە ئايانكى، ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ئاتنى قەدىرلەپ، «ئات — دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، ئات — ئەسكەرنىڭ دەسمايىسى. بىر ئاتلىق ئەسكەر سەككىز پىيادە ئەسكەرگە تېتىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر جامائەت ئىچىگە تارالغان.

كۆكتۈرك زامانىسىدىكى يازما قانۇنلاردا: «ئات ئوغرىلىغانلار بىلەن خائىنلىق قىلغانلارغا، قاتىللىق جىنايىتىنى قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ» دەپ بېكىتىلگەن. يەنە: «باشقىلارنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرگەنلەرگە ئات تۆلەپ بېرىش»، «باشقىلارنىڭ ئاياللىرىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش»، «پاھىشە قىلغۇچىلارنىڭ تاناسىل ئەزاسىنى كېسىپ تاشلاش» قاتارلىقلارنى قانۇنغا كىرگۈزۈپ، ئۇنى ئىجرا قىلغان.

بىلگە خاقان ئۇيغۇر خاقانى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش، خانلىقنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش، خانلىقنىڭ خەلقئارالىق ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش جەھەتلەردە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. بىلگە خاقان ئۇيغۇر تارىخىدا مەشھۇر دۆلەت ئەربابى، ھەربىي، سىياسىي ئالىم، بۈيۈك ئەقىل - پاراسەت ئىگىسى سۈپىتىدە مەڭگۈ ئەسلىنىدۇ.

### 4) كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى (685 - 731)

كۆل تېكىن مىلادىيە 731 - يىلى 46 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن. بۇ مەڭگۈ تاش مىلادىيە 732 - يىلى كۆل تېكىننىڭ

www.uyghurkitap.com

جىيەنى يۇللۇغ تېكىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن. بۇ مەڭگۈ تاش 1889 ـ يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆكشىن ئورخۇن دېگەن دەريا ۋادىسىدىكى خوشۇ ـ سايدام [Hoxosaydam] دىن تېپىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش چوڭ ـ كىچىك ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا ئويۇلۇپ تىكلەنگەن. قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىست قىسمى جەمئىي 66 قۇر، كىچىك مەرمەر تاشنىڭ بىر تەرىپىگە 13 قۇر ئويۇلغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ باشلىنىش قىسمى. قالغانلار چوڭ مەرمەر تاشنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە يان تەرىپىگە ئويۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا چوڭ مەرمەر تاشنىڭ ئارقا يۈزىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى مىلادىيە 732 ـ يىلى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن تەزىيەنامىسى سۆزىنىڭ خەنزۇچىسىنى ئويغۇزۇپ ئۇنى ئىككى پادىشاھلىق ئارىسىدىكى دوستلۇقنىڭ ئىسپاتى قىلغان»[1] (خەنزۇچە 12 قۇر) بولۇپ خان نامىدا تىكلەنگەن. مەڭگۈ تاش يېنىدا تاۋاپخانا سېلىنغان. تاۋاپخانىنىڭ تۆت تېمىغا تاش ھەيكەل تىكلىنىپ بۇنىڭغا كۆل تېكىننىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى پۈتۈن پائالىيىتى تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلىرى ئويدۇرۇلغان.

«كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ شەرق تەرىپى 1 ـ قۇردا مۇنداق دېيىلگەن: «ئولدوبان تۈرك بودۇنىڭ ئېلىن تورسىن قوتۇ بومىس ئىتى بىرمىس (تەرجىمىسى: ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ)». مەزكۇر ئابىدىنىڭ شەرق تەرىپى 3 ـ قۇردا مۇنداق دېگەن: «ئانى ئۈچۈن ئىلگە ئانجا تۇتمىس ئەرىنچ، ئىلىگ تۇتىپ تۆرەگە ئەتمىس (تەرجىمىسى: ئۇلار دۆلەتكە ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ، ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپتۇ)». بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز

---

① رېنىي گروسسىنىڭ «يايلاق ئېرسىيىسى» ناملىق ئەسىرىدىن.

ئۇيغۇر خاقانلىقىنى ئىدارە قىلىشتا قانۇن - تۈزۈملەر ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇپ بىزگە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن، دۆلەتتىكى تۈزۈلگەن قانۇن - نىزاملارنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇپ قۇدرەت تاپقۇزۇش مۇھىم دەپ قارىغان.

كۆل تېكىن مۇندىن 1200 يىل بۇرۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، ئۆزى ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىللەردە دۆلەتنى تۈزەشتە قانۇن ئاساسىي ئۆلچەم قىلغان، قانۇن بولمىغاندا دۆلەتنىڭ بۇزۇلۇشقا قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

كۆل تېكىن ئابىدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۈستىمىزدىكى كۆك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىلىپتۇ، يېتىلىپتۇ. ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتا - بوۋام بومىن خاقان، ئىستەمى خاقان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ، تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى قۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قانۇن - تۈزۈمىنى تۈزۈپ بېرىپتۇ. (بۇ چاغدا) تۆت ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن. قوشۇن چىقىرىپ تۆت ئەتراپىدىكى خەلقنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ. بېشى بارلارنى باش ئەگدۈرۈپتۇ. تىزى بارلارنى تىزلاندۇرۇپتۇ. ئۇلارنى شەرقتىن تاكى قادىرقان[1] تاغلىرى، غەربتىن تا تۆمۈر قاپىقىغىچە قوشۇن تارتتۇق»[2] دېگەن. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، كۆل تېكىننىڭ ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدە ئەرنىچ بىرلىككە كەلگەن ھاكىمىيەت قۇرۇش ئىستىكى پەيدا قىلغان.

ھەقىقەتەنمۇ كۆكتۈرك خاقانلىقىنىڭ تۈمەن خاقان ۋە ئىستەمى خاقانلارنىڭ ۋارىسلىرى موقان خاقان، ساۋارلىد خاقان قاتارلىقلارنىڭ ھاكىمىيەت دۆلەتلىرىدە ئەڭ قۇدرەت تاپقان

① «قادىرقان تېغى - ھازىرقى شىڭئەنلىڭ (ھىنگان تېغى) نى كۆرسىتىدۇ».
② «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» دىن.

بولۇپ، ئۇلۇغ تۈرك خاقانلىقىنىڭ چېگراسى تىنچ ئوكياننىڭ غەربى چېگراسىدىن قارا دېڭىز بويلىرىغىچە سوزۇلغانىدى.

شۇ مەزگىللەردە شەرقىي تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كەلگەن ئەرەبلەرنى ئىشغال قىلغان زېمىنىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن، مىلادىيىنىڭ 709 ـ يىلىدىن مىلادىيە 712 ـ يىللار بولۇپ ئىككى قېتىم ئوتتۇرا ئاسىياغا قوشۇن ماڭدۇرغانىدى. «ئەرەبلەرنىڭ قوماندانى قۇتەيبە، 705 ـــ 714 ـ يىللار، مىلادىيىنىڭ 708 ـ يىلى چوڭ قوشۇن تارتىپ بۇخاراغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئەرەبلەرنىڭ ئۇدۇل بۇخاراغا قوشۇن تارتىپ، بۇخاراغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقاندىن خەۋەر تاپقان بۇخارا يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ مەلىكىسى ۋەدان خىزاھ ئەرەبلەرنىڭ بۇ جىددىي تەھدىتىنى توسۇش ئۈچۈن ئەتراپىدىكى سوغدىلاردىن بولۇپمۇ تۈركلەردىن ياردەم سورىدى»[1]. تۈركلەر قوشۇنغا قوماندان قىلىپ كۆل تېكىننى ماڭدۇرغان. كۆل تېكىننىڭ قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم بىلەن ئۇرۇشقان ۋاقتى مىلادىيىنىڭ 712 ـ يىللىرى ئىدى.

«قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم زەم شەھىرى ئەتراپىدا دەريادىن ئۆتۈپ ئىلگىرىلەشكە باشلايدۇ. سوغدى ۋە تۈرك قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشىدۇ. بولۇپمۇ قۇتەيبە بىلەن تۈرك قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدا شىددەتلىك سوقۇش بولۇپ، تۈرك قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ»[2] دېيىلگەن. يەنە بىر خىل مەنبەلەردە: «كۆل تېكىن قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىمنى مەغلۇپ قىلىپ، ئامۇ دەريادىن ئۆتۈپ ئىلگىرىلەۋاتقاندا، قاپاغان خاقاندىن ئۇشتۇمتۇت خەۋەر كېلىپ، كۆل تېكىن ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتقان» دېيىلگەن.

---

① پروفېسسور، دوكتور زەكەرىيا كىتابچى: «تۈركىستاندا ئىسلامىيەت ۋە تۈركلەر» دېگەن ئەسىرىدىن.

② «تارىخى تەبەري».

يەنە كۆل تېكىن ئابىدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «داڭلىق خاقانلار بولغانىكەن. ئاندىن كېيىن ئىنىلەي خان بوپتۇ. ئوغۇللىرى خاقان بوپتۇ. كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ. ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ. بىلىمسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇزۇق خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك. بەگلەردە خەلققە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن ··· ئىنىسى بىلەن ئاكىسىنى ئۆچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى يېڭىلىپ، دۆلەتتىن مەھرۇم بولۇپتۇ».

كۆل تېكىن ئابىدىسىدە كۆكتۈرك خاقانلىقىنىڭ ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن بۆلۈنۈپ كېتىپ، ئاخىرىدا ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا چوڭقۇر قايغۇرۇپ، ئەلەم بىلەن قايتقانلىقى، كېيىنكى خاقانلارنىڭ بۇزۇلۇشىغا باشلىغانلىقى، دۆلەتنىڭ ھالاكەتكە قاراپ مېڭىشى دەل خاقاننىڭ بىلىمسىزلىكىدىن بولغانلىقىنى، ئادالەتنىڭ ئاساسى قانۇن ئىكەنلىكىنى، دۆلەتكە سائادەت بىلىمدىن كېلىدىغانلىقىنى خاننىڭ تونۇپ يەتمىگەنلىكىدىن بولغان ئىللەت دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇيغۇر خاقانلىقىدىكى ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ مۇستەھكەملەشتە ھۆكۈمدارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى: خەلققە راھەت بېغىشلاش، خەلقنى خۇشال ـ خۇرام ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن دۆلەتنىڭ خاقانىنىڭ بىلىملىك، دانىشمەنلەردىن بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەن. كۆل تېكىن ئابىدىسىگە قارىغاندا، شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، كۆل تېكىن ئوڭۇشسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمىگەن، ئۈرۈشتا مەغلۇپ بولغاندا زارلانماي، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قىبلىنامە قىلىپ، تالانتنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ قانۇن ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا

www.uyghurkitap.com

قويغان.

كۆل تېكىن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ دۆلەت ئەربابى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇر ھەربىي ئالىمى، بىز ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۇچۇن مەڭگۇ تاشقا يېزىپ قالدۇرغان ئۇلۇغ تۆھپە ۋە ئىش ئىزلىرى بىلەن پەخىرلىنىمىز. ئۇ مىللىتىمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىپتىخارىدۇر.

ئۇنىڭ نامىغا ئورنىتىلغان مەڭگۇ تاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھان مەدەنىيىتىگە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسىدۇر.

كۆل تېكىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى.

كۆل تېكىن ئابىدىسىنىڭ تارىخىي قىممىتى شۇ يەردىكى، مەدەنىيەت تارىخىمىزنى يورۇتۇشتا، 1200 يىلدىن ئىلگىرىكى قىممەتلىك تارىخنى ئېچىپ بېرىشتە، ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئىنتوگراپىيىسى، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلىرى، دىنىي ئېتىقاد ئۆرپ - ئادەتلىرى، جۇغراپىيىلىك نام - ئورۇنلىرى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 6. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى شامانىزم

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ كەڭ تارقالغان ئېتىقاد شەكلى شامانىزمدىن ئىبارەت. شامان دىنىنىڭ ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقى ئارىسىغا تارقىلىشى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە خېلى مۇھىم مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. قەدىمكى تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى دىنى شامان دىنى بولۇپ، شامان ئەڭ بۇرۇنقى دىن نامى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە.

مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق نادىر

ئەسىرىدە قەدىمكى ئىپتىدائىي دىن «قام»، «كاھىن قام»[①] دېيىلگەن. تۈركلەرنىڭ تىلىدا «قامان» دېيىلىدۇ. بۇ قامان دىنىنىڭ ئەسلى ئىسمى «تويىن» دىنى ئىدى (مەنىسى — يول باشلىغۇچى ئادەم).

«تويىن» «toyin» ئىسلام دىنىدا بولمىغانلارنىڭ دىنىي باشلىقى، بۇ بىزدىكى ئىمام مۇپتىلارغا ئوخشايدۇ. تويىن ھەر ۋاقىت بۇت ئالدىدا تۇرۇپ، ھۆكۈملەرنى ئوقۇيدۇ،[②] دەپ قەيت قىلىنغان. بۇنىڭدىن ھازىر «شامان دىنى دېيىلىپ كەلگەن. بۇ دىنىنىڭ ئەسلى تۈرك - ئۇيغۇرلار تەرەپتىن «تويىــن» دەپ ئاتالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ پېشىۋالىرى (دىن باشلىقلىــرى) مۇ «تويىن» دەپ ئاتالغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ 3 - توم 530 - بېتىدە يەنە «تىيىڭدىكەن ‹ikanɹtevu› » تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدىغان ئالىم. روھانىي، زاھىت كاپىر (مۇسۇلمان بولمىغان، تــۈركلــەرنــى دەيتتى) دەپ خاتىرىلەنگەن. يۇقىرىقى مەنىــلەردىن شۇنـــى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «تويىن» لار يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار «تويىن تەلىماتى» نى تارقىتىشتا ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئالىملار ئىــدى، دىنىـــــي جەھەتتە دەرىجىسى ئالىي دىنىي رەھبەر دەپ، ئەڭ يۇقىــرى ئورۇنغا قويۇلاتتى. ئۇلارغا دىن تارقاتقۇچى سۈپىتى بىلەن خانلىـــق تەرەپتىن تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدىغان ئالىم، يەنــى تەڭرىگە مەنسۇپ ئالىم دېگەن مەنىدىكى «تويىن» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن.

«تويىن» دىنىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، قەدىمكى ئىپتىدائىي تويىن دىنى ئەڭ ئاۋۋال تۈركلەردىن چىققان تەڭرىگە ئىبادەت قىلغۇچــى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاسىتىسى ۋە ئىلھامى بىلەن بارلىققا كەلگەن.

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، 3 - توم.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، 3 - توم.

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى ئىشەنچلىك رىۋايەتلەر ئازلاپ كەتكەن. تويىن دىنىنىڭ تارقىلىشىغا دائىر مەلۇماتلار ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇ ھەقتە ئىسلام كىتابلىرىدا قىسقىچە مەلۇمات بولۇپ، 20 دىن ئارتۇق تۈرك پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن. تەۋراتتا بولسا بۇ تۈرك پەيغەمبەرلىرى بايان قىلىنغان. كېيىنكى دەۋرلەردە «تويىن» دىنىنىڭ ئەسلى قاراشلىرىدا، تۈرلۈك ئەقىدە ـ رەسمىيەتلىرىدە كۆپ ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئاساسلىق ئۆزگىرىشلەردىن بىرى تويىن پېشۋالىرى ئىككىگە ئايرىلدى. يەنى بىر قىسمى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك تويىن شۇ دىن ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس دېيىلەتتى. يەنە بىر قىسمى، سېھىرگەرلىك، جادۇگەرلىك قىلىدىغان بولۇپ، بۇلار «قام» «kam» (مۇتەخەسسىس مەنىسىدە) دېيىلەتتى. دېمەك، قەدىمكى تۈركلەرنىڭ دىنى «تويىن» دىنى، «قام» (قامان) دىنى دەپ ئىككى مەزھەپكە ئايرىلدى.

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ «تويىن» دىنىدا دەسلەپكى چاغلاردا بارلىق مەخلۇقلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئاسمان، يەردە پۈتۈن مەۋجۇدىيەتكە قۇدرەتلىك كۈچ ۋە ھۆكمى ئۆتىدىغان بىر تەڭرىگە ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرمەسلىك ئەقىدىلىرى راۋاج تاپقان بولسا، كېيىنكى چاغلاردا تەڭرىنىڭ ئەمرى ئاستىدا كۆك ئاسمانىنى ئىدارە قىلىدىغان بىر زات[1] ۋە يەرنى ئىدارە قىلىدىغان بىر زاتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىش ۋە ئۇلارنى تۈرك تىلىدا «تەڭرى» دەپ ئاتاش بارلىققا كېلىپ، تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشتەك ئەقىدىلەر راۋاج تېپىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپ تەڭرىلىك ئەقىدىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇ زامانلاردا دىنىنىڭ ھەممە

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى» 3 ـ توم.

يېرىدە راۋاجلىنىشقا باشلىغان كۆپ خۇداغا چوقۇنۇش ئەقىدىسى تۈركلەرنىڭ «تويىن» دىنىغىمۇ ئارىلاشتى. كېيىنكى دەۋرلەردە خىيالى خۇداغا ھەربىرىگە بىردىن بۇت (ھەيكەل) ياساپ ئۇنىڭغا چوقۇنۇش ئادىتى پەيدا بولدى.

تۈركلەردە كۆپ خۇداغا ئىشىنىش ئەقىدىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى «قام» (قامان) تەرەپتىن پەيدا بولۇپ، كېيىن «تويىن» لارمۇ ئۇنى قوبۇل قىلغىنى ئۈچۈن، «تويىن» لارنىڭ تەسىرى ۋە ئابرۇيىدىن «قام» (قامان) لارنىڭ تەسىرى بىلەن ئابرۇيى چوڭىيىپ ئىلگىرى «تويىن» دىنى دېيىلىدىغان تۈرك دىنى «قام» (قامان) دېگەن نامدا ئاتالدى ۋە ھەممە شەكىللەردە «قامان» دىنى دېيىلدى.

«شامان» (قامان) «يامان روھلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش، ياخشى روھلارنىڭ ياخشىلىقىنى جەلپ قىلىشتىن ئىبارەت تەلىمات ئېتىقادىنى ئاساس قىلغان»[1]. «تەڭرى كان» (تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدىغان ئالىم)[2] باخشى دېيىلگەن. پېرىخون دېگەندە بىر «شامان» (قامان) نى كۆزدە تۇتقان. بۇ خىل ئىلاھ بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلەشكۈچى «تويىن» دىنى سېھىرگەرلىك، باخشىلىقنى ئاساسي بەلگە قىلغان بولۇپ، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىغا تارالغان. ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى توڭگۇس قاتارلىق مىللەتلەر تاكى ھازىرغىچە ئۇنىڭ قەدىمكى شەكلىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

شامان دىنىنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرى بويىچە قىلىدىغان ئىبادەتلىرى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر ھەر يىلى بىر قېتىم ئىبادەتخانىغا توپلىنىپ، دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزەتتى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسىرىدە: «تۈركلەر ھەر يىلى بىر كۈن بۇ يەرگە كېلىپ ئاتا ـ بوۋىلىرى

---

① «تۈرك ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1 ـ توم.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 3 ـ توم.

ئۆلگەن جايدا يېغىلىشىدۇ. قۇربانلىق قىلىپ قېنىنى قەبرىسىگە ئېقىتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۆلارنىڭ ئادىتى بولۇپ قالغان» دېيىلگەن. يەنە ئۆلازنىڭ ئادىتىدە قەدىمكى تۈركلەر «شەرققە قاراپ يۈكۈنۈپ تاۋاپ قىلغاندىلا ئاندىن تەڭرىنىڭ نۇرلۇق جامالىنى كۆرگىلى ۋە تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ قارىغان. شۇڭا، تۈركلەرنىڭ ئولتۇراق جايلىرى ۋە يەرلىكى دائىم ئېگىز جايغا سېلىناتتى. تۈزلەڭ دالىدا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەندىمۇ ئادەم كۆچى بىلەن ئېگىز توپا قوپۇراتتى. كېيىنكى تۈرك خانلىقى دەۋرىدە جەنۇبىي چۆللۈك رايونىدىكى فۇيۈن ئىبادەتخانىسى» ئەنە شۇ خىلدىكى قۇرۇلۇش ئىدى[1] بۇ خىل ئىبادەتخانىلاردا «شامان»، باخشى، ئالىم، موللىلارنىڭ تەلىماتى بويىچە قۇربانلىق قىلىناتتى.

شامان باخشىلىرى دائىم ئىبادەتخانىدا ئولتۇرۇپ دىنىي تەلىمات ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلاتتى. باخشىلار بىلەن پېرىخونلار ئۇيغۇر يېزىقى، سوغدى يېزىقىنى پىششىق بىلىدىغان ئۆز زامانىسىدىكى بىلىمى چوڭقۇر، شۆھرەتلىك دانىشمەنلەردىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئەمرى ئارقىلىق دىنىي ئېتىقادچىلىرى ئۈستىدىن توغرا ـ ناتوغرا، ياخشى ـ يامان دېگەندەك ھۆكۈملەر چىقىرىلاتتى.

شامان دىنىدىكىلەرنىڭ چوقۇنۇش ئادىتىنى تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. تەڭرى قۇياشقا چوقۇنۇش. «تۈركلەرنىڭ يادرو قەبىلىلىرى بولغان ئاشىن ئۇرۇقى ئەسلىدە قۇياش ئىلاھىغا چوقۇنغان. يەنە بىر قەبىلىسى ئاشىنا ئۇرۇقى بولسا تەڭرىگە چوقۇنغان. بۇ ئىككى قەبىلە ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆزئارا قۇدىلىشىش ئارقىلىق، تۈرك مىللىتى بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن تەڭرى

---

[1] شۇ زۇڭجىبىڭ: «تۈرك تارىخى».

بىلەن قۇياش بىرلەشتۇرۇلۇپ، ئىككى خىل ئېتىقاد بىر ـ بىرىگە قوشۇۋېتىلگەن»①. بۇنىڭ بىلەن قۇياش ئىلاھىنىڭ قىياپىتى تەڭرى ئىلاھىنىڭ نامى قىلىنغان. تۈركىي تىللىق مىللەتلەر باشقا دىنلارنى قوبۇل قىلغاندا ئالدى بىلەن قوبۇل قىلماقچى بولغان دىنىنىڭ ئىلاھىنىڭ نامىنى ئۆزلىرى ئەزەلدىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ۋە ئاتاپ ئادەتلەنگەن ئىپتىدائىي قامان (هازىرقى شامان دىنى) دىنىنىڭ تەڭرىسى بىلەن ئاتىغان.

ئىلاھ (پارىسچە: خۇدا) تۈركىي تىللاردا تەڭرى دەپ ئاتىلىدۇ. تۈرك ئۇرخۇن ئۇيغۇر ئابىدىلىرىدىمۇ «تەڭرى» دېيىلگەن. تەڭرى تۈركلەرنىڭ باش پاناھى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ھەممىگە قادىر بولۇپ باشقا ئىلاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. لىينى گېللىرمۇ ئۆزىنىڭ «شەرقىي تۈرك خاقانلىقىغا دائىر مەڭگۈ تاشلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا ئىزاھ» دېگەن ئەسەردە بۇ ھەقتە توختىلىپ تەڭرى (قۇياش ئىلاھ) نى تۈركلەر ئۆزلىرىنىڭ يارانقۇچىسى ۋە باش پاناھى دەپ قارايدۇ دېگەن.

سى ماچيەننىڭ «تارىخنامە» دېگەن ئەسىرىدە «مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادى بولغان ھۇنلار ئاسمان ـ تۇپراقتا جىن، ئەرۋاھلارغا نەزىر ـ چىراغ قىلىدۇ. سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ قۇياشنىڭ چىقىشىغا تەزىم قىلىدۇ. كېچىسى ئايغا تەزىم قىلىدۇ. ئاي ئوچۇق بولسا جەڭگە ئاتلىنىدۇ. ئاي تۇتۇلغان بولسا قوشۇنلارنى چېكىندۇرىدۇ»② دەپ خاتىرىلەنگەن.

شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى چەرچەننىڭ زاغونلۇق دېگەن يېرىدە تاپقان قەبرىلەرنىڭ شەكلىدە نۇر چاقناپ تۇرغان قۇياش ئىپادىلەنگەن. بولۇپمۇ ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ

① شۇ زۇڭجىلىڭ: «تۈرك تارىخى» ئەسىرىدىن.
② سى ماچيەن: «تارىخنامە ـ ھۇنلار ھەققىدە قىسسە».

كۆكتوقاي ناھىيىسىگە جايلاشقان تاڭبالىق غارىدىكى بىزەكلىك رەسىمنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە ئىككى دۇگىلەك كۆرۈنۈش سىزىلغان. ئۇنىڭ بىرى قۇياش، يەنە بىرى ئايغا سىمۋول قىلىنغان. رەسىمنىڭ چۆرىسىگە بۇلۇتنىڭ سۈرىتى، ئاستى تەرىپىگە غەلىتە ئادەمنىڭ بېشى سىزىلغان. يەنە قۇياشنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان شەكلىنى ئىپادىلايدىغان قاتار - قاتار قۇرلار، كۈنگە سىمۋول قىلىنغان دۇگىلەك رەسىملەر سىزىلغان. بۇلاردىن قەدىمكى ھۇنلارنىڭ قۇياش ۋە ئايغا چوقۇنغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

2. ئەجدادلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ ئادەم تۇپراقتىن يارالغان دېگەن ئەقىدە - ئېتىقاد بولغانلىقتىن، ئۇلار يەنە ئۆلگەن ئاتا ئومای ئىلاھىغا چوقۇنغان. دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرگە ئوخشاش تۈرك، ئۇيغۇرلارمۇ تارىختا ناھايىتى ئۇزاققىچە ئاياللار ھوقۇقدارلىق دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ 38 - قۇردىكى «تەڭرى مۇقەددەس يەر، سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ، بىز ‹يەنە› نېمىشقا ئېزىپ كېتىمىز»[①] دېگەن جۈملە، «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» دىكى «ئومايدەك ئانام خانىشنىڭ دۆلىتىدە ئىنىم كۆل تېكىن ئەر ئاتالدى»[②] دېگەن جۈملە (شەرقى يۈزى 31 - قۇر) ۋە مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئەسەردىكى «ئومايغا تاپىنسا ئوغۇل بولۇر[③] دېگەن جۈملىلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئومای ئىلاھىغا چوقۇنۇشى شامان دىنى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى، قەدىمكى ئاشىن ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئومای شىمالىي دېڭىز ئىلاھى بولۇپ تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى تىلغا

① «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» دىن.
② «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» دىن.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 1 - توم 167 - بەت.

ئېلىنغان. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاشىن ئۇرۇقى بولسا تۈركلەرنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى خوتۇنلاردىن ئاپىردە بولغان. شۇڭا، ئوماي يەنە پەرزەنت تۇغقۇچى ئىلاھ بوپ ھېسابلىنىدۇ»①. ئۇرخۇن - رونىك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شاھىتلىق (گۇۋاھلىق) خەتلىرىدىن قارىغاندا شەرقىي تۈرك خانلىقى دەۋرىدە كۆكتۈرك ئېسىلزادىلىرى ئۆز ئىسىملىرىنىڭ مەڭگۈ ياد ئېتىلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ مەڭگۈ تاشلارغا خاتىرە قالدۇرغان. مەسىلەن، «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ 30 - قۇردا «تەڭرى بىلەن ئوماي ھەرخىل تۇپراق (يەر) ئىلاھى، ئوت ئىلاھى بىرلىشىپ كەتكەن»② دېيىلگەن.

3. يەر، سۇ، ئوتقا چوقۇنۇش. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يەر، سۇ، ئوت قاتارلىقلارنى قۇدرەتلىك ئىلاھ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلەنگەن. بولۇپمۇ تۈركى تىللىق قەبىلىلەر ۋەتەن تۇپرىقىنى مۇقەددەس ھېسابلاپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى ياشايدىغان يەرلەردە تاغ ئۆڭكۈرلىرى، بىرمۇنچە روھ ئىلاھلىرى ياشايدۇ، دەپ قارىغان. قەدىمكى تۈركى تىللىق مىللەتلەر تاغ، دەريا، كۆللەرنى ئۆزلىرىنىڭ مۇئەككىلى دەپ قارىغان. مەسىلەن، ئالتاي ۋادىلىرىدىكى تاغ - دەريا، كۆللەر شۇلارنىڭ مۇئەككىلى بولغان ۋە بۇ تاغ - دەريا كۆللەر روھ ئىلاھلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزخاننىڭ سۇ ئىلاھىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بىر ئوغلىغا «دېڭىز» دەپ ئات قويغانلىقى خاتىرىلەنگەن»③.

---

① شۇ ززڭجىلىڭ: «تۈرك تارىخى» دىن.
② «قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىن تاللانما» دىن.
③ ئابدۇرەھىم ھەبىبۇللام «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى» دېگەن ئەسەردىن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

شۇڭلاشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر دەريا، كۆل، دېڭىزلارغا ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن قاراپ ئۇلارنى مۇقەددەس ئىلاھ ھېسابلىغان. بولۇپمۇ ئوتنى مۇقەددەس ۋە پاك دەپ بىلىپ، ئۇنى ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان يامانلىقنى قوغلايدىغان، پاكلاندۇرۇش رولىغا ئىگە دەپ قارىغان.

تارىخىي كىتابلاردا رىۋايەت قىلىنىشىچە، «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى ئېگىل نىشاچۇرنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، چوڭ ئوغلىنىڭ قەبىلىسى ئېگىز تاغدا تۇرىدىكەن. بۇ جاي سوغۇق ۋە نەم بولغاچقا، چوڭ ئوغلى ئوت يېقىش ئارقىلىق قەبىلىدىكى ئادەملەرنى ئىسسىندۇرۇپ باققان. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تۈركلەر ئوتنى ئۆزلىرىنى قاتتىق سوغۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قەبىلىلەرگە كەلگەن يات جىن ـ شەيتانلارنى قاچۇرالايدۇ»① دەپ قارىغان.

ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، تەڭرىتاغنىڭ ھەممە يېرىدىن دېگۈدەك ھايۋانات سىمۋول قىلىنغان تاش سىزما رەسىملەر تېپىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى كالا، ئات، قوي، تۆگە، ئىت، بۆرە، قۇش قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرىدۇر. بەزى ھايۋانلار قەدىمكى كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇش ئىلاھىغا ئايلانغان. ئۇ چاغدا كىشىلەر تەبىئەتنىڭ قۇدرىتىنى چۈشىنىشكە قادىر بولالمايدىغان ئەھۋالدا ھايۋانلارنى ئىلاھ دەپ قارىغان. مەسىلەن، ھۇن، ساك، تۈرك، جورجان، ۋە ئۇيغۇرلار بۆرىگە چوقۇناتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دىمۇ ئوغۇزخانغا بۆرىنىڭ يول باشلاپ مېڭىشىغا دائىر ئەھۋاللار بايان قىلىنغان. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى بۆرىگە باغلايدۇ. «تۈركلەر ئۆزىنى بۆرىدىن كېلىپ چىققان دەپ

① «جونامە ـ تۈركلەر ھەققىدە قىسسە».

قارايدۇ. شۇڭا، بۆرە سۈرىتى توتېم سۈپىتىدە تۈركلەرنىڭ بايرىقىغا كەشتىلەپ چۈشۈرۈلگەن»[1] ھەمدە قاغانلار تەختكە چىقىشتىمۇ ئالدى بىلەن بۆرە باشلىق بايراققا تەزىم قىلىپ، ئاندىن تەختكە ئولتۇرۇش ئادەتكە ئايلانغان. تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر بۆرە ۋە شىرنى توتېم قىلغان. ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىمۇ توتېم نامى بىلەن ئاتالغان. ھەتتا ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغان قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خاقان ـ سەردارلىرىنى «بۇغراخان»، «ئارسلانخان»[2] دېگەندەكلا توتېملارنىڭ نامى بىلەن ئاتاش ئادىتى قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي، ھەربىي ساھەلىرىگىچە سىڭىپ كىرگەن. ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلاردىكى پاكىتلاردىن قارىغىنىمىزدا چەرچەن زاغۇنلۇقتىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى دەۋرلەرگە ئائىت قەبرىدىن ئاخىرەتلىك نەرسىلەر قاتارىدا ئوق ئوۋلاپ قوغلاپ كېتىۋاتقان بۆرە سۈرىتى چىققان. بۇنىڭدىن باشقا موڭغۇلىيىدىن تېپىلغان «مۇيۇنچۇر قاغان» تەرىپىدىن ئورنىتىلغان ئابىدىگە بالا ئېمىتىۋاتقان بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

شامان دىنى ئەقىدىلىرىدە بۆرىنى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان، ئۇنىڭغا قۇربانلىق قىلىدىغان، بايراق ئۇچىغا بوز بۆرىنىڭ كاللىسىنى بېكىتىپ قويىدىغان ئادەتلەر داۋاملىشىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى «ئوغۇزنامە» دە كۆك يايلىلىق چوڭ بىر بۆرىنىڭ ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ماڭغانلىقى ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت يېزىلىدۇ.

139. ئۇ يورۇق ئىچىدىن كۆك

140. تۈكلۈك كۆك يايلىلىق چوڭ

---

① «جۇنامە، تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دىن.
② مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرى، 2 ـ توم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

141. بىر ئەركەك كۆك بۆرە چىقتى، بۇ بۆرە ئوغۇز
142. خاقانغا مۇنداق دېدى:
143. «ھەي ئوغۇز، سەن
144. ئۇدۇنغا ئەسكەر چىقارساڭ
145. مەن ئالدىڭلاردا يول باشلاپ ماڭىمەن».
146. شۇندىن كېيىن ئوغۇزخان
147. چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلاندى.
148. قارىسا لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا
149. كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق
150. چوڭ بىر ئەركەك بۆرە
151. يول باشلاپ مېڭىۋاتقان. بۆرىنىڭ بىلەن
152. ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن
153. ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى.①

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ھايۋانلارنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنىڭغا چوقۇنغان. «شامان دىنىدىكى ئەم (ماددىي داۋالاش)، ئىرىم (روھىي داۋالاش) قەدىمكى ئوتتۇرا مەركىزىي ئاسىيا خەلقىنىڭ تېبىبىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرغان. ئوت - ئىسرىق، دۇتلاش، ھورداش، گۆشكۆرتتىن ئەملەش، چېچەك سېلىش (ئەملەش)، داغمالالاش، ئەقمدە ئىشلەش، قان ئېلىش، ئىلغا ئېلىش، تېرىگە ئېلىپ تەرلىتىش، ئىچىنى سۈرۈش، پېرە ئوينىتىش، ئۇچۇقداش، تۈتۈش، تېگىش ھەتتا كىچىك ئوپېراتسىيە قىلىش قاتارلىق شامان ئېتىقادىدا ئېلىپ بېرىلغان تېبابەتچىلىك ئەمەلىيىتى بولۇپ قالغاندى»②.
شامان ئىلاھىيەتچىلىكى دۇنيا ياخشى - يامان روھلار بىلەن

---

① «ئوغۇزنامە» 49 -، 45 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1980 - يىل نەشرى.
② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى (ئومۇمىي بايان)»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

تولغان دەپ قارايدۇ. روھلار بىلەن ئالاقىلەشكۈچى يەنى تەڭرى بىلەن ئادەمنى باغلىغۇچى، كىشىلەرنى يامان روھنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن ساقلايدىغان، تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدىغان دىن پېشىۋالىرىغا قاغان تەرەپتىن «تەڭرىگان» دېگەن (ئاللاغا مەنسۇپ ئالىم مەنىسىدە) ئۇنۋان بېرىلەتتى.

بۇ تەڭرىگان ئۇنۋان نامى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا باخشى (ئاتاقلىق ئالىم) نامى بىلەن ئاتالغان. شامانلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. 1) شامانلار بارلىق روھلار بىلەن ئۆزئارا ئالمىشىپ روھلار ئارىسىدا ۋاستىچىلىك قىلاتتى. 2) بىر يىلغىچە دائىم ئىبادەتخانىدا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى ھەمدە خەلققە دىنىي تەلىماتى ۋە ئەقىدە ئەھكاملىرىدىن ئۆگىتەتتى. توختىماي ئايلىنىپ پىرقىراپ دۇئا قىلىپ ئۆلگۈچىنىڭ روھىنى ئۇ دۇنياغا يوللايتتى. 3) ھەرخىل سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ماكانسىز قېلىپ ئېزىپ يۈرگەن روھلارنى تەسەۋۋۇردىكى ئۆز جايىغا ماكانلاشتۇراتتى. 4) ئۇۋغا چىقىش ۋاقتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغان كۈنلەرنى، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشتا بەخت - سائادەتلىك بولىدىغان ئايلارنى بەلگىلەيتتى. 5) ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارغا شىپالىق تىلەيتتى ۋە كېسەلنى داۋالايتتى. ئېغىر كېسەل بىلەن ۋۇجۇدىدىن ئايرىلغان روھنى يامان روھنىڭ خىرىس قىلىشىدىن پەيدا بولىدۇ دەپ قاراپ، خىرىسكە ئۇچرىغان روھنى ئۆز ۋۇجۇدىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن دۇرۇت - ئەفسۇن ئوقۇيتتى. 6) ئەجدادلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈشتە قائىدە - يوسۇنلارغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى. ئۇلۇغ قەبىلىلەرگە ۋاكالىتەن ئىلاھتىن ئۇلارغا مول ھوسۇل ئاتا قىلىشنى، ئادەملەرنى ۋە ئۇلارنىڭ چارۋا - ماللىرىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تىلەيتتى. 7) پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلغۇچىلارغا پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلەيتتى. 8) ھارام - ھالال، توغرا -

ناتوغرا، ياخشىلىق ـ يامانلىق ئۈستىدىن تەلەي سىناپ ھۆكۈم چىقىراتتى. 9) ئۇرۇق ـ قەبىلە ۋە ئەلنىڭ ئۇرۇشقا، جەڭگە قاتنىشىش پەيتىدە پال سېلىپ ئۇنىڭغا تەبىر بېرىپ ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىراتتى. 10) خاقان مەڭگۈ تېشىنى ئورنىتىش مۇراسىمى، بايرام مۇراسىملىرى، ئۆيلىنىش مۇراسىمى (توي)، تۇغۇت مۇراسىمى، ماتەم مۇراسىمى ۋە قۇربانلىق مۇراسىمى قاتارلىقلارغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

## 1) شامان (قامان) دىنىدىكى ھېيت ـ ئايەم

ھۇنلار، تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بايرام يوسۇنلىرى ئۆزگىچە ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇھىم مىللىي، دىنىي ھېيت ـ ئايەملىرى باش باھار ۋە كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلەتتى.

باش باھاردىكى بايراملىرى «ئۇرۇش سارا»، كۈز پەسلىدىكى بايراملىرى «ساغان سارا» دەپ ئاتىلاتتى[①]. بۇنداق بايراملاردا ھۇنلار، تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلىشاتتى. بولۇپمۇ كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بايراملاردا ئەل بويىچە خەلقنىڭ نوپۇسى ۋە چارۋا ـ ماللىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىقاتتى.

### ئۆيلىنىش مۇراسىمى (توي)

ئۇيغۇرلار يىراق ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئۆزگىچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە توي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. توي مۇراسىمىدا ئۆيلىنىدىغان يىگىتلەر ئاتلارغا مىنىشىپ مەلۇم بىر جايغا توپلىناتتى. شامان (قامان) شۇ يەرگە كېلىپ ئەتراپقا قىمىز چېچىپ ئاخىرىدا ئۇلارغا بەخت ـ سائادەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت تىلەپ، دۇئا قىلىش بىلەن توي مۇراسىمىنى ئاخىرلاشتۇراتتى.

---

① «تۈرك ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1 ـ توم.

**تۇغۇت مۇراسىمى**

قەدىمكى تۈرك، ئۇيغۇرلار شامان (قامان) تەلىماتى بويىچە «تەڭرىدىن ئوغۇل بالا تەلەپ قىلىپ، گۈزەللىك ۋە شان ـ شەرەپ تەڭرىسى (ئايزىت) گە سېغىنىپ دۇئا تەلەپ قىلىپ قۇربانلىق بېرەتتى»①. ئۇلار تۇغۇت مەزگىلىدە ئايال كىشى ئىزتىراپ چەكسە ئۇنىڭغا يامان روھلار ئولاشتى دەپ ھېسابلاپ «ئالۋاستى» ياكى «ئالقارىسى» دەپ ئاتىلىدىغان يامان روھلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئايرىم مۇراسىم ئۆتكۈزەتتى.

**ماتەم مۇراسىمى**

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇمكى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر «ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى چېدىر ئىچىگە قوياتتى. ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، بارلىق كىشىلەر قوي ئۆلتۈرۈپ چېدىر ئالدىدا نەزىر قىلاتتى. ئۇلار چېدىرنى ئاتلىق يەتتە قېتىم ئايلىنىپ چېدىر ئىشىكىگە كەلگەندە پىچاق بىلەن يۈزىنى تىلىپ يىغلىشاتتى. ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزىدىن ياش بىلەن قان ئاقاتتى. يەتتە قېتىم شۇنداق قىلىپ ئاندىن توختايتتى»②. بەزىدە ئۆتكەن كىشىنىڭ بۇ دۇنيادا ئىشلەتكەن ئېتى ۋە باشقا نەرسىلىرىنىمۇ جەسەت بىلەن بىللە كۆيدۈرۈپ كۆمۈلەتتى. بۇ ئادەت ئۆلگەندىمۇ ماددىي نەرسىلەر كېرەك بولىدۇ دېگەن ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان③. «سۇينامە» نىڭ «تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» دېگەن بابىدا: «ئۆلگەن كىشى دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن قەبرىگە تاش، بەلگە قويۇلىدۇ ھەمدە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ قەبرىگە يەنە ئاتلارنىڭ بېشى ئېسىپ قويۇلىدۇ»

---

① «تۈرك ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1 ـ توم.
② «تۈرك ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 1 ـ توم.
③ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنى تۈزگەن»، «ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ 30 يىللىقى» دېگەن كىتابتىن.

www.uyghurkitap.com

دېيىلگەن.

## قۇربانلىق قىلىش مۇراسىمى

شامان (قامان) دىنىنىڭ ئەقىدىسى بويىچە بايىلاردا قۇربانلىق قىلىش مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى ئىدى. تۈركىي تىللىق خەلقلەر، سۈت، ماي، قىمىزغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن نەزىر قىلغاندىن باشقا، نەزىردە يەنە ئات، قوي، كالىغا ئوخشاش چارۋىلاردىن سويۇپ قۇربانلىق قىلاتتى.

يۇقىرىقىدىن باشقا يەنە ئۇلار تاغ چوققىلاردا، ئۆڭكۈرلەردە ياشىغۇچى روھلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ئەمىن تېپىش ئۈچۈن بۇنىڭغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلاتتى. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ چوڭلىرى ئۆلسە ئۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئۇنىڭ مىنىدىن ياخشىسىنى تاللىۋېلىپ خاقانغا تەقدىم قىلىناتتى. بۇنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «خمارو»، «humaeu» يادىما دەپ ئاتىغان①.

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتى ئورنىنىڭ خادىملىرى تۇرپاننىڭ ئاستانە دېگەن يېرىدىن جويجەن ئىدىقۇتنىڭ 5 ـ يىلى (مىلادىيە 535 ـ يىلى) غا ئائىت بۇ يازما يادىكارلىقنى تاپقان. ئۇنىڭدا شامان ئىلاھى، دېھقانچىلىق ئىلاھى، دەريا ئىلاھى ۋە تاش ئىلاھى قاتارلىق ئىلاھلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىنىپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەنلىكى يېزىلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەردىن قارىغاندا، بۇ دىننى قەدىمكى تاش قورال دەۋرىدىن ئىلگىرى، يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرى، يەنى پاتىئارخاللىق جەمئىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە پەيدا بولغان دېيىشكە بولىدۇ. شامان دىنىنىڭ باشقا رايونلاردا ۋە ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئارىسىدا تارقىلىشىدا شامان دىنى تەرغىباتچىلىرىنىڭ رولى مۇھىم ئورۇندا

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە 3 ـ توم.

تۈردۇ. ئۇلار قەبىلىمۇ قەبىلە، ئايماقمۇ ئايماق يول يۈرۈپ زېرىكمەستىن دىنىي تەرغىبات ئېلىپ بارغان. شۇڭا، شامان دىنىنىڭ ئۇزاق، مۇرەككەپ تارىخىي شارائىتتىدا شۇنچە كەڭ زېمىندا ئومۇملىشىشىنى ئۇلاردىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

بىلگە قاغان بۇددا دىنىنىڭ ئۆز تەۋەسىدە رەسمىي دىن بولۇپ قېلىشىنى خالايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇنىڭ يېنىدا تەجرىبىگە باي، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى بىلىدىغان ئەقىللىق دۆلەت ئەربابى تونيۇقۇق خان بار ئىدى. شۇ زاماندا كۆكتۈرك خاقانىغا خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ پىشقەدەم ۋەزىر بىلگە خاقانغا بۇددىزمنىڭ خەۋپىدىن بېشارەت بەرگەن ۋە بەك ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن: «بۇددا دىنى تۈركلەرنىڭ باتۇرلۇق روھىغا كۆپ يامان تەسىر يەتكۈزىدۇ» دەپ، خاقاننى بۇ خەتەرلىك ئوي ـ خىيالدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان[①].

## 7. مانى دىنى ۋە ئۇنىڭ ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى تەسىرى

ئۇيغۇر خانلىقىغا تارقالغان چوڭ دىنلاردىن بىرى سودىگەرلەر دىنى دەپ قارالغان مانىزمدۇر[②].

بۇ دىن ئۇيغۇر خانلىقىغا تېز تارقالغان ۋە كۈچلۈك مۇخلىسلەرگە ئىگە بولغان ئىلاھىيەتچىلىك ئىدېئولوگىيىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ساسانىيلار زامانىسىدا ئىراندا بەزى دىنلار بىلەن بىر ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن. مانىزم[③] مىلادىيە 3 ـ ئەسىرنىڭ

① بۇ شامان دىنىنىڭ تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاقانلىقى دەۋرىدە ھۆكۈمران دىن ئىكەنلىكىنى ۋە خانلىق تەۋەسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ قاغانلار تەرىپىدىن دۆلەت دىنى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
② ئوگەل باھائىددىن: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك تارىخى»، ئەنقەرە نەشرى.
③ ناسىرەل ھۆسەين: «مەلۇم بولمىغان ئىچكى ئاسىيا».

باشلىرىدا ياشىغان مانى (مىلادىيە 216 ـ 277 ـ يىللار) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بۇ دىنىنى قەدىمكى بابىلونىيە دىنى ئاساسىدا يارىتقان. كېيىنكى دەۋرلەردە مانى دىنىغا بۇددا ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ قىسمەن تەسىرى سىڭگەنىدى. بۇ دىن، ئوتتۇرا شەرقتىن تاكى ئاتلانتىك ئوكياننىڭ قىرغاقلىرىغىچە ھەمدە يىراق شەرقتىن تاكى تىنچ ئوكياننىڭ كەڭ رايونلىرىغىچە تارقىلىپ، تەسىرى مىڭ يىلدىن ئۇزاقراق داۋام قىلغان[1].

مانى دىنىنىڭ ئاساسلىق دىنىي ئەقىدىسى ئالەمنىڭ مەنبەسى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇقارشى قۇتۇپ ئارقىلىق ئىزاھلاپ چۈشەندۈردى. مانى دىنى يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنىڭ زىددىيەت كۈرەشلىرىنى ئەخلاقىي ئۇقۇمغا يىغىنىدا قىلىپ كۆرسەتتى.

مانى دىنى يورۇقلۇق ئىلاھىنى، ئۇنىڭ كارامىتىنى، ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىززەتلەشتىن ئىبارەت تۆت زات تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلدى.

مانى دىنى ئۆز تەلىماتىنى مۇرتلار ئارا كېڭەيتىشتە ھاراق ئىچمەسلىك، گۆش يېمەسلىك، يالغان سۆزلىمەسلىك، يوشۇرۇن يامان ئىش قىلماسلىق، دۇنيا ھەۋىسى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلسا، مۇرتلارنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن، ئوتقا چوقۇنماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، پارا ئالماسلىق، ئادەم ئۆلتۈرمەسلىك، پاھىشە قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، سېھىرگەرلىك قىلماسلىق، ئالا نىيەت بولماسلىق، ھۇرۇنلۇق قىلماسلىق قاتارلىقلارنى مۇرتلارنى پاكلاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ تەكىتلەنگەنىدى.

«مانى مىلادىيە 216 ـ يىلى تىگىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى مارونىيۇدا تۇغۇلۇپ 242 ـ يىلدىن باشلاپ بابىلدا ئۆز دىنىنى

---

[1] «ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى يۈز مەشھۇر كىشى».

تارقاتتى. ئۇ شاپور پادىشاھ تەرەپتىن تەكلىپ قىلىنىپ ھىندىستانغا كەلگەن. بەھرام زامانىسىدا مانى ئازابلاپ دارغا ئېسىلدى. 277 ـ يىلى ئۇنىڭ تېرىسى سويۇلدى»[①] .

ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ كۆپچىلىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا باش پاناھ تىلەپ كېلىشتى. ئۇ يەردە دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇدى[②] . «بۇ رايوندا 3 ـ ئەسىردىن باشلاپ كۆرۈنەرلىك ھالدا دىن تارقىتىشقا باشلىغان مانىزمچىلار[③] داۋاملىق مانىزم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتتى. بۇ چاغلاردا مانىزمچىلار خرىستىئانلارغا ئوخشاش سەمەرقەنتنى ئۆزلىرىنىڭ مەركىزى قىلىشتى»[④] . كېيىنكى چاغلاردا سوغدىلىق سودىگەرلەرنىڭ كارۋانلىرى بىللە بىللەن يۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ يىراق چەت رايونلىرىغا بېرىپ پائالىيەت دائىرىسىنى تەدرىجىي ھالدا كېڭەيتتى[⑤] . بۇ دەۋرلەر بۇددىزم ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئەمدىلا يىلتىز تارتقان ۋاقىت ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادا تەدرىجىي راۋاج تاپقان مانىزم بىر تۈركۈم بۇددىستلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيدى. بۇ ھەقتە بارتولد شۇنىڭدەك زامانىسىدا مانىزمنى سەيھۇن بىلەن چۇ دەرياسى ئارىسىدىكى كەڭ دائىرىنىڭ بىردىنبىر ھاكىمىيەت دىنى دەپ قارايدىغانلىقىنى يازغانىدى. ئەرەب ساياھەتچىسى ئەل مەسئۇدى (مىلادىيە 956 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) : «توققۇز ئوغۇزلار غەربتە خۇراساندىن شەرقتە كۇسەنگىچە بولۇپ، پادىشاھى ئىلىك خاندىن ئىبارەت. تۈركلەر ئىچىدە پەقەت شۇلارلا مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى دەپ يازغان»[⑥] . ئىسلامىيەت ئوتتۇرا ئاسىيادا

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى (ئومۇمىي بايان)» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
② ئىبنى نەدىم: «تۈركلەرنىڭ دۇنياۋى ھاكىمىيەت، ئىدىيە تارىخى» .
③ بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى» .
④ ئىمىن ئەھمەد: «تۈرك ئىسلام تارىخى» .
⑤ ئوگەل باھائىددىن: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك تارىخى» .
⑥ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى ‹ئومۇمىي بايان› » .

مانى، خرىستىئان دىنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆزلىشىۋاتقان شەرقتە ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا كىرىۋاتقان بولەدىزىم ۋە خرىستىئان دىنى تۈركلەر ئارىسىدا كۆپلەپ مۇرىتلارنى قولغا كەلتۈرۈۋاتاتتى.

«توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى» دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مانى دىنىنىڭ ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا مىلادىيە 763 ـ يىلى تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. دەل شۇ مەزگىللەردە مانى دىنى ئۇيغۇر خانلىقىغا تارقىلىپ كېڭىيىشكە باشلىغان. ئۇلار ئۇيغۇر خاقانلىقىغا مانى دىنى ۋە يېزىقنى ئېلىپ كەلگەن: «ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مانى دىنىنى تارقاتقان ئادەم بۆكۈ قاغان» دېگەن يازما خاتىرىلەر بار①.

«بۆكۈ قاغان زامانىسىدا مىلادىيە 762 ـ يىلى ئۇيغۇر ۋە تۈركلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيگەن مانىزم»② ئىسلام دىنىغا قارشى تۈرۈۋاتقان مەزگىلدە شەھەرلەشكەن تۈركلەرمۇ ئىسلام دىنىغا قارشى چىقىپ كەسكىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى.

ھەتتا خەلىپە موقتەدىر زامانىسىدا (908 ـــ 932)، يەنى ئابباسىيلار دەۋرىدە خوراسان ۋالىيسى باشقۇرىدىغان سەمەرقەنتتىكى مانىزمچىلارنىڭ 500 گە يېتىشقانلىقى مۆلچەرلەنگەن.

تاڭ سۇلالىسى زېمىنىدا ئۆگلۈك توپىلىڭى يۈز بەردى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى تاڭ تەيزۇڭ ئۇيغۇر خانلىقىغا مۇراجىئەت قىلىپ، قوشۇن تەلەپ قىلىپ، ئۆگلۈك توپىلىڭىنى باستۇرماقچى بولىدۇ. 762 ـ يىلى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قاغانى تەڭرى قاغان بۆكۈ تېكىن تەكلىپكە بىنائەن ئۆز قوشۇنىغا

---

① تۇرپاندىن تېپىلغان تۈركچە مانى يادىكارلىقتا بۆكۈ قاغان «ئۇلۇغ قاغان»، «ئۇيغۇرلارنىڭ دانىشمەن قاغانى»، «مانى دىنىنى چۈشەندۈرگۈچى» دېگەنناملار بىلەن تەرىپلەنگەن.

② ئوگەل باھائىددىن: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك تارىخى».

قوماندانلىق قىلىپ ياردەمگە كېلىپ، شەرقىي ئاستانە لوياڭ شەھىرىنى قايتۇرۇپ ئالدۇ. توپىلاڭچىلارنىڭ ئىشغالىيىتى دىن خۇبى ئۆلكىسىنى تارتىۋالدۇ. مىلادىيە 763 ـ يىلى توپىلاڭچىلارنى ئەلتۆكۈس تازىلىغاندىن كېيىن توپىلاڭچىلار ئىچكى قىسمىدىن بۆلۈنۈپ، تاڭ سۇلالىسىگە تەسلىم بولۇپ، توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى سىجاۋيى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆگلۈك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى تامامەن تىنچىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تەڭرى قاغان بۆكۈ تېكىن لوياڭ شەھىرىدە مانى مۇخلىسلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن مانى دىنىنىڭ ئەھكام ئەقىدىلىرى ھەققىدە سۆزلىشىپ، مانى دىنىنىڭ تەلىماتىغا قايىل بولۇپ، قايتىش سەپىرىدە ئۆز دىنىنى مانى دىنىغا ئۆزگەرتتى. «توققۇز ئوغۇز قاغانى مانىلار»[1] نىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ شەھىرىدە خىرىستىئان مۇرىتلىرى، زارو ئاستىر مۇرىتلىرى ۋە بۇددا مۇرىتلىرى بار[2] ئىدى، ئۇلارنى مانى دىنىغا ئۆزگەرتتى. ئۇ يەنە بۇ تۆت نەپەر كىشىنى قۇمۇلنىڭ شىمالىغا ئېلىپ بېرىپ تەرەپ ـ تەرەپكە دىن تارقاتقۇزدى. بۇنىڭ بىلەن مانىزمنىڭ شەرقىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. بۇ دەۋرلەردە ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلار مانى دىنىدىكى ئۆلىمالار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ ئاخىر مۇنازىرىدە مانى ئۆلىمالىرى يېڭىپ چىققان. بۇنىڭ بىلەن تەڭرى قاغان بۆكۈ تېكىن چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ مانى دىنىغا ئاشكارا كىرگەنلىكىنى جاكارلاپ، ئاخىرىدا مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەنىدى[3] . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مانى دىنى

---

① «توققۇز ئۇيغۇر بىلگە قاغان ئابىدىسى» .
② گەردىزى: «زەينۇل ئەخبار» .
③ گاباين قاتارلىقلارنىڭ «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى 2 ـ قىسىم» .

ئۇيغۇرلار ئىچىگە كەڭ كۆلەمدە تارقىلىشقا باشلىغان» [①].

«توققۇز ئوغۇز» قاغانى دىنياۋىرلارنىڭ [②] يېتەكچىلىكىدە ئۇيغۇرلار ئىچىدە قاتناۋاتقان سوغدىلارنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى بىلەن يىپەك يولىدىكى سوغدى كارۋانلىرى ئۈزۈلمەي كېلىشى بىلەن يىپەك سودىسى تېخىمۇ راۋاجلاندى. ئۇلار كۆپ پايدىغا ئېرىشتى. مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن تاڭ سۇلالىسىگە تارقىلىشى غەرب بىلەن شەرقنىڭ سودا مەدەنىيىتىگە ھەسسە قوشتى. خۇددى فەن ۋېنلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «بۆكۈ تېكىنىنىڭ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا بىردىنبىر سەۋەب بولغان نەرسە ئاساسلىقى، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تاڭ سۇلالىسى بىلەن قىلغان سودىغا تەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ، ئۇلارنىڭ باي بولۇشىغا كۈچ چىقارغانلىقى، ئۆزئارا سودا جەھەتتىكى پۇل ۋە مەنپەئەتتە سەممىيەتچىل بولغانلىقىدىن ئىبارەت» [③]. بۆكۈ تېكىن دەل ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ دىنغا كىرگەن ھەم ئۇنى دۆلەت دىنى قىلغان. ئۇيغۇر خانلىقى مانى دىنىنى قوبۇل قىلىشتا بۇ مەقسەتتىن باشقا، ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى يېڭى ئىدېئولوگىيە تەسىرىدە ئىسلاھ قىلىشنى كۈچەيتىشنى نىشان قىلغانىدى [④]. ئۇيغۇر قاغانلىقى مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن چاڭئەندە مىلادىيىنىڭ 768 ـ يىللىرىدا مانى ئىبادەتخانىلىرىمۇ بارلىققا كەلگەن». خەلىپە مۇقتەدىر زامانىسىدا (908 ــ 932 ـ يىللار) خۇراسان ۋالىيسى توققۇز ئوغۇز ھۆكۈمرانى، مۇسۇلمان ۋالىغا قاتتىق باستۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا تەھدىت سېلىپ خەت ئەۋەتكەن. ئۇ خەتتە: «مېنىڭ ئۆلكەمدىكى مۇسۇلمانلار سېنىڭ ئۆلكەڭدىكى دىنداشلىرىمدىن

---

① گەردىزى: «زەينۇل ـ ئەخبار».
② دىنياۋىر ـ مانى دىنىدىكى مەزھەپلەرنىڭ بىرى.
③ فەن ۋېنلەن: «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى» 4 ـ قىسمىدىن.
④ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى (ئومۇمىي بايان)».

‹مانىزمچىلارنى مەقسەتلىك شۇنداق دېگەن›، نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكى شۈبھىسىز» دېگەن ۋە ئۇلاردىن بىرەرى ئۆلتۈرۈلگەن تەقدىردە ئۆز ئۆلكىسىدىكى مۇسۇلمانلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈدىغانلىقى، مەسچىتلەرنى بۇزۇپ تاشلايدىغانلىقى ۋە باشقا ئۆلكىلەردىكى مۇسۇلمانلارنى چۆچۈتۈپ قويىدىغانلىقى، ھەتتا ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچكەن[①]. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دىنلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق كۈرەشلەر ئەينى زاماندىلا باشلانغان.

بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «توققۇز ئۇيغۇر قاغانى مەڭگۈ تېشى»دا ئۇيغۇر قاغانىنىڭ مانى دىنىنى قوبۇل قىلغانلىق ئەھۋالى بايان قىلىنغان. ئەمما، 17 يىل ئۆتۈپ 780 ـ يىلى ۋەزىر خانلىق تەختكە چىقىپ سوغدىلىق مانى مۇخلىسلىرىنى قانلىق باستۇرغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مانى دىنىنىڭ تارقىلىشىنى توسۇپ قالالمىدى.

سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ۋاڭ يەندې (938 ـ 1006 ـ يىللار) «ئىدىقۇتتا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ناملىق ساياھەتنامىسىدە، ئىدىقۇتتا مانى دىنىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىنى تىلغا ئېلىپ: «مانى ئىبادەتخانىسى بار ئىكەن. بۇددا نومىدا ‹بەد مەزھەپ› دەپ ئاتىلىدىغان پارس راھىبلىرى ئۆز كىتابلارنى تۇتۇپ تۇرىدۇ»[②] دەپ يازغانىدى.

شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىچە: «شىنجاڭ دائىرىسىدىن مانى دىنىغا ئائىت تام سۈرەتلىرىمۇ كۆپلەپ تېپىلغان. مەسىلەن، تۇرپاندىكى مانى ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن تېپىلغان تام سۈرەتلەردە ئاق كىيىملىك مانى ۋە ئۇنىڭ مۇخلىسلارنىڭ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان

① ئىبنى نەدىم: «تۈركلەرنىڭ دۇنياۋى ھاكىمىيىتى ئىدىيىسى تارىخى».
② گو جىچىن: «ۋاڭ يەندې ۋە ‹قۇجۇغا ئەلچىلىك خاتىرىسى›»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985 ـ يىللىق 4 ـ سان.

uyghurkitap.com

ئوبرازى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن»① . «قىزىل ئىبادەتخانىسىنىڭ تام سۇرەتلىرىنىڭ بىرىدە مانى دىنى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەسۋىرى بېرىلگەن» . يەنە شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇرخۇن② يېزىقى ۋە مانى يېزىقىدىكى 388 قۇر ياكى مىسرادىن تەركىب تاپقان كىچىك تىپتىكى داستاندا مانى دىنى ئىرادىتسىيىسىگە ئاساسەن جۇرجان ھۆكۈملىرىنى دۈشمەن سۈپىتىدە، جىن ـ ئالۋاستى ئوبرازىدا بەگقۇلى باشچىلىقىدىكى ئۇلارغا قارشى كۆرەشكەن كىشىلەرنى يورۇقلۇق نۇر ئىلاھى، ئوبرازى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۇرۇپ، يورۇقلۇقنىڭ چوقۇم قاراڭغۇلۇق، زۇلۇم ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقى مۇقەررەرلەشتۇرۇلگەن. «بىز يۇقىرىقىلارغا ئاساسەن مانى دىنىنىڭ شىنجاڭغا، بولۇپمۇ تۇرپان رايونىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ھەمدە مانى دىنى ئۇسلۇبىدىكى پارلاق مەدەنىيەت يارىتىلغانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز.

## ئاتەشپەرەسلىك ئەقىدىلىرى

ئاتەشپەرەسلىك دىنى يىراق قەدىمكى زاماندا مۇكەممەل دىن سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىگە ئەڭ بۇرۇن تارقىلىپ كىرگەن دىن — زورو ئاستىر دىنى (ئاتەشپەرەسلىك دىنى) بولغان. بۇ دىن پىرسىيىدە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، زورو ئاستىر (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى VI – VII ئەسىردە ئۆتكەن زورو ئاستىر تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. بۇ دىن پىرسىيىنىڭ قەدىمكى دىنى كىتابى «ئاۋستا»نى بىردىنبىر مۇقەددەس كىتاب دەپ قارىغان) .

زورو ئاستىر ۋە بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋستا» دا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىكنى،

---

① يۇي تيەنخىڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى» .
② « IX – XIII ئەسىردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»

يەنى يورۇقلۇق مەنبەئى بىلەن قۇياش بىلەن ئوتقا بولغان ئېتىقادچىلىقنى تەشەببۇس قىلغان. ئوت ئىلاھى ئاخۇرامازداغا چوقۇنىدىغان مەخسۇس ئوتقا چوقۇنۇش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزگەندى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىدە ئوتقا چوقۇنۇش ۋە ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئوتقا سىغىنىش ئادەتلىرىدە گۈلخان يېقىپ ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوتقا ئېتىقاد قىلىش، قۇياشنى تەڭرى بىلىپ ئېتىقاد قىلىش، ئۇنىڭغا ئاتاپ ئاتلارنى قۇربانلىق قىلىش، قۇياش، ئوت، يەر، سۇنى ئىلاھ بىلىپ ئۇنى مۇقەددەس ھېسابلاش ئەسلىدە شامانىزم ئەنئەنىسى ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدۇق. بولۇپمۇ ئوتقا ھۆرمەت قىلىش، ئىسرىق تاشلاش، ياغ پۇرىتىش، ئايەم كۈنلىرىدە قاپاق كۆيدۇرۇش، كېسەل بولۇپتۇ دەپ ئوت بىلەن ئۇچۇقداش، ئۆلۈم بولغان جايدا چىراغ يېقىپ، ئادەم قويۇپ ھۆرمەت بىلدۇرۇش ئادەتلىرى ئوخشاشلا تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشچە مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 2000 ـ يىللاردا ئارىئايانلار ئارىسىدىمۇ ساقلانغانىدى. ئارىئانلاردىكى بۇ قاراشلار كېيىنكى دەۋرلەردە بۇددا دىنىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئوتقا چوقۇنۇش ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

«ئاۋېستا» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان «گاتا» (Gaotho) كىتابى باكتېرىيە — غەربىي توران تىلىدا يېزىلغان[①]. «ئېيتىلىشىچە» ئاۋېستا ئەسلى 345 مىڭ 700 سۆزتىرادىن تەشكىل تاپقان[②]. «ئاۋېستا» ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرىنچى قىسمى ئەڭ قەدىمكى باكتېرىيە تىلىدا يېزىلغان «گاتا» كىتابلىرىدىن ئىبارەت. بۇ شېئىرىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بولۇپ، ئۇنى شەخسەن زورو ئاستىر نەسنىپ قىلغان دەپ

---

① ②③: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى ‹ئومۇمىي بايان›»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

قارالماقتا. ئۇنىڭ 2 ـ، 3 ـ قىسىملىرى نەسرىي ئەسەر بولۇپ، ئاخمانىيلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە فارفىيە ئارشاك سۇلالىسى دەۋرىدە ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن. 2 ـ قىسىم بولغان «ياشتا» كىتابى تەڭرى ۋە قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر توپلىمى بولۇپ، بۇ قىسىمدا دىۋىلەر بىلەن زىيانلىق روھانىيلارغا قارشى ئەقىدە قائىدىلىرى يېزىلغان. بۇنىڭدا شامانىزم دەۋرى قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن» ③. زورو ئاستىر دىنى مىلادىيدىن بۇرۇنقى Ⅳ ئەسىردە شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىپ مىلادىيە X ئەسىرگە قەدەر مىڭ يىلدىن كۆپرەك تارقىلىش تارىخىنى بېسىپ ئۆتكەن. شەرقىي ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەدىمكى تاجىكلار خېلى بۇرۇندىن تارتىپ ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. بۇ دىنغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى تەسىرى ۋە نوپۇزىنىڭ چوڭلۇقى سەۋەبلىك، بۇ دىن ئىسلام ئىستىلاسى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دىنلارنىڭ بىرى بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىيەت مەيلى ئىراندا ماۋرائۇننەھردە بولسۇن كۈرەشنىڭ ئاساسىي نىشانى ئاتەشپەرەسلىككە، ئۇنىڭ ئىزلىرىنى يوق قىلىشقا قاراتقانىدى.

ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا باشقا دىنلارغا قارىغاندا ئۈستۈن تۇرۇشى ئاساسەن ئۇنىڭ سانى خانلىقنىڭ رەسمىي دىنى بولغانلىقى، شۇنداقلا مەلۇم دەرىجىدە دۆلەت تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغانلىقىدىن ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئاتەشپەرەس راھىبلار ئۈچۈن دىنىي پائالىيەتلەر كەڭ قانات يايدۇرۇلغان بىخەتەر جاي بولۇپ قالغانىدى.

«ئىسلام ئىستىلا ھەرىكەتلىرى باشلانغان مەزگىللەردە زەردۇشتلۇق ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان كۈچلۈك بىر دىن

بولسىمۇ ئۇ كۆپرەك بۇخارانى ئاساسىي مەركەز قىلغانىدى»[①] . ئاتەشپەرەسلىكنىڭ بۇخاراغا قاچانلاردا كىرگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. پەقەت ساسانىيلار ھۆكۈمرانلاردىن ئەفرىدۇن ئىرانىنىڭ تۇس، سىيىستانغا ئوخشاش مۇھىم شەھەرلىرى بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇخارادىمۇ «ئاتەش ئۆيى» سالدۇرغانلىقى مەلۇم. ئەفرىدون بىنا قىلدۇرغان بۇ نەرسىنىڭ ئىسمى تارىخىي مەنبەلەردە «بەردىسون» دېيىلگەن[②] . «شەھرىستان» رىۋايەتلەردە بۇخارانىڭ ئەتراپىدىكى ئاتەشپەرەس بۇتخانىلىرىدىن بىرى «قوبازان» دېيىلىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ[③] . جۇۋەينىنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇخارا بۇرۇن ئاتەشپەرەستلەر توپلانغان مۇقەددەس شەھەر بولۇپلا قالماستىن[④] ، بەلكى شۇ زاماندا ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئاساسى كۈچلۈك بولغان جاي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇددىزىم تازا تەۋرىنىپ قالغانىدى. بۇخارا ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى بۇتلارنى ساتىدىغان چوڭ بازار «ماھى روز» كېيىنكى چاغلاردىن ئاتەش ئۆيى، يەنى مەجوسى ئىبادەتخانىسىمۇ قىلىنغان. ئاتەشپەرەسلىك ئوتتۇرا ئاسىيا سەمەرقەند، بايكەنت[⑤] ، بۇخارا»[⑥] ئوخشاش باشقا سودا مەركەزلىرىدە مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئاتەشپەرەسلىك تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ جۇڭگوغىچە بولغان كەڭ زېمىنگە، غەربىي يۇرتقىچە تارقالغانىدى. قۇجۇ، كىنگىت (قارا شەھەر)، سۇلى (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلارغىچە ئاتەشپەرەست دىنى تارقالغان. قۇجۇ ئايمىقى دەۋرى (مىلادىيە 327 ــ 460 ـ يىللار) دا تۇرپان رايونىدا دېگەن خەتنى بەلگە قىلغان بىر تۈركۈم ئاتەشپەرەس ئاھالە بولغان، قۇجۇ خانلىقى دەۋرى (مىلادىيە 460 ــ 640 ـ يىللار)

---

① ز. ۋ. توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخىغا كىرىش»، ئىستامبۇل، 1970 ـ يىل.
② «ئەش شەھرىستان» 1 ـ توم.
③ تەبەرى ئەسىرىدىن.
④ ھ. تاھىر: «تۈرك تارىخىدىكى مەزھەپلەر جەريانى»، ئىستانبۇل نەشرى.
⑤ نار شاھى: «بۇخارا تارىخى» ئەسىرىدىن.
⑥ «ئەل ئاسارول باقىيە» ئەسىرىدىن.

دا يەنە «سابو» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان ئاتەشپەرەسلىك دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەنسەپ تەسىس قىلىنغان. تۈرك خانلىقى (552 — 657 - يىللار) دا خانلىق يىمىرىلگەندىمۇ تۈركلەر مەلۇم دەرىجىدە ئاتەشپەرەسلەشكەن. شۇڭا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى يازما ماقالىلەردە «تۈركلەرنىڭ ئوت ئىلاھى» دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ.

## 8. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى

بۇددا دىنى دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن ئىچىدە ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىگە ئەڭ بۇرۇن كىرگەن دىن بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدا مىڭ يىللار داۋامىدا بۇددىزم غايەت چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ئىككىنچى ماكانى سۈپىتىدە بۇددىزمنى شەرققە تارقىلىشىنىڭ مۇھىم ئۆتكىلى بولغان.

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4 -، 5 - ئەسىرلەردە ھىندىستاندا پەيدا بولغان. بۇددا دىنىنىڭ ئاساسچىسى سىددىخارتخا (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 563 — 483 - يىلى ئۆتكەن) بولۇپ رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ھىندىستان بىلەن نېپال چېگراسىدىكى قەدىمكى كاپىلوۋاستو ( koplavastu ) پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سوددۇدانا (suddhodana) نىڭ شاھزادىسى ئىدى. ئۇ 29 يېشىدا راھىب بولۇپ تائەت - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يەتتە يىللىق مۇشەققەتلىك دەرۋىش ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، «قائىدىنى چۈشىنىپ كامالەتكە يېتىپ»، 35 يېشىدا بۇددا دىنى تەلىماتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھىندىستاننىڭ شىمالىي ۋە ئوتتۇرا قىسمىدىكى ماگادخا كوسالا ۋە گانگى دەريا ۋادىلىرىدا دىن تارقىتىپ ئوتتۇرا،

تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئېتىقادچىلارنى كۆپەيتكەن. ئۇ بۇددىزمنى يارانقاندىن كېيىن «ساكيامونى» (ساك خەلقىنىڭ دانىشمىنى) دەپ ئاتالدى.
بۇددىزمنىڭ دىن ئەقىدىسى ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، قېرىشى، كېسەل بولۇپ ئۆلۈشى بۇلارنىڭ ھەممىسى ئازاب دەپ قاراپ، ئازابنىڭ مەنبەسى تۇرلۇك ئارزۇ ـ ھەۋەس، ئارزۇ ـ ھەۋەسنى كۆزلەپ ئىش كۆرگەندە قايمۇقۇپ ئايلىنىپ يۈرۈشتىن خالى بولغىلى بولمايدۇ. بارلىق ئارزۇ ـ ھەۋەسنى يوقاتقاندىلا ئاندىن نىرۋاناغا، يەنى تۇغۇلۇپ، يوقىلىش بولمايدىغان مەنزىلىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، تائەت ـ ئىبادەت قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئاندىن نىرۋاناغا يېتىش مۇرادى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەقىقىي نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.
بۇددا دىنىنىڭ تەلىماتى چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، ئاساسلىق نېگىزلىك تەلىماتى «تۆت ھەقىقەت» ئەقىدىسى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. بۇ «تۆت ھەقىقەت» رېئال دۇنيانىڭ ئازابلىق بولىدىغانلىقى بەر ھەقىقەت، ئازابنىڭ ئون ئىككى سەۋەبتىن بولىدىغانلىقى بەر ھەقىقەت، ئازابتىن قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكى بەر ھەقىقەت، ئازابتىن قۇتۇلۇش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى بەر ھەقىقەت دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.
بۇددىزمنىڭ «ئون ئىككى سەۋەب» دىن ئىبارەت ئەقىدىسى بۇددا دىنى رېئال دۇنيا جاپالىقتۇر، جەبىر ـ جاپا پايانسىزدۇر، ئىنسان ھاياتىدا سەككىز تۈرلۈك مۇشەققەت بولىدۇ. مۇشەققەتنى بولسا بىلىمسىزلىك قاتارلىق بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان ياكى سەۋەب ـ نەتىجە باغلىنىشىدا بولغان ئون ئىككى ھالقا (ئون ئىككى سەۋەب) بىلمەسلىك، بىلىپ قىلىش، روھىيەت، بەدەن، سەزگۈ، تەسىرلىنىش، مۇھەببەت، ئىنتىلىش، مۇھىت تۇغۇلماق، كېسەللىك ۋە قېرىش، ئۆلمەك قاتارلىقلارنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇددا دىنى مۇشەققەتنى چۈشەندۈرۈپ ۋە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى، ئازابنىڭ تۈرلىرىنى، ئازابنىڭ مەنبەسى، ئازابنى يوقىتىشنىڭ چارىلىرى ۋە تەربىيىلىنىشنىڭ يوللىرىدىن ئىبارەت تۆت ھەقىقەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. كىشىلەرگە رېئال دۇنيادىكى خىلمۇ خىل ئوقۇبەتلىك ھادىسىلەرنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئازاب ـ ئوقۇبەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خىلمۇ خىل سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلىپ بەرگەن، ئازاب ـ ئوقۇبەت دېڭىزىدىن قۇتۇلۇپ بۇددا دىنىنىڭ ئاخىرقى غايىسى بولغان، ئازاب ـ ئوقۇبەتسىز مەنزىل نىرۋاناغا يېتىشتە ئەمەل قىلىش زۆرۈر بولغان ۋاستە ۋە ئۇسۇللارنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

بۇددا دىنى «سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىق بولۇش»، «ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ نۆۋەتلىشىپ كېلىشى» ۋە ئۈچ زامان (ئۆتمۈش، ھازىر، كېلەچەك) توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۇنيادىكى ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى ئۈچ دۇنيا، ئالتە جانلىق مەۋجۇدات ھارۋىسىنىڭ چاقىغا ئوخشاش دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ دېگەننى تەرغىب قىلغان. ئادەم پانى دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغان بولسا، باقى دۇنيادا غايىۋى ھاياتقا ئېرىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلمىغان بولسا باقى دۇنيادا ئاچ كۆز جىنغا، ھايۋانغا ئايلىنىدۇ. ياكى جەھەننەمگە تاشلىنىپ ئەبەدىيلىك ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

بۇددا دىنى بىرمۇنچە باقى دۇنيادىكى ئارزۇ ـ ھەۋەستىن ۋاز كېچىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە چىداپ زاھىتلىق، دەرۋىشلىك قىلىپ يامانلىقنى تەرك ئېتىپ، ياخشى ئىش بىلەن شۇغۇللانغان، خورلۇققا بەرداشلىق بەرگەن كىشىلەر، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ئەبەدىلئەبەد خالى بولالمىدى دەپ قارايدۇ.

بۇددا دىنى ماھايانا ۋە ھىنايانادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپكە بۆلۈنگەن. ھىنايانا ئىپتىدائىي بۇددا دىنىنى

كۆرستىدۇ. ماھايانا مىلادىيە 1 ـ ئەسىر ئەتراپىدا ھىندىستان كوشان ئىمپېرىيىسىنىڭ پادىشاھى كانشا دەۋرى (تەخمىنەن 78 ـــ 120 ـ يىللار) دا شەكىللەنگەن مەزھەپتۇر. بۇددىستلار ئۆزلىرىنىڭ نىرۋاناغا يېتىش يولىنى ھارۋىغا ئولتۇرۇشقا ئوخشاش دەپ قارايدىغان بولغاچقا، (ماھايانا) نىڭ مەنىسى كەڭ يول دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھىنايانادىن پەرقى شۇكى، (ھىنايانا) مەزھىپى بولسا پۈتكۈل جانلىقلارغا ئالىي مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈپ، بۇددانىڭ پاك زېمىنىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئالىي نىشانغا يېتىشنى تەرغىب قىلىدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىردە ھىندىستاندىكى مادروئا خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ئاسىيوكا ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە بۇددا دىنى كەشمىر دۆلىتىگە تاقىلىپ كىرگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى 74 ـ يىلى كەشمىرلىك ۋېيدى سىرامان ۋايىروچىينا (بيەنچاۋ) ئۇدۇنغا كېلىپ دىن تارقىتىشقا باشلاپ ئۇدۇن پادىشاھىنى بۇددا دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلغان. كېيىن بۇددا دىنى قەشقەر، كۇچار، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقىلىپ كىرگەن. دەسلەپتە تارقىلىپ كىرگىنى ھىنايانا مەزھىپى بولۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن ماخايانا مەزھىپى ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ رايونىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن. ئۇ چاغلاردا قەدىمكى شىنجاڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان قاتارلىق رايونلاردا بۇددا دىنى ئومۇمەن «غەربىي يۇرت بۇددا دىنى» دەپ ئاتىلاتتى.

شىنجاڭ رايونىنى ئالغاندا غەربىي يۇرت بۇددا دىنىنىڭ تەرەققىياتى ئىككى دەۋرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بىرىنچى دەۋرى غەربىي يۇرت شەھەر بەگلىرى دەۋرىدىكى بۇددا دىنى (مىلادىدىن بۇرۇنقى بىرىنچى ئەسىردىن مىلادىيە 9 ـ ئەسىرگىچە). ئىككىنچى دەۋرى قۇچۇ[1] ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى بۇددا دىنى

① «قۇچۇ» kuqu قۇچۇ ئۇيغۇر شەھەرىدىن بىرىنىڭ ئېتى. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم 302 ـ بەت.

(مىلادىيە 9 ـ ئەسىردىن كېيىن) . بىرىنچى دەۋر خەن سۇلالىسىنىڭ 3 ـ يىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 198 ـ يىل) جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا كەلگەن ۋاقتى بولۇپ، مۇشۇ مەزگىللەردە غەرب يۇرتىدا 36 بەگلىك بولۇپ كېيىن 50 نەچچە بەگلىككە كۆپەيگەن. مۇشۇ شەھەر بەگلىرى ئىچىدە بۇددا دىنى ئالدى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي بويلىرىدىكى قاتناش يوللىرىدا راۋاجلىنىپ ئۇدۇن (هازىرقى خوتەن) دە، كۇسەن (هازىرقى كۇچار) دىن ئىبارەت ئىككى چوڭ بۇددا دىنى مەركىزى ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە ئۇ يەرلەردىن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى شەھەر بەگلىكلىرىگە كېڭەيگەن. كۇسەندە ماخايانا مەزھىپىدىكى ئالىي راھىب، ئېلىمىزنىڭ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىش تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەرباب كۇماراجىۋا، ھىنايانا مەزھىپىنىڭ داھىيسى، بۇددا تەلىماتى ئۆلىماسى بۇددۇسىرا ماندالار مەيدانغا كەلگەن. ئۇدۇندا بولسا سىراماتا جىيتامى (گيۇ) ، يىتۇن پىداھىنا (تيەنجى) ، شىكساناندا قاتارلىق مەشھۇر نوم ئالىملىرى بولغان. سۇلى (قەشقەر) دە بۇددىزم تىلشۇناسى ۋە شەرھىشۇناسى پىي خۇيلىن مەيدانغا كەلگەن. مول بۇددىزم كىتابلىرىدىن (ماخادا يىئولىيا) قاتارلىق ماخايانا نوملىرى ئۇدۇن، كۇسەندە بارلىققا كەلگەن. ئۇدۇن، سۇلى، پىشامشان قاتارلىق يەر ناملىرىمۇ (بۇددا ۋاتام ساكا) «ماخاسانىنى پاتا سوتۇ» قاتارلىق نوملاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. ئۇدۇن قاتارلىق جايلار ماخايانا نوملىرىنى تەييارلاش مەركىزى بولۇپ قالغان. «ئاھالىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ شەھەردە ئىككى خرىستىئان چېركاۋى بار. بىرى شەھەر ئىچىدە، يەنە بىرى شەھەر ئەتراپىدا[1] . ساڭرام ۋە سۇتۇپا (مۇنار) لارنىڭ ياسىلىشى بۇددا ئۆڭكۈرلىرىدە مىڭئۆيلەرنىڭ

---

[1] گەردىزى: «زەينۇل ـ ئەھبار» .

ئىچىلىشىغا ئەگىشىپ مىمارچىلىق، ھەيكەلتاراشلىق، رەسساملىق ئىشلىرىمۇ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. ھىندى، يۇنان سەنئىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان قەندىھار سەنئىتى[1]، غەربىي يۇرتتا بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە سىڭىپ كىرگەن ھەمدە بۇددا دىنىدىن ئىبارەت ۋاستە ئارقىلىق جىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى فاشيەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۈەنزاڭنى نامايەندە قىلغان زور تۈركۈمدىكى سىرامانالارنىڭ غەربكە بېرىپ بۇددا ئىلمىنى تەھسىل قىلىشى ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلاردىن بۇددا نوملىرىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئۇستازلارنىڭ شەرققە كېلىپ تۇرۇشى جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرگەن.

9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا غەربىي يۇرتتىكى شەھەر بەگلىكلىرىنىڭ بۇددا دىنى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بۇددا دىنىغا ئۆتۈشكە باشلىغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن قوجۇ رايونىغا كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى بۆكۈ تېكىن مىلادىيە 866 ـ يىلى تۈبۈتلەرنىڭ سانغۇنى كوڭشاڭرىينى مەغلۇپ قىلىپ، قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان. قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى شەرقتە قۇمۇلدىن باشلاپ غەربتە ئاقسۇغىچە ئىدى. قوجۇ ئۇيغۇرلىرى، كۇسەن ئۇيغۇرلىرىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇيغۇرلار چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ياشىغان چاغلاردا ئاساسەن شامان دىنى ۋە مانى دىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتى. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن شۇ جايلاردىكى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بىرمۇنچە كىشىلەر بۇددا دىنىغا كىرگەن. قوجۇ ئۇيغۇرلىرى غەربىي يۇرتنىڭ بۇددا دىنى

① قەدىمكى ھىندىستان خانلىقى قەندىھار (ھازىرقى پاكىستاننىڭ پىشاۋار ئۆلكىسى ۋە ئافغانىستاننىڭ شەرقىي چېگراسى) نىڭ بۇددا دىنى تىما قىلىنغان ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قىياپىتى جانلىق. سىزىقلىرى ئېنىق ھەم ئىخچام، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك.

مەدەنىيىتىنى يېڭى گۈللىنىش باسقۇچىغا سىلجىتقان. ئارخېئولوگىيىلىك مەدەنىيەت جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، شەرقىي قىسمىدا ئۇيغۇرلار دەۋرىدە ياسالغان ساغرامىلاردا بۇددا ئۆڭكۈرلىرى ئەڭ كۆپ بولغان. تۇرپاندىكى بېزەكلىك مىڭئۆي، پىچاندىكى تۇيۇق مىڭئۆي قاتارلىقلارنىڭ كۆپچىلىكى شۇ دەۋردە بىنا قىلىنغان. بايدىكى قىزىل مىڭئۆي، دوڭخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەر ئېلىمىزدىكى تۆت چوڭ تاش ئۆڭكۈرلەرنىڭ بىرى بولۇپ 10 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يېقىن تام سۈرەتلىرى ساقلانغان. كۇچاردىكى قۇجۇدا مىڭئۆي ئاساسەن ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن ياسالغان.

قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بۇددا دىنى مۇنداق ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بىرى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى بۇددا دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر مۇنچە بۇددا نوملىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نوملاردىن كۆچۈرۈپ تەرجىمە قىلىنغان. يەنە بىرى، تىبەت بۇددا دىنىنىڭ ئامىللىرىدىن قوبۇل قىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بۇددا كىتابلىرىدىن تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىغان. شۇ ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن خۇاشيا مەدەنىيىتى ۋە تىبەت، موڭغۇل مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشىغا يول ئېچىلغان.

خرىستىئان دىنىنىڭ غەربىي يۇرتقا تارقىلىشى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز. خرىستىئان دىنى دۇنياۋى دىن بولۇپ مىلادىيە 1 ـ ئەسىردە پەلەستىندە بارلىققا كەلگەن ۋە رىم ئىمپېرىيە زېمىنىغا تارقالغانىدى. بۇ دىن دۇنيانى ئاللا (خرىستىئان دىن داگو دەپ ئاتىلىدۇ) ياراتقان. دۇنياغا ئاللا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. ئىنسانلار ئىپتىدائىي بوۋىسىدىن تارتىپ گۇناھ ئىچىدە ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىپ كەلگەن. پەقەت ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ئەيسا

پەيغەمبەرگە ئېتىقاد قىلغانلىلا ئاندىن خرىستوسنى قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ دىن «كونا ۋەسىيەتنامە» (يەھۇدىي دىنىنىڭ دەستۇرى) ۋە «يېڭى ۋەسىيەتنامە»نى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كىتابى، ئىنجىلى قىلغان ھەمدە مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن. ئېلىمىزگە ئەڭ بۇرۇن تارقىلىپ كىرگىنى خرىستىئان دىنىنىڭ نىستورىيان مەزھىپى بولۇپ، ئۇنى سۈرىيىلىك نىستورى (تەخمىنەن مىلادىيە 380 ـ 451 ـ يىللار) بەرپا قىلغان. بۇ دىن خرىستوسنى ھەم ئىلاھلىق ھەم ئادەملىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە، ئىككى سۇپەتكە ئىگە دەپ قاراپ مارىيەنى ئىلاھىي ئانا دەپ ئاتاشقا قارشى چىققان. ئۇ خرىستىئان دىنىنىڭ ئورتودوكساللىقى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىقتىن شەرقىي رىم پادىشاھى تەرىپىدىن «بىدئەت» دەپ ئەيىبلىنىپ، نىستورى خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، سۈرگۈن قىلىنغان. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ قېچىپ يۈرۈش جەريانىدا بۇ دىننى شەرق ئېلىگە تارقاتقان. مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە نىستورىيان مەزھىپى پرىسىيە ئىمپېرىيىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستانغا، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى شىنجاڭ رايونىغا تارتىلىپ كىرگەن ھەم بۇ يەردىن ئىچكى رايونلارغا تارقالغان. مىلادىيە 550 ـ يىلى ئەتراپىدا ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى تۈركى تىللىق مىللەتلەر ئارىسىدا خرىستىئان ئېتىقادچىلىرى بارلىققا كەلگەن.

تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى تەيزۇڭنىڭ جېنگۇەن 9 ـ يىلى (مىلادىيە 635 ـ يىلى) دا نىستورىي راھىبى ئادوپېن چاڭئەنگە كېلىپ، ئىبادەتخانا ياسىتىپ راھىبلىق قىلغان.

ئېلىمىز قەدىمكى زاماندا رىم ئىمپېرىيىسىنى «داكچىن» (大秦) دەپ ئاتىغاچقا نىستورى ئىبادەتخانىسىنىمۇ «داكچىن ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتىغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ جيەنجۇڭ 2 ـ

www.uyghurkitap.com

يىلى (مىلادىيە 781 ـ يىلى) چاڭئەندە مەشھۇر «داكچىن نىستوي دىنىنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش ئابىدىسى» تۇرغۇزۇلغان. تەخمىنەن شۇ مەزگىللەردە نىستورىي دىنىنىڭ باش ئېپىسكوپى تىموتاي ئۆزى يازغان مەكتۇپتا تۈرك خانى ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ نىستورى دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقىنى ھەمدە تۈركلەر ئىچىدە بىر نەپەر ئېپىسكوپ تەيىنلەنگەنلىكىنى تىلغا ئالغان. كېيىن دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە نىستورىي راھىبلىرىنىڭ كىتابخانىلىق قىلىپ، دەرس ئۆتۈۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلىگەن نەپىس تام سۈرەتلىرى ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «داكچىن نىستورىي ئۆلىمالىرىغا مەدھىيە» دېگەن كىتابلار بار، بولۇپمۇ قوجۇ خانلىقىنىڭ خارابىسىدىن نىستورى ئىبادەتخانىلىرىدىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ پارچىلىرى تېپىلدى. ئۇنىڭدا پالما شاخلىرىنى كۆتۈرۈپ خاتىرە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن.

«قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نىستورىيان دىنى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ پارچىسى»① قوجۇ رايونىدىن نىسيە 10 ـ ئەسىردە سوغدى يېزىقى ۋە سورىيە يېزىقىدا يېزىلغان نىستورىيان كىتابلارنىڭ پارچە بەتلىرى تېپىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئالمىلىق (ھازىرقى قورغاس ناھىيىسى تەۋەسىدە) تىن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردىن نىستورىيان مۇرىتلىرىنىڭ قەبرە تېشى (ئابىدىسى) تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقىسى مىلادىيە 858 ـ يىللىرى ئويۇلغان.

يۇقىرىقى بايانلار ئۇيغۇر خانلىقىغا ۋە غەربىي يۇرتقا ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشتىن ئىلگىرىكى دىنلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەتنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

---

① «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دىن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

## 9. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى

ئۇيغۇرلار قەدىمكى شەرق مەدەنىيىتىدە ئۆزىنىڭ يېزىق تىلى ئارقىلىق يۈكسەك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغان قەدىمكى مۇنەۋۋەر مىللەت. ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى تۈركى تىل ئائىلىسىنىڭ ھۇن تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قوللانغان.

قەدىمكى تۈرك يېزىقى ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا تېپىلغان بولۇپ بۇ يېزىقنىڭ شەكلى قەدىمكى شىمالىي ياۋروپادىكى رۇنىك يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئورخۇن - رۇنىك يېزىقى دەپ ئاتالغان.

تۈرك يېزىقى ئەڭ دەسلەپتە يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا قاما دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان قىرغىزلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغانىدى. بۇ يېزىق قەدىمكى تۈرك - رۇنىك يېزىقى دەپ ئاتىلىپ كەلدى. شۇنداقلا بۇ يېزىقتىكى ئاساسلىق تارىخ ئابىدىلىرى موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن دەرياسى ۋادىسىدا سىبىرىيىدىكى يەنسەي دەرياسى ۋادىلىرىدىن تېپىلغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى دەپ ئاتىدى. تۈرك يېزىقى تاۋۇش ئاملى بىلەن بوغۇم ئارىلىشىپ كەتكەن يېزىق. بۇ يېزىقنىڭ ھەرپى 38 - 40 بولۇپ ئۇنىڭدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇش تۆت قوشۇمچە بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تاۋۇش ئىچىدىكى بەزى ھەرپلەر ئوخشاش بولمىغان ئىككى يۈرۈش بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى خەت ئوتتۇرىسىدا قىسقارتىۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى ھەرپ بېشىدا كېلىدىغان سوزۇق تاۋۇشمۇ كۆپ ھاللاردا يېزىلمايدۇ. تۈرك يېزىقى ئادەتتە ئوڭدىن سولغا يېزىلاتتى. ئۇنى سولدىن ئوڭغا يازىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. جۈملىلەر ئادەتتە قوش چېكىت (:) بەلگىسى بىلەن ئايرىلاتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىدىن قارىغىنىمىزدا قەدىمدىن تارتىپ ھەرخىل يېزىقلاردا پۈتۈلگەن قەدىمكى تارىخىي خاتىرىلەر يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ جاپالىق تەكشۈرۈشلىرى نەتىجىلىرىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى كەم ھېسابلىغاندا 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مۇشۇنداق ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا ئۇيغۇرلار (جۈملىدىن باشقا تۈركى خەلقلەر) ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەدىمكى تۈرك يېزىقى، (بۇ يېزىقنى ئۇرخۇن - يەنسەي يېزىقى ياكى تۈرك - رونىك يېزىقى دەپمۇ ئاتايدۇ)، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، بىراخما يېزىقى (قەدىمكى قارا شەھەر ۋە قەدىمكى كۇچار يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ)، قەدىمكى سۇرىيە يېزىقى، سانسكرىت يېزىقى (قەدىمكى ھىندى يېزىقى)، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئەرەب يېزىقى قاتارلىق بىرنەچچە خىل يېزىقلارنى قوللىنىپ ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تىل مەدەنىيىتىنى خاتىرىلەپ كەلگەن.

شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن شۇ نەرسە ئايانكى، مىلادىيە 5 - ئەسىردە تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار سوغدى ھەرپلەردىن پايدىلىنىپ تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەپ يازىدىغان يېزىق ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

قەدىمكى قەبرىلەردىن تېپىلغان، ئېنىق مەنبەسى بار بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلار بۇ يەكۈننى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

جامائەتچىلىككە ئايانكى، تارىخىي مەنبەلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مىلادىيە 5 - ئەسىردىلا ئۇيغۇرلار تۇرپان ئويمانلىقىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن. تارىخىي پاكىتلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

# ئۈچىنچى باب
# ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ يىمىرىلىشى

شەرقىي ئاسىيادا ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ تارىخ سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغان ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەنگەنىدى. ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان قەبىلىلەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرمۇ ئوچۇقتىن ئوچۇق قەبىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشكە ئايلاندى. بۇ كۆرەش دۆلەتنى ئىچكى جەھەتتىن تەۋرىتىۋەتتى. سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشى يۈز بەردى. ئۇيغۇرلارنىڭ ياغلاقار ئورۇقىغا مەنسۇپ خاقانى ئالەمدىن ئۆتتى. مەملىكەت تەبىئىي ئاپەتكە دۇچ كەلدى. تەبىئىي ئاپەت خەلقنى بەكمۇ خورىتىۋەتتى. دۆلەت ئىچىدىكى زىددىيەتلەر چوڭقۇرلاشتى. يېزا ئىگىلىكىدىن ھوسۇل ئالالمىدى. بۇ ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى سەۋەبىدىن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ كۈچى ئاجىزلىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خاقانلىقى تىبەت خانلىقى بىلەن نەچچە ئون يىل ئۇرۇشتى. 9 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللارغا كەلگەندە ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ كۈچى خوراپ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئالالمىدى.

مىلادىيە 780 ـ يىلى تۇنباغاتارخان ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۆرەشتىن پايدىلىنىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ بۆكۈ خاقاندىن باشقا ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى يېقىن مەسلىھەتچىلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان سوغدىلىقلارنى ۋە قاغان ئەتراپىدىكى مانى دىنى تەلىماتىنى ئۆگەنگۈچى ۋە تەشۋىق

www.uyghurkitap.com

قىلغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالدى. ھاكىمىيەت تۇنباغاقاغان ئەۋلادىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ۋەقە تاماملانغاندىن كېيىن مەزكۇر گورۇپپىنىڭ باشلىقى «ئالپ قۇتلۇق بىلگە قاغان» (780 ـ 789 ـ يىللار) دەپ ئېلان قىلىندى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانى بولغان ياغلارقار ئۇرۇقىدىن ھاكىمىيەت ئادىز ئۇرۇقىنىڭ قولىغا ئۆتتى. نەتىجىدە ياغلاقار ئۇرۇقى 627 ـ يىلى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنى قۇرغان دەۋردىن كېيىن تاكى 795 ـ يىلىدىكى قۇتلۇق تارخان دەۋرىگىچە داۋاملاشقان ھۆكۈمرانلىق تامامەن ئاياغلاشتى.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا يۈز بەرگەن بۇ خىل ئۆزگىرىش بولسا پۈتۈنلەي قاغان جەمەتى ئىچىدىكى ئۆزئارا نىزا ۋە تەخت، مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىدىن كېلىپ چىققانىدى.

مىلادىيە 780 ـ يىلى تارخان تۇنباغاقاغان ئېلتېكىن بوقا قاغاننىڭ ھوقۇقىنى تولىمۇ ئارتۇقچە مەركەزلەشتۈرۈشى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدە ئابرۇيى ئۆلۈشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆكتۆك ـ سۆيگىن توپىلىڭىنى باستۇرۇپ تاڭ سۇلالىسى ۋە مانى دىنىنى ئۇيغۇرلار ئىچىگە كىرگۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەرگە چىداپ تۇرالماي، ئۇنىڭ تاڭ سۇلالىسى چېگرا رايونلىرىغا قىلغان ھۇجۇمىنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ تەختىنى تارتىۋالدى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇيغۇر خانلىقى يۇقىرىقى ئىشلار تۈپەيلىدىن بىرقەدەر تۇراقسىز دەۋرگە قەدەم قويدى. 789 ـ يىلى تۇنباغاقاغان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تالاس يارغان تەختكە چىقتى. ئۇ تەختكە چىقىپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئۇنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى ئىچىدە ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، خانلىقنى پارچىلاشتەك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. مىلادىيە 790 ـ يىلى تالاس يارغاننىڭ ئوغلى ئايچۇر ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى

بولغان تاغلىرنى قىرغىن قىلىپ، تەختنى تارتىۋالدى ـ دە، قاغانلىققا ئولتۇردى.

مىلادىيە 795 ـ يىلى ئۇنىڭ باش ۋەزىرى ۋە ئادىز ئۇرۇقىنىڭ باشلىقى قۇتلۇق تارقان ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ھاكىمىيەتنى ئالدى. كېيىن قۇتلۇق تارقاننىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن كېلىشەلمىدى. تەخت تالىشىپ ئوردا ئىچىدە قانلىق سىياسىي ئۆزگىرىش ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مىلادىيە 832 ـ يىلى قاغان قازار تېكىننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مىلادىيە 839 ـ يىلى قازار تېكىننىڭ بېقىۋالغان ئوغلى قاغان قوغۇ تېكىننىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشىدە مەغلۇپ بولۇپ ئۆلتۈرۈلۈشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يىلتىزىدىن قومۇرۇلۇش خەۋپى تۇغۇلدى. ئۇيغۇر خاقانلىقى تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ مىلادىيە 840 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىچكى قىسمىدا پارچىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. خەۋپنىڭ بۇنداق تېز كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەب: ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قاغانلىرى تەختكە چىقىشى بىلەنلا ئىلگىرى ئۇيغۇر خاقانلىقىنى تىكلەشتە زور ھەسسە قوشقان كېيىنكى دەۋرلەردە تۈرك خانلىقى، سىرتادوش خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى سەپتە بىللە بولغان ۋە دادىل كۈرەش قىلغان توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ تۆھپىسىگە، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەتتىكى ئورنىغا سەل قاراپ ھۆرمەت قىلمىدى. بولۇپمۇ كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلارنى ھاكىمىيەتتىن چەتكە قېقىشقا ئۆرۈنۈپ، ئۇلارغا گوياكى بېقىندىغان غەيرىي قەبىلىلەر قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى.

مىلادىيە 757 ـ، 758 ـ يىللىرى توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقداشلىرى ۋە توققۇز ئوغۇز قەبىلىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىلەردىن بولغان

قارلۇقلار مويۇنچۇر قاغاندىن نارازى بولۇپ، ئۇيغۇر خانلىقىدىن ئايرىلىپ، ئەينى ۋاقىتىدا كورولون دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان توققۇز ئوغۇزلار[①] ئۆز ئانا ۋەتىنىنى تاشلاپ چۇ دەرياسى ۋە تالاس دەريا ۋادىلىرىغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. مىلادىيە 766 ـ يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقى قۇرۇلۇپ ئارىلىقتا 21 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز ئالدىغا قارلۇق خانلىقىنى تىكلىگەنىدى.

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاجىزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان يەنە بىر سەۋەب، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى بولغان توققۇز ئوغۇزلار ھۆكۈمرانلىقى تارىخىدا كەتكۈزۈپ قويغان مەسىلىلەر باشقا قەبىلىلەرنى چەتكە قاقتى. ئۆز ئىچىدە قەبىلىۋازچىلىقنى ھەدەپ بازارغا سېلىپ، ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭلا ھۆكۈمرانلىقىنى تەكىتلەپ، توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى باشقا ئۇرۇقتىكىلەرنى چەتكە قاقتى. ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ۋە ئالىي مەنپەئەتىنى قوغداپ باشقا ئۇرۇقلارنىڭ غەزەپ ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى.

مىلادىيە 795 ـ يىلى توققۇز ئوغۇز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدىكى ئادىز قەبىلىنىڭ باشلىقى قۇتلۇق تارقان سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، ياغلاقار ئۇرۇقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەردى. بۇ ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تەسىرىنىڭ ئاجىزلاشتۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مىلادىيە 808 ـ يىلدىن 821 ـ يىللارغىچە ھۆكۈم سۈرگەن ئادىز ئۇرۇقىدىن چىققان تەڭرى قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشتى، كۈچەيدى. بۇخىل ئەھۋال پۈتۈن دۆلەتنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى.

تۈبۈت ئاقسۆڭەكلىرى ئۇيغۇر خانلىقىغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر

① گروسسېيىنىڭ: «يايلاق ئىمپېرىيىسى» ناملىق ئەسىرىدىن.

خاقانلىقىدىن ئېل ئېگىسى ئۆز قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ بەشبالىقنى ئىگىلىدى. تۇبۇتلەر ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ غەربىي قوشنىسى بولغان يىجۇ ئوبلاستىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇلار ئامال قىلىپ ئۇيغۇر خاقانلىقىنى ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇندى.

مىلادىيە 790 ـ يىلى تۇبۇتلەر كۆچ توپلاپ قارلۇق، سارتلار، تۈركلەرنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم كۆچنى ئۆزگە تارتىپ بەشبالىقنى ھۇجۇم قىلىپ بېسىۋالدى. دەل مۇشۇ پەيتتە قارلۇقلار ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇغدا ئەتراپىنى بېسىۋالدى. مىلادىيە 791 ـ يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقىدىن ئېل ئېگىسى خاقان 60 ـ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن باشلاپ كېلىپ بەشبالىققا ھۇجۇم قىلغاندا تۇبۇتلەر قارلۇقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. 792 ـ يىلى ئېل ئېگىسى ئىككىنچى قېتىم ئەسكىرىي قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىپ كېلىپ تۇبۇت ۋە قارلۇقلارنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇ جايلارنى تامامەن تاپشۇرۇپ ئالدى.

ئۇيغۇر خانلىقى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپ ئېغىر بوھرانغا ئۇچرىدى. چولۇق خاقان «ئاي تەڭرى ئۇلۇغ بولمىش ئالىپ بىلگە» دېگەن نام بىلەن 825 ـ يىلدىن 832 ـ يىلغىچە تەختتە ئولتۇردى.

832 ـ يىلى چولۇق قاغان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تەخت خان جەمەتىدىن بولمىغانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. خانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا سىنىپىي زىددىيەتلەر ئېغىر كەسكىنلىشىپ ماجىرا كۆپەيدى. ئۇيغۇر خاقانلىقىغا تەۋە بولغان خەلقلەردە بۆلۈنۈش يۈز بەردى. مىلادىيە 836 ـ يىلى يەنسەي ۋادىسىدىكى قىرغىزلار مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلدى. كۈرەش ئېغىر ئۇلغايدى.

مىلادىيە 839 ـ يىلى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى باش ۋەزىر قوزا تېكىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ئوردىنى ئىگىلىدى. شۇ يىللىرى دۆلەت

مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەبىئىي ئاپەتكە دۇچ كەلدى. ئۇدا ئىككى يىل مەملىكەت بويىچە جۇت ئاپىتى پەيدا بولدى. بۇ تەبىئىي ئاپەت تەبىئىيكى، ئۇيغۇر خانلىقىدىكى خەلقلەرنى بەكمۇ خورىتىۋەتتى. خەلقنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يوشۇرۇنغان ھۆكۈمرانلار سىنىپى ئىچىدىكى زىددىيەتلەر ئاشكارىلىنىپ زىددىيەتلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

«تاڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەردە، يەنى مىلادىيە 839 ـ يىلى يېزىلغان خاتىرىدە: «بىرنەچچە يىل ئۇدا جۇتچىلىق ئاپىتى نەتىجىسىدە ئۆلگەن قويلار پۈتۈن يەرنى قاپلىدى. ئېغىر دەرىجىدە ئاچارچىلىق يۈز بەردى. بۇنىڭ بىلەن يۇقۇملۇق كېسەللەر تارقالدى. داۋاملىق ياغقان قار زېمىننى قاپلىدى» دېيىلگەن.

«ئۇيغۇر خانلىقىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن تەبىئىي ئاپەت يىللىرىدا خەلق بەختسىز ۋەقەلەرگە دۇچ كەلدى. يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا بىرنەچچە يىل ھوسۇل ئوبدان بولمىدى. ئاغرىق ـ سىلاق ئەۋج ئېلىپ كەتتى. چارۋىلار قىيىن ئەھۋالدا قالدى. قېلىن قاردا قويلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆلۈپ كەتتى»[①]. يەنە بىر جەھەتتە 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قارلۇقلار بىلەن قىرغىزلار توبۇتلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەك سودا قىلىش ئۇچۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان يىپەك يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۇيغۇر خاقانلىقىنى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچراتتى. چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى كېمىيىپ شەھەرلەر نامراتلاشقاندى. ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي كۈچى پارچىلىنىشقا باشلىدى.

---

① «ئەلنى ئىدارە قىلىشتا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» دىن.

839 - يىلى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ۋەزىرى ساتلارنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، پايتەختكە ھۇجۇم قىلدى. قوزا تېكىن ئىسيان كۆتۈرۈپ ئۆردىنى ئىگىلىدى.

840 - يىلى يەنسەي قىرغىزلىرى ئۆز خانلىقىنى قۇرۇپ ئۇلاردا زور دەرىجىدە قوشۇن تەشكىللىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى كۆل بوغا قىرغىزلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ 100 مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ مەركىزىي ئوردىسىغا بېسىپ كىرىپ قوزا تېكىننى، ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن كۆل بوغانىڭ يول باشچىلىقىدا ئورخۇن دەريا ۋادىسىدىكى ئوردابالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئوردا ۋە شەھەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بىر ئەسىرگە يېقىن ياشىغان ئۇيغۇر خاقانلىقى مىلادىيە 839 - يىلى يىمىرىلدى. كېيىن ئۆگە خاقان دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. لېكىن، ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى چاقماق تېزلىكىدە ئاغدۇرۇلدى.

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى مىلادىيە 840 - يىلى قاتتىق ئىچكى نىزا ۋە قىرغىزلارنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە پارچىلىنىپ يىمىرىلدى. ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشىدىن بۇرۇن 840 - يىلىدىن 866 - يىللاردىكى سىياسىي زىددىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ دەۋردە تاڭ سۇلالىسىنىڭ كرىزىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، سۇلالىنىڭ كەسكىن ئاجىزلاپ كېتىشى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ 907 - يىلى ھالاك بولۇشى، قىتانلارنىڭ خېلى دەرىجىدە قۇدرەت تېپىشى، سىياسىي سەھنىدە يېڭىدىن

تاڭغۇتلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن مەركىزىي ۋە شەرقىي ئاسىيادا 9 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىلگىرى رىقابەتلىشىپ كەلگەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقتا تارىخىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى، مۇھىمى تاڭ سۇلالىسىنىڭ كۈچىنىڭ نىسبەتەن ئاجىزلىقى بىلەن خاراكتېرلەندى.

ئۇيغۇر خانلىقى قىرغىزلارنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي قوشۇنىنىڭ زەربىسى بىلەن ئاغدۇرۇلدى. ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاساسىي كۈچى قىرغىزلارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇشتىكى شىددەتلىك جەڭدە بىر قىسمى قۇربان بولدى. ئاساسىي قىسمى زەربىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ئىستراتېگىيىسى بويىچە ياغلاقارغا مەنسۇپ رەھبەرلەرنىڭ پىلانلىشى، يېتەكلىشى بىلەن ئىلگىرى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا باشقۇرۇلۇپ ئىدارە قىلىنىپ كەلگەن «شەرقتە ساجۇ (دۇنخۇاڭ) دىن باشلاپ تارىم ئويمانلىقى يەتتە سۇ ۋە بارىسغانغىچە» بولغان جايلارغا ئەڭ بۇرۇن ماكانلاشقان قېرىنداشلىرى يېنىغا قاراپ كۆچۈش بولدى.

ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇب ۋە غەرب تەرىپىگە كۆچۈشى توغرىسىدا خەنزۇچە مەنبەلەردىكى ئاساسىي مەلۇمات تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىكى «كونا تاڭنامە»، «يېڭى تاڭنامە» لەردە ئوخشىمىغان ھالدا ئېنىق بولمىغان مەلۇماتلار بېرىلگەن.

بۇ خىل مەنبەلەردىكى مەلۇماتلار ئىلىم دۇنياسىنىڭ زور دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، جاھان تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. دۆلىتىمىزدە ۋە دۇنيا بويىچە نۇرغۇنلىغان ئالىملار بۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى.

ئېلىمىز ئالىملىرىدىن: ۋاڭ رىۋى، ۋاڭ يەندى، سۇڭ كەيدى، فىڭ جيا شىڭ، چېڭ سولو، مو گۇاڭۋېنلار؛ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئۇيغۇر تارىخىنى ئۇزۇن يىللار تەتقىق قىلغان ئالىملاردىن: س. گ. كىلياشتورنى، ئا. گ مالياۋكىن، ن.

ئـــى. بــــيچورىن، بوزنـــــيوف، بارتولد، رادلوف، ئا. يوياكوۋسكىي. ى. ئە. كىيچاندو، ر. ئى. تىخونوف؛ ياۋروپا ئالىملىرىدىن: فرانسۇز ئالىمى ر. گاملىيون، ۋىنگىـــــرىيە ئالىمى، ك. سەگلىد. ياپون ئالىملىرىدىن كوۋاداكورو، مورى ياسۇتاكائو، خۇدزى ئىيدا ئوكىرا، ئونوگاھىدى قاتارلىق ئالىملار خېلىدىن بېرى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى.

جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تەتقىقاتىدا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش مەسىلىسىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.

ئېلىمىز ئالىـــــمى فىــــڭ جياشـــــڭ ئەپەندى يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىغا ئائىت قىسقىچە ماتېرىياللار توپلىمى» دېگەن ئەسەردە: «ئۇيغۇرلار 839 ـ يىلدىن كېيىن ئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچكەن. ھەربىر تارمىقى ھاكىــــمىـــــيەت قۇرغانىدى» دېيىلگەن.

ئېلىمىز ئالىمى ۋاڭ رىۋېي: «ئۇيغۇرلار غەربكە قاراپ يول ئالغاندا ئۇلار ئۈچ ياكى تۆت قىسىمغا بۆلۈنۈپ كۆچتى. بىر قىسمى سەددىچىنغا كۆچتى. بىر قىسمى جۇڭگوغا، يەنە بىر قىسمى شىجۇغا، يەنە بىر قىسمى كوكئارت تاغلىرىنىڭ غەرب تەرىپىگە كۆچۈپ باردى»① دېگەنىدى.

ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈش مەسىلىسىنى دۇنيادىكى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن تارتىپ تەتقىق قىلىش جەريانىدىكى ئىلمىي قاراشلار شۇنداق دەپ كۆرسەتتىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشى تەشكىللىك ۋە پىلانلىـــق ھالدا ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن ئۇيغۇر خاقانلىقى تېررىتورىيە زېمىن دائىرىسىدە باشقۇرۇپ، ئىدارە قىلىپ كەلگەن جايلارغا ۋە

① ۋاڭ رىۋېي: «تارىخ ئىلمى» يەسلىلىك ژۇرنىلى، بېيجىڭ، 1936 ـ يىلى نەشرى.

www.uyghurkitap.com

ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ بۇرۇن ماكانلاشقان ئانا ماكانىغا قاراپ كۆچكەن. بۇ توغرىدا مۇشۇ ئەسىردىكى رۇس ئۇيغۇرشۇناسلىرىنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىنىڭ بىرى س. گ. كىلياشتورنى مۇھىم قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ قەدىمكى تۈرك ۋە ئۇيغۇر مەڭگۈ تاشلىرىنى تەتقىق قىلىشقا دۇنيا تۈركلوگىيە ساھەسىدىمۇ مۇئەييەن تەسىرگە ئىگە ئالىملارنىڭ بىرى.

س. گ. كىلياشتۇرنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈشىدە ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قاغانلىرى شىنجاڭ ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رايونلارنى باشقۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ قاغانلارنىڭ ئۆز ئانا ماكانى، ئۆز قېرىنداشلىرى يېنىغا كۆچكەنلىكىنى مۇنۇ تارىخي ھۆججەت بىلەن كۆرسەتتى، «ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قاغانى بۆكۈ قاغان ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان يىللاردا (757 — 779 - يىللار) شەرقىي تەڭرىتاغدىكى[1] رايونلار ئوچۇقتىن ئوچۇق ئۇيغۇرلارنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە ئىدى. «مانى دىنى مەزمۇنىدىكى تۈركچە تېكىستتە (TM—301 - نومۇرلۇق) كۆرسىتىلىشىچە: «قوچونىڭ سىرتىدىكى يەرلەرنى يايلاقلاردىن ئەل تۇتمىش ئۇلۇغ بىلگە تەڭرى ‹قاغان› يەنى بۆكۈ قاغان ئىدارە قىلغان»[2].

«بۆكۈ قاغاننىڭ ‹ئەتىۋارلىق ئوغلى› ئېل ئوگسى تۈزلۈك بەگ ‹قوچو شەھىرىنىڭ بېگى› بولغانىكەن»[3]. «ھازىرقى تويۇقدىكى بىر ئىبادەتخانا تېمىغا يېزىلغان بۇددىزم مەزمۇنىدىكى بېغىشلىما ئېلان قىلىندى. مەزكۇر تېكىستنى يازغان ۋە

① تەڭرىتاغدا مۇنىڭدىن 500 مىليون يىل بۇرۇن تەشكىللەنگەن تاغ تونىللىرى بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردىكى خەلقلەر تەڭرىتاغنى ئۈزلىرىنىڭ ھاياتىغا مەنبە بەخش ئېتىپ تۇرغان تەبىئىي ئىلاھ دەپ چۈشەنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ «تەڭرى» دەپ ئاتىغانلىقىدىن پەيدا بولغان.

② س. گ. كىلياشتورنى: «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخىدىن پارچە» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى. شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى، 96 - يىل 3 - سان.

③ ② س. گ. كىلياشتورنى: «غەربىي يۇرتتىكى تۈركى خەلقلىرى تارىخىدىن پارچە» شىنجاڭ تەزكىرىسى، 1996 - يىل 3 - سانىغا بېسىلغان.

يازدۇرغۇچىلار ئۆز ھىمايىچىلىرىدىن ، بىزنىڭ ئىلاھ بۆكۈ تەڭرى قاغاندۇر» ، «قۇجۇ بالىق بېگى تۈزلۈك بەگدۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر بېغىشلىما 767 ـ 780 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا يېزىلغان» ② دېيىلگەن.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى بۇ قېتىم كۆچۈشتە، ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى باشقۇرغان زېمىن دائىرىسىدىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ماكانغا، قېرىنداشلىرى يېنىغا كۆچكەنلىكىنى كۆرگەن يۇقىرىقى پاكىتلار بىلەن شۇنى دېيىشكە ھەقلىقمىزكى، ئۇلار كۆچكەندە ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانىغا كۆچكەنلىكىنى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلىدى.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىنىڭ شەرق قىسمىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ (توققۇز ئوغۇزلار) نىڭ 15 قەبىلىسى ياغلاقار ئۇرۇقىدىن پان تېكىن رەھبەرلىكىدە ئۆز يەرلىرىنى يەنىسەي قىرغىزلىرىغا تاشلاپ بېرىپ، شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچۈپ كەلدى. شەرقىي تەڭرىتاغ رايونى ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى چەت رايونلىرى ئىدى① . «پان تېكىن بىر مەزگىلدىن كېيىن» مەڭلىك ئۇنۋانىدا باش قوماندان بولۇپ تۇردى. كېيىن قاغان دەپ ئېلان قىلىنىشتى② . پان تېكىن قاغان ئالىي ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش مەقسىتىدە كۇچار شەھىرىنى ئىگىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ جاي قولدىن كەتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ 3 ـ گۇرۇپپىسى بەشبالىققا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ياغلاقار بۆكۈچىننى مۇشۇ گۇرۇپپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى قىلدى. 3 ـ قىسىم ئۇيغۇرلار يەنى سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇيغۇرلار غەربتە تۇرپانغا كۆچۈپ باردى. بۆكۈچىن 866 ـ يىلى تۇرپاننى ئىگىلىدى. بۇ يەردىكى

---

① س. گ. كىلياشتورنى: «غەربىي يۇرتتىكى تۈركى خەلقلەر تارىخىدىن پارچە».
② رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

بارلىق قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى[①]. «بۇنىڭدىن بۇرۇن باشقا تۈرك قەبىلىلىرىدىن باسماللار ۋە تۈركەشلەر بۇ يەرگە ئاللىقاچان ماكانلىشىپ بولغانىدى»[②]. بۆكۈچىنىڭ جوڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ياشىغان باسمىل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ تۈبۈتلەرنىڭ كۈچىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىپ، پۈتۈن شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ ھەممىسىنى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ ئىدارە قىلدى.

تۇرپان رايونىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ۋە باسمىل، تۈركەش قەبىلىلىرى بىر پۈتۈن قەبىلە تەشكىلاتىنى ساقلاپ، بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇپ، بۇ يەرگە ناھايىتى تېز ئورۇنلىشىۋالدى. چۈنكى، كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار تىلى جەھەتتە تۈركى تىلى، دىن جەھەتتە تۇرپان ئويمانلىقىدىكىلەر بىلەن بىردەك بولغانلىقتىن مانى دىنىدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا شەھەر مەدەنىيىتى ئاساسىي ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن بۇ رايوندا يېڭى قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىدى. «قوجو ئۇيغۇر شەھەرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى»[③] بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى دەسلەپتە كۇچار، كېيىن بەشبالىق، ئەڭ ئاخىرىدا قوجو دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دائىرىسى تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا شەرقتە بارىكۆل، جوڭغار ئويمانلىقى بولۇپ، شەرقىي گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمى، شىمالدا تىيانشاننىڭ شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

«مىلادىيە 679 - يىلى ئۇيغۇرلار گەنجۇ رايونىغا ئورۇنلىشىپ، غەربىي يۇرتتىكى بوستانلىق شەھەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانىدى»[④].

---

① س. گ. كىلياشتورنى: «غەربىي يۇرتتىكى تۈركى خەلقلەر تارىخىدىن پارچە».
② ئا. ۋ. گابائىن: «قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى 850 - 1250 - يىللار».
③ مەھمۇد قەشقەرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم 302 - بەت.
④ س. گ. كىلياشتورنى: «غەربىي يۇرتتىكى تۈركى خەلقلەر تارىخىدىن پارچە».

مىلادىيە 840 ـ يىللىرى ئورخون ئۇيغۇر خاقانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ئورخون سېلىنگىر دەريا ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئۆزىنىڭ گەنجۇدىكى قېرىنداشلارنىڭ يېنىغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرغان. بۇ قېتىم گەنجۇغا كۆچۈپ بارغان بۇ گورۇپپىغا ياغلاقار ئورۇقىدىكىلەر يېتەكچىلىك قىلغانىدى. دەل مۇشۇ دەۋردە تۇبۇتلەر شەرقتە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى، جاڭ يې شەھەر ئەتراپلىرى قاتارلىق جايلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

ياغلاقار گورۇپپىسى گەنجۇ رايونىغا كۆچۈپ بېرىپ، تۇبۇتلەرنىڭ، كېيىن جاڭ يېجاۋ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى بۆلدى. ئۇيغۇرلار بۇ قەدىمكى ماكاندىكى ئىلگىرى كېلىپ ئورۇنلاشقان قېرىنداشلىرى بىلەن بىللە گەنجۇ (ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جاڭ يې شەھىرى) نى ئاساسىي تايانچ بازا قىلىپ، بۇ ئورۇندا ئۆز پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا كۈچ توپلاپ، تۇبۇتلەرنى ۋە جاڭ يىجاۋ پادىشاھلىقىنى ئاخىر ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىپ شەرقتە گەنجۇ، دۇنخۇاڭ، يۇمىن، ئەنشىگىچە بولغان جايلارنى ئىگىلىدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرلەردە تارىخىي مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنغان ئوغۇز ياكى ئۇيغۇر (ۋوجى) دېگەن قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ پائالىيەت دائىرىسى يەنىلا شۇ گەنجۇ رايونىغا قەدەر يەتكەنىدى.

تارىخىي مەنبەلەردە ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تولەس (قاڭقى) قەبىلىلەر ئىتتىپاقى مۇشۇ رايوننى مەركەز قىلىپ چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان جاي ئىدى.

گەنجۇ رايونىنىڭ تارىخىدىن قارىغاندا، قەدىمكى كۆكتۈرك خانلىقى كېيىنكى تۈرك خانلىقلىرىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت ئورۇنلىرى بولۇپ، مۇشۇ جايدا بولۇپ كەلگەنىدى. بۇنداق

بولۇشتىكى تۈپكى سەۋەب شۇكى، گەنجۇ رايونى «قەدىمكى يىپەك يولى» نىڭ ئاساسىي ئۆتكىلى بولغانلىقتىن، بۇ رايوننى ئۇيغۇرلار مۇھىم بىلىپ ئۇيغۇر تۈركى قەبىلىلەر ئەزەلدىن قولىدا تۇتۇپ ھەرىكەت قىلغانىدى. شۇڭا، ئۇيغۇر خاقانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن ياغلاقارلار گۇرۇپپىسىدىكى بىر بۆلەك ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمدىن بېرى ئانا ماكانىنىڭ بىرى بولغان گەنجۇ رايونىغا ئورۇنلاشقان.

شۇڭا، تارىختا «گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى» ياكى «خېشى ئۇيغۇرلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. بۇلار قۇرغان خانلىق «گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى» بولۇپ، ئەسلىدىكى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ قاغان نامىنى قوللانغان. ئۇلارنىڭ پايتەختى گەنجۇ (جاڭيې) شەھىرى ئىدى.

مىلادىيە 1028 ـ يىللىرى تاڭغۇت پادىشاھلىقى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىپ گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن 178 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان گەنجۇ خانلىقى ئاخىر پۈتۈنلەي ئاياغلاشتى. كېيىنكى دەۋرلەردە گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى «تارىختا سېرىق ئۇيغۇرلار» نامى بىلەنمۇ ئاتالدى.

ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى يۇگۇ مىللىتى ئەنە شۇ گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى كېيىنكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاسىتە ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ.

گەنجۇ، يەنى خېشى ئۇيغۇرلىرى دەسلەپتە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، كېيىن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل ھەم رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش.

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ھەممىسى ھەربىي ئىشلار بىرلەشتۈرۈلگەن سىياسىي تۈزۈلمىنى يولغا قويغان.

گەنجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىگىلىكىنىڭ ئىككى چوڭ تۈۋرۈكى بولۇپ، بىرى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكى، ئىككىنچىسى، سودا ئىدى. گەنجۇ رايونى يىپەك يولىنىڭ قاتناش تۈگۈنىگە جايلاشقانلىقتىن سودا جەمئىيەت ئىقتىسادىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بار ئىدى.

مىلادىيە 9 ـ، 10 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھازىرقى شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا ياشىغان مىللەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ تارىخى ئەھۋالى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز.

مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ ئۆتتى. بىر تەرەپتىن ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يۈزىسىدىن كىرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈبۈتلەر شىنجاڭدا باش كۆتۈردى.

ئەسلىدە يەتتە سۇ رايونىدا ئولتۇراقلاشقان غەربىي تۈركلەرنىڭ تۈركەش قەبىلىسى زاۋاللىققا يۈزلەندى. ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن زېمىنى كېيىنكى ۋاقىتتا (756 ـ 758 ـ يىللىرى) غەربكە كۆچكەن قارلۇقلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. تۈبۈتلەر غەربىي يۇرتقا قارىتا كېڭىيىپ خېشى رايونلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. كېيىن بۇلار 787 ـ يىللىرى بەشبالىققا ھۇجۇم قىلىپ، قارلۇقلار بىلەن بىرلەشتى. ئۇيغۇر خاقانلىقى بۇ ئىككى كۈچلۈك مىللەتلەر بىلەن ئون نەچچە يىل شىددەتلىك جەڭلەرنى ئېلىپ باردى. ئاخىر جەنۇبتا تۈبۈتلەرنى مەغلۇپ قىلىپ شىمالدا قارلۇقلارنى بويسۇندۇردى. بۇلارنىڭ كۈچى پامىرنىڭ غەربىگىچە يېتىپ باردى. 9 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ئۇيغۇر خاقانلىقى ئاغدۇرۇلۇپ قەبىلە پارچىلاندى.

تاڭ سۇلالىسى بىلەن تۈبۈتلەرمۇ ئاجىزلاپ كېتىشتەك

www.uyghurkitap.com

ۋەزىيەت شەكىللەندى.

قارلۇقلار بۇ دەۋرلەردە سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ زېمىنلىرىغا يېقىن جايغا جايلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ زېمىنى ـــ ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبى بىلەن ئىسپىجابدىن چۇ دەريا ۋادىلىرىنى مەركەز قىلغان، غەربىي شىمال تەرەپتە قولاندىن ئىلى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ تەڭرىتاغنىڭ ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشقان. ئۇيغۇرلار توققۇز ئوغۇزلار (ئۇيغۇرلار) دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنى ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان. غەربتە كۇسەن، شەرقتە قۇمۇل، غەربىي شىمالدا ئىلى، شىمالدا ئېرتىش دەرياسىغىچە بولغان جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوندا ياشىغان «توققۇز ئوغۇز» (ئۇيغۇرلار) دىن باشقا يەنە قىرغىز، قارلۇق، سوغدى قاتارلىق مىللەتلەرمۇ بار. «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق كىتابتا: «تاتارلار توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر خىلى» دېيىلگەن. بۇ مەنبە «ۋاڭ يەندىنىڭ قۇجۇغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە يېزىلغىنى بىلەن ئوخشاش.

ۋاڭ يەندى مۇنداق دېگەن: «جەنۇبىي تۈرك، شىمالىي تۈرك، چوڭ چىگىل، كىچىك چىگىل قەبىلىلىرى، ياغما، قىرغىز، مۇسۇلمان (قۇجۇدا ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇسۇلمانلار بولغان) قاتارلىق كۆپ قەبىلىلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ چارۋا ماللىرىنى باقىدىغان توققۇز تاتارلاردىن باشقا (ھۇدۇدۇلئالەم) دە يەنە قەشقەردىن خوتەنگىچە بولغان جايلاردا ئاستىنئاتۇشتىمۇ (توققۇز ئوغۇزلار) بار».

ياغما «تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ ئىسمى»[1]. بۇ قەبىلە «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق كىتابتا تىلغا ئېلىنغان. «ياغلىقلار توققۇز ئوغۇزلاردىن ئىدى» دېيىلگەن. ۋاڭ يەندىنىڭ قۇجۇغا

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرى، 3 ـ توم.

ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسىدە تىلغا ئېلىنغان «ھۇدۇدۇلئالەم» دە: «ئۇلارنىڭ پادىشاھى بىلەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پادىشاھى بىر ئۇرۇقتىن» دېيىلگەن.

تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ياغلىقار يەنە ھەقىقەتەنمۇ توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى، بىر قەبىلىسى دېگەن. يەنە تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، ياغمىلار ئاساسەن ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدىن قەشقەرغىچە بولغان شىنجاڭنىڭ غەربىي قىسمىدىكى جايلارغا تارقالغانلىقى كۆرسىتىلگەن. يۇقىرىقى ئەسەردە ياغمىلارنىڭ زېمىنىدىكى ئۈچ شەھەر كۆرسىتىلگەن. قەشقەر ئۇنىڭ ئەڭ چەتتىكى بىر شەھىرى ئىدى. ئاتۇش بولسا چۇشۇپ قالغان. ياغما قەبىلىنىڭ زېمىنى نارىن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمال چېتىگە تۇتىشاتتى. بۇ يەرلەردە ياغما، قارلۇق ۋە توققۇز ئوغۇزلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقاندى، دەپ بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىمى، مەھمۇد قەشقەرى ياغمىلار ئۇستىدە توختىلىپ 11 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنىڭ ئىلى ۋادىسىدا، بىر قىسمىنىڭ بولسا تىراز (تالاس) ئەتراپىدا ياشىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ[①].

چىگىل قەبىلىسى: «چىگىل ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى. باربارىسخانىنىڭ تۆۋەن تەرىپى، تالاس شەھىرى يېنىدىكى بىر شەھەرچىسىدە ياشىغانلار چىگىل دەپ ئاتىلىدۇ»[②]. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەسلىدە قارلۇقلارنىڭ ئۈچ ئۇرۇقىنىڭ بىرى قىلىپ تىلغا ئېلىنغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە: «قارلۇقلار ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىي شىمالىدا ياشايدۇ دەپ خاتىرىلەنگەن»[③]. گەردىزىنىڭ تارىخىي ئەسىرى «زەينۇل ئەخبار» دە:

---

① مەھمۇد قەشقەرى: ئىلى دەرياسىنى تىلغا ئالغاندا: «تۈركلەردىن ياغما ۋە توخسىلار بىلەن چىگىللارنىڭ بىر قىسمى جۇشكەن جىلغا» دەپ بايان قىلغان.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرى 1 ـ توم، 551 ـ بەت.
③ ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«ئىسسىقكۆلنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە يەرلەر چىگىللەرنىڭ» دەيدۇ①. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، چىگىل، قارلۇق، ياغما ۋە توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقان يەرلىرى ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. بۇ قەبىلە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

تۈركەش قەبىلىسى «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق كىتابتا، بۇ قەبىلىلەرنىڭ نامىنى «توكىش» دەپ ئالغان. «تەتقىقاتچىلار تۈكىشلارنى تۈركەش قەبىلىسىدىن قېپقالغان قوۋم دەپ قارايدۇ. تۈركەش قەبىلىلىرى چۇ دەرياسى ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىن ئىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلار، يەنى ھازىرقى ئالماتانىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە ياشىغان.

تۈركەش رايونلىرىدىمۇ سوغدىلار ئولتۇراقلاشقان كەنتلەر بولغان.

مىلادىيە 840 ـ يىللىرى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ياغما قەبىلىسى غەربكە كۆچۈپ قەشقەرگە كەلگەن. بۇ جايلارنى قارلۇقلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، بۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان. كېيىنچە ئۇلار مىڭلاق، ئىلى ۋادىسىغا قەدەر تارقالغانىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ياغمىلار كۆچ توپلاپ مەركەز بالاساغۇندىن (قۇز ئوردۇ، قۇز ئۇلۇس) رايونلىرىنى قوللىرىغا كىرگۈزگەن. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرلەردە ياغما قەبىلىسى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نارىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەن②. ياغمىلار ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ۋە ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىلەن قارلۇق خانلىقىغا تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنىڭ ھوقۇقلىرىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان. 10 ـ ئەسىردىكى ئەرەب جۇغراپىيونلىرىنىڭ مەلۇماتىدا ياغمىلارنى قەشقەر بىلەن ئۇنىڭ غەربىي شىمالىغا يېقىن جايلارغا ھاكىم بولغان دەپ كۆرسىتىدۇ.

---

① گەردىزىنىڭ: «زەينۇل ـ ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدىن.
② «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»، 4 ـ توم، 904 ـ بەت.

پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن غەربكە كۆچكەن پان تېكىن زەھبەرلىكىدىكى 15 قەبىلە غەربكە قاراپ يۈرۈپ قەشقەردە كۆچ توپلاپ قارلۇقلارنىڭ ئىگىلىگەن جايلىرىدىن بولغان قەشقەر، ئاتۇش، ئىلى ۋادىسى، ئىسسىقكۆل ۋە بالاساغۇن قاتارلىق رايونلارنى تارتىپ ئېلىپ قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇردى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچى كىم؟ قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قايسى تۈركى تىللىق خەلقلىرى تەشكىللىگە (قايسى نەسەپ) كە مەنسۇپلۇقى مەسىلىسى خېلىدىن بېرى تارىخ ئالىملىرىنىڭ تالاش - تارتىش تېمىسى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ مەسىلىدە تارىخ سەھنىسىدە قارىمۇ قارشى بىرمۇنچە كۆز قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە قاراخانىيلار خاندانلىقى قارلۇقلاردىن كېلىپ چىققان دېسە، بەزىلەر ئۇيغۇر ياغمىلارنى ئاساس قىلغان دەيدۇ. يەنە بەزىلەر چىگىللەردىن كېلىپ چىققان دەيدۇ.

«تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «ھۇدۇدۇلئالەم» جامال قارشىنىڭ «سۇراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» ناملىق ئەسەرلەردە بايان قىلىنغان پاكىتلاردىن قارىغىنىمىزدا، «ياغمىلار تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ ئىسمى»[1]. شۇڭا تۈركى قوۋملىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيە 742 - يىللىرى تۈرك خانلىقى مۇنقەرىز بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇيغۇر قارلۇق ئىتتىپاقىدىكى باسمىللارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بىراق، باسمىللارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىنتايىن قىسقا بولدى. كېيىن ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى ئۇيغۇرلار قولىغا ئۆتتى. ياغمىلار مۇشۇ توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) ئىچىدىكى بىر قوۋم بولۇپ، 766 - يىلى سۇياب

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى» 3 - توم.

شەھىرىنى ئىگىلەپ، بۇ شەھەرنى ئۆزىگە پايتەخت قىلغانىدى. «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق ئەسەردە كۆرسىتىلىشىچە: «ياغمىلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. ئۇلارنىڭ پادىشاھى بىلەن توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇرلار) لارنىڭ پادىشاھى بىر ئۇرۇقتىن ئىدى» دېيىلگەن. ياغمىلار ھەقىقەتەن توققۇز ئوغۇزلارنىڭ بىر قىسمى. يەنە بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا: «ئۇلار ئاساسەن ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدىن قەشقەرگىچە بولغان جايلاردا بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ غەربىي شىمالىغا يېقىن بولغان جايلارغا تارقالغان. مىلادىيە 9 ـ ئەسىرلەردە ياغما قەبىلىسى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نارىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەن»① . شۇ مەنبەگە قارىغاندا، قەشقەر، ئاتۇش رايونلىرى ياغمىلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسىدە بولغان. «ھۇدۇدۇلئالەم» ناملىق ئەسەردە: «قەشقەر ئەڭ دەسلەپتە ياغمىلار قولىدا ئىدى» دېيىلگەن. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە: «ياغمىلار كېيىن چۇ دەرياسى، مىڭلاق، ئىلى ۋادىسى② قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ بۇ رايونغا ھاكىم بولۇشتى» دېيىلگەن.

مەھمۇد قەشقەرى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قارلۇقلارنىڭ خېلى كۆپ بىر قىسمىنىڭ ئىلى ۋادىسىدا، بىر قىسمىنىڭ بولسا تىراز (تالاس) ئەتراپىدا ياشىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما، سامانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچىسى ئىسمائىل مىلادىيە 893 ـ يىللىرى ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەرىكىتى بىلەن قوشۇن تارتىپ تالاسقا ھۇجۇم قىلىپ تالاسنى قارلۇقلاردىن تارتىپ ئېلىپ، قارلۇقلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرگەن. تالاستىكى خرىستىئان دىنى چېركاۋلىرىنى مەسچىتكە ئۆزگەرتتى ھەمدە تالان ـ تاراج قىلىش ئارقىلىق نۇرغۇن ئولجىلار بىلەن قايتىپ كەلدى. شۇ يىلى ئۇ يەنە سوتراشانانى ئۆزىگە

① «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى»، 4 ـ توم.
② ۋاڭ جىلەي: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 2 ـ قىسىم، شىنجاڭ نەشرىياتى نەشرى.



www.uyghurkitap.com

قوشۇۋالدى، دېيىلگەن.

«مەجمەئۇتتەۋارىخ ۋەل ـ قىسەس» ناملىق ئەسەردە ياغما ھۆكۈمرانلىرىنىڭ «بۇغراخان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتكەن. مانا بۇلار ياغمىلارنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان كۈچلۈك دەلىل[1].

قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى «يابغۇ» ئۇنۋانىنى قوللانغان. ھەتتا «ھۇدۇدۇلئالەم» دە ئېيتىلىشىچە، قارلۇق ھۆكۈمرانلىرى «يابغۇ» ئۇنۋانىنى قوللانغان.

ئەبۇ سەئىد ئەبدۇل ھەييابىننى زەھھاك گەردىزىنىڭ غەزنە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرەشىد (1050 ـ 1053 ـ يىللىرى) نىڭ قىسقىغىنا ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىدە يېزىپ چىققان «زىينۇل ـ ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدە: «بۇ قەبىلىنى يابغۇ قارلۇق» دەپ ئاتىغان دەپ كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن: «قارلۇقلارنىڭ بىر ئادىمى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇرلار) يۇرتىغا قېچىپ كەپتۇ. قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى بىر كىشى ئۇنى ئوۋلاۋاتقان جايدا كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ يەر ناھايىتى سوغۇق بولغاچقا ئۇستىگە ئىككى پارچە كىگىزنى يېپىنچاقلىۋالغانىكەن. قاغاننىڭ قول ئاستىدىكى ھېلىقى كىشى ئۇنى «يابغۇ» دەپ ئاتاپتۇ. كېيىن ئۇنى قاغاننىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. قاغان ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆز ھۆكۈمرانلىق ئاستىدىكى قارلۇقلارنى چاقىرىپ بۇ «يابغۇ» نى ئۇلارغا باشلىق قىلىپ تەيىنلەپتۇ. بۇ قەبىلىنى «يابغۇ قارلۇق» دەپ ئاتاشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. قارلۇقلاردىن بىرىنچى بولۇپ تەختكە چىققان كىشىنىڭ ئىسمى — ئىلمال مايىسىن ئىدى دېيىلگەن.

خۇددى ئۇيغۇر تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «قارلۇق

---

① بارتولد: «تۈركىستان» ناملىق ئەسەردىن.

تۈركمەنلەرنىڭ بىر قىسمى»[①] ئىدى. 11 ـ ئەسىردە قارلۇق چوڭلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان دەپ «جۇغلان»، «ساغۇن» ۋە كۆل ئەركىنلەرنى كۆرسەتكەنىدى[②]. يۇقىرىقى تارىخىي مەنبەلەرگە قاراپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى بولغان ياغمىلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى بىلەن 840 ـ يىللىرى غەربكە كۆچۈپ قەشقەردە ئاتۇش[③] رايونىغا كەلگەن. بۇ جايلارنى قارلۇقلار قولىدىن تارتىپ ئېلىپ بۇ جايلاردا ئولتۇراقلاشقان. كېيىن ئۇلار مىڭلاق، ئىلى ۋادىسى قاتارلىق رايونلارنى قارلۇقلاردىن ياغمىلار تارتىۋالغان. يەنە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەركىزى بالاساغۇن رايونىنى مىلادىيە 880 ـ يىلى ئىگىلىگەن.

جامال قارشى (ئەبۇل پەزل مۇھەممەد ئۇمەر ئوغلى. ئۇمەر بولسا خالىدە ئوغلى بولۇپ «تەخەللۇسى» جامال قارشى) ئۆزى ئالمىلىقتا 1230 ـ يىلى تۇغۇلغان.

مىلادىيە 1300 ـ يىلى «مۇلھاقاتوس ـ سۇراھ» ناملىق «سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» ئىلاۋىسىنى يېزىشتا قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەرلىك تارىخ ئالىمى ئەبۇلفۇتۇھ ئەبدۇلغەپۇر ھۈسەيىن ئەلمايى تەرىپىدىن يېزىلغان «تارىخىي كاشغەر» دىكى تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسەن مۇنداق دېگەن: مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا ياغما قەبىلىسىنىڭ باشلىقى كۆل قادىرخان (سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسى) دېگەن ئادەمنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ مىلادىيە 880 ـ يىللىرى

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرى 2 ـ توم.
② مەھمۇد قەشقەى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم.
③ قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرى 1 ـ توم، 151 ـ بەت.

بالاساغۇن شەھىرىدىكى قارلۇق خانلىقىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى بار تېكىن (بازىرى تېكىن) نى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي شەرەپ نامى بولغان «ئارسلانخان» دېگەن نامنى بېرىپ، بالاساغۇن شەھىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرغان. كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق تېكىنگە ئەسلىدىكى «قادىرخان» دېگەن نامنىڭ ئۈستىگە يەنە ياغما ئۇرۇقىنىڭ شەرەپ نامى بولغان «بۇغراخان» دېگەن نامنى بېرىپ تالاس شەھىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرغان دېيىلگەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، «سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن كىتابتىكى مەنبە ئەڭ ئىشەنچلىك دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە قاراخانىيلارنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەسەردە كۆپرەك بايانلار بېرىلگەن. قاراخانىيلاردا: «خان»، «قاغان» ئۇنۋانلىرى ئۇيغۇر ياغمىلار قەدىمدىن بېرى قوللانغان ئۇنۋان ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسەن شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىقىش يىللىرىدا دۆلەتنىڭ قۇرغۇچىلىرى دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئۇيغۇرلار ياغمىلارنىڭ توپلانغان رايونى قەشقەر، «ئوردۇ كەنت»[1] ئىكەنلىكى، دۆلەتنى قۇرغۇچىلارنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارىنىڭ بۇ قەشقەردە بولغانلىقى، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قەبرىستانلىقىمۇ دەل قەشقەر، ئاتۇشتا ئىكەنلىكى، ياغمىلارغا رەھبەرلىك قىلغان ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇرۇندىنلا ياغمىلارنىڭ

① «قەشقەر شەھىرى ئوردۇ كەنت دېيىلىدۇ». «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 168 ـ بەت.

شەرەپ ئۇنۋانى بولغان «بۇغراخان» ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىنى، بۇ دۆلەتلەرنى قۇرغۇچىلار ئۇيغۇر ياغمىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمدىن بېرى ئىشلەتكەن ئۇنۋانلىرىنىڭ «خان»[1] ، «قاغان» ئىكەنلىكى ئېنىق. ھەتتا شۇ دەۋرلەردىن بىزگە يېتىپ كەلگەن ھۆججەت ۋە ھۆكۈمدارلار نامى بىلەن ياسالغان تەڭگە، ئالتۇن پۇللاردا بولسۇن بۇ ھال ئوچۇق ھالدا «خان» ، «خاقان» سۆزىنى ئىشلەتكەن.

تارىخىي پاكىتلار شۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇكى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئۇيغۇر ياغمىلىرى ئىكەنلىكى ھەقىقەت.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى ئۇيغۇر ياغمىلىرى ئىكەنلىكىنى ھازىر دۆلەت ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى تارىخچىلار بىردەك ئېتىراپ قىلىپ كەلمەكتە.

---

① «خان ـ تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى، ئەفراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىمۇ خان دېيىلىدۇ» . مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم 206 ـ بەت.

# ئۈچىنچى باب
# قوچو ئۇيغۇر خانلىقى

## 1. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

مىلادىيە 840 - يىللىرى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ رەھبەرلىرىدىن بولغان پان تېكىن 15 قەبىلىگە يېتەكچىلىك قىلىپ شەرقىي تەڭرىتاغ رايونىغا كۆچۈپ كەلدى. شەرقىي تەڭرىتاغ رايونى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئەسلىدىكى چەت رايونلىرى ئىدى»[①]. ئۇلار جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ياشاپ كەلگەن باسمىل قەبىلىلىرى رايونىغا كۆپۈپ كەلدى. مىلادىيە 720 - يىللىرى ئاسىنايىنىڭ رەھبەرلىكىدە بەشبالىقتا تۇرغان باسمىل قەبىلىسى ئۇزاق تارىختىن بېرى تۇبۇت[②] ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشاپ كەلگەنىدى. پان تېكىن رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇرلار باسمىل قەبىلىسىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئۇلار بىلەن بىرلىشىپ تۇبۇتلەرگە قارشى كەسكىن جەڭ قىلىپ، تۇبۇتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى بەشبالىق[③] شەھىرىنى ئىگىلىدى.

پان تېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن «مەڭلىك ئۇنۋانىدا باش قوماندان بولۇپ تۇردى. كېيىن ئۇنى قاغان دەپ

① س. گ. كىلياشتورنى: «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدىن پارچە».

② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دە: تۇبۇتلەر تۈرك ئېلىگە باشقا جايدىن كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغان كىشىلەردۇر. «دىۋان» 2 - توم 385 - بەت.

③ balik بالىق - ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى تۈرك - ئۇيغۇر تىلىدا شەھەر - قەلئە، شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى بەشبالىق دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بەش شەھەر دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ نىيە شەھىرى «يېڭى بالىق» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يېڭى شەھەر دېگەن بولىدۇ. «دىۋان» 1 - توم 492 - بەت.

ئىلان قىلىشتى»[1] . پان تېكىن قاغان ئالىي ھاكىمىيەتنى قولىغا ئېلىش مەقسىتىدە ئاگنى (قارا شەھەر) رايونىغا بېسىپ كىرىپ كۇچار شەھىرىنى ئىگىلىدى. خاملىتون پان تېكىننى 16 ـ خان، بوقۇچىن (بۆكۈچىن) نى 17 ـ خان دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە بوقۇچىن «تەڭرىتاغ ئەتراپىدا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى ۋە 16 ـ خاننىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق دەيدۇ»[2] . «ياغلاقار رەھبىرى بوقۇچىن (بۆكۈچىن) مۇشۇ گۇرۇپپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ باشلىقى ئىدى. شۇنداقلا سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئۇيغۇرلار بوقۇچىن رەھبەرلىكىدە تۇرپانغا كۆچۈپ بېرىپ مىلادىيە 866 ـ يىلى تۇرپاننى ئىگىلىدى. بۇ يەردىكى بارلىق قەبىلىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى»[3] . «بۇنىڭدىن بۇرۇن باشقا تۈرك قەبىلىلىرىدىن باسمىللار بۇ يەرگە ئاللىقاچان ماكانلىشىپ بولغانىدى»[4] .

بوقۇچىن جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈرك ـ باسمىل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، شەرقىي تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ ئىدارە قىلدى. «9 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى بەشبالىق ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ رەھبىرى بۆكۈ تېكىن ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ كىشى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى ئىدى»[5] . ئالىملار «بوقۇچىننى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىككىنچى قاغانى دەپ ھېسابلايدۇ»[6] . «پان تېكىننى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى دەپ ھېسابلايدۇ»[7] . «بوقۇچىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ قاغانى ئىدى

---

① رىشات گەنجى: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسەر، خەلق نەشرىياتى نەشرى.
② خاملىتون: «بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، خەلق نەشرىياتى 82 ـ يىل نەشرى.
③ س. گ. كىلياشتورنى: «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدىن پارچە» ناملىق ئىلمىي ماقالىدىن.
④ ئا. ۋ. گابائىن: «قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئىلمىي ماقالىدىن.
⑤ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسەر، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 112 ـ بەت.
⑥ چىڭ سۇلو: «قوچو ئىدىقۇتلارنىڭ شەجەرىسى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسەردىن.
⑦ چىڭ سۇلو: «قوچو ئىدىقۇتلارنىڭ شەجەرىسى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن ئەسەردىن.

دەپ قارايدۇ»[1] . بىر قىسىم ئالىملار بوقۇچىن توغرىسىدا غەربكە كۆچكەن 15 قەبىلىنىڭ سەردارى، پان تېكىنىنىڭ ئىنىسى «بوقۇچىن ئۆز ۋاقتىدا ‹قوچىن› دەپ خاتا يېزىلغان» دەپ قارايدۇ. بوقۇچىن (بوگوچىن) رەھبەرلىكىدىكى ئۇيغۇرلار تۇرپانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئەسلىدىكى ئۇيغۇر ۋە باسمىل تۈركەش قەبىلىلىرى بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇپ، بۇ يەرگە ناھايىتى تېزلا لايىقلىشۋالدى ۋە سىياسىي ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى. تۈركشۇناس ئالىم ئا. ۋ. گابائىن خانىم تۇرپان ئويمانلىقىغا ئۇيغۇرلارنىڭ كۆچۈپ كېلىشى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «تۇرپان ئويمانلىقى قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانى 745 — 854 - يىللىرى باشقۇرۇپ كەلگەن جاي ئىدى. ئۇ بىر مەزگىل قوجۇنىمۇ ئىدارە قىلغانىدى، ئۇلاردا ئەزەلدىن قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت بار ئىدى، تۇرپان ئويمانلىقىدىكى توخرى، سوغدى ۋە باشقا قەبىلىلەر تىل جەھەتتىن بىردەك بولغانىدى. ئۇ جايدىكى توخرى، سوغدى قاتارلىق مىللەتلەر ئاللىقاچان ئۇيغۇرلىشىپ بولغانىدى» . ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئۇيغۇرلار بو رايوندا يېڭى قوجو[2] ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىدى. بۇ دۆلەتنىڭ دەسلەپتىكى پايتەختى كۇچار كېيىن بەشبالىق، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەختى قوجو دېگەن نام بىلەن «قوجو ئۇيغۇر خانلىقى» دەپ ئاتالدى. قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەركىزى — قوجو شەھىرى (ھازىرقى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرى) ئىدى. «ئىدىقۇت»[3] «بەخت ئىگىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى تۇرپان ئويمانلىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا، شەرقتە بارىكۆل جۇڭغار

① جاڭ گۇاڭدا: «شىنجاڭ - غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلارغا دائىر دونخۇڭدىن تېپىلغان بىر پارچە ھۆججەت» ، بېيجىڭ داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى 1989 - يىلى 2 - سان.

② مەھمۇد قەشقەرىنىڭ: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «قوجو ئۇيغۇر شەھىرلىرىدىن بىرىنىڭ ئېتى» دەپ كۆرسەتكەن. «دىۋان» نىڭ 3 - توم 302 - بەت.

③ مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋان» دا ئىدىقۇت دېگەن باسمىل قەبىلىسى رەھبەرلىرىنىڭ نامى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

www.uyghurkitap.com

ئويمانلىقى، جەنۇب تەرەپتە قارا شەھەرنىڭ شەرقى ۋە گەنسۇنىڭ غەربىي قىسمى، شىمالدا تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ جايغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان دېھقانلىق تۇرمۇشىغا، يېڭى فېئودالىلىق تۈزۈمگە ئۆتۈشتەك يېڭى ئىجتىمائىي ھاياتنى باشلىدى.

«قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قاغانلىق خاراكتېرىدە ئەمەس، بەلكى پادىشاھلىق خاراكتېرىدە ئىدى. قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى ئارسلانخان دەپ ئاتىلاتتى. پادىشاھنىڭ ئىچكى قىسمىدا تەرتىپ ياخشى ئورنىتىلغان بولۇپ، روھىي ھاياتى جانلىق، ماددىي تۇرمۇشى باياشات ئىدى»[①]. «ئۇيغۇر پادىشاھى بايرام كۈنلىرىدە ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن زىننەتلەنگەن سۇپا ياكى پادىشاھلىق تەختىدە[②] ئولتۇراتتى[③]. بېشىغا تاج[④] تاقاپ ئۈستىگە قىزىل تون كىيەتتى»[⑤]. «تام سۈرەتلىرى» (3 - توم) دىن ئۇنىڭ بىرخىل ئېگىز رەك ئالتۇن تاج ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

بۇ تاجنىڭ ياسىلىش شەكلى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «دۆلەت ئىشلىرىدا ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن ئاكابىر ئەشرەپلەر ۋە داقا - دۇمباقچىلار بىللە ئولتۇراتتى»[⑥]. «قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئاستىدا توققۇز ۋەزىر، زورراخانلىق بېگى، ئالتۇن جۇلالىق ئىناۋەتدار تۆرە، مۇپەتتىش خەلپەت بېگى، سول قول خىسلەت قۇچقۇچى چوڭ سانغۇن، ساراي مۇپەتتىشى، ئاستانە ئەتراپى سۈيۈرغال قىلىپ بېرىلگەن تۆھپىدار ئالىي دۆلەت ئەركانى، نازارەتچى، ھاكىم تۇتۇق»[⑦] ھەمدە ئۆگە (ھاكىمغا

---

① ئا. ۋ. گاباتىن: «قارا قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدىن.
② «قۇجۇ تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر ھۆججەتلەر».
③ «تۇرپاندىن تېپىلغان تۈرك ھۆججەتلىرى» ئا. ۋ. گابىن.
④ «تۇرپاندىن تېپىلغان تۈرك ھۆججەتلىرى» ئا. ۋ. گابىن.
⑤ «didim» دېگەن سۆز مانى دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئارىئان تىلىدىن كەلگەن.
⑥ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
⑦ «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر» ناملىق ئەسەردىن.

تەڭ)، ئەلچى (ۋەزىرگە تەڭ)، ھاكىم (ئەدلىيە ئەمەلدارى) بولاتتى»①.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن تارتىپ: «تارىم ئويمانلىقىدىكى ئىككى تاغ ئارىسى، جەنۇبتا كوئېنلۇن تاغ تىزمىسى، شىمالدا تيانشان تاغ تىزمىسى ئارىلىقىدىكى رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ قاتناش ئالاقىسىنىڭ يۆنىلىشىنى ۋە تارىخىي تەرەققىياتىنى بەلگىلەيتتى. بۇ قەدىمكى دەۋردىكى ‹يىپەك يولى› مۇشۇ رايونغا جايلاشقان»②. قوجو ئۇيغۇر خانلىقى مۇشۇنداق يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى. سودا ۋە دىن مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغاچقا، تۆت قەدىمكى مەدەنىيەت، يەنى جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، مىسوپوتامىيە مەدەنىيىتى شۇنىڭدەك خرىستىئان، مانى، زەردۇش، بۇددا، ئىسلام دىنى قاتارلىق مەشھۇر دىنلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ زېمىندىن تارقىلىشقا باشلاپ بۇ رايون قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشقان «تۆت كوچا» ئېغىزىغا ئايلانغان. بۇ خىل ئۇچرىشىش قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخ، ئەدەبىيات، سەنئەت قاتارلىق پەنلەرنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى ئۇچۇن يول ئېچىپ، پەلسەپە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەھمۇد قەشقىرى «قوجو ئۇيغۇرلىرىنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقى بار. رەسمىي ھۆججەت، خەت - چەكلەرنى شۇ يېزىقتا يازىدۇ. ئۇ يېزىقنى تاتلار، مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ»③ دېگەنىدى. «قوجو

① «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
② ئا. ۋ. گاباﺋىن: «قوجو ئۇيغۇر خانلىقى».
③ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرى.

قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىق ھاياتىنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن قېزىۋېلىنغان ئارگېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار ۋە قولىيازمىلارنىڭ ياردىمى بىلەن سۈرەتلەپ بېرىشكە بولىدۇ»①. تۇرپان رايونىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، يەر ئاستىدىن تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ قۇرلىرى خەنزۇچە يېزىقتىن باشقا بىراخما يېزىقىنىڭ «Gupta» ۋارىيانتى، تىبەت يېزىقى، ئىنجىل ئۇسلۇبىدىكى پەھلىۋى يېزىقى ۋە قەدىمكى تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى قاتارلىق يېزىقلار ئۇچرىتىلغان. «شۇنىڭ بىلەن بىللە قولىيازما ۋە ئويما يېزىقلارنىڭ خىلمۇخىل تىللاردا يېزىلىشىدىن قارىغاندا بۇ رايون مەدەنىيىتى كۆپ تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ»②. دېمەك شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇ رايوندا ئالايلۇق، خەنزۇ تىلى، تاڭغۇت تىلى، موڭغۇل تىلى، تىبەت تىلى، ئارىلاشما سانسكرىت تىلى، قەدىمكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارس تىلى، سوغدى تىلى، (خوتەن) ساك تىلى، «توخار تىلى» (قەدىمكى كۇچار تىلى)، سودىيە تىلى قاتارلىق تىللاردا يېزىلغان ھۆججەتلەر كۆرۈلگەن. ئەڭ كۆپ ساندا تېپىلغانلىرى يەنىلا قەدىمكى تۈرك تىلىدىكى ھۆججەتلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك شۇ نەرسە ئېنىقكى، تارىم ئويمانلىقىدا ياشىغۇچى ئاھالىلەر ھەرخىل ئېرقتىن بولسىمۇ ئۇيغۇرلىشىپ بىر گەۋدە بولغان. ئەمما، تىل جەھەتتىن بولسا بىرلىككە كەلگەن تۈرك تىلى، يەنى ئۇيغۇر تىلىنى قوللىنىپ كەلگەندى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا ئون نەچچە خىل يېزىقلارنى قوللىنىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ھەرخىل تىل ۋە ھەرخىل يېزىقتىكى ئەسەرلەرنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇردى. ئىنسانىيەت

① ئا. ۋ. گابائىننىڭ: «قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى (م. 850 ـ 1250 ـ يىللار) «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىلمىي ماقالىسىدىن، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىل 3 ـ سان.

② ئا. ۋ. گابائىننىڭ: «قارا قوجو ئۇيغۇر خانلىقى».



www.uyghurkitap.com

مەدەنىيىتىگە تۆھپە قوشتى.

ۋاڭ يەندې (981 ـ، 984 ـ يىللار) نىڭ «قوجوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دە: «مەملىكەتتە موھتاجلىق يوق. ئاشلىقى تۈگەپ قالغانلارنى ئومۇم قوتقۇزىدۇ. شۇڭا بۇ جايدا كىشىلەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. يۈز ياشتىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ. ياش ئۆلۈپ كېتىدىغانلار يوق. ھۆكۈمران دائىرىلىرى ئاشلىق سىرتىدا قوشۇمچە قوي، غاز، ئۆردەك گۆشىنى ئىستېمال قىلىدۇ»[①] دېيىلگەن. دېمەك شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ۋاڭ يەندىنىڭ قوجوغا بارغان ۋاقتىدا قوجودا «موھتاجلىق يوق» دېگەنگە قارىغاندا ئەينى دەۋردە قوجونىڭ ئىگىلىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، خەلقنىڭ ئۆزى ناھايىتى باياشات تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى، خەلقنىڭ راھەت تۇرمۇشى ئىچىدە ياشىغانلىقى ئېنىق. ۋاڭ يەندى قوجودا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئات ـ ئۇلاغلار تۈزلەڭلىكتە بېقىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ چارۋىلىرى يۈزنەچچە چاقىرىم يەرگىچە يېيىلغان. ئۇلار چارۋىلارنى ئۆز خىلى بويىچە توپقا ئايرىغان. سانىنى بىلگىلى بولمايدۇ»[②] دېگەنىدى. قوجو ئۇيغۇر خانلىقى سارىيىغا ئەلچىلىككە بارغان ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ يازغان خاتىرىسىدە قوجو دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تەسۋىرلەپ: «ئۇ يەردىكى ھەرقانداق بىر كىچىك باشلىقنىڭمۇ نەچچە يۈزلەپ ئاتلىق ئەسكەرلىرى بار»[③] دېگەنىدى. ھەقىقەتەنمۇ قوجو ئۇيغۇر خانلىق زېمىنىنىڭ شىمالىي قىسمى بىپايان كەڭ ۋە مۇنبەت ئوتلاق بولۇپ ئوتلاقلاردا ئات، تۆگە، كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلار بېقىلاتتى. بۇ يايلاقلاردا ياۋايى ئات، قوتاز، ئارقار، كېيىك، بۆكەن قاتارلىق ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوتلايتتى.

---

① ۋاڭ يەندې: «قوجوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».
② ③ ۋاڭ يەندې: «قوجوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان جايلارنىڭ بىرى ئىدى.

قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، تۇرپان ۋادىسى قەدىمكى زامانلاردىلا پاختىچىلىق بىلەن داڭ چىقارغان مەشھۇر دېھقانچىلىق رايونى ئىدى. بۇ جايدىن چىقىدىغان دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر، كان مەھسۇلاتلىرى، دورا ـ دەرمەك مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلار داڭلىق ئىدى.

دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئىچىدە بۇغداي، شال، ئارپا، قوناق، پۇرچاق قاتارلىق ئاشلىق زىرائەتلىرى، زىغىر، كۇنجۇت، ئۈزۈم، ياڭاق، ئامۇت قاتارلىق مېۋە ـ چېۋە ۋە ئىقتىسادىي زىرائەتلىرى بار ئىدى. مىلادىيە 981 ـ، 984 ـ يىللىرى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىغا ساياھەتكە بارغان ۋاڭ يەندې: «تۇرپان ۋە بەشبالىق رايونلىرىدا پاختا، بۇغداي، پۇرچاق، يىپەك، ھەرخىل كۆكتات، مېۋە ـ چېۋە (بولۇپمۇ ئۈزۈم ۋە قوغۇن ـ تاۋۇز) ھەرخىل خۇشبۇي ماتېرىياللىرى، كان بايلىقلىرى (بولۇپمۇ كۆمۈر)، تۇز قاتارلىقلارنىڭ چىقىدىغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن»①. ھەقىقەتەنمۇ قوچونىڭ پاختىسى تارىختىن بىرى مەشھۇر بولۇپ، كۆپىنچە رەخت توقۇش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى. پاختىدىن توقۇلغان ماتا، سەرگەز، يۇمشاق ۋە چىدامىلىق بولۇپ قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۇنى بازاردا تاۋار سۈپىتىدە ئالماشتۇراتتى②. دېھقانچىلىققا دائىر بىرقانچە قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار، يۇرتىمىزنىڭ قەدىمكى زامان دېھقانچىلىق تارىخىغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللار بىلەن زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بۇندىن 4000 ـ 5000 يىللار بۇرۇنقى ۋاقىتتا تىيانشان تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە

---

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى ـ قوچو تەزكىرىسى»، ۋاڭ يەندې خاتىرىلىرىدىن.
② «جەنۇبىي سۇلالىلەر تارىخى، قوچو تەزكىرىسى».

شىمالىي ئېتەكلىرىدىن تاكى قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگىچە بولغان كەڭ رايون دائىرىسىدىكى تاغ يامىزالىرى، جىلغا ئېتەكلىرى، دەريا ۋادىلىرىدىكى مۇنبەت يەرلەردە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى ۋۇجۇدقا كەلگەن»[1] . «تۇرپان ئاستانە قەدىمكى قەبرىدىن بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇنقى ياڭاق»[2] ، «تۇرپان ئاستانىدىكى» 9 ــ ئەسىرلەرگە تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىدىن تېپىلغان نەشپۈت، ئامۇت»[3] ، «كۆنچى دەرياسى بويىدىكى بۇندىن 4000 يىل بۇرۇنقى قەبرىدىن چىققان قېلىن ۋە زىچ توقۇلغان بۇيۇملارنى ئېنىقلىغاندا ئۇنىڭغا كەندىر تالاسى ئىشلەتكەن»[4] . «تۇرپان ئاستانىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن چىققان ماش ــ پۇرچاق، 2000 يىلدىن 3000 يىلغىچە تارىخقا ئىگە»[2] . «تۇرپاندىكى قەدىمكى قەبرىدىن چىققان زىغىر 3000 يىللىق تارىخقا ئىگە»[6] . «كۆنچى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى قەدىمكى قەبرىدىن چىققان بۇغداي 3800 يىللىق تارىخقا ئىگە»[7] . «1959 ــ يىلى ئارخېئولوگلار مىلادىيە 1 ــ ئەسىردىن 3 ــ ئەسىرگە تەۋە قەدىمكى قەبرىدىن پاختا يىپتا توقۇلغان بىر ئەرەنچە ئىشتان، بىر قولياغلىق، ئىككى ياغلىق ۋە پاختىدىن ياسالغان ئەڭلىك بۇيۇملىرىنى تاپقان»[8] . بۇ ئارخېئولوگىيىلىك پاكىتلار قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دېھقانچىلىقىنىڭ قەدىمىيلىكىنى مۇنازىرىسىز ھالدا ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى خېلى تاكامۇللاشقان. دېھقانچىلىقتا ھەرخىل تۆمۈر، چۆيۈن، قوراللىرى ۋە ياغاچتىن ياسالغان ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ئىشلىتىش، سۇ تۈگمەنلىرىدىن پايدىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغان.

① ②③④ «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
② ⑥⑦⑧ «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك قەدىمكى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئاساسىدا راۋاجلانغان. ۋاڭ يەندىنىڭ خاتىرىسىدىكى بايانلىرىدا: «قوجو ئۇيغۇرلىرى ناھايىتى چېۋەر بولۇپ ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر ۋە قاشتېشى قاتارلىقلاردىن ھەرخىل سايمان ۋە بويۇملارنى ياسايدۇ. ئاياللارنىڭ تارغاق، سۆزگۈچلىرى تامامەن ئالتۇندىن ياسىلىدۇ»① دەپ يېزىلغان ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا ئاياللارنىڭ ھالقا، ۋە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئالتۇندىن ئىشلەنگەنلىكى ۋە بېشىغا ئارتىدىغان ياغلىق ۋە باشقا كىيىم – كېچەكلەرنىڭ يىپەكتىن، پاختىدىن، يىپەكتىن توقۇلغانلىقى بايان قىلىنغان② . ئۇلاردىن ئات تېرىسىدىن قىزىل، قارا رەڭلىك ئۆتۈكلەرنى تىكىپ كىيگەن. بۇلغۇن تېرىسىدىن ھەرخىل جۇۋىلارنى ئىشلىگەن. بولۇپمۇ پاختا ۋە يىپەكتىن ھەرخىل رەڭلىك ۋە گۈللۈك رەختلەرنى توقۇغان③ . 1979 –، 1980 – يىللىرى لوپنۇر رايونى كۆنچى دەرياسى بىلەن دېتمەن دەرياسى ئەتراپىدىكى بىر تۈركۈم ئەڭ قەدىمكى قەبرىلەرنى قېزىپ تەكشۈرگەندە ئۇ يەردىن ياغاچ تاۋۇت ئۈستىگە يېپىلغان قوي، كالا، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن باشقا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك، چورۇق، يۇڭ پالاس، پەي قىستۇرۇلغان ئېگىز ئۇچلۇق يۇڭ توقۇلما بۆك، كىگىز قالپاق قاتارلىق يادىكارلىقلار تېپىلغاندى. قەبرىدىن ئېلىنغان ياغاچ ئەۋرىشكىلەرنى كاربون 14 ئانالىزى ئارقىلىق تەجرىبە قىلغاندا ئۇنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭدىن 3800 – 4000 – يىللىرى ئىلگىرى ئىكەنلىكى ئېنىقلانغان»④ . ۋاڭ يەندىنىڭ: «قوجوغا ئەلچىلىككە بېرىش

---

① ۋاڭ يەندى: «قوجوغا ساياھەت خاتىرىلىرى».
② مەرھۇم ئەنۋەر بايتور، خەيرىنسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى.
③ سۇلۇڭ داچاڭ: «تەكرار خەۋەرلەر بايانى».
④ «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (مەجمۇئە) 1998 – يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

خاتىرىسى» دە: «قوجۇدا قىزلار چاچ سالىدۇ. ئۇنى ‹سوموزە› دەيدىكەن»① دېيىلگەن. قەدىمكى تارىم ئويمانلىقىدىكىلەرنىڭ ئاياللىرى ئۆرۈمە چاچ قويغانلىقىنى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. «قۇمۇل رايونىدىكى قارا دۆۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئايال مېيىتىنىڭ (بۇنىڭدىن 3200 يىل بۇرۇنقى) قوش ئۆرۈمە چاچلىرى پىچان ناھىيىسىنىڭ سۇ بېشى دېگەن يېرىدىكى قەدىمكى قەبرىگە (2 ـ نومۇرلۇق) دەپنە قىلىنغان. ئايالنىڭ قوش ئۆرۈمە چاچلىرى يۆگەلگەندىن كېيىن مەخسۇس ياسالغان چاچ تورىغا سېلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ»②.

قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ چارۋىچىلىق ـ كانچىلىق قول سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سودا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. مىلادىيە 1276 ـ يىلى بەشبالىقتا ئەينى زاماندا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇلغان. قوجۇنىڭ ئىچكى ئۆلكە رايونلىرى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. سۇڭ سۇلالىسى قاتارلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن كەڭ كۆلەملىك سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ باراتتى. مەسىلەن، مىلادىيە 935 ـ يىلى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى كېيىنكى تاڭ خانلىقىغا بىر قېتىمدىلا 360 ئات، نۇرغۇن كالا، تۆگە، 938 ـ يىلى 100 ئات، 12 تۆگە ساتقان»③. 938 ـ يىلدىن 939 ـ يىللارغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئىچكى رايونلارغا تۆت قېتىمدا جەمئىي 1200 تۇياق ئاپىرىپ ساتقان④. قوجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئوتتۇرا جۇڭگو سۇلالىلىرى ئارىسىدا بۆكەن مۈڭگۈزى دورا ماتېرىياللىرى سودىسى خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغان بولۇپ، مىلادىيە 951 ـ يىلى ئۇلارنىڭ كېيىنكى خاندانلىقىغا ساتقان دورا ماتېرىياللىرى 390 جىڭغا يەتكەن. شۇ

---

① ۋاڭ يەندىنىڭ: «قوجوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى» دىن.
② «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى (مەجمۇئە)» دىن.
③ «كىتابلار جەۋھىرى» ناملىق ئەسەردىن.
④ «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىن.

يىلى ئۇلارنىڭ 1629 تاي پاختا، 280 توپ مازا، 2633 توپ ئاق بۇلغۇن تېرىسى، 250 توپ قارا بۇلغۇن تېرىسى، 205 دانە كۆك بۇلغۇن تېرىسى قاتارلىقلارنى سانىغان[1].

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سودىسى ئىچكى ئۆلكىلەردىن ھالقىپ ئىران، ئەرەب مەملىكەتلىرى ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلار بىلەنمۇ كەڭ كۆلەملىك سودا مۇناسىۋىتى ئورناتقان بولۇپمۇ قوچۇ ئۇيغۇرلىرى كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ مۇھىم سودا تۈرى ئىدى. ئۇلار سودىدا ئاساسەن مالنى مالغا ئالماشتۇرۇش، مالنى پۇلغا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق ئالماشتۇرۇش شەكلى قوللىنىلغان. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىچكىرىدە قۇيۇلغان كەيىۋەن پۇلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا خېلى ئۇزاققىچە سودا - سېتىق ئىشلىرىدا ئاساسىي ۋاستىسى ئورنىدا رول ئوينىغان.

مىلادىيە 1269 - يىلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى پۇل قۇيدۇرغان بولۇپ، پۇلىنىڭ يۈزىدە «كۈن، ئاي، نۇر، ئالتۇن» دېگەن تۆت خەت چۈشۈرۈلگەن. بۇ تۆت خەتنى پۇلشۇناس ياڭ لوئەن ئەپەندى تەتقىق قىلىپ: «ئامەت يۇلتۇزى ئەگىشىپ تۇرغان دېگەن مەنىدە»[2] دېگەن. بۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ كۈن، ئاي، نۇرغا بولغان قەدىمكى ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇلارنىڭ قاغانى، شەرقكە قاراپ ئولتۇرۇپ كۈنگە ئىخلاس قىلاتتى. ئاي قەدىمكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۇلۇغلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ رىۋايەتلىرىدە كۈن ۋە ئاي ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ ئىككى ئوغلى، كۈن، ئاي دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خىل ئېتىقاد قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى

---

① «كىتابلار جەۋھىرى» دىن.
② ياڭ لوئەن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ‹كۈن، ئاي، نۇر، ئالتۇن› دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن پۇلى ھەققىدە ئىزدىنىش» دېگەن ئىلمىي ماقالىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1996 - يىل 2 - سان.

ئېتىقادىدىن كەلگەنلىكىنى، قوچو ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادىنىڭ ئېتىقادىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشچە، قۇبلاي خان مىلادىيە 1280 - يىل قارا خوجىدا پۇل قۇيۇش كارخانىسى قۇرغان. مىلادىيە 1283 - يىلى قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۆت جايىدا پۇل ساقلاش ئورنى (بانكا) تەسىس قىلىنغان[1]. ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا شۇ يىللىرى، ئىران ھەم ۋىزانتىيە پۇللىرىمۇ قوچو ئۇيغۇر خانلىقىدا ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە بولغان.

تۇرپان ئەتراپىدا بۇ خىل چەت ئەل پۇللىرىمۇ خېلى كۆپ تېپىلدى[2]. بۇ پاكىتلاردىن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ سودا، پۇل مۇئامىلىسى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 2. قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مەدەنىيىتى

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يارىتىلغان مەدەنىيەت قەدىمكى تۈرك، ئورخۇن ئۇيغۇر مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇزاق تارىخىي جەريانىدىكى خىلمۇ خىل ئېقىملارنىڭ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا يۇغۇرۇلغان مەدەنىيەت بولۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا چوڭقۇر ئىز قالدۇردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قوچو ئۇيغۇرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان بىباھا ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ بەدىئىي ئىجادىيەت كۆچىنى ساقلاپ قالغان رايون ھېسابلىنىدۇ.

---

① «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 21 - 63 - جىلد.
② «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار».

قوجو رايونى قەدىمدىلا كۆپ دىنلىق رايون بولۇپ، «ئاساسلىق دىنلارنىڭ بىرى بولغان بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى»① تارقالغان.

مىلادىيە 630 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بۇ ماھايانا مەزھىپى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. «مىلادىيە 763 ـ يىللىرى ئورخۇن ئۇيغۇر قاغانلىقىنىڭ قاغانى بۆكۈخان دەۋرىدە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بۇ دىننى دەرھال مەملىكەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلگەن. خۇددى تۈرك ئۇيغۇر قوشۇنىدا ئوتتۇز بېشى ئون ئەسكەرگە باشچىلىق قىلغاندەك، ھەر ئون ئۆيلۈك ئىچىگە مانى دىن مۇخلىسلىرىدىن بىر دىن تەرغىباتچىسى تەيىنلىدى»② . 8 ـ ئەسىرلەردە نىستورى دىنى (خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقى) تارقالدى. قوجودا يەنە قەدىمكى شامان دىنى زورايدى. زەردۇشت قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنلار مەۋجۇت ئىدى. ئەمما، ئۇيغۇرلار ئىچىگە ئومۇملاشقان دىن بۇددا دىنى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، قوجو شەھىرى يارغول، بەشبالىق، كۇچار قاتارلىق جايلار بۇددا دىنىنىڭ مەشھۇر مەركىزى بولۇپ كەلدى.

ۋاڭ يەندىنىڭ قوجوغا ئەلچىلىككە بارغان ۋاقتىدا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىرىگە قارىغاندا دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە «قوجولۇقلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. 50 دىن ئوشۇق بۇتخانىسى بولۇپ، ھەممىسىدە تاڭ خاندانلىقىنىڭ ھەدىيە قىلغان بۇددا كىتابلىرى بار. ئىبادەتخانا ئىچىدە بۇددا نوملىرى، تاڭ نەزمىلىرى، سۆزلەر جەۋھىرى، سوتراشۇارا قاتارلىق خەنزۇ يېزىقىدىكى كلاسسىك كىتابلار ساقلانغانىكەن»③ . قوجو

---

① تىخىنوۋ: «10 ـ 14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى».

② ئا. ۋ. گاباتىننىڭ ئىلمىي ماقالىسى، شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى، 1980 ـ يىل 3 ـ سان.

③ ۋاڭ يەندې: «قوجوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».

ئۇيغۇرلىرى دەۋرىدە بۇددا نوملىرىنى كۆچۈرۈش ئەۋجىگە چىققان. چۈنكى، بۇددا دىن ئەقىدىلىرىدە كىتابلارنى كۆچۈرۈش ئۇلۇغ ساۋاپلىق ئىش دەپ قارايتتى. بۇنداق بولۇشى بۇنىڭدا «بەخت» چۈشەنچىسىدىن بولغان. قوچۇ ئۇيغۇرلىرى كىتاب كۆچۈرۈشنى «بەخت» دەپ بىلىپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈشنىڭ «بەخت»، «ساۋاپلىق» ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بۇددا دىنى، مانى دىنى كىتابلارنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسىنىڭ ئاخىرىغا ھەمىشە خاتىمە يېزىلاتتى.

خاتىمىدە مۇنداق گەپلەر ئۇچرايدۇ: «كۆچۈرۈلگەن كىتابنىڭ ساۋابى ئالدى بىلەن خان سارىيىغا، ئاندىن كېيىن مەرھۇم ئاتا - ئانىلارغا، ئاندىن قالسا ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇبۇرادەر، دوستلارغا بولسۇن»[1].

بىز يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك «قۇت»، «بەخت» كە چوقۇنۇشنىڭ تارىخىدىن قارىغىنىمىزدا ئەڭ بۇرۇن ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار «قۇت»، «بەخت» خۇداغا ئېتىقاد قىلاتتى.

ئۇلارنىڭ بەخت قارىشىدا، بەخت دائىم مەلۇم ھۆكۈمرانىنىڭ ئۇستىگە ياكى مەلۇم بىر جايغا قونىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن. قوچۇدىكى شەھەر ئاھالىسى مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن قوچۇدا «قۇت» چۈشەنچىسى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان مانى دىنىنىڭ (خۇدا) سى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ئېتىقاد قىلدى.

تۇرپاندىن تېپىلغان بىر «تەبرىكنامە» شۇ يەردە ياشىغان تۈرك ئۇيغۇر مانى مۇخلىسلىرى تەرەپتىن يېزىلغان (باسمىل قەبىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئادەم يازغان بولسا كېرەك). بۇنىڭدىن بىزگە مەلۇمكى، قەدىمكى تۈركلەر ئاسمانغا، يەرگە،

---

① ئا. ۋ. گاباتىننىڭ «قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى».

ئاتا ـ بوۋىلىرىغا چوقۇناتتى. بۇ تەبرىكنامىدە ئالدى بىلەن خانلىقنىڭ مەركىزىنى قوغدىغۇچى قەبىلە ئىلاھى، «قۇت» دىن يېڭى پادىشاھ ئۈچۈن بەخت تىلەنگەن. ئۇندىن كېيىن «ئۆتكەنكى دانا خانلار» دىن بەخت تىلەنگەن. ئاخىرىدا «خانلىق تەڭرىسى» دىن بەخت تىلەنگەن ھەمدە بەختنى پادىشاھقا، قەبىلىگە ۋە ئادەت قانۇنىنىڭ ئىنئام قىلىش ئارزۇسى بىلدۈرۈلگەن[1]. بۇنىڭدىن قوچۇ ئۇيغۇر خانلىق دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېتىقاندا «بەخت»، «قۇت»[2] قارىشىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇرلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەر، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، پالچىلىق، مۇنەججىملىك، مېدىتسىنا، قانۇنشۇناسلىق بولۇپمۇ ئېلىم ـ سېتىم ۋەسىقەلىرى، تېگىشىش (ئالماشتۇرۇش) ۋەسىقەلىرى، ئىجارىگە بېرىش ۋە ئىجارىگە ئېلىش ۋەسىقەلىرى، قەرز بېرىش، قەرز ئېلىش ۋەسىقەلىرى، قۇلنى ئازات قىلىش، ھۆرلۈك بېرىش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر، بالا بېقىش توغرىسىدىكى ۋەسىقىلەر، ئادەمنى گۆرىگە قويۇش ھەققىدىكى ۋەسىقىلەر، مىراس ھەققىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە ھەر خىل مول مەزمۇندىكى ۋەسىقىلەر ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن كۆپلەپ بايقالدى ۋە تەتقىق قىلىندى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قالدۇرۇلغان ئەسەرلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى، ئەدەبىي ئەسەر ۋە شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى بۇددا، مانى، نېستورى قاتارلىق دىنلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى ئاساس قىلغان بولۇپ، تىل جەھەتتىن ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغانلىقى

---

① ئا. ۋ. گابائىن: «قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى».

② «قۇت» سۆزى تۈركى تىلىدا قەدىمدىن بۇيان بەخت، دۆلەت ياكى سائادەت، تەلەي، مۇبارەك، مۇقەددەس دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلغان.

بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

بۇ قەدىمكى ئەسەرلەر قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۇرگەن بىباھا مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە ھۆججەتلەر ۋە ئەسەرلەر تۇرپاندىكى مۇرتۇق، بېزەكلىك، سىڭگىملەردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر قەدىمكى سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئۇسلۇبىدا ئۆزىگە خاس بەدىئىيلىك ئالاھىدىلىكلەردە مىللىي پۇراق نامايان قىلىنغان. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشى شاھىتلىرى بولۇپ، مىڭ ئۆيلەرگە سىزىلغان سۈرەتلىرى بۇ تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەت مۆجىزىسى ھېسابلىنىدۇ.

قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى شېئىرىيىتىنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ بولۇپ مانى، بۇدداغا بېغىشلانغان مەدھىيە، مۇناجات، دۇئا ـ تىلەك، دىنىي ئەخلاقنى مەزمۇن قىلغان پارچىلەر، مۇھەببەت لىرىكىسى، تەبىئەت تەسۋىرى ۋە قەدىمكى ماقال ـ تەمسىللەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى سەنئەت مىللىي ئەنئەنىلەرنى ئومۇملاشتۇرغان، ئۇلارنى تېخىمۇ بېيىتىپ رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان سەنئەت. شۇڭا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تۇرپان سەنئىتىنىڭ مۇھىم تۆھپىسى ئۇنىڭ ئاممىباپلىقى، خەلقچىل خىللىقىدا. ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان سەنئەت ئەقىدىلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى يىغىلىشى بىلەن ئۆز تەسىرىنى بۇددا دىن سەنئىتىگە سىڭدۇرگەن.

قۇجۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئەت ئۇسلۇبى ئۇزۇن تارىخىي دەۋرى جەريانىدىكى خىلمۇخىل سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. شۇنداقلا بۇددا دىن سەنئەتكارلىرى ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان بىر زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن.

قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ بېسىپ

ئۆتكەن ئۇزۇن مۇساپىلىك تارىخي جەرياندا ئۇرغۇن مەدەنىيەت پېشىۋالىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئىدىيىۋىلىك، بەدىئىيلىك جەھەتتە ناھايىتى يۇقىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرى ئىنسانىيەت تارىخىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

قوجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن چىققان سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ، مۇيان بوقا تېكىن، ئارغۇن سالى، ئاپرىنچۇر تېكىن، سالىغ تېكىن، جىسويا تۇتۇڭ، قاسىم كەيشى، چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە تەرجىمان (راھىب) غۇزال قاتارلىق ئالىم، تەرجىمان ۋە شائىرلار ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرى بىلەن تۇرپان رايونىنى بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ بىر مەركىزىگە ئايلاندۇرغانىدى.

قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىلىم مۇۋەپپەقىيەتلىرى 9 - ، 10 - ئەسىرلەردىكى بۇددىزم مەدەنىيىتى مۇھىتىدا پىشىپ يېتىلىپ، ئۆزىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن. ئەگەر قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىي تىلى بولمىغان بولسا 9 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئىسلامىيەتنى تېگىدىن قوبۇل قىلغان قاغانىيە ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىي تىلى مۇنداق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولاتتى. چۈنكى، مەيلى قاغانىيە دائىرىسىدىكى ياكى قوجۇ دائىرىسىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ھەممىسى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ جەھەتتىكى ئىدېئولوگىيىلىك قاراش ئوخشاش ئىدى. مەدەنىيەتتە بىرلىك بار ئىدى.

قوجۇ خانلىقى دەۋرىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە ئەينى دەۋردىكى بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى تەسىرى بولغاندىن تاشقىرى زور كۆپچىلىكى ئەينى زامان ئۇيغۇر تارىخى، ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخى ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن بىرىدۇر.

كۇچار قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى، قەدىمكى زاماندا بۇ يەردە ياشىغان ئۇيغۇرلار دۇنياغا مەشھۇر شانلىق «كۇسەن»① مەدەنىيىتىنى ياراتتى. بۇددىزمنىڭ دۆلىتىمىزدە تارقىلىشىدا كۇچار ئىنتايىن مۇھىم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. كۇچادا نۇرغۇن ئاتاقلىق تەرجىمانلار، مۇزىكانتلار ۋە بۇددىزم ئۆلىما پېشىۋالىرى دۇنياغا كەلگەن.

كۇماراجىۋا «kumarajiva» مۇشۇ مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بىرىدۇر. كۇماراجىۋا (مىلادىيە 413 ـ 344 ـ يىللار) دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كۇچاردا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى ھىندىستانلىق بولۇپ، ئانىسى كۇچالىق ئىدى. ئۇ يەتتە يېشىدا بۇددىزمنىڭ ھىنايانا نوملىرىنى ئۆگىنىپ، ھىنايانا مەزھىپىنــــى قوبۇل قىلغان. 12 يېشىدىن كېيىن ماھايانا نوملىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. بىلىم ئېلىش ئىشتىياقى بىلەن ھەرقايسى ئەللەرنى ئارىلىغان. مەشھۇر بۇددىزم ئۆلىمالىرىنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپ ناھايىتى كەڭ بىلىم ھاسىل قىلغان. ياش چېغىدىلا غەربىي يۇرتلاردىكى بۇددىزم ئەللىرى ئېتىراپ قىلغان مەشھۇر ئۆلىما بولۇپ تونۇلغان.

مىلادىيە 384 ـ يىلى پادىشاھ فۇجيەن چوڭ جاڭجۇن لى گۇاڭنى ئەۋەتىپ كۇسەن دۆلىتىنى بويسۇندۇرغاندا 41 ياشتىكى كۇماراجىۋا لىيگۇاڭنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرگە بارغان. 385 ـ يىلى لى گۇۋاڭ لىياڭجۇنى ئىشغال قىلىپ، كېيىنكى لىياڭ پادىشاھلىقىنى قۇرىدۇ. كۇماراجىۋا لىياڭجۇدا 17 يىل تۇرۇپ خەنزۇ تىلـى يېزىقىنـى پـۇختـا ئـۆگىنىــدۇ. 401 ـ يىلى كېيىنكى چىن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى لياۋسىڭ كېيىنكى لياڭ پادىشاھلىقىنى يوقىتىپ كۇماراجىۋانى چاڭئەنگە ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئۇستازلىققا تەيىنلەيدۇ.

① «كۇسەن» كۇچارنىڭ قەدىمىي ئىسمى.

كوماراجىۋا پادىشاھ تەرجىمە مۇئەسسەسەسىنىڭ شاۋياۋيۈەن باغچىسىدا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. كوماراجىۋا ئىبادەتخانىسى گەنسۇ ئۆلكىسى ۋۇۋېي شەھىرىنىڭ شىمالىي چوڭ كوچىسىغا جايلاشقان. بۇ ئىبادەتخانا كېيىنكى لياڭ دەۋرى (مىلادىيە 386 ـ 403 يىللار) دىكى غەربىي يۇرتلۇق بۈيۈك راھىب كوماراجىۋانىڭ ئەڭ دەسلەپ ئىچكىرىگە بېرىپ بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقىغا ئاتاپ سېلىنغان. غەربتىن شەرققە قارىتىپ سېلىنغان بولۇپ، شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى 172 مېتىر، جەنۇبىدىن شىمالىغا بولغان كەڭلىكى 166 مېتىر، ئومۇم كۆلىمى 28 مىڭ 552 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ.

كوماراجىۋا ئۆز دەۋرىدە بىراخمى يېزىقىنىڭ مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە بۇددىزم نوم تەلىماتىنى مۇكەممەل ئىگىلەپلا قالماستىن، بەلكى خەنزۇ تىلىدىمۇ يېتىلگەن ئالىم بولۇشتەك ئىككى ئاساسىي شەرتنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈن چىن پادىشاھى ياۋشىڭنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى.

ئۇ ئۆز دەۋرىدە داڭ چىقارغان راھىبلار بىلەن بىرلىشىپ نوم تەرجىمە ئىشلىرىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن.

كوماراجىۋا تەرجىمانلىق پائالىيىتىدە ئورغۇن ئىزدىنىپ «بەشنى ئۆزگەرتىش»، «ئۈچكە تەگمەسلىك» جەھەتتە مەنە تەرجىمە ئېقىمىنى يارىتىپ، بۇرۇن ئۆتكەن ئاتاقلىق تەرجىمان جى چيەن، گاڭ شىڭگۇلارنىڭ تەرجىمىسىدىكى ئەسلىگە سادىق بولماسلىقتەك نۇقسانلارنى تېپىپ چىققان. ئۇ تەرجىمە ئىشىنىڭ مۇشەققەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەن. ئۇ تەرجىمە توغرىسىدا چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقتىن چاڭئەندە تۇرغان ئون يىل ئىچىدە پۈتۈن زېھنىنى تەرجىمە ئىشىغا قارىتىپ، تەرجىمىنى مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشىپ ئىلگىرى تەرجىمە ئىشىدا مەۋجۇت بولغان سەل قاراشتەك ئاجىزلىقلارنى

تۆگەتكەن. ئۇ تەرجىمە ئىشىدا نومنىڭ بىراخمانچە نۇسخىسىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى خەنزۇچە شەرھلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ شەرھلىگەن مەزمۇنى مۇھاكىمىدىن ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئۇنى يېزىلىگەن، ھەتتا 2 ـ 3 مىڭ مەشھۇر راھىبلارنىڭ تەپسىلىي مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن نومنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ چىقاتتى. غەربىي يۇرتلاردىكى يېزىق نۇسخىلىرىدا خاتالىق بولسا بىراخمى نۇسخىسىغا ئاساسەن تۈزىتەتتى. تەرجىمە بېشىدىن ئاياغىچە راۋان بولغاندا ئاندىن ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىشنى قارار قىلاتتى. كۇماراجىۋا مۇنداق ئالىيجاناب يۈكسەك مەسئۇللۇق بىلەن 300 نەچچە جىلد (توم) ۋە شاستىر (بۇددىزم تەپسىرلىرى) نى تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇنىڭ تەرجىمىلىرى 35 كىتاب 294 جىلدكە يەتكەن. «جىن سۇلالىسىنىڭ تارىخى» نىڭ كۇماراجىۋا خاتىرىلىرى بابىدا: «ھازىرقى بۇددا نوملىرىنىڭ ھەممىسىنى كۇماراجىۋا تەرجىمە قىلغان» دېيىلگەن. ئۇ جان ئۈزۈش ۋاقتىدا ئەگەر تەرجىمىدە ئاساسىي مەزمۇن يوقاپ كەتمىگەن بولسا ئۆلگىنىمدىن كېيىن تېنىم كۆيدۈرۈلسىمۇ تىلىم ساق قالغان بولىدۇ» دەپ ۋەسىيەت قىلغان.

كۇماراجىۋا ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇددا دىنىنىڭ مېيىت ئۇزىتىش قائىدىسى بويىچە ئۇنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلۈپ، جەسەت كۈلى مۇشۇ كۇماراجىۋا ئىبادەتخانىسىغا قويۇلغان. ئىبادەتخانىدىكى مۇنار ئەينى زاماندا جەسەت مۇنارى دەپ ئاتالغان. مۇنار ئىچى كاۋاك بولۇپ، ئېسىل كاھىشلار بىلەن ئىشلەنگەن.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇ ئۆمرىنى بۇددىزمنىڭ تەلىماتلىرىدىن تەرجىمە قىلىشتا ئەڭ سادىق، ئەڭ ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ جۇڭگو بۇددىزم جەمئىيەتشۇناسلىقىنىڭ گۈلتاجىسى بولۇپلا قالماستىن، ئېلىمىزنىڭ ھىندىستان ۋە غەربىي يۇرتلار بىلەن بولغان مەدەنىيەت مۇناسىۋەت تارىخىدا

www.uyghurkitap.com

ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان. ئۇ ھىندىستان تىلىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردىكى قوجۇ ئۇيغۇر خانلىق دەۋرىدە، ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان 28 پەردىلىك دراما «مايترى سىمىت»نى پىرتاكراكشت تۇخار تىلىدىن تۈرك تىلىغا (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا) تەرجىمە قىلغان. گابائىن گېرمانىيىدە ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىدىكى پىرتاكراكشتىنى ilbalik دېگەن خاتىرىگە ئاساسەن، ئۇنى ئىلى رايونىدا تۇغۇلغان دەپ ھېسابلايدۇ①.

«مايترى سىمىت» بۇددىزمنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە مەنسۇپ ئەسەر بولۇپ، ئۇنى ئارياچانتىرى دېگەن كىشى سانسكرىت تىلىدىن توخار تىلىغا تەرجىمە قىلغان. پىرتاكراكشت دېگەن بىر كىشى توخار تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان.

ئۇلار بۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق تەرجىمەشۇناسلىرىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سانسكرىت، سوغدى، خەنزۇ تىلى، ئىران تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. ئۇلار تەرجىمىنى ناھايىتى پۇختا ئىشلەيتتى. كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ۋاقتىدا ئەسلى نۇسخىسىغا ئاساسلىنىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، باشقا تىللاردىكى تەرجىمە نۇسخىلىرىدىنمۇ پايدىلىناتتى. تەرجىمە قىلغان بۇددا، مانى دىنى تومىلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈرلىرىدىن قارىغاندا، دىنىي كىتابلار، ھېكايىلەر، ھەرخىل نەسىھەتنامە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر، دۇنيانىڭ يارىتىلىش ھەققىدىكى رىۋايەتلەر ۋە مۇناجاتلارنى ئىزاھلىغان ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مايترى سىمىت 8 ـ ئەسىرلەردە تەرجىمە قىلىنغاندى②. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئىككى تېكىننىڭ ھېكايىسى»، «چاستانى ئىلىك بەگ

① «مايترى سىمىت» ناملىق ئەسەردىن.
② قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «مايترى سىمىت» 1 ـ توم.

ھېكايىسى» ، «شۇنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ، «قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر» ، «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئىستۇرى دىن يادىكارلىقلىرى» ، «تېبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقلار» ، «ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» دىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار قوچۇ دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان نادىر ئەسەرلەر ئىدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بەدىئىي سەنئىتى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن بولۇپ، قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ بەدىئىي سەنئىتى، ئاۋازسىز تىياتىرى، ئۇسسۇللۇق تىياتىرى، ناخشا ئوركېستىر ۋە ئىپتىدائىي تىياتىرلىرى ناھايىتى زور مەھلىيا قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى① . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مايترى سىمىت ئۇيغۇرلارنىڭ دىرامچىلىق ئىقتىدارىنى تولۇق نامايەندە قىلىپ بەرگەنىدى② . «مايترى سىمىت» قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ خانى سۆڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭيەندىنى ئۆز ھوزۇرىدا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بەرگەن زىياپەتتە «شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە داۋام قىلىپ، ئېسىل تىياتىر بىلەن ئاياغلاشقان» دېگەنىدى. شۇ نەرسە ئايانكى شۇ دەۋرلەردە «مايترى سىمىت» درامىسى 11 ـ ئەسىرلەردە دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ، ئۇيغۇر دىيارىدا ئوينالغان. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئانا تۇپرىقىدا ئېچىلغان گۈل بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك، ئارتۇقچىلىقنى نامايان قىلغان ئۇيغۇر درامىسى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ قەدىمدىلا قايتا گۈللىنىش دەۋرىنى ياراتقانلىقىنىڭ شاھىتى. ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك ئابىدىسى.

غەربىي گېرمانىيە ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، قەدىمكى تۈركشۇناسى A. von Gabain پۈتۈن ھاياتىدا تۇرپاننىڭ يەر ئاستىدىن تېپىلغان قەدىمىي تۈركلەر ۋە

---

① ئا. ۋ. گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» .
② لاڭ يىڭ: «جۇڭخۇا ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى قوتادغۇبىلىك» .

قەدىمىي ئۇيغۇرلارغا دائىر قولىيازما ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يەنە شىنجاڭنىڭ يەر ئاستىدىن تېپىلغان سەنئەت بۇيۇملىرىغا قاتتىق ھەۋەسلىنىپ، نۇرغۇن ئەسەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. بۇنىڭدا «قوچو قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن ئىلمىي ئەسىرىدە: «ھازىرقى تۇرپاندىن تېپىلغان قولىيازمىلاردىن قارىغاندا، تۈرك ۋە ئۇيغۇر يېزىقلىرىدا يېزىلغان سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ ۋەقەلىكى خەنزۇچە سەھنە ئەسەرلىرىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ» دېگەن①.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى لاڭ يىڭ مەملىكەتلىك قۇتادغۇ بىلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ (1018 ـ 1098)، بىلەن خەنزۇ شائىرى سۇ دۇڭفۇ (1037 ـ 1101)، بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان. ھەر ئىككىسى زور ئۇتۇقلار قازانغان ئەدەبىيات پېشىۋالىرى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم دائىرىسى كەڭ، ئىدىيىسى چوڭقۇر، يىراقنى كۆرەر سىياسىيئون ۋە مول بەدىئىي تۆھپە ياراتقان بۈيۈك شائىر، ئالىم. ئۇ يازغان «قۇتادغۇبىلىك» ھەجمى ناھايىتى چوڭ، مەزمۇنى ئادەتتىن تاشقىرى مول، بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان، پەلسەپىۋى شېئىرىي دراما (13 مىڭ مىسرا، 85 باب تېكىست، ئۈچ قوشۇمچە پارچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان). سۇدۇڭفۇ تالانتلىق ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە شائىر بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يەتتە يۈز بېيىت شېئىر قالغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن سۇ دۇڭفۇ 11 ـ ئەسىردە تەڭ كۆتۈرۈلگەن بۈيۈك ئەدىبلەر، ئەمدى ئەسەرلىرىنىڭ تېمىسىنىڭ كەڭرىلىكى، ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايان ئۇسلۇبىنىڭ خاسلىقى

① ئا. ۋ. گاباتىن: «قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى» (مىلادىيە 850 ـ يىلىدىن 1250 ـ يىلىغىچە).

جەھەتلەردە سۇدۇڭپۇنىڭ ئەسەرلىرى «قۇتادغۇبىلىك» تىن بىر قەدەر تۆۋەن تۇرىدۇ. شۇ دەۋردىكى باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرگە سېلىشتۇرغاندا، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى خېلى ئۈستۈن. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 10 ـ ئەسىردىلا (8 ـ ئەسىر دەپمۇ ئېيتىلىۋاتىدۇ) 27 پەردىلىك قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» دراممىسى بولغان. 11 ـ ئەسىردە دۇنياغا مەشھۇر شېئىر دراما «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كەلگەندە، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تىياتىرلىرى ۋە جەنۇب كۇيلىرى تېخى تەرەققىي قىلمىغانىدى. شۇڭا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «مايترى سىمىت» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ دۇنياغا كېلىشى ئېلىمىز تىياتىرچىلىقىنىڭ شەكىللىنىش دەۋرىنى ئاز دېگەندە ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى سۈرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» شېئىرىي ئەسىرى لى بەي، دۇفۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن گۈزەل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېشىپ چۈشىدۇ»①. تارىخنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتلىرى قوچۇ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ مۇزىكا سەنئىتى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن. ۋاڭ يەندىنىڭ خاتىرىسىدىكى بايانلىرىغا قارىغاندا، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوردىسىدا ۋاڭ يەندىنى كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە سازەندىلەر ھەرخىل چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن نەغمە قىلغان. سوۋغات قوبۇل قىلغاندا، مۇزىكا چېلىپ زىياپەت باشلانغان. تىياتىر ئويۇن تاكى كەچكىچە داۋاملاشقان. ئەتىسى كۆلدە كېمە سەيلىسى قىلغان، كۆل ئەتراپىدا داقا ـ دۇمباق چېلىپ كۆڭۈل ئاچقانلىقىنى ئېيتقانىدى. ۋاڭ يەندىنىڭ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى بىلەن گابائىن خانىمنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇل ـ مۇزىكا سەنئىتىنىڭ

① لاڭ يىڭ: «جۇڭگو ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى ‹قۇتادغۇبىلىك›».

گۈللىنىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىرى «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ئوپېرا ئۆمەكلىرى، ناخشىچىلىرى، ئىن ـ ئايال سازەندىلەر ئۇچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇ يەرلەردە قىزغىن ئالقىشلارغا ئىگە بولغان. ئۆلارنىڭ ئارىسىدا تۈركلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بار ئىدى① . قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە ئائىت بېزەكلىك مىڭ ئۆيىنىڭ 52 ـ نومۇرلۇق ئۆڭكۈرىگە سىزىلغان ‹مانى دىنى ئۇسسۇل مۇزىكىسى رەسىمى› ناملىق بىر تام رەسىمى بولۇپ، بۇنىڭدا قالپاق كىيگەن بىر كىشى نەي چېلىپ، پۈتىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزنقارلىق بىر كۆرۈنۈشى سىزىلغان. ‹قىزىل مىڭ ئۆي رەسىملىرىنىڭ بەزىلىرى مۇندىن خېلى بۇرۇن (يەنى مىلادىيىنىڭ 14 ـ ئەسىرلىرىدە سىزىلغان) بۇ مانى دىنى مۇھىتىدىكى ئۇيغۇر مۇزىكا، ئۇسسۇلىنىڭ يەنە بىر جانلىق تەسۋىرى»② .

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە، مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە پارلاق، مول سەنئەت نەتىجىلىرىنى ياراتقانىدى.

ئارخېئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى كەم دېگەندە، مۇندىن تۆت مىڭ يىللار ئىلگىرى باشلانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.③

① گاباژىن: «قارا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى» (مىلادىيە 850 ـ يىلدىن 1250 ـ يىللار) ، «شىنجاڭ داشۆنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980 ـ يىلى 3 ـ سان.
② «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيەت تەتقىقات مەجمۇئەسى» .
③ «بىزنىڭ تارىخىي يىزنقلىرىمىز» .

# ئىككىنچى بۆلۈم

# ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇرلار

www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب
# ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا

## 1. ئەرەب ئىستىلاسى

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىشتىن ئىلگىرىكى دىنىي، ئىجتىمائىي ئەھۋال توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بۇ رايوندا ئۆزلىنىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىجتىمائىي كۈرەشلەرنى ئوبدان چۈشىنىشكە ياردىمى بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى ماۋەرائۇننەھرگە① ۋە خۇراسانغا قوشنا بولغان جايلار ئىجتىمائىي تەرتىپ (ئېتنىك) جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغىنىدەك دىن ۋە ئېتىقاد جەھەتتىن بىرخىل ئالاھىدىلىككە ئىگە رايون ئىدى.

بۇ رايون قەدىمكى ئەسىرلەر جەريانىدا تۈرلۈك ھاكىمىيەت ئاستىدىكى فېئوداللىق تۈزۈم ئورنىتىلغان تۈرك ھاكىمىيەت ئاستىدا تۇرغانىدى. ئاساسىي ئورۇندا يەرلىك تۈرك خەلقلىرى تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەسلى نەسلى ھازىرغىچە ئېنىق بولمىغان سوغدىلارمۇ بار ئىدى. ئىراندىن كۆچۈپ كېلىپ، بۇ جاينىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن تاجىكلارمۇ بۇ رايونغا كەلگەنىدى.

ئۇرخۇن ئابىدىلىرىدە تۈرك يۇرتىنىڭ كەڭلىكى، چېگرىسى ئومۇمەن غەربتە تۆمۈر دەرۋازا دېيىلىدىغان جەيھۇن قىرغاقلىرىغىچە بارىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئوتتۇرا ئاسىيادا

---

① مۇسۇلمان جۇغراپىيىچىلىرى ماۋەرائۇننەھر دەپ ئېيتقان. ماۋەرائۇننەھر ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت مەنىسى «دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى ئۆلكە» دېگەنلىك بولۇپ بۇ ئاتالغۇ ئىسلام ئىستىلاچىلىرى بۇ رايونغا قەدەم قويغان 6 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ قوللىنىلدى. يەنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەريا بىلەن ئامۇ دەريا ئارىلىقىدىكى جايلارنىڭ نامى.

قۇرۇلغان دۆلەتلەر تۈرك ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. يەرلىك ھاكىمىيەتلەر مەسىلەن، 7 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن تاكى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۇخارىستان، جۇرجان، بۇخارا، سەمەرقەند، سوغدى، پەرغانە ۋە زابۇلىستان قاتارلىق جايلاردىكى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىن بولغان ھۆكۈمرانلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىناتتى. بۇ ھۆكۈمرانلاردىن تۇخارىستان ھۆكۈمدارى نىزاھ ئەت تۈركەشى، بۇخارا ھۆكۈمدارى تۇغشات، سەمەرقەند ھۆكۈمدارى ئوغۇزبەك، جۇرجان ھۆكۈمدارى سولتەكىن، زابۇلىستان ھۆكۈمدارى رۇپتىل قاتارلىقلار ئەسلى نەسلى تۈرك بولغان ھۆكۈمدارلار ئىدى.

يەتتەسۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر ۋادىسىدا ياغمىلار ياشايتتى. ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ نارىن ئارىلىقىغىچە بولغان جايلاردا چىگىللەر ياشايتتى. يەتتە سۇدا يەنە توخسى قەبىلىلىرى بار ئىدى. بۇ دەۋرلەردە تارىم ۋادىسى بىلەن ماۋەرائۇننەھردە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا كۆپلىگەن سودا شەھەرلىرى مەيدانغا كېلىپ، سودا ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇ جايلار ئىقتىسادىي جەھەتتە باي، پەۋقۇلئاددە بایاشات ئۆلكىلەر ئىدى. ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە ئاساسلىق سەۋەبلەردىن بىرى تارىختىكى «يىپەك يولى» بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتلەردە يۈكسىلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەنىدى. بۇ جايلاردا شۇ زامانلاردا كىشىلەر ئالتۇن ـ كۈمۈش، تۆمۈرگە ئوخشاش مىتاللارغا ئىگە بولغاچقا، قوشنا ئەللەر ۋە ئوتتۇرا شەرقتىكى ئېكسپورت سودىسى راۋاجلانغانىدى. بولۇپمۇ ماۋارەئۇننەھر چۇ ۋە تالاس دەريا ۋادىلىرىدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيىتى يەنىمۇ ئۆستى.

تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ساياھەتچى شۈەنزاڭ (602 ـ 664 ـ

www.uyghurkitap.com

يىللار) نىڭ «غەربىي يۇرتلارغا ساياھەت» دېگەن ئەسىرىدە: «چۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى جايلاردا، ياشىغۇچى ئاھالىلەر مەدەنىيەت جەھەتتە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئىكەن. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، تىل - يېزىقى ئوخشاش ئىكەن. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تارتىپ يېزىلىدىغان سۇرىيە يېزىقى ئاساسىدىكى 32 ھەرپلىك ئېلىپبەسى بار ئىكەن. تارىخىي ئەسەرلىرىمۇ بار ئىكەن» دەپ يازغانىدى. ئىلى چۇ ۋە سۇياپ① دەرياسى ۋادىلىرىغا جايلاشقان تۈركەشلەر 638 - يىلى سۇياپنى چوڭ ئوردا ۋە ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئالمىلىقنى كىچىك ئوردا قىلىپ، تۈركەش دۆلىتىنى قۇردى. بۇ تۈركەش دۆلىتى سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن بولغان قارلۇقلار تۈركەشلەرنىڭ ئەسلى ماكانلىرىنى بېسىۋېلىپ، 616 -، 657 - يىللىرى قارلۇق دۆلىتىنى قۇردى. بۇ چاغدا تالاس، سۇياپ شەھەرلىرى قارلۇقلارغا قارايتتى. شۈەنزاڭ: «بۇ جايلاردىكى ئاھالىنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن، يەنە بىر قىسمى سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن، چۇ دەرياسى بويىدىكى سۇياپ شەھىرى سودا مەركىزى ئىكەن. ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە چېچىنى بېشىغا يۆگەپ، چوققىسىنى ئوچۇق قويىدىكەن. بەزىلىرى چېچىنى چۇشۇرۇۋېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پېشانىسىگە يىپەك ياغلىق چېگىۋالىدىكەن» دەپ يازغان.

7 - ئەسىرلەردە بۇ شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىمۇ بىرقانچە شەھەرلەر بولۇپ، بۇ شەھەرلەردە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشايتتى. ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىملىرى بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان شۈەنجاڭ يەنە مۇنداق دەپ يازغان: «مەن تۈرك خانلىرىنىڭ بىرى بىلەن كۆرۈشتۈم. بۇ قاغان ئۈستىگە

---

① سۇيئاب - چۇ دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان قەدىمكى شەھەر ئىدى. ھازىرقى توقماق شەھىرى دائىرىسىدە.

يىپەك تون كىيگەن، چېچىنى قويۇپ بەرگەن بولۇپ، پېشانىسىنى يىپەك ياغلىق بىلەن بىرنەچچە قات ئورىۋالغان. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرمۇ چېچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىدىكەن. قاغان ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن چېدىردا مېنى قوبۇل قىلدى. يىپەك كىيىملىرىنى كىيگەن چوڭ ئەمەلدارلار، چېدىرغا سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە ئىككى قاتار بولۇپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە قاغاننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى بار ئىدى. ماڭا تۈرك قاغانى زىياپەت بەرگەندە، ئادەمنى لەززەتلەندۈرۈپ، كۆڭۈلنى ئاچىدىغان مۇزىكىلار چېلىندى. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئاۋۋال گۆش قويۇپ، ئاندىن شاراپ تۇتۇلدى. ئۈسۈملۈك يېغىدا پىشۇرۇلغان تاماقلار ۋە سۈتلەر كەلتۈرۈلدى».

شۇ چاغلاردا ماۋەرائۇننەھردىكى خارەزم دۆلىتىدە يەر ئىگىلىرى «دېھقان» دەپ ئاتىلاتتى. (دېھقان پارسچە سۆز بولۇپ، يەر ئىگىسى مەنىسىدە). ھاكىملارمۇ دېھقان دەپ ئاتىلاتتى. ھاكىملار ئېسىلزادىلەردىن ھېسابلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىمۇ دېھقان نامى بىلەن ئاتىلاتتى.

ماۋەرائۇننەھردىكى ھاكىمىيەت ئىراندىكى ھاكىمىيەت تەشكىلىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ھاكىملار ئاستىدا «چاكار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قىسىم ئەسكەرلەر بار ئىدى. بۇ جايلاردىكى تۈركى خەلقلەر ئاساسەن ئارىيان دىنلىرى، كونا خىرىستىئان ۋە ئىران زېمىنلىرىدە بىرلىككە كەلگەن ئاتەشپەرەس (زەردۇشتىلىك) بۇددىزم، مەزدەكىزم، مانىخائىزم ۋە باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلاتتى».

بىرىنچى، زەردۇشتىلىك دىنى ئەڭ ئاۋۋال ئىراندا زارو ئاستىرا ناملىق كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. بۇ دىن مىلادىدىن 6 ـ ئەسىر ئىلگىرىكى دارا① نىڭ دەۋرىدە ئىران

① دارا I ـ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 521 ـ يىلىدىن 486 ـ يىللار ئارىلىقىدا ئۆتكەن ئىران پادىشاھى.

پادىشاھلىقىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن.

بۇ دىن ئالەم ياخشىلىق - يامانلىق، يورۇقلۇق - قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل قۇۋۋەتنىڭ كۆچىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئۆزئارا كۈرەش قىلىدۇ. ئاخىرىدا ياخشىلىق يامانلىقنى، يورۇقلۇق قاراڭغۇلۇقنى يېڭىدۇ. ئوت بولسا ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ. شۇڭا، زەردۇشتىلىك دىنى ئوتنى مۇقەددەس دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي بەلگىسى قىلاتتى. زەردۇشتىلىك دىنى ئىراندا دۆلەت دىنى قىلىپ قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن جايلاردا ئاتەشپەرەسلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرى تەسىس قىلىندى. ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيلى قانچىلىك كۆپ دىنلار تارقالغان بولمىسۇن، بۇ دىنلار ئىچىدە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى زەردۇشتىلىك (ئىسلام مەنبەلىرىدە مەجۇسلۇك دېيىلىدۇ) بولۇپ، ئىشەنگۈچىلەرنىڭ كۆپلۈكى، تەسىرى ۋە نوپۇزىنىڭ چوڭلۇقى سەۋەبلىك ئىسلام ئىستېلاسى دەۋرىدە، بۇ رايوندىكى ئەڭ كۈچلۈك دىن بولۇپ قالغان. شۇڭا، ئىسلامىيەت مەيلى ئىران مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيادا بولسۇن، كۈرەشنىڭ ئاساسىي نىشانىسىنى ئاتەشپەرەسلىك ۋە ئۇلارنىڭ ئىزلىرىنى يوق قىلىشقا قاراتقانىدى.

ئاتەشپەرەسلىكنىڭ بۇ رايوندا باشقا دىنلارغا قارىغاندا ئۈستۈن تۇرۇشىدا ئاساسەن ئۇنىڭ ساسانىي خاندانلىقىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ رەسمىي دىنى بولغانلىقى، شۇنداقلا مەلۇم دەرىجىدە دۆلەت تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنغانلىقىدىن ئىدى. بۇ رايوندا زەردۇشتىلىك راھىبلىرى ئۆچۈن دىنىي پائالىيەتلىرىنى كەڭ قانات يايدۇرىدىغان بىخەتەر جاي بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەرلەردە شۇ زاماندا مەيدانغا كەلگەن باشقا دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇخلىسلىرىغا قارىتىلغان قاتتىق باستۇرۇش خىلمۇ خىل زۇلۇملاردىن جېنىنى ساقلاپ قىلىش مەقسىتىدە، قېچىپ

چىققان ئىرانلىقلارمۇ توپ ـ توپ ئۇچرايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ جايدا ئىرانلىقلار بارا ـ بارا كۆپىيىپ، پارسچىنىڭ بۇ رايوندىكى ئاھالىلەر قوللىنىلىدىغان باشقا تىللارغا سىڭىشتۇرغاندا تېخىمۇ كەڭ ئىشلىتىلىدىغان تىل بولۇپ قېلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. زەردەشت دىنى كۆپرەك بۇخارانى مەركەز قىلغانىدى. شۇڭا، بۇخارادا بىر «ئاتەش ئۆيى» سالدۇرغان.

جۇۋەينىنىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇخارا بۇرۇن كەلگەن ئاتەشپەرەسلەرنىڭ زاھىتلىرى توپلانغان مۇقەددەس شەھەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇ زاماندا زەردەشتلىكنىڭ ئاساسى كۈچلۈك بولغان جايى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بۇددىزم تازا تەۋرىنىپ قالغان.

بۇخارادىكى ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى بۇتلارنى ساتىدىغان چوڭ بازار، «ماھى روز» نىڭ كېيىنكى چاغلاردا ئاتەش ئۆيى، يەنى مەجۇزى ئىبادەتخانىسى قىلىنغانلىقى بىزگە يۇقىرىقى قاراشنى ئۇچۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

نارشاھىنىڭ بۇخارادىكى زەردەشتلىك ھەققىدىكى بىر رىۋايىتىدە «بۇ ۋىلايەتتە مەجۇسى ئىبادەتخانىلىرى كۆپ ئىدى دەپ» كۆرسەتكەن.

زەردەشتلىك دىنى بايكەنت، سەمەرقەندكە ئوخشاش باشقا مەركىزىي رايونلاردىمۇ، مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. قۇتەيبەمۇ سەمەرقەندنى ئالغان ۋاقىتتا ئاتەشخانىلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا يول قويغان ۋە سۈلھى قىلغان. زەردەشتلىك تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، جۇڭگونىڭ چېگراسىغىچە بولغان كەڭ زېمىنغا ۋە تۈرلۈك قەبىلە ـ ئايماقلارغىچە تارقالغانىدى. بۇ دىن كېيىنكى دەۋرلەردە دۆلەتنىڭ ھىمايە قىلىشتىن مەھرۇم بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئىسلامىيەت دۇچ كەلگەن ئەڭ كۈچلۈك توسالغۇلاردىن بىرى شۈبھىسىزكى زەردۇشتلىك بولغانىدى. ئاتەشپەرسلىكلەرنىڭ قىيىن ئەھۋالدا

مەخپىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئۆتكەنلىكى، ئۇممەۋىيلەرنىڭ ئاخىرىدىكى خۇراسان ۋالىيسى نەسىر بىننى سەييار تەرىپىدىن ئېچىپ تاشلانغانغا قەدەر داۋام قىلدى.

## 2. ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تەسىرى چوڭ دىنلار

### 1) بۇددىزم

ئوتتۇرا ئاسىيادا دىن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن، ئەڭ چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن دىنلارنىڭ بىرى بۇددىزمدۇر. مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردە ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن بۇددىزم ھىندىلەرنىڭ سودا يولى تەسىرى ئارقىلىق ئافغانىستان، ئىران ۋە تاكى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە تارقالغانىدى. بولۇپمۇ كۇشانلار دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ 1 ئەسىر) بۇددىزمنىڭ بۇ رايوندا تارقىلىشىنىڭ مۇھىم بىر دەۋرى بولغان. بۇددىزم ماھايانا مەزھىپىدىكىلەر بەلخ بىلەن بۇخارادا ئىككى چوڭ بۇتخانا بىنا قىلغانىدى. بۇددىزم بۇ رايوندا مۇشەققەتلىك كۈرەشلەر ئارقىلىق تارقىلىپ، سەمەرقەندكىچە تەسىر كۆرسىتىپ، بۇ يەردە كاتتا بىر بۇددا مۇنارى قۇرغانىدى. بەلخ، بۇخارا، سەمەرقەندتە قۇرۇلغان بۇ ئىبادەتخانىلار بىلەن راھىبلار بىر تەرەپتىن بۇددىزمنىڭ ئاسىيانىڭ ئىچكى قىسمىغا قاراپ كېڭىيىشىدە رول ئوينىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھىندى پەلسەپىسى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ بۇ زېمىندا كەڭ تارقىلىشى ۋە يۇت تىرەپ تۇرۇشىدا، شەھەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە بەلگىلىك دەرىجىدە رول ئوينىغانىدى. بۇددىزمنىڭ مۇنداق فۇنكسىيىلىرىنىڭ تەسىرىدە، ئىسلام دۇنياسىدا قۇرۇلغان تۇنجى مەدرىستە بۇگۇنىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىۋېرسىتېتلار دەسلەپتە بۇخارادا بۇددىستلارنىڭ «ۋىخارا»لارغا تەقلىد قىلىپ

قۇرۇلغانىدى.

نارشاھىنىڭ بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، بۇددىزمنىڭ ئامىتى كەلگەن دەۋرلەردە بۇخارا پۈتۈن ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەيكەللەرنى ياسايدىغان يەرلەر، بۇددا ھەيكەلچىلىك سەنئىتىنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇ مەركەز دېگەن ئورۇندا ياسالغان بۇت ھەيكەللەر ئومۇمەن ھېچبىر قىممىتى بولمىغان سىغىزدىن قىلىنىپ خىش پىشۇرۇلغاندەك پىشۇرۇلاتتى.

شۇ دەۋرلەردە بۇخارادا ئىككى قېتىم كاتتا بازار بولاتتى. ئۇنىڭدا، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ يىل بويى جاپا چېكىپ ياساپ تەييارلىغان ھەيكەللىرى سېتىلاتتى. ھەتتا بازار كۈنلىرى بازاردا ھۆكۈمدارغا دەپ ئالاھىدە تەخت قۇرۇلاتتى. ھۆكۈمدارلار بازارغا قول ئاستىدىكىلەر بىلەن بىللە بېرىپ تەختتە ئولتۇرۇپ، سودا ـ سېتىقنى نازارەت قىلاتتى. ھەم سانقۇچى، ئالغۇچىلارنى رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى. بەزى بۇتلارنى 50 مىڭ دەرھەمگە سېتىپ ئالغانلارمۇ چىقاتتى.

«بۇددىزم بۇخارادا ئاتەشپەرەسلەرنىڭ تەسىرى بىلەن تازا ئاجىزلىشىشقا باشلىغاندىمۇ، سەمەرقەندتە يەنىلا پارلاق دەۋردە تۇراتتى»①. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم سەمەرقەندنى ئىشغال قىلغاندا، كۆيدۈرۈش ئۈچۈن توپلىغان ھەيكەللەر چوڭ بىر دۆۋىدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن. سەمەرقەندنىڭ شۇ زاماندىكى ھۆكۈمدارى ئوغۇزبەگ يەرلىك خەلقلەر بىلەن بىرلىكتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىستېلاسىغا قاتتىق قارشىلىق بىلدۈرگەن. بۇددىزم بۇ رايوندا دۆلەت دىنى بولغان ئاتەشپەرەسلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى. بۇ خىلدىكى قارشىلىق نەتىجىسىدە بۇددىزم ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ، بۇخارانىڭ گۈزەل بىر ئورمانلىقىدا بۇت ھەيكەللەرنى كۆيدۈرۈش دولقۇنى

---

① نارشاھى: «بۇخارا تارىخى».

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلگەنىدى. ئەرەب ئىستېلاسى باشلانغان دەۋرلەردە بۇ رايوندا بۇددىزمنىڭ تەۋرىنىپ قالغانلىقى توغرىسىدا شۈەنزاڭنىڭ ھىندىستانغا قىلغان سەپەر خاتىرىسىدە، شۇ چاغلاردا بۇددىزمنىڭ ماۋەرائۇننەھردە ۋەيران بولۇش دەۋرىدە تۇرغانلىقىنى بايان قىلغانىدى.

شۇ دەۋردىكى بۇددىزمنىڭ بولۇپمۇ تۆمۈر دەرۋازىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى جايلاردا ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكى، شىمالدا سوغدىيانا (سوغۇت) دا بولسا غالىبتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. زەردۇشتلەر بۇددىستلارنىڭ ئىبادەتخانىلارغا يىغىلىشىنى، ئىبادەت قىلىشىنى چەكلىگەن ۋە قاتتىق باستۇرغان. «ئىسلام ئىستېلا ھەرىكەتلىرى باشلانغان مەزگىلدە پەقەت تېرمىزدە 12 بۇددا ئىبادەتخانىسى، مىڭدەك بۇددا راھىبلىرىنىڭ بارلىقى خاتىرىلەنگەن»[1]. «ئەرەب ئىستېلاسىنىڭ باشلىنىشى بىلەن ۋە ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىش نەتىجىسىدە بۇ رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتىن مەھرۇم بولغان بۇددىزم ئىچكى ئاسىياغا قاراپ چېكىنگەن ھەم تۈركلەر ئارىسىدا مۇھىم ئېتىبارغا ئېرىشكەن»[2]. ھەتتا شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، بۆيۈك تۈرك قاغانى، بىلگە قاغان بۇددىزمنىڭ ئۆز تەۋەسىنىڭ رەسمىي دىنى بولۇپ قېلىشىنى خالايدىغانلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن[3]. لېكىن ئۇنىڭ يېنىدا تەجرىبىگە ئىنتايىن باي، تۈرك خەلقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى بىلىدىغان، ئەقىللىق دۆلەت ئەربابى تونيۇقۇق خان بار ئىدى. تونيۇقۇق خان شۇ زاماندا تۈرك قاغانىغا خىزمەت قىلىۋاتاتتى، بۇ پېشقەدەم ۋەزىر بىلگە قاغانغا بۇددىزمنىڭ خەۋپىدىن بېشارەت بەرگەن ۋە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن «بۇددا دىنى تۈركلەرنىڭ

① بارتولد: «تېرمىز ماددىسى» دا «دائىرەتۇل ـ مائارىپ ئەل ئىسلامىيە».
② بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى».
③ زەكەرىيا كىتابچى: «تۈركىستاندا ئىسلامىيەت ۋە تۈركلەر».

باتۇرلۇق روھىغا كۆپ يامان تەسىر يەتكۈزىدۇ»[1] دەپ ئۇنى خەتەرلىك ئوي ـ خىيالدىن ۋاز كەچتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولغان.

ئەرەب ئەدىبى جاھىز تۈركلەر توغرىسىدا توختىلىپ: «تۈركلەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، يەنى جەڭگىۋارلىقى، باتۇرلۇقى، چاققانلىقى ۋە باشقىلار» بۇددا دىنىغا كىرگەندىن كېيىن يوق قىلىندى. يەنە ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «تۈركلەر بۇددا دىنىغا كىرگەندىن كېيىن سوقۇشلاردا مەغلۇپ بولۇشقا باشلىدى. تۈركلەرنىڭ ئەڭ قەھرىمان قەبىلىلىرىدىن بولغان توققۇز (ئۇيغۇر) ئوغۇزلار قارلۇق تۈركلىرىدىن سان جەھەتلەردىن نەچچە ھەسسە ئاز بولسىمۇ، ئۇرۇشلاردا دائىم ئۈستۈن تۇراتتى. بۇددا دىنى ئىنسانغا تەركىدۇنياچىلىقنى سىڭدۈرۈشتە خىرىستىئانلىقلاردىنمۇ بەك يامان تەسىر بېرىدۇ. ئۇلار قاچان شۇ شۇ دىنغا كىردى شۇندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ قەھرىمان روھىي جاسارىتى سۇنۇشقا باشلىدى. جۈرئەتسىز بولۇپ قالدى»[2].

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، تارىخىي پاكىتلار قەھرىمانلىقلىرى تىللاردا داستان بولۇپ قالغان، كۆپلىگەن دۇنياۋى ئەسەر مەنبەلەردە تۈركلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قەبىلىسى دەپ تىلغا ئېلىنغان توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇرلار) نىڭ بۇددا ھەتتا مانىغا ئوخشاش كونا ئاسىيا دىنلىرى ئاراللىرىدا قېلىشى بىلەنلا باتۇرلۇق روھى يوقالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

## 2) خرىستىئانچىلىق

ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۇچرايدىغان باشقا مۇھىم قاراق دىنلاردىن بىرى، نىستۇرى مەزھىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان خرىستىئانچىلىقتۇر. ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا، دىنىي پەلسەپىسى ئىنسان (ھەزرىتى ئەيسا) نىڭ ئىلاھچىلىقىنى رەت قىلىشتىن

---

① «ئەت تۈرك فى مۇئەللەفات ئەل جاھىز».
② زەكەرىيا كىتابچى: «ئەتتۈرك پى مۇئەللەفات ئەل جاھىز».

ئىبارەت بولغان نەستۇرىيلار مەزھىپى ىىراق، ئاسىيا، ئىراق، پارسلار رايونىغا تارقىلىش بىلەن نەستۇرىيلار تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىران، خۇراسان قاتارلىق جايلارغا تارقالدى. بولۇپمۇ «نەستۇرىيلار قىسقا مەزگىل ئىچىدە ئىراندا ئۇنۇملۇك پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى»①.

«ئىران ئاساسەن 5 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپ، ۋىزانتىيىدىن قوغلانغان مەدەنىي كىشىلەر، مەجۇسەر، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئان تەرەپدارلىرىنىڭ بەخىراماں پاناھلىنىدىغان جايىغا ئايلانغانىدى»②. مىلادىيە ئالتىنچى ئەسىرلەردە، تۈرك يۇرتلىرىغا كىرگەن خرىستىئانچىلىق، كۆپ دىنىي قارشىلىققا دۇچ كەلمەي، ئۇلار ئىچىگە سىڭىپ كىرىشكە باشلىغانىدى. ئۇلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا سەمەرقەندنى ئۆزلىرىگە ئەڭ مۇۋاپىق مەركەز دەپ تاللىغان ۋە مۇۋاپىق جاي دەپ قارىغان. خرىستىئانلار دىن تارقىتىش سورۇنلىرىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر ئىچىگە، ھەتتا جۇڭگوغىچە سوزۇلغان كەڭ زېمىندا، دىن تارقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنىدى③. بولۇپمۇ ئەرەب ئىستېلاسى باشلانغان مەزگىللەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادا خرىستىئان جامائەتىنىڭ خېلى كۈچلۈك دەرىجىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئىسلام مەنبەلىرىدە بايان قىلىنغان. ئۇممەۋىيلەرنىڭ خۇراساندىكى ۋالىيسى نەسىر بىننى سەييار ئۇلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنىڭ پېشىۋالىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ باستۇرغانىدى.

### 3) مانى دىنى

ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقالغان دىنلارنىڭ بىرى مانى دىنى

① بارتولد: «ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى».
② بارتولد: «ئىسلام مەدەنىيىتى تارىخى».
③ جەئاتاس: «ئىسلام تارىخى».

دىنىدۇر. ساسانىيلار زامانىسىدا ئىراندا بەزى دىنلار بىلەن بىر
ۋاقىتتا مەيدانغا كەلگەن مانى دىنىنىڭ (3 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرى) ئىجاد قىلغۇچىسى مانى ئازابلاپ ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى، بۇ رايونغا
باشپاناھلىق تىلەپ، ئورۇنلاشقاندىن كېيىن پائالىيەتلىرىنى قانات
يايدۇردى. مانى دىنى ئوتتۇرا شەرقتىن تاكى ئاتلانتىك
ئوكياننىڭ قىرغاقلىرىغىچە ھەممە يىراق شەرقتىن تىنچ
ئوكياننىڭ كەڭ رايونلىرىغىچە تارقىلىپ، تەسىرى مىڭ يىلدىن
ئۇزاقراق داۋام قىلدى. مانى دىنى، زورو ئاستىر، ساكيامۇنى،
ئەيسانى ھەقىقىي پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ
ئۆزىنىڭ مانى دىنىنى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەپ
قارايتتى. مانى دىنى كېيىنكى چاغلاردا خرىستىئانلارغا ئوخشاش،
سەمەرقەندنى ئۆزلىرىنىڭ مەركىزى قىلىشتى. كېيىنكى چاغلاردا
سوغدىلىق سودىگەرلەرنىڭ كارۋانلىرى بىلەن بىللە يۈرۈپ
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىغا بېرىپ پائالىيىتىنى
كېڭەيتتى. مانى تەلىماتىدا دۇنيا ئىككى خىل كۈرەش مەركىزى
دېگەننى تەشەببۇس قىلغان. ئۇنىڭ بىرى يامانلىق يەنى
قاراڭغۇلۇق، ئىككىنچىسى ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقتىن ئىبارەت.
قارىماققا بۇ ئەقىدە خرىستىئان دىنىدا ئېيتىلغان «روھ ۋە
شەيتان» غا ئوخشاپ كېتىدۇ. مانى دىنى ياخشىلىق بىلەن
يامانلىق كۈچى ئۆزئارا تەڭ دەپ قارايدۇ. بۇ خىل كۆز قاراش
سۈپىتىدە مانى دىنى مۇرىتلىرى پەرزەنت كۆرۈپ ئەۋلاد
قالدۇرۇش ئۈچۈن بولغان تەقدىردىمۇ جىنسىي مۇناسىۋەتتىن
ساقلىنىش لازىم دەپ قارايدۇ. مانى دىنى مۇرىتلىرى يەنە گۆش
ۋە ھاراقتىن پەرھىز تۇتاتتى.

مانى دىنى ماۋەرائۇننەھردە تەدرىجىي راۋاجلاندى. بۇ ھەقتە
بارتولد شۈەنجاڭ ئۆز زامانىسىدا، مانىخائىزمنى سەيھۇن دەرياسى
بىلەن چۇ دەريا ئارىسىدىكى كەڭ دائىرىنىڭ بىردىنبىر ھاكىم

دىنى دەپ قارايدىغانلىقىنى يازغانىدى[①] . ئىسلامىيەت ئوتتۇرا ئاسىيادا مانى، زەردۇشتىلىك، خرىستىيان دىنلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ئۆزلىشىۋاتقان ۋاقىتتا شەرقتە ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا كىرىۋاتقان بۇددىزىم ۋە خرىستىيان دىنى تۈركلەر ئارىسىدا كۆپلەپ مۇرىتلارنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

«بۆكۈ قاغان زامانىسىدا 762 ـ يىلى ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تېخىمۇ كۈچەيگەن مانىخائىزىم»[②] ئىسلام دىنىغا قارشى تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، شەھەرلەشكەن تۈركلەرمۇ قارشى چىقىپ كەسكىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. ھەتتا خەلىپە مۇقتەدىر زامانىسىدا، (908 ـ 932 ـ يىللار، ئاببasiيلار دەۋرى) خوراسان ۋالىيسى باشقۇرىدىغان سەمەرقەندتىكى مانىخائىزمچىلىرىنىڭ 500 گە يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەنىدى. ئۇلار جۇرئەتلىك ھالدا توققۇز ئوغۇز ھۆكۈمرانى مۇسۇلمان ۋالىيسىغا قاتتىق باستۇرىدىغانلىق توغرىسىدا تەھدىت سېلىپ خەتمۇ ئەۋەتكەن. بۇ خەتتە: «مېنىڭ ئۆلكەمدىكى مۇسۇلمانلار، سېنىڭ ئۆلكەڭدىكى دىنداشلىرىمدىن (مانى مۇرىتلىرىنى شۇنداق دېمەكچى) نەچچە ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكى شۇبھىسىز دېگەن ۋە ئۇلاردىن بىرى ئۆلتۈرۈلگەن تەقدىردە ئۆز ئۆلكىسىدىكى مۇسۇلمانلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى، مەسچىتلەرنى بۇزۇپ تاشلايدىغانلىقىنى، باشقا ئۆلكىلەردىكى مۇسۇلمانلارنىمۇ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قەسەم ئىچكەن[③]. سەمەرقەندتە مانىلار توپى كۆپلەپ كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلامىيەتنىڭ تۈركلەر ئارىسىدا ئۈنۈملۈك ھالدا تارقىلىشىغا باشلىغانىدى. يۇقىرىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىمىزدە بۇ رايوندا ئاتەشپەرەسلىك، بۇددىزىم، مانىخائىزىم، خرىستىيانچىلىقتا

① ئو. توران: «تۈركلەر ۋە ئىسلامىيەت».
② باھائىددىن ئۆگەل: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك تارىخى».
③ ئىبنى نەدىم: «مەلۇم بولمىغان ئىچكى ئاسىيا».

ئوخشاش دىنلار توغرىسىدا توختالدۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلما دائىرە مەلۇماتلار بېرىلدى.

خەلىپە ئۆمەر (634 ـ 644 ـ يىللىغىچە خەلىپە بولغان) زامانىسىدا ئەرەبلەردىن سەئىد ئىبنى ۋاققاس ئىراننى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنى رەسمىي دۆلەت دىنىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن زەردۇشت دىنى بۇ رايوندىن تامامەن سىقىپ چىقىرىلدى. ئىراندىن قالغان زەردۇشت مۇخلىسلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بۇ رايوندىن ھىندىستانغا كۆچۈپ كەتتى. ھىندىستاندىكى بومبايدا، ئىراننىڭ يەزىد شەھىرىدە ۋە باشقا جايلاردا خېلى نۇرغۇن ئاھالىلەر ھېلىمۇ زەردۇشت دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. زەردۇشت دىنىنىڭ «زىنىد ئاۋىستا» ناملىق كىتابىنى ھازىرمۇ مۇقەددەس كىتاب دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ كىتاب ۋە ئۇنىڭ شەرھىسى ياۋرۇپادا قايتا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ئىسلام دىنى ــ بۇددا دىنى ۋە خرىستىئان دىنىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن يەنە بىر دۇنياۋى چوڭ دىندۇر. ئىسلام دىنى بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان بىر يېرىم مىليارد ئادەمنىڭ رەسمىي دىنى. ئىسلام دىنى مىلادىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ يېرىم ئارال بولۇپ، كۆلىمى ئۈچ مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق. ئورنى ئاسىيا قىتئەسىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان. ئۈچ تەرىپى دېڭىز بىلەن ئورالغان. قىرىق پىرسەنتتىن كۆپرەك رايونى قۇملۇق بولۇپ، كىلىماتى قۇرغاق ھەم ئىسسىق، ئەمما غەربىي جەنۇبقا جايلاشقان دېڭىز ياقىسىدىكى رايونلاردا قەرەللىك ھالدا يېتەرلىك ھالدا يامغۇر يېغىپ تۇرىدۇ. يېرىم ئارالنىڭ يۇقىرىسىدا شىمالغا قاراپ، كامالەك شەكلىنى ھاسىل قىلغان رايون بار. مەشھۇر «مۇنبەت ھېلال ئاي ھازىرقى ئىراق،

سۈرىيە، لىۋان، پەلەستىن، ئىئوردانىيە رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ئەجدادى بولغان سېمىتلەر ناھايىتى بۇرۇنلا بۇ رايونغا كىرىپ ئورۇنلاشقان ھەمدە تەدرىجىي ھالدا يېرىم ئارالنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسمىدىكى بوستانلىقلاردا ماكانلاشقان. ئاھالىنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن ئوتتۇرا شىمال قىسمىدىكى بەدەۋىيلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئەرەب يېرىم ئارىلى ياۋرۇپا، ئاسىيا، ئافرىقا ئوتتۇرىسىدىكى سودا يولىنىڭ ئۆتۈشمە ئورنىغا جايلاشقانلىقتىن، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، قەدىمدىن بېرى يېرىم ئارال خەلقئارالىق ئىقتىسادىي ئورۇن بولۇپ قالغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىلادىيە 570 ـ يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب قىسمىدىكى مەككىدە دۇنياغا كەلگەن. بۇ ئورۇن قەدىمدىن تارتىپ دۇنيادىكى سودا مەدەنىيەت ـ سەنئەت مەركىزىدىن ئىراق بىر جاي ئىدى.

ئىسلام دىنى ئەڭ ئاۋۋال (570 ـ 632 ـ يىلى) ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كەلدى. كېيىنچە ئەرەبلەرنىڭ رەسمىي دۆلەت دىنى بولدى. يەتتىنچى ئەسىرلەردە غەربىي ئاسىيادا باش كۆتۈرۈشكە ۋە كېڭىيىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ئىرانغىچە كېڭەيدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 632 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئىسلام دىنى ئىراندىن ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنى ئومۇملاشتى. خەلىپە ئەبۇ بەكرى (632 ـ 634 ـ يىللار)، خەلىپە ئۆمەر (634 ـ 644 ـ يىللار) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە ئىسلام قوشۇنى ئىران، ئىراق، مىسىر، سۈرىيە، پەلەستىن

قاتارلىق جايلارنى ئىستېلا قىلدى. ئىران پادىشاھىنى مەغلۇپ قىلىپ، خۇراسان ئەتراپىدىكى تۈركلەر ئولتۇراقلاشقان جايلارغا بېسىپ كىردى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىسلام دىنى ئاسىيا، ئافرىقا رايونلىرىغىچە تارقالدى. ئىككى قىتئە، يەنى ئاسىيا، ئافرىقىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئەرەب ئىمپېرىيىسى دەسلەپكى قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلدى. خەلىپە ئەلى (656 ـ 661 ـ يىللار) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مۇئاۋىيە مۇسۇلمان ئىمپېرىيىسىنىڭ بىردىنبىر خەلىپىسى بولۇپ قالغان. ئۇ دەمەشقنى پايتەخت قىلىپ، ئۇممەۋىيلەر خاندانلىقىنى قۇردى. خەلىپە ئوسمان (644 ـ 657 ـ يىللار) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە خۇراسان مەملىكىتى ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىندى. خەلىپە ئۆمەر دەۋرىنىڭ مەشھۇر قوماندانلىرىدىن بولغان ئەھنىق ئىبنى قەيسىنىڭ قوماندانلىقىدا ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىنى ئىشغال قىلىپ شەرققە قاراپ يۈرۈپ، بەلخنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن توخارىستان قاتارلىق جايلاردا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتتى. ئىسلام قوشۇنلىرى غەرب قىسمىدىكى رايونلاردىن مەغرىپنى بويسۇندۇردى. ئۇلار شىمالىي ئافرىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، تاكى ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە بېسىپ كىردى. كېيىن ئىسلام قوشۇنلىرى جەبىلتارىق بوغۇزىدىن ئۆتۈپ، ئىسپانىيىنى ئىشغال قىلدى. توپتوغرا پىرىنىئۇس تېغىنىڭ جەنۇبىي يېنىغىچە يېتىپ باردى. مىلادىيە 647 ـ يىللىرى خەلىپە ئوسماننىڭ ئوغلى سەئىد سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلدى.

ئابدۇلمەلىك ئىران ۋالىيسى مەشھۇر ھەججاجنى خۇراسانغا ۋالىيلىققا تەيىنلىدى. ھەججاجنىڭ قول ئاستىدىكى مەھلەپ ئىبنى نەبى سۇبرەھ ئەرەب قوماندانلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن ئىدى. ئۇ 700 ـ يىللىرى ئامۇ دەريانى بويلاپ، يۇقىرىغا مېڭىپ بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. زەرەپشان دەرياسى (سوغدى دەرياسى) نىڭ تۆۋەن ئېقىنى غەربىي چېتىنىڭ

www.uygurkitap.com

ئوتتۇرىسىغا قۇرۇلغان بۇخارا شەھىرى ئەڭ قەدىمكى شەھەر ئىدى.

ھەججاج مىلادىيە 705 ـ يىلى قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم ئىسىملىك بىر قوماندانى خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم دەۋرى (مىلادىيە 705 ـ يىلىدىن 714 ـ يىلىغىچە) ئۇ خۇراسانغا كېلىپ ئىنتىزامنى كۈچەيتىپ، بايكەنتكە ھۇجۇم قىلدى. تۈركلەر قۇتەيبە قوماندانلىقىدىكى ئەرەب قوشۇنلىرىنى ئىككى ئاي مۇھاسىرە قىلىۋالغان بولسىمۇ ئاخىر ئۆزلىرى مەغلۇپ بولدى. قۇتەيبە مىلادىيە 706 ـ يىلى بايكەنتنى ئىشغال قىلدى. بايكەنتتە ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملاشقانلىقى ئۈستىدە ئاتاقلىق ئىسلام ئالىمى ھەمەۋى توختىلىپ، بايكەنتتە بايلار تەرىپىدىن مىڭدەك رابات سېلىنغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. ئەرەبلەر بۇ رايوننىڭ ئەڭ ئاۋات، باياشات شەھەرلىرىدىن بولغان بۇخاراغا كېلىپ، ئۇيەرنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ، چوڭ قىرغىنچىلىقتىن كېيىن تۆتىنچى قېتىملىق ھۇجۇمدا مىلادىيە 707 ـ يىلى بۇخارانى ئىشغال قىلدى. بۇخارانىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى قەدىمدىلا تۈرك نەسلىدىن بولغان بىر ھۆكۈمدار ئائىلىسىنىڭ قولىدا ئىدى. نار شاھى بۇ ھۆكۈمدارنى بەيدۇن دەپ يازغانىدى.

تۈرك قاغانى كۈل تېكىن پەرغانە ۋە سوغدى تۈركلىرىنى ئىسلام ئەسكەرلىرىگە قارشى سەپەرۋەر قىلىپ، ئامۇ دەريا بويىدىكى تېرمىز شەھىرىگە ئورۇنلاشتى. بۇ رايوندىكى تۈرك نەسلىدىن بولغان ھۆكۈمدارلارنىڭ بۈيۈك تۈرك قاغانلىقى بىلەن بولغان سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە ئالاقىلىرى بەكمۇ قويۇق ئىدى.

707 ـ يىلى قۇتەيبە ئىسلام ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، ئامۇ دەريادىن ئۆتۈپ كۈل تېكىن باشچىلىقىدىكى تۈركلەرگە ھۇجۇم قىلدى. كۈل تېكىن ئەرەب قوشۇنلىرى بىلەن شىددەتلىك ھالدا

ئېلىشتى. ئەمما، كۆل تېكىن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى. ئىككىنچى قېتىم 708 ـ يىلى يەنە كۈچ توپلاپ، سوغدىياناغا يۈرۈش قىلىپ قۇتەيبىنى مەغلۇپ قىلدى.

قۇتەيبە بۇ مەغلۇبىيەتنى ھەججاجغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭغا ماۋەرائۇننەھرنىڭ خەرىتىسىنى ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەججاج ئىسلام ئەسكەرلىرىنى قايتا تەشكىللەپ، ئىراندىن بىر قىسىم مۇسۇلمان قوشۇنلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇرۇشقا قاتناشتۇردى. مىلادىيە 709 ـ يىلى قۇتەيبە بۇخاراغا ئۇرۇنلاشتى. كۆل تېكىن قوشۇنى بىلەن سەمەرقەندتىن بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. مۇشۇ جايدا تۈركلەر بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭ بولدى. بۇ ئۇرۇشتا كۆل تېكىن قاتتىق جاراھەتلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇخارا، سەمەرقەند، سوغدى خانلىقىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن قۇتەيبىگە تەسلىم بولدى.

بۇخارا مەلىكىسى خاتوننىڭ ئوغلى تۇغشاد ئەمدىلا كامالەتكە يەتكەن چېغىدىلا، خۇداھ ئۇنۋانى بىلەن ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا قويدى. «قۇتەيبە تۇغشادقا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ياخشى مۇناسىۋەتتە بولدى. تۈرك نەسلىدىن بولغان قاغان ئائىلىسىنىڭ بۇ ياش ھۆكۈمدارى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدى»[①]. «بۇنىڭ بىلەن توغشاد ئەرەبلەر تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغانلىقى، يېڭى ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن، تەبىئىي ھالدا ئەرەبلەرنىڭ تەرەپدارى بولۇپ قالغان»[②]. قۇتەيبە بۇ رايونلارنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇردى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شەھەرلىرى، ئاھالىلىرى، ئىلگىرى قارىمۇقارشى توپلاردىن، خىلمۇخىل ئىجتىمائىي سىنىپلاردىن تەشكىل تاپقان تۈرلۈك دىنىي ئىدېئولوگىيە،

---

① بروك كەلمان: «ئىسلام مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى تارىخى».
② نارشاھى: «بۇخارا تارىخى».

مەسلەك ۋە مەزھەپلەر گىرەلەشكەن ھالەتتە كەلگەنىدى. مۇشۇنداق جايدا ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا مۇتلەق ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى ۋە ئورنىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇددا، مانى، زەردۇشتىلىك، خرىستىئان دىنلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بۇ زېمىندىن سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ، تۇنجى قېتىم مەدەنىيەت بىلەن دىنىنىڭ بىرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. كلاسسىك ئۇقۇم بىلەن ئېيتقاندا، ئىسلام مائارىپىنى ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى يولغا قويىدىغان مەدرىسلەر قۇرۇلدى. مىلادىيىنىڭ 712 - يىلى ئەرەبلەر سەمەرقەندتە تۇنجى قېتىم ئىسلام مەسچىتىنى سالدى. قۇتەيبە ئىبنى مۇسلىم سەمەرقەندكە ۋالىي قىلىپ تەيىنلەندى. «ئەرەبلەر مىلادىيە 713 - يىلى پەرغانە ۋە خۇجەنتنى بويسۇندۇردى. 714 - يىلى كاساننى ئالدى[1]. شۇ يىلى تاشكەنت ئۇرۇش قىلمايلا ئەرەبلەرگە تەسلىم بولدى. قۇتەيبە سەمەرقەندنى ھەربىي بازا قىلىپ، ئىچكى جايلارغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. قوشۇن شاشقا يېقىنلاشقاندا، قۇتەيبىنى پۈتۈن كۆچى بىلەن قوللىغان ھەججاجنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ (713 - يىلى) كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەججاجنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان غەم - ئەندىشە تەسىرىدە ئەرەب ئەسكەرلىرى قۇتەيبىگە بۇرۇنقىدەك ئىتائەت قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. خەلىپىلەر ئارىسىدىمۇ مۇھىم ئۆزگىرىشلەر بولدى. ۋەلىدىن كېيىن خەلىپىلىك ئورنىغا چىققان سۇلايمان (715 - يىلى) رەقىبلىرىدىن ئۆچ ئېلىشقا باشلىدى. يېڭى خەلىپىنىڭ ئۆزىدىن ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئۆچ ئالىدىغانلىقىنى بىلگەن قۇتەيبە پەرغانىدە خەلىپىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. مۇنداق تېز يۈز بەرگەن ۋەقەدە قۇتەيبە غەلىبىگە ئېرىشتۇرگەن ۋە بايلىقنى ئېگە قىلغان قوشۇنىنىڭ ئۆزىگە يار - يۆلەكتە بولۇشىنى قىياس

[1] كاسان - تاشكەنت شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە پەرغانە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ پايتەختى بولغان.

قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئويلىغاندەك بولماي قالدى. «مىلادىيە 714 ـ يىلى، ۋەقىب بىننىي سۇئۇد ئەتتەمەمىنىنىڭ باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇپپا پىدائىيلار قۇتەيبىنىڭ چېدىرىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، قۇتەيبىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن 11 كىشىنىڭ كاللىسىنى كەستى»①. 1282 ـ يىللىرى ئەل جەۋھىرىنىڭ «ئەس سوراھ فى لۇغات» ناملىق ئەرەبچە سۆزلۈكنى پارسچىگە تەرجىمە قىلغان جامال قارشى (ئەبۇ پەزلى بىن مۇھەممەد) نىڭ 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرگە «مۇلھاقاتۇسسۇراھ» نامى بىلەن يازغان ئىلاۋىسىدە: «715 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن ئەرەب سەردارى قۇتەيبىنىڭ قەبرىسى قوقەنتدىكى قەبرىستانلىقتا، يەنى ئىمامى ھۇسەيىننىڭ نەۋرىسى بىلەن ئىمام مۇھەممەد باقىرنىڭ قېرىندىشى ئابدۇللا ،731 ـ يىلى ۋاپات بولغان، نىڭ قەبرىسىمۇ بار ئىدى» دېيىلگەن. شۇڭا بۇ جاي مۇقەددەس ئورۇنلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان.

ئىسلام تارىخچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە قۇتەيبىنى ئىسلام دىنىنى تارقىتىشنىڭ ئەڭ چوڭ قەھرىمانى دەپ مەدھىيىلىشىدۇ. دەرۋەقە قۇتەيبە ئىسلامنى كېڭەيتىشتە ئەھنىق ۋە مەھلەپلەرنىڭ ئوغۇللىرىغا ئوخشاش مەشھۇر قوماندانلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلغانىدى. لېكىن، ئىسلامىيەتنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قىلغان يۈرۈشلىرىدە مىسلىسىز دەرىجىدە زالىملىق قىلىپ، ھەججاجنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى. ئۇ تۈرك ۋادىلىرىدا زۇلۇم تىغى بىلەن قان تۆكۈشتە ھەججاجدىن قېلىشمىدى. ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلارنىمۇ قىردى. ئۇ تۇخارىستاننى ئىشغال قىلغاندا، شەھەر ئاھالىسىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. قۇتەيبىنىڭ ئۆز ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشى خەلقنىڭ غەزىپىدىن

① تارىخ ئالىمى ئەلبىلازورى، ئەتتەبەرى ئەسەرلىرىدىن.

تاشقىرى ئۆز ئىچىدىمۇ ئۇنىڭغا قارشى كۈچلەرنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

قۇتەيبە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بۇرۇن ئىسلام دىنىغا كىرگەن خەلقلەر ئىسلام دىنىدىن يېنىۋالدى. بەزى شەھەرلەر مۇستەقىللىق جاكارلاپ ئەرەبلەر تەۋەلىكىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەرەبلەر بىلەن تۈركلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئۇزۇن داۋام قىلدى.

716 ـ يىلى كۆل تېكىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قۇتلۇق قاغانىنىڭ چوڭ ئوغلى بىلگە قاغان بولدى. بىلگە قاغانىنىڭ زامانىسىدا كۆل تېكىنىنىڭ ئىنىسى تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى ئىدى. كۆل بىلگە قاغان 734 ـ يىلى ۋاپات بولدى. مىلادىيە 718 ـ يىلى خەلىپە سۇلايمان ئالەمدىن ئۆتتى. 719 ـ يىلى سوغدى تۈركلىرى سەمەرقەندتىكى ئەرەبلەرگە ھۇجۇم قىلدى. خوراسان ۋالىيسى ئەسكەر توپلاپ، سەمەرقەندكە بېسىپ كىرىپ ئاھالىنى قىرغىن قىلدى.

ئىسلام تارىخىدا «قاغانى تۈرك» دەپ، مەشھۇر بولغان چولۇق قاغان، سوغدى تۈركلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قانلىق ھادىسىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 721 ـ، 722 ـ يىللىرى سەمەرقەندكە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، ئەرەبلەر بىلەن كۆپ قېتىم قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر ئۆزلىرى مەغلۇپ بولدى.

725 ـ يىلى ئەرەب قوماندانى مۇسلىم ئىبنى سەئىد پەرغانىگە قايتا ھۇجۇم قىلىپ، خۇجەند شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋاقىتتا چوڭ قاغان تالاستىن يۈرۈش قىلىپ، مۇسلىم ئىبنى سەئىدنى مەغلۇپ قىلدى. خۇجەندىنى قايتۇرۇۋالدى.

مىلادىيە 726 ـ ۋە 727 ـ يىللىرى چولۇق قاغان خوراسان ۋالىيسى ئەسئەت ئابدۇللانىڭ ماۋەرائۇننەھردە تۈركلەر بىلەن تۇتۇشۇشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا

تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. ئەرەبلەر مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى.
مىلادىيە 727 ـ يىلى ئەسئەت ۋالىيلىقتىن بوشىتىلىپ، ئورنىغا ئەشرەس ئابدۇللا قويۇلدى. ئەشرەس سالىھ تەرەق دېگەن ئىسلام ئۆلىماسىنى ماۋەرائۇننەھردىكى تۈركلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتتى. سالىھ تەرەق خەلقنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىپ، ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە ـ ئەھكاملىرىنى چۈشەندۈردى. «بۇخارا ۋە سەمەرقەنت رايونلىرىدىكى تۈركلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئىشەنچ ۋە ئەقىدە تىكلىنىپ مۇسۇلمان بولۇشقا باشلىدى. يۇقىرىقى جايلاردا ئىسلام جامائەلىرى مەسچىتلەر بىنا قىلىندى. ئىسلام ئاھالىلىرى قۇرئان ئوقۇش، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندى»[1]. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي ئوتتۇرا ئاسىيادا ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى راۋاجلىنىپ، بۇخارا مەرىپەتنىڭ مۇھىم بۆشۈكىگە ئايلاندى. ئىسلام ئەھلى ئىچىدە ھەرقايسى ساھەلەردە، بولۇپمۇ ھەدىسچىلىك ساھەسىدە كۆپلىگەن قەدىرلىك ئالىملار يېتىشتۈرۈلدى.
نارشاھى بۇخارانى تىلغا ئالغاندا ئۇنى ئىسلامنىڭ قۇببەسى دېگەن. ئىسلام مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نېگىزى بولغان ئىسلام مەدرىسلىرى كەڭ يولغا قويۇلۇپ، ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. بۇخارا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇڭگوغا يېقىن شەرق ۋە ھىندىستانلارنى ئۇزئارا تۇتاشتۇرىدىغان تارىختىكى مەشھۇر سودا يولى «يىپەك يولى»نىڭ مەركىزىي جايىغا بىنا قىلىنغانلىقتىن، ئىسلام مائارىپى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.
بۈيۈك يازغۇچى ئەسسەئالىبى ئۆز ئەسىرىدە بۇخارانى ئۇلۇغلارنىڭ ئۇۋىسى، بايلىقنىڭ ماكانى، زامانىسىنىڭ ئالىملىرى ئۇچرىشىدىغان سورۇنى، دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ يىلتىزى

---

① بارتولد: «موڭغۇللار دەۋرىدىكى تۈركىستان».

www.uyghurkitap.com

مەيدانغا كەلگەن جايى دېگەندى. ئابۇل ئاببااس بولسا بۇخارانىڭ ئىسلام ئىلمىي مەدەنىيىتىدە، ئۆزىگە خاس ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، «فىقھى ئالىملىرىنىڭ توپلانغان يېرى، پەزىلەتلىك ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ توپلانغان يېرى، ئۇلۇغ ئالىملار يىغىلىپ چوڭ بولغان يېرى» دېگەن. ئەشرەس «ئىسلام دىنىنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغانلارنى، ئىسلام قائىدىلىرىگە رىئايە قىلغانلارنى، قۇرئاندىن بىرەر سۈرە ئوقۇشقا ئىقتىدارى بولغانلارنى ئازاد قىلىدىغانلىقىنى» ئېلان قىلدى[1]. تېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئاھالىلەردىن سېلىق ئالمىغاندىن تاشقىرى، ھەتتا ئۇلارنى سۈننەتكىمۇ تەكلىپ قىلماسلىققا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلام دىنىغا كىردى. سېلىق ئېلىپ تاشلانغانلىقتىن دۆلەتنىڭ خەزىنىسىگە كىرىدىغان دارامەت زور مىقداردا ئازىيىپ كەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ئاساسى ئاجىزلاپ قالدى. شامنىڭ خەزىنىچىسى ئەشرەس ۋالىيغا يازغان بىر مەكتۇپتا: «مالىيە مەبلىغى ئازىيىپ كەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆچى مالىيە كۆچى بىلەن بولىدۇ. ئاڭلىشىمچە سوغدىيانىدا، باشقا يۇرتلاردا تېخى مۇسۇلمان بولمىغانلار بار ئىكەن. ئۇلار مۇسۇلمان بولماي تۇرۇپ، باج بېرىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇسۇلمان بولغانمىش. بىزنىڭچە خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتقان، قۇرئاننى يادا ئالغان كىشىلەردىن سېلىق ئالمىساق؛ بۇنىڭدىن باشقا پەرزلەرنى ئادا قىلمىغان، قۇرئاننى يادا ئالمىغان كىشىلەردىن ‹مەن مۇسۇلمان› دېگىنىگە قارىماي، سېلىق ئالساق» دېيىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدارلار تۈركلەردىن يەنىلا سېلىق ئېلىشقا باشلىدى. بۇ ھال ئاھالىلەر ئىچىدە غۇلغۇلا پەيدا قىلىپ، ئىسيان كۆتۈرۈلۈشكە سەۋەبچى بولدى. ئەشرەس

---

① بارتولد: (1869 ـ 1930 ـ يىللار) «موڭغۇللار دەۋرىدە تۈركىستان».

ئۆزىنىڭ سەمەرقەندتىكى ۋەكىلى سالىھ تەرەقنى بىر قانچە ئەمەلدارلارنى تۇتۇپ كېلىپ، قاماقتا ئالدى. بۇ خىل زورلۇق - زومبۇلۇقنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار ۋە تېخى ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن بارلىق تۈركلەر بىرلىشىپ، چۇلۇق قاغاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

مىلادىيە 729 - يىلى چولۇق قاغان ئورغۇن ئەسكەر توپلاپ، پەرغانە، تاشكەنت، سوغدىيان تۈركلىرىنى تەشكىللەپ، ئەرەبلەرگە قارشى ئۇرۇشقا چاقىردى. تۈرك ئەسكەرلىرى بۇ ئۇرۇشتا سوغدىيان ئۆلكىسىنى ئىشغال قىلىپ، ئەرەب ئەسكەرلىرىنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقاردى. ئەشرەس بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ، مەرۋىدىن يۈرۈش قىلىپ، ئامىل شەھىرىنىڭ يېنىدا ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتتى. تۈركلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. لېكىن، كېيىنكى بىر قېتىملىق تۇتۇشۇشتا، چولۇق قاغان مەغلۇپ بولۇپ بايكەنتنى ئەشرەسكە تارتتۇرۇپ قويدى. ئۇزۇن ۋاقىت جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە بۇخارا، سەمەرقەند شەھەرلىرى ئەرەبلەرگە، پەرغانە خەتال (تۇخارىستان ۋە سوغدىيانىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركلەرگە قارايدىغان بولدى) مىلادىيە 730 - يىلى ئەشرەس خۇراسانىنىڭ ۋالىيلىقىدىن يىقىلىپ، ئورنىغا جۇنەيد ئابدۇلرەھمان ۋالىي بولدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي تۇخارىستانغا ھۇجۇم قىلدى. چولۇق قاغان بۇنى ئاڭلاپ، ئەرەبلەرنىڭ قولىدىكى سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپ، جۇنەيدنىڭ قوشۇنىنى قورشىۋالدى. جۇنەيد خۇراساندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ياردەمگە كەلگەن ئەرەبلەرنىڭ قوشۇنلىرى چولۇق قاغان ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشۇپ، ئاخىر غەلىبە قىلىپ بۇخارانى ئالدى. چولۇق قاغان تالاسقا چېكىندى. كېيىنكى ئۇرۇشلاردا ئەرەبلەر بۇخارا، سەمەرقەند شەھەرلىرىنى يەنە تۈركلەرگە تارتقۇزۇپ قويدى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەممىسى تۇخارىستان ۋە بەداخشاندىن ئىبارەت تۈرك يۇرتلىرى يەنىلا چولۇق قاغانغا تەۋە بولدى.

بۇ دەۋردە چۇلۇق قاغانىنىڭ تۈركەش دۆلىتىنىڭ جىغراسى تازا كېڭەيگەنىدى. تۈركەش دۆلىتى ئون قەبىلىسىنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىللەنگەن ئىتتىپاقداش دۆلەت ئىدى. ئىسسىق كۆلنىڭ غەربىدىكى بەش قەبىلە چۇلۇق قاغانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، كىشىلەر بۇ بەش قەبىلىنى «قارا تۈركەش» ياكى «غەربىي تۈركەش» دەپ ئاتايتتى. ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىدىكى جايلار چۇلۇق قاغانىنىڭ قول ئاستىدىكى كۆل چۇر باغا تارخان ئۇنئانلىق بىر ۋالىينىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. چۇلۇق قاغان 738 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھردىكى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. كۆل چۇر باغا تۈرخان چۇلۇق قاغانىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش نامى بىلەن توقماق شەھىرىگە كېلىپ، قاغانىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈردى. 739 ـ يىلى كۆل چۇر باغا تارخان ئۆزىنى تۈركەش قاغان دەپ ئېلان قىلدى. ئەمما، تۈركەش دۆلىتى ئىچكى جەھەتتىن بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكتىن، ئەبۇ مۇسلىم باشچىلىقىدىكى خۇراسان قوشۇنى بۇ خىل زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، تۇخارىستان ۋە ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، 742 ـ يىلى بۇ جايلار يەنىلا ئەرەب ھاكىمىيەتلىرى ئاستىدا بولدى. 766 ـ يىلى يەتتە سۇ، سىر دەريا ۋە سۇياب ئەتراپىدا ياشىغان قارلۇق قەبىلىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خۇراساننى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئۇ تىكلىگەن ھاكىمىيەت «بەرمەكىيلەر»① ئۆز ۋاقتىدا ئابباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ بۇ جايلارنى ئىدارە قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

مىلادىيە 786 ـ ۋە 809 ـ يىللىرى بەرمەكىيلەر خاندانلىقى زەئىپلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى تاھىر خاندانلىقى ئىگىلىدى. تاھىرىيلەر خاندانلىقىنىڭ باشلىقى خۇراساننىڭ چوڭ

---

① بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمرانى بەلخلىق بەرمەكىيلەردىن بولغاچقا، بۇ ھاكىمىيەت بەرمەكىيلەر نامى بىلەن ئاتالغان.

يەر ئىگىسى بولغان ئاقسۆڭەك تاھىر ئىبنى ھۇسەيىن بولۇپ، بۇ خانلىق ئۇنىڭ نامىدا تاھىرىي خاندانلىقى دەپ ئاتالدى.

تاھىرىيلەر خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئەرەب ھۆكۈمران دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

مەئمۇن مىلادىيە 813 ـ يىلى خەلىپىلىك تەختىگە چىققاندىن كېيىن تاھىر ئىبنى ھۇسەيىننى ئەڭ يېقىن كىشىلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ، باغدادنىڭ لەشكەر باشلىقى ۋە ئىراندا ئىگىلىك باشقۇرۇش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. مىلادىن 821 ـ يىلى ئۇنى خۇراساننىڭ نائىپى (ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلدار) قىلىپ بەلگىلىدى.

تاھىر ئىبنى ھۇسەيىن خۇراساننىڭ ۋالىيسى بولغاندىن كېيىن ئۇنى مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش مەقسىتىدە، ئىسلام مەسچىتىدە خەلىپىلىك نامىغا ئوقۇلىدىغان خۇتبىنى چىقىرىپ تاشلىدى. بۇنىڭ ئاشكارا ھالدا خەلىپىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئىدى. تاھىر 822 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ۋالىيلىققا ئابدۇللا ئىبنى تاھىر چىقتى. ئابدۇللا تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغىچە، (مىلادىيىنىڭ 844 ـ يىلىغىچە) بۇ مەنسەپنى تۇتۇپ، خەلىپە دۆلىتىگە ساداقەتلىك بىلدۈرۈپ كەلدى.

تاھىر خاندانلىقى ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن خۇراسان تاھىرىيلەر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى مۇستەقىل خانلىققا ئايلاندى. نىشاپۇرنى تاھىرىيلەر خاندانلىقىنىڭ پايتەختى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن تاھىرىيلەر خاندانلىقى پۈتۈن خۇراسان، تۇخارىستان، ماۋەرائۇننەھر قاتارلىق جايلارنى ئىدارە قىلدى.

تاھىر جەمەتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، مىسۇفوتامىيە قاتارلىق جايلاردا ھەربىي قوشۇننى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ھەربىي مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەسىرىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەكرەك كېڭەيتىشكە ھەرىكەت قىلدى. بۇ جەھەتتە ئىسلام دىنىدىكى شىئە مەزھىپىنى قانۇنىي ئورۇنغا كۆتۈردى. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردە، ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن بىر يۈرۈش سۇ قانۇنىنى يولغا قويدى.

ئەرەب تارىخشۇناس ئالىمى گەردىزىنىڭ «ئىقىن ئۆستەڭلەر ھەققىدە بايان» دېگەن ئەسىرىدە: «قانۇن بىلەن سۇ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ئەمما سىنىپىي زۇلۇم كۈچىيىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچرىغان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى نامراتلاشتى. خانلىقنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ماۋەرائۇننەھردىكى نۇرغۇن يەرلەر خەلىپىنىڭ خۇسۇسىي مۈلكىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇ ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلارنى دەھشەتلىك باستۇردى. دېھقانلار ئۈستىدىن ئېلىنىدىغان باج ـ سېلىقنى ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپەيتتى.

«تارىخى تەبەرىي» دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، ئابدۇللا ئىبنى تاھىر ئۆزىگە قاراشلىق ۋىلايەتلەردىن توپلىغان، سېلىقنىڭ مىقدارى 48 مىليون دەرھەمگە يەتكەن. ئۇ ھەر يىلى خەلىپىگە 44 مىليون 846 مىڭ دەرھەم ئاقچا، 13 ياخشى ئات، ئىككى مىڭ قوي، ئىككى مىڭ قۇل، 1187 توپ بۆز خام تۆلەپ تۇرغان. تاھىرىيلار خاندانلىقىنىڭ جەمەتىمۇ شۇ يوللار بىلەن خەلقنى قاتتىق ئەزگەن.

بارتولد ئۆزىنىڭ «ئىراندىكى دېھقانلار ھەرىكىتىنىڭ تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، ئابدۇللا ئىبنى تاھىر 839 ـ يىلىدىكى تەبەرستان دېھقانلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا ئاكتىپ قاتناشتى. تاھىرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنمىغان سامانىيلار ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، ئاخىر ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مىلادىيە 873 ـ يىلى تاھىرىيلار خاندانلىقى ئاغدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ماۋەرائۇننەھردە بىر ئەسىر داۋام قىلغان كۈرەش نەتىجىسىدە سامانىيلار خاندانلىقى مەيدانغا كەلدى.

# ئىككىنچى باب
# سامانىيلار خانىدانلىقى

## 1. سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى

سامانىيلار خانىدانلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋەرائۇننەھردە قۇرۇلغان ئىسلام دۆلىتىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ دۆلەت ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئىسمايىل ئىبنى ئەھمەد ئىبنى مەنسۇر ئىبنى سامانىي[①] نامى بىلەن قىسقارتىلىپ، سامانىيلار خانىدانلىقى دەپ ئاتالغان.

سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ تەۋەسىگە خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر ۋە جۇرجان قاتارلىق جايلار كىرەتتى. بۇ خاندانلىق ئىسلام دىنىنى ماۋەرائۇننەھردىن شەرققە كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. كېيىنكى دەۋرلەردە، سامانىينىڭ تۆتىنچى ئوغلى خاندانلىققا ۋارىسلىق قىلدى. سامانىينىڭ ئوغۇللىرى خەلىپەت مەئمۇنغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭلارنى باستۇرۇشقا قاتناشقانىدى. ئۇلار دەسلەپكى ئاتەشپەرەسلىك دىنىدىن ۋاز كېچىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقتىن، خەلىپەت مەئمۇننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن. كېيىن خەلىپەت مەئمۇن ئۇلارنى ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ بەلگىلىگەنىدى.

سامانىيلار خانىدانلىقى فېئوداللىق خاندانلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلغان. تاۋار ئىگىلىكى راۋاجلانغانىدى. سامانىي مىلادىيە 820 ــ يىلدىن 865 ــ يىللارغىچە پەرغانە ۋادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ مىلادىيە

① سامانىيلار جەمەتىنىڭ بوۋىسى سامان بەلخلىق بولۇپ، ئۇ سامان كەنتىنىڭ نامىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىۋالغان.

865 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ناسىر ئىبنى ئەھمەد سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلدى. ناسىر (865 ـ يىلدىن 892 ـ يىلغىچە) تەختتە چىقىپلا ئۆز دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بۇخارا، شاش (تاشكەنت) ۋە قاش ۋادىلىرىغا، ھەتتا قەشقەرغىچە يۈرۈش قىلدى.

خۇراسان ھاكىمى مۇھەممەد ئىبنى تاھىرنىڭ ئىنىسى ھۇسەيىن ئىبنى تاھىر 874 ـ يىلى بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، بۇخارا ۋە خارەزم ۋىلايەتلىرىگە ۋالىي بولدى. ئۇ بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، شەھەر ئاھالىسىنى بۇلىدى ۋە قىردى. ھۇسەيىن بۇخارا ھاكىمى بولغان ۋاقتىدا ئۆزىگە قاراشلىق جايلارغا ئېغىر سېلىق سالدى. ئاھالىنىڭ پۇللىرىنى كۈمۈش پۇلغا ئالماشتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاھالە قاتتىق نارازى بولدى. نارازى بولغان خەلق ئۇنىڭغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى ۋە ئوردىغا بېسىپ كىرىپ ئوت قويدى. شەھەرنىڭ يۇقىرى قاتلىمى سەمەرقەندتىكى ناسىر ئىبنى ئەھمەتكە ۋەكىل ئەۋەتىپ، سامانىيلار خاندانلىقىدىن ھۇسەيىننىڭ خىزمەتتىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا ھاكىم ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەكلىپ ناسىر ئىبنى ئەھمەتنى تولىمۇ خۇشال قىلدى. چۈنكى ئۇ ماۋەرائۇننەھرنى سامانىيلار ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئېلىپ، بۇ جايلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. ناسىر ئىبنى ئەھمەد ئۆز ئىنىسى ئىسمايىل ئىبنى ئەھمەتنى بۇخاراغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتتى. ھاكىم ئالماشقان بولسىمۇ ئېزىلگەن دېھقانلار يەنىلا ھېچانداق ياخشىلىق كۆرمىدى.

ئىسمايىل ئىبنى ئەھمەد (874 ـ 907 ـ يىللار) يەنىلا دېھقانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. نارشاھى[1] «بۇخارا تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە «بەركەت بىلەن راستان

---

① نارشاھى ـ ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى جەئفەر نارشاھى (؟ ـ 959 ـ يىللار)

ئوتتۇرىسىدا تۆت مىڭ دېھقان قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئىسمائىل قوزغىلاڭچى دېھقانلارنى قورال كۈچى بىلەن قاتتىق باستۇردى» دەپ بايان قىلغانىدى.

ناسىر ئىبنى ئەھمەد ئاشۇ يىللاردا پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھۆكۈمدارى سۈپىتىدە كۈمۈش پۇل چىقاردى. بۇ ئىلگىرى تاھىرىيلەرگە بېرىلگەن ئىمتىياز ئىدى. مىلادىيە 887 - يىلى سەمەرقەندتە چىقىرىلىدىغان پۇل (دەرھەم) سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ تۇنجى دەرھەملىرىدىن بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئىسمايىل بىننى ئەھمەت ناسىرغا بويسۇنۇشنى خالىماي، مۇستەقىل بولۇشقا ھەرىكەت قىلدى. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن، سەمەرقەند خەزىنىسىگە سېلىق - باج تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. ناسىر ئىبنى ئەھمەت بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش ھەرىكىتى باشلىنىپ، تاكى 887 - يىلىغىچە داۋام قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ناسىر ئىبنى ئەھمەتنىڭ قوشۇنلىرى يېڭىلىپ قالدى. ماۋەرائۇننەھر پۈتۈنلەي ئىسمايىل ئىبنى ئەھمەتنىڭ قولىغا ئۆتتى. ناسىر ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىنى سەمەرقەندتە ئۆتكۈزۈپ، 893 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىسمايىل تەختكە چىقىپ، ئۇزۇنغا قالماي ترازغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. بۇ جايدىكى تۈركلەرنىڭ ئون مىڭدەك ئەسكەرلىرى خىزمەتچىلەرنى قولغا چۈشۈردى. نۇرغۇن ئولجىغا ئىگە بولدى. ئىسمايىلنىڭ بۇلاڭ - تالان قىلىپ قولغا چۈشۈرگەن ئولجىلىرى ھەربىر ئاتلىق ئەسكىرىگە ئون مىڭ دەرھەمدىن توغرا كېلەتتى. ئىسمايىل ترازنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئىلگىرىكى بۇتخانىلارنى چېقىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت بىنا قىلدى. مەسچىتلەرگە ئىمام، مەدرىسلەرگە مۇدەررىس، شەيخۇل - ئىسلام قويۇپ، ئۇلارنى ئۇستاز نامى بىلەن ئاتىدى.

توققۇزىنچى ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىدا ئىراندا ئىسلام

www.uyghurkitap.com

دىنىنى كېڭەيتىشتە تاشقى سىياسەت ئۆزگىرىپ، مۇھىم نۇقتا شىمالىي ۋە جەنۇبتىكى رايونلارغا قارىتىلدى. خۇراساننىڭ ھاكىمى ياقۇپنىڭ ئۇكىسى ئەمىر سەپپارى (897 ـ 900 ـ يىللار) ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ زاماندىشى ئىدى. باغداد خەلىپىلىكى ئەمىر سەپپارى بىلەن ئىسمائىل سامانىينى ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇپ، ئىسمايىلدىن پايدىلانماقچى بولدى. ئۇلار 900 ـ يىللارغىچە ئۆزئارا ئۇرۇشتى. بۇ ئۇرۇشتا ئىسمائىل غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سامانىيلار خاندانلىقى يەنىمۇ مۇستەھكەملەندى. ئۇرۇشتىن كېيىن ئىسمايىل شەرقىي ئىراننىڭ چوڭ ئوبلاستلىرىنى قوشۇۋېلىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ تېخىمۇ قۇدرەتلىك خاندانلىق قۇرۇش ئۈچۈن، بىر تەرەپتىن فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركلەردىن قوشۇن تەشكىللەپ، ئۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. ئىسمائىل ۋە ئۇنىڭ ۋارىسلىرى مۇتىزىم خاندانلىق تەشكىلاتىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خاندانلىق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ كېتەلمىدى. بۇ دەۋردىكى ئاساسىي تۈپكى زىددىيەت ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن دېھقانلار ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىدى. ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ رەھىمسىز ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى دائىم نارازىلىقنىڭ تۇغۇلۇشىغا، قوزغىلاڭنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولاتتى.

سامانىيلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشتە يۈرگۈزگەن مەركەزلەشتۈرۈش سىياستى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. سامانىيلار ئۆز تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن كۈچەپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خەزىنە، گورجىستان، خارەزم، ئىسپىجاپ قاتارلىق جايلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالمىدى. بۇ جايدىكى يەرلىك ھاكىملار مەركىزىي ھاكىمنى ئېتىراپ قىلمىدى.

ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەت خاندانلىقنى ئىدارە قىلىشتا، سىرتنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئىدىيىدىكى كىشىلەرگە ۋە فېئوداللارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان كىشىلەرگە تايىنىپ ئىش كۆردى. ئىسمائىلنىڭ ئوغلى ئەھمەد (907 ـ 914 ـ يىللار) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن يىللاردا ئەرەب تىلىنى دۆلەت تىلى قىلىپ بېكىتىشنى قۇۋۋەتلەپ، ئەرەب تىلىنى بىلگەنلەرگە ھامىيلىق قىلغانلىقتىن، ساراي ئەمەلدارلىرى بىلەن تۈرك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تەختكە ئەھمەتنىڭ سەككىز ياشلىق ئوغلى ناسىر Ⅱ (914 ـ 943 ـ يىللار) ۋارىسلىق قىلدى. ناسىر كىچىك بولغانلىقتىن خاندانلىقتا رەھبەرلىك قىلىشنى ئۇنىڭ ۋەزىرى ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەت جەيھۇنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ئەھمەد ئىبنى ئىسمايىل ھايات چېغىدا سامانىيلار ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. ئىسمائىلنىڭ ئۇكىسى ئىسھاق ئىبنى ئەھمەت سەمەرقەندتە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئەمما بۇ قوزغىلاڭ قاتتىق باستۇرۇلدى. 914 ـ يىلى ئەتىيازدا ئەبۇسالىھ مەنسۇر ئىبنى ئىسھاق سەمەرقەندتە قوزغىلاڭ كۆتۈردى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا خاندانلىقنىڭ جەنۇبىي تەرەپلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھەتتا بۇ قوزغىلاڭغا ئەھمەت ئىبنى ئىسمائىلنىڭ ئەڭ سادىق لەشكەر باشلىقلىرىدىن بولغان ھۈسەيىن ئىبنى ئەلىمۇ قاتناشتى. بۇ قوزغىلاڭمۇ دەھشەتلىك باستۇرۇلدى. لېكىن، خەلقنىڭ قارشىلىقى بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز پەسىيىپ قالمىدى. تاشكەنت ۋە قەشقەرنىڭ ياردىمى بىلەن 922 ـ يىلى ئەلى ئىبنى ئىسھاق باشچىلىقىدا سامانىيلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. مۇشۇ مەزگىللەردە قارامىتى[1]

---

① پاتىمە خەلىپىلىكىدىن ئىلگىرى، سۈرىيە ۋە ئىراندا «قارامىت» نامى بىلەن ئەركىن پىكىرلىك ئىسمايىل مەزھىپى مەيدانغا كەلدى. بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسچىسى بولغان ھەمەدانى تەخەللۇسلۇق بىر كىشىگە قارامەت دەپ نام بېرىلگەنىدى.

www.uyghurkitap.com

(ئىراقتىكى شىئى مەزھىپىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى ھامىددىن قارامىتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان) مەزھىپى پۈتۈن مەملىكەتتە ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتتى. قارامىتىلەر سامانىيلار ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز كىشىلىرىنى سامانىيلار خاندانلىقىغا كىرگۈزگەن. ناسىر II زامانىسىدا خۇراسان ماۋەرائۇننەھردە قارامىتىلەرنىڭ تەسىرى كەڭ تارقالدى. سامانىيلارنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ بۇ مەزھەپنى قوبۇل قىلدى. ئاخىر ناسىر II مۇ قارامىتىلەرنىڭ ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىمۇ بۇ مەزھەپنىڭ مۇرىتىغا ئايلاندۇردى.

ناسىر II دەۋرىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەت نەخشەبى ماۋەرائۇننەھردىكى قارامىتىلەرنىڭ رەھبىرى بولدى. ناسىر II مۇ ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىش كۆرەتتى. نەخشەبى پاتىمە خەلىپىلىكى دەۋرىدە بۇخارا زىندانىدا ئۆلگەن خۇراسان قارامىتىلەر ھەرىكىتىنىڭ چوڭ رەھبىرى ھۇسەيىن ئىبنى ئەلىنىڭ خوتۇنى ئۈچۈن، سامانىيلار ھاكىمىيىتىنى 119 مىڭ دىنار تۆلەشكە مەجبۇر قىلدى. سامانىيلارنىڭ قارامىتىلەر مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىش كۆرۈشى ئىسلام ئۆلىمالىرى بىلەن تۈرك ئەسكەرلىرى ئىچىدە قاتتىق نارازىلىقنى قوزغىدى. تۈركلەرنىڭ نارازىلىقى ئەمىرگە قارشى جامائەت پىكرى تەييارلىدى. نەتىجىدە ناسىر II تەختىنى ئۆز ئوغلى نۇھقا بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ئىش مىلادىيە 942 ـ يىللىرى يۈز بەرگەنىدى.

نۇھ تەختكە چىقىش بىلەنلا ئۆز ئاتىسى ناسىر II نى زەنجىرلەپ زىندانغا تاشلىدى. ئارقىدىنلا نەخشەبىنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەملىكەتتە قارامىتىيلەر مەزھىپىگە، يەنى بىتئەتچىلەر ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت باشلىنىپ، شىئى مەزھىپىدىكىلەرنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. نۇھ قارامىتىلەرنى قورال كۈچى بىلەن

يوقاتماقچى بولغان بولسىمۇ يوقىتالمىدى. قارامىتىلەرنىڭ ئەسىرى ماۋەرائۇننەھرى، خۇراساندا ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ساقلىنىپ قالدى.

نۇھ ئىبنى ناسىر (943 ـ 954 ـ يىللار) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن تارتىپ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىسىدە بارغانسېرى ئاجىزلاشتى. قوزغىلاڭچىلار 942 ـ يىلى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ خەزىنىسىنى بۇلاپ قۇرۇقداپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن خاندانلىقنىڭ مالىيىسى قىيىن ئەھۋالدا قالدى. نۇھ مالىيە ئەھۋالىنى ئوڭشىماقچى بولۇپ، ئالۋان ـ ياساقنى ھەددىدىن ئارتۇق كۆپەيتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالۋان ـ ياساقنى مۇددەتتىن بۇرۇن يىغىۋېلىش ئۈچۈن ھەرخىل چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللاندى. نۇھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئالۋان ـ ياساقنى قەرز ئورنىدا مۇددەتتىن بىر يىل بۇرۇن يىغىۋالاتتى. لېكىن بۇ قەرزنى ھۆكۈمەت ھېچقاچان تۆلىيەلمەيتتى. روھانىيلار تەرەپدارى بولغان نۇھ ئۆلارنىڭ ۋەكىلى ئابدۇل پەزىلى مۇھەممەد سۇلايمانىنى ۋەزىرلىك مەنسىپىگە تەيىنلىدى. نۇھ ئۆز ھاكىمىيىتىنى روھانىيلارنىڭ ياردىمى بىلەن مۇستەھكەملەشكە تىرىشتى ۋە ئۆلارنىڭ مەسلىھىتى بىلەن ئىش كۆردى. مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى روھانىيلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە بەلگىلىدى. نۇھ ھەتتا روھانىيلارنى سېلىق تۆلەشتىن ئازاد قىلدى.

يېڭى تەيىنلەنگەن ۋەزىر مۇھەممەد سۇلايمان پەقەت دىنىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا قىزىقمىدى. ھەرخىل ئالۋان ـ ياساقلارنىڭ كۆپەيگەنلىكى، ئەمەلدارلارنىڭ ئالۋان ـ ياساقنى ئۆزلىرى خالىغانچە ئاشۇرۇپ، ئۆز يېنىنى تولدۇرغانلىقى ئۈچۈن، خەلقنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. مالىيە ئەھۋالىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياماناشىشى، ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى نارازىلىقنىڭ كۈچىيىشى، ھۆكۈمەتنىڭ

يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋاللارنى ياخشىلاشقا ئامالسىز بولمىغانلىقى، دۆلەتنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە خەلقنىڭ قوزغىلاڭلىرى پارتلىدى. نۇھنىڭ ئاكىسى ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەت نۇھقا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. خۇراسان نائىپى ئابۇل ئەلى چىپانىنىڭ ياردىمى بىلەن 947 - يىلى بۇخارانى بېسىۋالدى. نۇھ سەمەرقەندكە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئابۇل ئەلى بۇخارادىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن نۇھ ئۆز پايتەختىگە قايتىپ كېلىپ، قوزغىلاڭچىلارنى قاتتىق باستۇردى. مەركىزىي ھۆكۈمەت بىلەن ئەبۇ ئەلى چىپانى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە گەرچە نۇھ بىلەن ئەبۇ ئەلى ئوتتۇرىسىدا يارىشىش كېلىشىمى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، كېلىشىمنى ئىجرا قىلىش ۋاقتىدا، يەنى 954 - يىلى نۇھ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ كۈرەش تاكى نۇھنىڭ ۋارىسى ئابدۇل مۇلۇك (954 - 961 - يىللار) ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن دەۋرلەردىمۇ داۋاملاشتى. ئابدۇل مۇلۇك ساراي ئوردىسىنىڭ ئۇلۇغ ھاجىپلىق مەنسىپىنى تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ئىل تېكىنگە تۇتقۇزدى. ئابدۇل مۇلۇك ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ناسىر II تەختكە چىقتى. ئەمما ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىنمۇ كۈرەش يەنىلا داۋاملاشتى. بۇخارا ئائىلىسى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. قوزغىلاڭچىلار ئەمىر ساراي ئوردىسىنى بۇلاڭ - تالان قىلدى. ئۇ ساراي ئوردىسىغا ئوت قويدى. ناسىر II ئۇزۇن ئۆتمەي تەختتىن ئاغدۇرۇلدى. نەتىجىدە ئىل تېكىن خەزنىگە كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ خەزنىدە دۆلەتنى قۇرماقچى بولسىمۇ، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي، 963 - يىلى ۋاپات بولدى.

مۇشۇ دەۋرلەردە سامانىيلار ھاكىمىيەت ئىچىدىكى كۈرەش بولۇپمۇ، ساراي - ئوردا ئىچىدىكى كۈرەش قاتتىق ئەۋج ئالدى. بۇ ئەھۋال سامانىيلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلدى. سامانىيلارغا قاراشلىق ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى

جايلار، مۇشۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەقىللىق جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ دارامىتى زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. يېڭى ۋەزىرمۇ تەرتىپ ئورنىتالمىدى. نۇرغۇن جايلار قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. قوشۇنلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى جەبىر - زۇلۇملىرى ئاشتى. ھاكىمىيەت تۈركلەر قولىغا ئۆتتى. ۋەزىرنىڭ ئەمر - پەرمانلىرى ئاقمىدى. قاراخانىيلاردىن ناسىر ئارسلانخان ئىلىك 999 - يىلى سامانىيلارنىڭ تەختى بۇخارىنى بېسىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سامانىيلار خاندانلىقى مۇنقەرز بولدى.

## 2. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى

9 -، 10 - ئەسىرلەردە سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى دۆلەتنى ۋىلايەتلەرگە بۆلۈپ باشقۇرۇشتىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەڭ چوڭ باشلىقى ئەمرۇل مۇئمىنىن (مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى) دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. ئابباسىيلار خاندانلىقى سامانىيلار دۆلىتىنى ئۆزىگە تەۋە دەپ قارىغاچقا، ئابباسىيلار خەلىپىسى ئۇلارغا مۇشۇ نامنى بەرگەنىدى. سامانىيلار ئابباسىيلار خەلىپىلىكى، يەنى خاندانلىق قوللانغان ھاكىمىيەت تەشكىلىي شەكلىنى داۋاملاشتۇردى.

سامانىيلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى «مەركىزىي مەھكىمە»، يەنى ئوردا دەرگاھ (باش دىۋان سارىيى) ۋە دىۋان ئىدارىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سىستېما بولۇپ، ئالدىنقىسى مەخسۇس ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. كېيىنكىسى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مەمۇرىي ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى. سامانىيلار خاندانلىقى دۆلەتنى ئون تەشكىلىي ئاپپارات

باشقارمىسى بىلەن ئىدارە قىلاتتى. نارشاھنىڭ ئېيتىشىچە، ۋە باش دىۋاندا ئون تەشكىلىي ئاپپاراتنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلگەن.

سامانىيلار دەۋرىدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈمى پارسلارنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىسى بولۇپ، دۆلەت ئاپپاراتى مەركىزىي مەھكىمە بىلەن دىۋان سارايدىن تەشكىل قىلىناتتى. بۇ ئاپپارات خەلىپىگە ۋاكالىتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شەرقتىكى مۇسۇلمان تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممە ئورگانلىرى ئىككى چوڭ سىستېما، يەنى مەركىزىي مەھكىمە (ئوردا دەرگاھ) ۋە دىۋانغا بۆلۈنگەنلىكىنى كۆرىمىز. سامانىيلار مەھكىمىسى ۋە دىۋانىنىڭ باشلىقلىرى باش ھاجىپ، باش مىرزا، مىرزىلار ۋە باشقىلاردىن تەركىب تاپاتتى. سامانىيلار دۆلىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورنى بولغان ئوردا دەرگاھىنى باشقۇرىدىغان كىشى دۆلەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى ھەممە ئىشلارغا ئارىلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئەڭ ئابرۇيلۇق شەخسلەردىن بولۇپ ھېسابلىناتتى.

مەركىزىي مەھكىمە ئون دىۋاندىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، بۇ ھەقتە نار شاھى ئۆزىنىڭ «بۇخارا تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە: «مەركىزىي باش مەھكىمە، يەنى ئوردا دەرگاھ ھەم دىۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا باش ھاجىپ① ۋە دىۋان ئەمەلدارلىرى بولاتتى. باش مەھكىمە ۋىلايەتلەرگە ھاكىم تەيىنلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى» دەپ بايان قىلىدۇ. باش مەھكىمە دىۋان باشقارمىلاردىن تەشكىل قىلىناتتى. ئوردا ـ ساراي ئەمەلدارلىرىنى ۋە خىزمەتچىلەرنى باش ھاجىپ باشقۇراتتى.

1) ۋەزىر دىۋان ــــ ئۇ ۋەزىر بىلەن باراۋەر ئورۇندا بولۇپ،

---

① ھاجىپ ـ ئەرەبچە «ئارچى ۋەكىل، ۋەكالەتدار، خاننىڭ ئەڭ يېقىن كىشىسى، خاس مەسلىھەتچى» دېگەن مەنىلەردىكى سۆز بولۇپ، ھاجىپ سامانىيلار خانىدانلىقى ۋاقتىدا ئوردا ـ ساراي ئۇنۋانلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ھېسابلىناتتى. بۇ ئۇنۋاننى خەزنىۋىلەر ۋە قاراخانىيلارمۇ قوللانغان. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنىڭ قەدىمكى تۈركچىسى «تاياڭۇ» يەنى سەلتەنەت تايانچىسى، دۆلەت تۈۋرۈكى، ئەڭ ئىشەنچلىك زات دېمەكتۇر. «تۈركى تىللار دىۋانى» فاكسىمىل نۇسخا 230 ـ بەت.

دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. باشقا دىۋانلارمۇ ئۇنىڭغا بويسۇناتتى.

2) دىۋان مۇستەفى ــ ئۇ دۆلەت خەزىنىسىگە مەسئۇل مالىيە باشقارمىسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ مالىيىسىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا، يەنى مەخسۇس ھېسابچىلار ئىشلەيدىغان بۆلۈمچىلىرى بولۇپ، ئۇلار دۆلەتنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرىنى ئېنىقلاپ تۇراتتى.

3) دىۋان ئەررا ـ سائىل ــ ئۇ مەھكىمىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بولغان دۆلەت خەت ـ ئالاقىلىرىنى شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە باشقا دۆلەت بىلەن بولغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.

4) دىۋان ساھىبۇل شۇرات ــ مەسلىھەتچىلەر باشقارمىسى، دۆلەت ئىشلىرىغا مەسلىھەت بەرگۈچى ئورگان ئىدى.

5) دىۋان ساھىبۇلبەرد ــ پوچتا باشقارمىسى، ئۇ دۆلەتنىڭ پوچتا خىزمىتىگە مەسئۇل ئورگان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا يەرلىك پوچتا بۆلۈملىرى بار ئىدى. بۇلار خانلىق ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى تۆۋەنگە تېز يەتكۈزۈشتىن تاشقىرى، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۈستىدە يوشۇرۇن مەلۇمات يەتكۈزۈپ بېرەتتى.

6) دىۋان مۇھتەسىب ــ بازارغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان مەھكىمە بولۇپ، سودىگەرلەرنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا، قول ـ ھۈنەرۋەن مەھسۇلاتلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن باھا بويىچە سېتىلىشىغا، بازار باشقۇرۇش ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى. بۇ ئورگان كېيىنكى چاغلاردا ئاھالىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى، مەسچىتلەرگە بېرىش ـ بارماسلىقى، ئىچىملىكلەرنى ئىچىش ـ ئىچمەسلىكى ئۈستىدىمۇ نازارەتچىلىك قىلىدىغان بولدى.

7) دىۋان مەشرىبان ــ خەزىنىدىكى پۇلنىڭ چىقىم قىلىنىشىغا، ئوردا ـ سارايغا كەتكەن خىراجەتلەرگە نازارەت قىلىدىغان باشقارما ئىدى.

8) دىۋان مۇتەئەللىم — ئىلىم - پەنگە مەسئۇل باشقارما بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىدى.

9) دىۋان مۇشرىپ — مەمۇرىي خادىملارغا نازارەت قىلغۇچى باشقارما بولۇپ، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ئۈستىدىن نازارەت قىلىدىغان ئورگان ئىدى.

10) دىۋان ئەۋقاپ — ۋەقپە يەرلەرنى باشقۇرىدىغان باشقارما ئىدى. قازى - قۇززات، شەيخۇل - ئىسلام، رەئىس، خەتىپ قاتارلىق ئەمەلدارلار دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى.

سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئوردا - مەھكىمە ۋە دىۋانلاردا ئەمەلدارلىق قىلغۇچىلار بىلىملىكلەردىن، مۇسۇلمان روھانىيلاردىن بولۇشى شەرت ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۇقىرى تەبىقىدىكى دىن پېشۋالىرىدىن بولۇشى، مەلۇم دەرىجىدىكى مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى، ئەرەبچە - پارسچە تىللارنى، قۇرئان كەرىمنى، دىن ئەھكاملىرىنى پىششىق بىلىشى، دىن ئەمر - مەرۇپلىرىنى پىششىق بىلىشى، ھەرخىل پەنلەردىن خەۋەردار بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى. ھۆكۈمەت مۇشۇنداق كىشىلەرنى تاللاپ، مەھكىمە، دىۋان ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەيتتى.

سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەسكىرىي قىسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى تۈركلەردىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ياللانما قوشۇنلىرى بار ئىدى. خەلىپە دەۋرلىرىدىمۇ مانا مۇشۇنداق تۈرك قۇللىرىدىن ياساۋۇل تەشكىللىنەتتى. ئابباسىيلار خاندانلىقىنىڭ (750 - 1258) ھاكىمىيەت دەۋرىدە تۈرك ئەسكەرلەر دىۋانىنى باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئورگان بولغان. بەزى تۈرك قۇللار خەلىپىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ، ھەتتا سەرگەردىلىك ۋەزىپىلىرىگە تەيىنلەنگەن. «نىزامۇل - مۇلۇك»[①] (1018 - 1092) ئۆزىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا يازغان «سىياسەتنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ

---

① نىزامۇل - مۇلۇكنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى قۇس بولۇپ، 1092 - يىلى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

ئاساسي قوغدىغۇچى قوشۇنى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «بىر تۈرك قۇلى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ خىزمەت قىلسا غۇلام (ghulam) دەپ ئاتىلاتتى. تۇنجى يىلى ئاتباقار بولۇپ، پىيادە ۋەزىپە ئۆتەيتتى. قاتتىق جازا بىلەن تەھدىت سېلىنغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئات مىنىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ئۇ بۇ مەزگىلدە سىدام (بۇخارا يېقىن بىر كەنتنىڭ نامىدىن كەلگەن رەختنىڭ نامى) رەختتىن تىكىلگەن كىيىم كىيەتتى. ئۇ بىر يىلدىن كېيىن بىر ئات ۋە ئاددىي ئېگەر جابدۇققا ئىگە بولاتتى. ئۈچىنچى يىلى ئۇ بىر دانە ئالاھىدە كەمەرگە ئېرىشەتتى. بەشىنچى يىلى ئۇنىڭغا بىر دانە ئېسىل ئېگەر، نۇقتىلىق كىيىم ـ كېچەك ۋە بىر تال گۇندە بېرىلەتتى. ئالتىنچى يىلى ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنىڭ كىيىمى بېرىلەتتى. يەتتىنچى يىلى يەنە ئۇ شاھ بېشى (چېدىر بېشى دەپمۇ ئاتىلاتتى)، شاھلىق ئەمىلى بېرىلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارقا ئارقىدىن ئەمىلى ئېشىپ، ھايىل بېشى «ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى» ۋە ھاجىپلىققا كۆتۈرۈلەتتى (ئاساسلىق ھاجىپ ياكى ھاجىپلار ئوردىدىكى بارلىق ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئاساسلىق دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى ئىدى). سامانىيلار خاندانلىقى ۋاقتىدا مانا شۇنداق تۈرك قۇللىرىدىن تەشكىللەنگەن ياساۋۇللارنى ئىشقا قويۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلەتتى. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك تۈرك قۇللىرى يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشكەندىن كېيىن يەنە بەزىلىرى «ھەربىي باش قوماندان»، سەركەردىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە تەيىنلىنەتتى. يەنە بەزىلىرى يەرلىك ھۆكۈمرانلىق ئەمىلىنى ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى.

سامانىيلار خاندانلىق دەۋرىدە مائاشلىق تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى ۋە خىزمەتچىلىرىگە ھەر ئۈچ ئايدا بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك مائاش بېرىلەتتى. ھەر قېتىم بەش مىليون دەرھەم كېتەتتى. بىر يىلىغا تەخمىنەن 20 مىليون

دەرھەم سەرپ قىلىناتتى.
سامانىيلار خاندانلىقى ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى قوللىنىپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى جايلارنى مەركىزىي مەھكىمە ئارقىلىق باشقۇراتتى. خارەزم، تاشكەنت، غەزنە، جۇرجان قاتارلىق جايلاردىكى ھاكىملار سامانىيلارغا خىراجەت تۆلەيتتى. ئۇلار مۇستەقىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇلار سامانىيلارغا بويسۇنماستىن ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدىغان بولدى. بۇنى كۆرگەن باشقا جايلارمۇ مۇستەقىل بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى ئەينى دەۋردىكى سامانىيلار خاندانلىق ھاكىمىيىتىدە بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## 3. سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

ئوتتۇرا ئاسىيا مىلادىدىن بىرنەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا دېھقانچىلىق ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان سۇغىرىش ئىشلىرى زور تەرەققىياتقا ئېرىشكەن رايون ئىدى. سامانىيلار خاندانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يۈز يىللىق تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئاخىرلىشىپ، جەمئىيەت بىرقەدەر مۇقىملىق دەۋرىگە ئېرىشكەن ۋەزىيەتتە سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادىي مەدەنىيىتى ئوڭۇشلۇق ھالدا تەرەققىي قىلغانىدى.
ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمدىنلا دېھقانچىلىق — چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئەڭ بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن جايلارنىڭ بىرى بولغانلىقتىن، دېھقانچىلىق ئىگىلىكى كۆرۈنەرلىك ھالدا تەرەققىي قىلدى. زەرەپشان ۋادىسى، مەرۋى بوستانلىقى، قەشقەر دەريا ۋادىلىرى، پەرغانە، تاشكەنت، خارەزم قاتارلىق جايلار

دېھقانچىلىق جايلىرى ئىدى. بۇ رايونلاردا دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، ئارپا، كېۋەز، نوقۇت، زىغىر، كەندىر، پۇرچاق تۈرلىرى، ئۈزۈم، شاپتۇل، ئۈرۈك، قارا ئۈرۈك، گىلاس، ئالما، ئانار، ئەنجۈر، بېھى، قوغۇن ـ تاۋۇز قاتارلىقلار بار ئىدى.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى جەھەتتە كالا، قوي، ئات قاتارلىقلار چىقاتتى. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىقتىسادى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقتىن قۇدرەت تېپىپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، قول ـ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆپەيگەن.

ماۋەرائۇننەھر باشقا جايلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن باي، پەۋقۇلئاددە باياشات ئۆلكىلەرنىڭ بىرى ئىدى. مۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەردىن بىرى، «تارىختا بۇيۇك يىپەك يولى» بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى يۈكسىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىش بىلەن، بۇ رايونلار تۆمۈر، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق مېتاللارغا ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇلار مۇھىم ئېكسپورت ماتېرىياللىرى بىلەن بىللە تېرە، قەغەز ئىشلەپچىقىرىپ، قوشنا ئەللەرگە، ئوتتۇرا شەرقتىكى دۆلەتلەرگە ئېكسپورت قىلغان. مەسىلەن، تېرمىزنىڭ داڭلىق سوپۇنى، دەرەخ يىلىمى قاتارلىقلار. بۇخارا شەھىرى تارىختىن بېرى مەشھۇر سودا يولىنىڭ مەركىزى بولۇش بىلەن، ئۇنىڭ ھەر خىل توقۇلما بۇيۇملىرىدىن سۇپەتلىك جايناما‌زى، ئېسىل گىلىمى، چاچ مېيى، مىس چىرىغى، خۇراساننىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان گۈللۈك تاۋىرى، سەمەرقەندنىڭ كۈمۈش رەڭلىك تاۋارلىرى، رەخت توقۇلمىلىرى، پاختا رەختلىرى، قەغىزى، كىگىز ئۆيى، ئات جابدۇقلىرىدىن: ئات ئېگىرى، ئۈزەنگۈسى، ئات ئېغىزدۇرۇقى، كەمەرى، تاشكەنتنىڭ ئات تېرىسىدىن

ياسالغان ئېگىرى، سادىقى، مېھراب ياپقۇسى، نەپىس ئوقياسى، پەرغانىنىڭ قورال ـ ياراغلىرى، پولات، تۆمۈر، تالاسنىڭ ئۆچكە تېرىسى، خارەزمنىڭ قارا يۇلغۇن تېرىسى، ئاق سۆسەر تېرىسى، خەنجەر، تۆمۈر ساۋۇت قاتارلىقلار بۇ شەھەرلەردىن ئىشلەپچىقىرىلاتتى.

دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئۆز نۆۋىتىدە ئىچكى ۋە تاشقى سودىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بولۇپمۇ شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى سودا، دېھقانچىلىق رايونلىرى بىلەن چارۋىچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سودا، غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدىكى خەلقئارالىق سودىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىققان مەھسۇلاتلار يىراق دۆلەت رايونلارغا قەدەر سېتىلغان. ئومۇمەن ئالغاندا، غەرب بىلەن شەرقنىڭ ئاساسلىق سودا يوللىرى بۇخارادىن باشلىنىپ، ئامۇ دەرياسىغا قەدەر ۋە ئامۇ دەرياسىنى بويلاپ، گىئات، ئۈرگەنچكە بېرىپ، يەنە كاسپىي دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، ۋولگا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ مېڭىپ بۇلغارىيە خانلىقىغا قاتنايتتى. شۇڭا تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيا، غەرب ـ شەرق، شىمال ـ جەنۇب سودا يوللىرىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ، بۇخارا، خارەزم، قوقەنت، تاشكەنت مۇھىم سودا بازىرى ئىدى.

«ھۇدۇدۇلئالەم» دېگەن كىتابتا خاتىرىلىنىشىچە، ئەينى زاماندا قول سېتىۋالىدىغان رايونلارنىڭ بىرى پەرغانە بولۇپ، كۆپ ساندىكى تۈرك قۇللىرى بۇ رايونغا توشۇلۇپ كېلىپ، ئىشلىتىلگەن.

سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە يەر ئىگىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سامان جەمەتىدىكى ئاقسۆڭەكلەردىن ۋە دىنىي رەھبەرلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇلارنىڭ ئىگىلىگەن زېمىنلىرى ئىنتايىن كېڭەيگەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى



www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادا نۇرغۇنلىغان مەسچىت، مەدرىسلەر بىنا قىلىنغانىدى.

نار شاھىنىڭ: «بۇخارا تارىخى» دا خاتىرىلىنىشىچە، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ئىسمائىل پۈتۈن ئەپشانە كەنتىنى بىر مەدرىسكە ھەدىيە قىلىۋەتكەن. بۇ كەنت ئىنتايىن ئاۋات، باي كەنت بولۇپ، كىرىمى ئىنتايىن كۆپ ئىدى. بۇ ئارقىلىق مائارىپنى راۋاجلاندۇرغان.

ئىقتىسادنىڭ كۆتۈرۈلۈشى سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىقتىساد تەرەققىي قىلىپ، دۆلەتتە باياشات ۋەزىيەت يارىتىلغاندىن كېيىن سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئابرۇيىنى تىكلەش، شان ـ شۆھرەت قازىنىشى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان شائىر، ئەدىب، ئالىملارنى تەكلىپ قىلىپ، ئالىي دەرىجىلىك مەدرىسىگە مۇدەررىسلىككە بېكىتىپ، نۇرغۇن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ئىختىساسلىق ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. نۇرغۇنلىغان ئالىي دەرىجىلىك مەكتەپ، مەدرىسە، خان سارايلىرى، دۆلەتلىك كۇتۇپخانا قاتارلىق ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلارنى سالدۇردى.

سامانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە سېلىنغان ھەشەمەتلىك چوڭ كۇتۇپخانا، ئۇنىڭ گۈزەللىكى، سېلىنغان كىتابلارنىڭ كۆپلۈكى دۇنياغا داڭلىق ئىدى.

مەشھۇر ئالىم ھۆكۈما ئابۇ ئەلى ئىبن سىنا (981 ـ 1037 ـ يىللار) سامانىيلار خاندانلىقى ۋاقتىدا خاندانلىقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، بۇخارادىكى پادىشاھلىق كۇتۇپخانىسىگە كىرىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم ـ پەن ئۈچۈن بېغىشلاپ، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تىلشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، مېدىتسىنا قاتارلىق ساھەلەردە 99 پارچىدىن ئارتۇق دۇنياۋى ئەسەر قالدۇرغان.

نىشاپۇرلۇق ئابدۇل ـ مەلىك بۇخارانى «ئىبسىل جەمەت، مەشھۇر پادىشاھ ۋە مەشھۇر ئالىملار يۇرتى»[1] دەپ ئاتىغان. ئۇ ئوردا شائىرى بولۇپ، پادىشاھ نۇھ (957 ـ 976 ـ يىللار) تەكلىپى بىلەن ئوردا شائىرى بولغان ۋاقىتتا مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىرىي ئەسەر قالدۇرغان.

9 ـ ئەسىردە ياشىغان يازغۇچى شاھ ئەرەبىي «دەۋر خەزىنىسى» ناملىق ئەسەرنى يازغان ۋە ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەت ئەل بىرۇنى (973 ـ 1048 ـ يىللار) خارەزملىق داڭلىق ماتېماتىكا ئالىمى خارەزمى، پەرغانىلىك ئەھمەت ئەلى، بەلخلىق ئاسترونومىيە ئالىمى ئەبۇ مەشھەر جەئپەر قاتارلىق ئالىملار ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. ئاسترونومىيە سايمىنى «سېكىستانت» مۇشۇ دەۋردە ئىجاد قىلىنغان. بۇ خىل سېكىستانت 15 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغبەگنىڭ رەسەتخانىسىنىڭ مۇھىم سايمىنى قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

ئۇلۇغ ئالىم پەيلاسوپ ئەبۇ نەسىر فارابى (870 ـ 950 ـ يىللار) كۆپلىگەن خاس ئەسەر ۋە شەرھى ئەسەرلەرنى ياراتقان. تۈركىيىلىك پارابىشۇناس ئەھمەت ئاتەشنىڭ كۆرسىتىشىچە: «فارابى ئەسەرلىرى ئىچىدە تىزىمغا ئېلىنىپ مەلۇم بولغان ئەسىرى 160 پارچىدىن ئارتۇق[2] ئىدى» دېيىلگەن.

شۇ دەۋرلەردە تارىخشۇناسلاردىن ئابۇ نەسىر ئارراب مۇھەممەت خارەزمى، ئەل كىندى، ئەررازى، ئەلمەئەررى، پەيلاسوپ ئەبۇسۇھەيل قاتارلىقلار ئۆتكەن.

تارىخ ئالىمى تەبەرى (838 ـ 923 ـ يىللار) ئۇ يازغان «تەۋارىخ تەبەرى» قۇرئان كەرىمنىڭ شەرھى ناملىق ئەسەرلەرنى يازغان.

ئاتاقلىق تارىخ ئالىمى ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەت ئىبنى ئەھمەدى بىننى سۇلايمان (ۋاپاتى 924 ـ يىلى) «بۇخارا تارىخى»

---

① ئابدۇل مەلىك: «پارس ئەدەبىيات تارىخى».
② ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى (ئومۇمىي بايان)».

نامىلىق ئەسەرنى يېزىپ، پادىشاھ نۇھقا تەقدىم قىلغان. ئاتاقلىق تارىخشۇناس ئالىم گەردىزى[①] (1050 ـ 1053 ـ يىلى) «زەينۇل ئەخبار» (گۈزەل خەۋەرلەر) ئەسىرى، بەيھەقى (966 ـ 1077 ـ يىللار) نىڭ ئوتتۇز توملۇق چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى، مەجىددىنىنىڭ (ۋاپاتى 1068 ـ يىلى) «تارىخى مۇلكى ـ تۈركىستان» (تۈركىستان تارىخى) قاتارلىق ئەسەرلەر مۇشۇ دەۋردە يېزىلغانىدى.

سامانىيلار خانىدانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا گېئوگرافىيە تارىخشۇناسلىققا قارىغاندا تېخىمۇ تەرەققىي قىلغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ سودا ساياھەت ئىشلىرى بىلەن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ساياھەت قىلىپ قاتناش سەۋەبىدىن جۇغراپىيە ئىلمى ئوتتۇرا ئاسىيادا تېخىمۇ تەرەققىي قىلدى. ئەرەبلەر، گرېتسىيە ۋە رىمدىكى ئارستوتىل، پۇتولىمى قاتارلىق داڭلىق پەيلاسوپ ۋە گېئوگرافلارنىڭ ئەسىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلغان. خۇراساننىڭ باش ۋالىيسى ئەلى ئىبنى ئەيسانىڭ (796 ـ 870 ـ يىللار) كاتىپى قابۇس بىننى مەنسۇر مەرۋەزى «خۇراساندىكى باشچىلىقى توغرىسىدا» دېگەن داڭلىق ئەسەرنى يازغان. بۇ تارىخ ساھەسىدە ئۆز ۋەدىن بېرى تىلغا ئېلىنىپ كېلىۋاتقان گېئوگراف تەمىمدۇر. تەمىمنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تارىخى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسمى تەمىم بىننى بەھرى مەتتاۋى. ئۇ ئەڭ بۇرۇن توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇرلار) رايونىغا بارغان ئەرەب ساياھەتچىسى گېئوگراف ئالىمى، تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 821 ـ يىلى بارغان دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇرلار) لار رايونىغا بارغان مەزگىلدە يېزىپ قالدۇرغان ساياھەت خاتىرىسىدە ياقۇتنىڭ جۇغراپىيە لۇغىتى، ئىبنى ئەلى فاجىخنىڭ جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىكى مۇھىم مەزمۇنلارنى نەقىل كەلتۈرگەن. تەمىم بىننى بەھرى مەتتاۋى «توققۇز ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ماكانلاشقان يەرلىرىگە

① تولۇق ئىسمى ئابۇ سەئىد ئابدۇل ھەييا بىننى زەھھاك گەردىزى.

قىلغان ساياھەت جەريانىدا كۆرگەنلىرىنى، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان گۇۋاھلىق ئىسپاتلىرىنى قالدۇرغان». بۇ ساياھەت خاتىرىسىدە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ ئارىسىدا بۇددىزم، شۇنىڭ بىلەن بىللە مانى، ئاتەشپەرەسلىكنىڭمۇ تارقالغانلىقىنى، ھەتتا كۈچلۈك بولغان زەردۇشتلىك، مانى دىنلىرىنىڭ ئىچكى ئاسىياغا تېز سۈرئەتتە تارقىلىشى، شۇ دەرىجىدە ئاستىلاپ، ئەسلىدىكى كۈچ - قۇدرىتىنى يوقىتىشقا باشلىغانلىقىنى يازىدۇ. ئەپسۇسكى بۇ دىنلار تۈركلەرنىڭ قەيسەرلىك روھىنى كىشى ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە زەئىپلەشتۈرگەنلىكىنى ئېتراپ قىلىپ، يۇقىرىقى گۇۋاھلىقلارنى مىسال قىلىپ ئۆتكەن.

تەمىم بىننى بەھرى مەتتاۋىنىڭ «ساياھەت خاتىرىسى» دىن گەردۇس بېك، كۇداما ۋە مىسار قاتارلىق ئالىملار پايدىلانغان.

ئىبنى گەردۇس بېك (؟ - 820 - يىلى) باغداد خەلىپىسىنىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلغان. ئۇ «يول ۋە بەگلىكلەر» تەزكىرىسى ناملىق كىتابنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىن جۇڭگوغا بارىدىغان ۋە توققۇز ئوغۇزلارنىڭ پايتەختىگە بارىدىغان يوللارنى تەپسىلىي بايان قىلغان.

سامانىيلار خانىدانلىقى دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنى ھەدىسچىلىرى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇلۇغ ھەدىسچىلەردىن ئەل - بۇخارى، سۇنەپى تېرمىزى، سۇنەپى نەسەپى قاتارلىق ئالىملار مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار ئىچىدە ئەسەرلىرى دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان ئۇلۇغ ئىسلام تۈرك مۇتەپەككۇرلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. شۇ دەۋرلەردە قۇرئان تەپسىرى، فىقھى، لۇغەت، ئەدەبىيات، پەلسەپىگە ئائىت نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەر روياپقا چىققان. بۇ دەۋر مەدەنىيەت تارىخىدا يەنە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، نەققاشچىلىق، ھەيكەلتاراشلىق، بىناكارلىق سەنئىتىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

# قاراخانىيلار

# بىرىنچى باب
# قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ 13 ـ ئەسىرگە قەدەر بولغان 300 يىللىق ئارىلىقتا ئۇيغۇر، ياغما ۋە تۈركى تىللىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى مۇقەددەس ئانا ماكانى بولغان غەربىي دىياردا ياغمىلار قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى قۇردى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ راسا گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ زېمىنى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى، ئىلى مىڭلاق ۋادىلىرى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەريا ۋادىسى ۋە ئىسسىقكۆل ئەتراپى شۇنىڭدەك ماۋەرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بۇ مەزگىللەردە قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا كۇچار بولغانىدى[1].

قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى دەسلەپ بالاساغۇن[2] شەھىرىنى ئاندىن قەشقەر (ئوردا كەنت) نى پايتەخت قىلدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، مەملىكىتىمىز تارىخى ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىدا، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر تارىخىدا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇكسەكلىكى بىلەن دەۋر بۆلگۈچ مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خانلىق پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنىڭ

---

① «تۈركى تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم 526 ـ بەت.

② بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئورنى ھازىرقى قىرغىزىستان جۇمھۇرىيىتى توقماق رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانىدى. ئۇ غەربىي يۇرتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشى ھەمدە غەربىي يۇرتتىكى بىرمۇنچە قەدىمكى تۈركى قوۋملەرنىڭ قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلىشىشى ئۈچۈن، تارىختا چوڭ تۆھپە قوشتى ۋە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ، مەڭگۈ ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

«قارا» دېگەن ئىسىم قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانلىق ئۇنۋانىدا قوللىنىلغانىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ھۆكۈمرانى (خاقان) بۇغراخان (بۇغرا — نار تۆگە دېگەن بولىدۇ) ياكى قارا خان (قارا — بۈيۈك، قۇدرەتلىك دېگەن بولىدۇ)، تاۋغاچ خان ئۇنۋان سۈپەتلىرى بىلەن بىللە قوللىنىلغانىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ھۆكۈمرانىنىڭ «بۇغراخان»① نىڭ ئۇنۋان سۈپىتىدە قوللىنىشىغا كەلسەك، ياغمىلارغا رەھبەرلىك قىلغان ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇرۇندىنلا بۇغراخان ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقى تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان. تارىخىي مەنبەلەردە بۇ ئۇنۋاننىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى بۇ ياغمىلارنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغۇچىلىرى بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» ھەدىيە قىلىنغان قاراخانىيلار خاقانى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەننىڭ ئۇنۋانلىرى ئىچىدە بۇغراخان خاقان ئۇنۋانى سۈپىتىدە قوللىنىلغان. بۇ ئەسەرنى خاقانغا تەقدىم قىلغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمىدە خانلار ئۆزلىرىنىڭ

① بۇغراخان ئۇنۋانى ئەڭ بۇرۇن ئۇيغۇر، ياغما ھۆكۈمدارلىرى قوللانغان ئۇنۋان.

بۈيۈك ئۇلۇغ خاقان ئىكەنلىكىنى نامايەندە قىلىش ئۈچۈن تاۋغاچ خان دېگەن نامىمۇ قوشۇپ قوللانغانىدى.

جامال قارشى مىلادىيە 1282 ـ يىلى «سوراخ لۇغىتىگە ئىلاۋىسى»نى يېزىش ۋاقتىدا، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەرلىك ئەبۇلفۇتۇھ ئىبنى ئەل ھۇسەين ئەلمايى (ۋاپاتى 1084 ـ يىلى) نىڭ «قەشقەر تارىخى»نى ئاساس قىلىپ يازغان. «مۇلھاقاتۇرس ـ سۇراھ» نامى بىلەن يازغان بۇ ئىلاۋىسىدە قاراخانىيلارنىڭ ئىسمى قارا دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشى، شۇ دەۋردىكى شەيخ ئالىملارنىڭ ھاياتى ئۈستىدە توختىلىشتىن باشقا، خانلارمۇ ئۆزلىرىگە ياغما ۋە قارلۇقلارنىڭ سىمۋول ئادىتى بويىچە دەسلەپتە، «بۇقا تېكىن كېيىن بۇغرا» دەپ نام قويغانلىقى، قاتارلىق مەلۇماتلارنى بەرگەن. جامال قارشىنىڭ قاراخانىيلار خاقانلىرى تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلىرى بەكمۇ قىممەتلىك.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرى ئۆزلىرىنى قەدىمكى قاراخانىيلاردىن بولغان مەشھۇر «قاراخان» (ئەفراسىياپ) نىڭ ئەۋلادىدىن دەپ قارىغانلىقى، قەدىمكى مەنبەلەردە كۆرسىتىلگەن قاراخان دېگەن نام، بۇرۇندىنلا ئىلىمىزنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا، يەنى سۇڭ سۇلالىسى تارىخىدا، مۇسۇلمان تارىخشۇناسلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە قاراخانىيلار خاندانلىقى ياكى خاقانىيە دېگەنناملار بىلەن بىللە قوللىنىلغان.

«تارىخى ئۇمۇمىيە» ناملىق ئەسەردە مەزكۇر خانلىقنىڭ ئاساسچىسى قاراخان دەپ ئاتالغان. «دەۋر گۆھەرلىرى» ناملىق ئەسەردە بۇغرا قاراخان دەپ ئاتالغان.

ئىرانلىقلار «بۇقا خاقان» ياكى «قاراخان»نى پارس تىلىدا ئافراسىياپ دەپ ئاتىغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا بۇقا خاقانى ئالىپ ئەرتۇڭا (بۈيۈك پارس شائىرى ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە تەسۋىرلەنگەن تۇران

سەركەردىسى ئەفراسىياپ) دەپ ئاتىغان.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئىراننىڭ سامانىيلار دەۋرىدە ئىران بىلەن تۇرانلار ئوتتۇرىسىدا قاتتىق جەڭلەر بولۇپ ئۆتكەن. ئەفراسىياپ (ئالىپ ئەرتوڭا) تۇران مەملىكىتىنىڭ سەردارى سۈپىتىدە ئىران شاھلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم جەڭ قىلىپ، شۇ جەڭلەرنىڭ بىرىدە ھالاك بولغان. شۇ زامانلاردا تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بېغىشلانغان مەرسىيىدىن پارچىلەر بېرىلگەن.

خاقان ئەفراسىياپ ئۆلدىمۇ؟
بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟
پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەكلەر پارە ـ پارە بولماقتا[1].

«ئادەملەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، بۆرىلەردەك ھۇۋلاشتى. ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى. بەزىدە مۈڭلۈق نەغمە ئاۋازلىرىدەك مۇڭلىنىپ پەرياد چېكىشتى. كۆپ يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ كەتتى»[2].

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئەفراسىياپنى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ بوۋىسى دەپ رىۋايەت قىلغانلىقى، ئۆز ئەۋلادلىرىنى قەدىمكى بۈيۈك تۈرك خاقانلىقىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىسلام تارىخچىلىرىدىن ئىبنۇل ئەسىر (ۋاپاتى 1232 ـ يىلى) نىڭ «تارىخى كامىل» ئەسىرى، تارىخ ئالىمى بەيھەقى (1077 ـ يىلى) ئەلگەردىزى (ۋاپاتى 1050 ـ يىلى) قاتارلىقلارنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە شۇنىڭدەك قاراخانىيلار

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 59 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 254 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

تارىخى ھەققىدە كۆپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىم ئۆمەلژان فىرىتساكنىڭ يېقىنقى يىللاردا يازغان «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسەرلىرىدە قاراخانىيلار سۇلالىسى توغرىسىدا مۇھىم مەنبەلەر بايان قىلىنغان. دېمەك بۇ قارا دېگەن ئىسىم يېقىنقى زامانلاردا قوللىنىلغان ئىسىم بولماستىن، ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا قوللىنىلغانلىقى ئېنىق. قاراخانىيلاردا قاراخان، قاراخاقان، ئارسلان قاراخان، تاۋغاچ بۇغرا قاراخان دېگەن ئۇنۋانلىرىدىمۇ قوللىنىلغان. كېيىنكى زامانلاردا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ئالتاي قوۋملىرىدە ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە تۆت خىل رەڭ (قارا، قىزىل، كۆك، ئاق) تۆت تەرەپنى بەلگىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۈركى تىللار دىۋانى» دا قارا دېگەن سۆز قەدىمكى تۈركلەرنىڭ تەرەپنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلغان، شىمال مەنىسىدە ئېلىنغان بولۇپ، تۈركلەرنىڭ ھوقۇق سىمۋولىدا ئۇلۇغلۇق، يۈكسەكلىكلەرنى ئىپادىلىگۈچى دۆلەت تەبىرى بولۇپ قالغان[1]. قاراخانىيلارنى ئىسلام مەنبەلىرىدە ئەلخاقانىيە ياكى مۇلۇكەل خاقانىيە ياكى ئەفراسىياپ دەپ ئاتاشقان.

ئەمدى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەۋلادى قايسى نەسەبكە مەنسۇپلۇقى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا ۋە قايسى تۈركى قەبىلىلىرى تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا ئىلمىي ساھەدىكى ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرى، ھەرخىل مۇلاھىزىلىرى داۋام قىلدى. بۇ خىلدىن بىرى تالاش ـ تارتىش تېمىسى بولۇپ كەلدى. بىر مۇنچە قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. مۇنداق بولۇشى مەۋجۇت مەنبەلەردە بېرىلگەن مەلۇماتلارنىڭ بەكمۇ كەمچىل بولۇشى، بۇ ھەقتىكى پەرەزلەرنىڭ ھەر خىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان. بۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى:

---

① ئۆمەلژان پىرىتساك: «قاراخانىيلار».

1. ئۇيغۇرلار ئىدى دېگەن پەرەز ـ (ۋامبېرى، رادلوف)
2. ياغمىلاردىن ئىدى دېگەن پەرەز ـ (مىنورسكى)
3. تۈركمەنلەردىن ئىدى دېگەن پەرەز ـ (ھاممە)
4. قارلۇقتىن ئىدى دېگەن پەرەز ـ (پۇئات كۆپرۈلۈ)
5. قارلۇق ـ ياغمىلاردىن ئىدى دېگەن پەرەز ـ (فۇئات ـ كوپرۈلۈ)
6. چىگىللەردىن ئىدى دېگەن پەرەز ـ (بارتولد)
7. تۈركتىن ئىدى دېگەن پەرەز ـ (ۋەلىدى توغان)

دېمەك، قاراخانىيلارنىڭ قايسى تۈركى قەبىلىلەر تەرەپتىن قۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر بىر مەزگىل داۋاملاشتى. مۇنداق بولۇشى، تولۇق ئىسپاتلار بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ، مەنبەلەرنىڭ توغرىلىقى ھەل قىلىنمىغان.

بۇ خىل مەنبەلەر ئۇيغۇر قەدىمكى قولىيازمىلىرى، «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە خەنزۇچە مەنبەلەر بىلەن مۇسۇلمان تارىخشۇناسلارنىڭ تارىخىي ئىسپاتلىرىغا ئاساسلانغان، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ياغمىلار قۇرغان دېگەن قاراش، دەل تارىخىي مەنبەلەرگە بىرقەدەر ئۇيغۇن. بىز ئەمدى خەنزۇ مەنبەلىرىگە قاراپ باقايلى. ياغما دېگەن نامنى تۇنجى قېتىم مىلادىيە 801 ـ يىللىرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى دۇيۇ تەرەپتىن يېزىلغان «ئومۇمىي قامۇس» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئۇيغۇر تەزكىرىسىدە شۇ دەۋردىكى خەنزۇ تىلى بويىچە «ياغمىت» دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان. ياغمىت ئۇرۇقى بولسا شۇ چاغدا «توققۇز غۇز» قەبىلىسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بەزى ئالىملار ياغمىت دېگەن سۆز ئۇيغۇرچە ياغما سۆزىنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى دەپ قاراپ كەلمەكتە①. رەشىدىدىن (1274 ـ 1318 ـ يىللار) تەرەپتىن يېزىلغان «جامىئۇت تاۋارىخ» ناملىق

① سىن جۇڭمېيەننىڭ «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار» توپلىمىنىڭ ئىككىنچى قىسمى.

كىتابىنىڭ ئۇيغۇرلار قىسمىدا «بۇ ئۇرۇقنىڭ نامى ئۇدۇرغار دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان» . بۇ نام دەل ياغما قەبىلىسىنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى بولسا كېرەك دەپ قارايمىز.

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەختىدە ئۆزىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىۋى قەھرىمانى ئالىپ ئەرتۇڭا (ئەفراسىياپ) نىڭ ئەۋلادى دەپ ئاتىۋالغان بىرەيلەننى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ خاندانى ئافراسىياپ دەپ ئاتىغانىدى. جامال قارشى «مۇلها قاتۇس - سۇراھ» ئەسىرىدە ئۇلارنى ئەفراسىياپ نەسلىدىن دەپ قەيت قىلغان[1] . مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»دا خان ئۇنۋان ھەققىدە توختىلىپ: «خان تۈركى خەلقلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارى بولۇپ، ئەفراسىياپ ئوغۇللىرى خان دەپ ئاتىلىدۇ. ئەفراسىياپ خاقان دەپ ئاتىلىدۇ» دەپ مەلۇمات بەرگەن.

«مەجمەئۇت - تاۋارىخ» نىڭ نەقىل قىلىنغىنىدەك، ئەفراسىياپنىڭ سۇلتانزادىلىرىدىن ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، كىچىك ياشلىق ھاياتىدا پادىشاھ بولۇپ، تامام كاشغەر ۋىلايىتىنى ئىسلامغا كىرگۈزدى. كاشغەر ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ پادىشاھلىرى بۇلارنىڭ نەسلىدىن ئىدى»[2] . ئەمدى ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ مەنبەلىرىگە ئاساسلانغاندا، 9 - ئەسىرلەردە ياغما قەبىلىسى ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نارىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا كۆچكەن[3] . «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق كىتابتا، ياغمىلارنىڭ «توققۇز ئوغۇزلاردىن ئىكەنلىكى» ۋە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمدارلارنىڭمۇ «توققۇز ئوغۇزلار» (ئۇيغۇرلار) ھۆكۈمران ئائىلىسىدىن بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. شۇ مەنبەگە قارىغاندا، قەشقەر ۋە ئاتۇش (ئارتۇچ) ناھىيىلىرىمۇ شۇ چاغدا ياغمىلارنىڭ قولىدا ئىدى.

---

① جامال قارشى: «سۇراھ» .
② مۇھەممەد مىرزاھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدى» .
③ «ئىسلام ئېنسكلوپېدىيىسى» 4 - توم 904 - بەت.

«مۇجمەلەت ـ تاۋارىخ ۋەل ـ قىسەس» ناملىق ئەسەردىمۇ مۇئەللىپ ياغمىلاردىن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇغرا ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق يازىدۇ. قارلۇقلار ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىكتە كۆكتۈرك ئىمپېراتۇرلۇقىنى يىقىتىش كۈرەشلىرىدە بىللە بولغان، شۇنداقلا ئۇيغۇرلار بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن غەربكە يۆرۈش قىلىپ، غەربىي تۈركلەرنىڭ قەدىمىي زېمىنى ئون ئوقلارنىڭ يۇرتىنى بېسىۋالدى.

مىلادىيە 766 ـ يىللاردىن كېيىن ئۇلار ئۆزىنى ئون ئوقلارنىڭ خوجايىنى دەپ ئاتىدى. ئۇلار 840 ـ يىللىرىدىن كېيىن، يەنى ئۇيغۇر دۆلىتى مۇنقەزر بولغاندا، قارلۇقلار ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبى بىلەن ئىسپىجاپ، چۇ دەرياسى، ئىلى دەريا ۋادىلىرىغا قەدەر بولغان جايلارنى ئىگىلىدى. 840 ـ يىللىرى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تەركىبىدىكى بىر قوۋم بولغان ئۇيغۇرلار ھۆكۈمران ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان باش قوماندانلارنىڭ گۇرۇھىدىكى ياغمىلار غەربكە چېكىنىپ، قەشقەر ئەتراپىغا ئورۇنلاشتى. بەزى يەرلەرنى قارلۇقلاردىن تارتىۋېلىپ ھاكىملىق قىلىشتى. 10 ـ ئەسىردىكى جۇغراپىيىۇنلارنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ياغمىلارنى قەشقەر بىلەن ئۇنىڭ غەربىي شىمالىغا يېقىن بولغان جايلارنىڭ ھاكىملىرى بولغان دەپ كۆرسەتكەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

«ھۇدۇدۇل ئالەم» دە قەشقەرنى تىلغا ئېلىپ، بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قارلۇقلاردىن ئەمەس، بەلكى ياغمىلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. تارىخىي مەنبەلەردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى: «ياغمىلار چۇ دەرياسى، ئىلى ۋادىلىرىنى قارلۇقلاردىن تارتىۋېلىپ، بۇ جايلارغا ھاكىم بولغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. مەھمۇد قەشقىرى 11 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، ئۇلاردىن خېلى كۆپ بىر

قىسمىنىڭ ئىلى ۋادىسىدا، بىر قىسمىنىڭ بولسا تىراز (تالاس) ئەتراپىدا ياشىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ[1]. مەھمۇد قەشقەرى ئىلى ۋادىسىنى تىلغا ئالغىنىدا، «تۈركلەردىن ياغما، توخسى بىلەن چىگىللەرنىڭ بىر قىسمى چۈشكەن جىلغا دەپ يەشكەن». بىسىم ئاتالاي ئاق تېرەكنى ياغمىلار ئىلىدىكى ئىلى دەرياسى ئۈستىدىكى بىر كېچىك دەپ يازىدۇ.

بىر قاتار پاكىتلارغا قاراپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ياغمىلار چۇ دەرياسى بويىدىكى بالاساغۇننىڭ ئىستراتېگىيىلىك جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، بۇ جايلارنى ئىگىلىگەن. شۇڭا، قاراخانىيلار خاندانلىقى قۇرۇلغاندا بالاساغۇن بىلەن قەشقەر بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى بولۇپ قالدى.

قارلۇقلارنىڭ ھاكىمى دەسلەپتە «سول يابغۇ (742 ـ يىلى) كېيىن دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدارى بولغان سول يابغۇ (744 ـ يىلى) بولۇپ تەيىنلەنگەن»[2]. قارلۇقلار باشلىقىنى يابغۇ «ئوڭ يابغۇ، سول يابغۇ دەپ ئاتايتتى» ياغمىلار باشلىقىنى «بۇغرا»، «قاراخان» ئۇنۋانى بىلەن ئاتايتتى. «مۇجمەلەت ـ تەۋارىخ ۋە قىسەس» دېگەن ئەسەردە ياغما ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بۇغراخان ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندا، قەشقەرنىڭ ئوردۇ كەنت (مەركەز) بولۇشى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەبرىستانلىقىمۇ ئاتۇشتا بولۇشى، مانا بۇ بىر قاتار مەنبەلەردىكى تارىخىي پاكىتلاردا ياغمىلار قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ خانلىق نەسەبىنىڭ شەكىللىنىشىدە مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نۇرغۇن مۇلكى، ھەربىي ئەمەلدار ۋە ھەربىي سەركەردىلەر قوشۇنلاردا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، خان جەمەتى

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى».
② پىرىتساك: «قاراخانىيلار».

قارلۇقلار بىلەن چېگىللەردىن چىقمىدى. قاراخانىيلار خاقانى تۈركى قوۋملەر ئىچىدە جەڭگىۋارلىقى مەشھۇر بولغانلار ياغمىلاردىن چىقتى. مانا بۇلار ياغمىلارنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قورغۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئەڭ كۈچلۈك دەلىلدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان ياغمىلار ئوردا شەھەرلىرىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ فېئوداللىق ئىقتىسادىي تۈزۈمى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانىدى. 9 ـ ئەسىرلەردە «توققۇز ئوغۇز» خەلقىنىڭ جەڭگىۋار ئالدىنقى قىسمى بولغان ياغمىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان هالدا قاراخانىيلار خاندانلىقىنى قۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

مىلادىيە 850 ـ يىلىدىن 880 ـ يىللىرى بىلگە كۆل قىدىرخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان دەۋردىن تارتىپ، ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئەڭ گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرگە قەدەم قويۇپ، قۇدرەت تاپقان فېئوداللىق سۇلالە ئىدى. بۇ خاندانلىق ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، 399 يىل هۆكۈم سۈردى. قاراخانىيلار خاندانلىقى مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتۈش جەريانىدا يۇقىرى گۈللىنىش تەدرىجىي زەئىپلىشىشتەك باسقۇچلارنى باشتىن كەچۈردى. بىلگە كۆل قىدىرخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى بازىر (880 ـ يىلدىن 890 ـ يىللار) ئىنىسى ئوغۇلچاق (890 ـ 920 ـ يىللار) هاكىمىيەت باشقۇردى. قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا پارلاق يېڭى گۈللىنىش دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. قاراخانىيلارنىڭ يۇكسەك تەرەققىي قىلغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە قول ـ سانائەت ئاساسىدا ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن بۇ دەۋردە مۇتەپپەككۇر سەنئەتكارلار، تارىخشۇناسلار، كەشپىياتچىلار، سىياسىيئونلار،

ھەربىي مۇتەخەسسىس ئالىملار، ئەدىب تىلشۇناسلار، تىببىي ئالىملار، دىن پېشۋالىرى مەيدانغا كەلدى. ئۇلار كېيىنكى ئەۋلادلارغا مول قىممەتلىك جاھانشۇمۇل ئەسەرلەر ۋە ئابىدىلەرنى قالدۇردى.

قاراخانىيلارنىڭ زېمىنى كېڭەيگەندىن كېيىن زېمىن تېررىتورىيىسى مەمۇرىي جەھەتتىن ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچىسى، مەركىزىي قىسىم «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى. خاقانىيە ئۆلكىسى قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان ھالدا، كۇچار ۋە قۇجۇ شەھىرىدىن تارتىپ ئىسسىقكۆل بويىدىكى بالاساغۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا مىڭلاق (ئىلى) ۋادىسىغا قەدەر بولغان شەرقىي رايونلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئىككىنچىسى، غەربىي قىسىم بولۇپ، ئىسسىقكۆلنىڭ غەربى، كاسپى دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ قىسىم تالاس بىلەن سەمەرقەندنى مەركەز قىلغانىدى. ئۈچىنچى، شەرقىي جەنۇبىي قىسىم بولۇپ، يەكەندىن تارتىپ چەرچەنگىچە بولغان خوتەن رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئۈچ چوڭ قىسىمدىن باشقا يەنە، ئىسسىقكۆلنىڭ شەرقىي شىمالىدا تۈياس ۋىلايىتى، تاشكەنت بىلەن مەرغىلان ئارىلىقىدىكى ئىغراق ۋىلايىتى، ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدا قوتال، سۇمان ۋىلايەتلىرىمۇ بار ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زېمىن تېررىتورىيىسىدە شەكىللەنگەن بۇ مەمۇرىي بىرلىك ئىچىدە غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسىم «ئىلىك خان» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە ھەربىي فېئودال سۇيۇرغاللىق تۈزۈمىدىكى يەرلەر ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە چوڭ شەھەرلەر ئىقتىسادىي مەدەنىيەتتە ۋە مەدەنىيەت مەركىزى تەرەققىي قىلغانىدى. قاراخانىيلارنىڭ شەرقى ۋە شەرقىي شىمال تەرەپلىرىدە، قەشقەر، بارچۇق بالاساغۇن، بارسغان، غەربىي ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدە

تالاس، مەرغىلان، سەمەرقەنى، تېرمىز ۋە باشقىلار مەدەنىيەت، سودا ـ سانائەت ئەڭ تەرەققىي قىلغان شەھەرلەر ئىدى.

قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى ئىككى بولۇپ، قەشقەر ۋە بالاساغۇن ئىدى. «قەشقەر ئوردۇ كەنت دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى، خان شاھلار تۇرىدىغان مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، ئەفراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان»[1]. قەشقەر ئەڭ قەدىمكى شەھەر بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ چوڭ خاقانى قەشقەر ـــ ئوردۇ كەنتتە تۇراتتى. بالاساغۇن قاراخانىيلارنىڭ يەنە بىر پايتەختى ئىدى. 10 ـ ئەسىردىكى جۇغراپىيونلاردىن مۇقدەسى بالاساغۇن ھەققىدە توختىلىپ: «خەلقى كۆپ، چوڭ ۋە باي شەھەر» دەپ مەلۇمات بەرگەن. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تەبىرىچە «قۇز ئوردۇ بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر. بالاساغۇن شەھىرىمۇ قۇز ئوردۇ دېيىلىدۇ»[2].

## 1. قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى

جامال قارشى يازغان «سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما» دېگەن كىتابتىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بوۋىسى كۆل بىلگە قىدىرخان «قۇز ئوردۇ» (بالاساغۇن) دا مەركىزىي ھاكىمىيەتنى باشقۇرغان ۋاقىتتا ئەتراپتىكى تۈركىي قەبىلىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇنىڭ زامانىسىدا تۈركىي قوۋملەر ئەللەردىن شاش، «تاشكەنت» رايونى ئىسلامىيەتنى بۇرۇنراق قوبۇل قىلغان. ئۇ مىلادىيە 819 ـ يىللىرىدىن بۇيان ماۋەرائۇننەھردە بۇرۇن ھۆكۈم سۈرگەن ئۆز ھاكىمىيىتىنى

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋان»، 1 ـ توم.

www.uyghurkitap.com

كېڭەيتىپ، سامانىيلار خاندانلىقى بىلەن سوقۇشۇشقا مەجبۇر بولغان①. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، كۆل بىلگە قىدىرخاننىڭ ھۆكۈم سۈرگەن زامانى، پائالىيىتى ھەققىدە بىز ھېچقانداق مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس. جامال قارشىنىڭ پىكرىچە، كۆل بىلگە قىدىرخاندىن كېيىن ھاكىمىيەتنى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى قولغا ئالغانىدى. كۆل بىلگە قىدىرخاننىڭ بارىز (ئارسلانخان)، ئوغۇلچاق (قىدىرخان ياكى بۇغراخان) دېگەن ئىككى ئوغلى بولۇپ، بۇ توغرۇلۇق پىرىتساك قاتارلىق بەزى ئالىملار، بارىز (ئارسلانخان) نىڭ بالاساغۇندا ئۇلۇغ خاقان سۈپىتى بىلەن، ئوغۇلچاق قادىرخان بۇغراخان نامى بىلەن تىراز ۋە كېيىن قەشقەردە ھۆكۈم سۈرگەن②. مىلادىيە 893 ـ يىللىرى ئوغۇلچاق بىلەن سامانىيلار خانلىقى ئوتتۇرىسىدا كۆپ قېتىم سوقۇشۇشلار بولۇپ ئۆتكەنىدى (سامانىيلاردىن ئىسمايىل بىننى ئەھمەت ئوغۇلچاق بىلەن زامانداش بولۇشى مۇمكىن). مىلادىيە 893 ـ يىلى ئىسمايىل شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى تىرازنى ئىشغال قىلىپ، خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن 15 مىڭ ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالغان. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇلچاق ئارسلانخان مەركەزنى قەشقەرگە يۆتكەش بىلەن سامانىيلار خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىق كۆرگەن③. سامانىيلار ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان ئوغۇلچاق، سامانىيلاردىن بىرىنى ئۆز پاناھىغا ئېلىشقا ھەرىكەتمۇ قىلغانىدى.

ئەبۇل پۇتۇھ ئابدۇغەفۇر بىننى ئەل ھۇسەيىن ئەلمايى قەشقەرى (تەخمىنەن مىلادىيىنىڭ 1084 ـ ياكى 1083 ـ يىللىرى ۋاپات بولغان) نىڭ «قەشقەر تارىخى» دىمۇ ئېنىق خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. 1028 ـ يىللىرى ئەل جەۋھىرىنىڭ

---

① جامال قارشى: «سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما».
② پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۈركچىسىدىن.
③ پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۈركچىسىدىن.

«ئەسسۇراخ فىل لۇغاتىت» ناملىق ئەرەبچە سۆزلۇكنى پارسچىگە تەرجىمە قىلغان. جامال قارشى قەشقەر تارىخىدىن نەقىللەر ئېلىپ، قارخانىيلار خاندانلىقىنىڭ تارىخىغا دائىر قىممەتلىك مەنبەلەرنى بەرگەن. مۇشۇنىڭ بەرگەن مەنبەسىگە قارىغاندا، ساتۇق (ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇل كەرىم) كۆل بىلگە قىدىرخانىنىڭ ئەۋلادى بارىز ئارسلانخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، فرانسىيە ئالىمى سىرناندى گىرىننارتنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، سۇتۇق مىلادىيە 900 ــ يىللىرى ياكى 910 ــ يىللىرى تۇغۇلغان[1]. ئاتىسى بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكتىن، تەختكە ئۇنىڭ تاغىسى ئوغۇلچاق ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ ئانىسى ئوغۇلچاققا نىكاھلانغان. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇلچاق ھاكىمىيەت يۇرگۈزگەندى. ئىلگىرى خاننىڭ سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن يارىشىپ، ئىناق ئۆتۈش پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ، سامانىيلار سۇلالىسىدىن قېچىپ چىققان شاھزادە ئەبۇ نەسىر بىننى سۇلايماننى 932 ــ يىلى كۇتۇۋالغان ۋە ئۇنىڭ قەشقەرگە يېقىن ئاتۇشتا بىر مەسچىت سېلىشقا ئىجازەت بەرگەن. ئاتۇشتىكى بۇ مەسچىت بۇ جايدىكى تۇنجى ئىسلام مەسچىتى ئىدى. شۇ چاغدا، مۇسۇلمان كارۋانلىرى بۇخارا ۋە سەمەرقەندتىن ئاتۇشقا كېلىپ سودا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۇچۇن ھەرىكەت قىلىپ، 12 ياشقا توشقان سۇتۇق بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ كارۋانلىرى ئېلىپ كەلگەن ماللارنى كۆزدىن كەچۈرۈش نىقابى بىلەن ئەبۇ نەسىر سامانىي بىلەن ئۇچراشقان ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇش ئەھۋالىنى كۆرگەن. ئۇ ئەبۇ نەسىر سامانىيدىن سوئال سورىغان. «سامانىي دەرھال ئۇلۇغ ئاللانىڭ 99 نامى يۇكسەك پەزىلەتلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇ يەنە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ

[1] گىرنارت: «سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى».

سۆزلىرىدىن نەقىل ئېلىپ، ئىسلام قانۇنلىرىنى بايان قىلغان ھەمدە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، تۆھپىلىرىنى سۆزلىگەن»①. ئوغۇلچاقنىڭ جىيەنى سۇتۇق ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ سۆزىدىن چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، ئاتۇشنىڭ ئاغۇ كەنتىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان② ھەم ئۆزىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى، تۇغقانلىرىنى مەخپىي ھالدا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدۇرغان. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكى ئالاقىدار ئىشلار ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن «قەشقەر تارىخى» دا خاتىرە قالدۇرغان. يەنە مۇسۇلمان تارىخچىسى سالامى (955 - يىلىدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن) ۋە «زەينۇل - ئەخبار» ئەل گەردىزى (ۋاپاتى 1040 - يىلى) ۋە ئىبنۇل ئەت ھەرى (مىلادىيە 1232 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) ئۇنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تارىخى ئومۇمىيە» قاتارلىق ئەسەرلەردە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇلارنى يىغىندا قىلغاندا مۇنداق دېيىلگەن: «سۇتۇق مۇھىم بىر چۈش كۆرگەندىن كېيىن ئۇ ئەتىگىنىدە ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان ئۆز خەلقىنى مۇسۇلمان بولۇشقا دەۋەت قىلغان. بۇ ۋەقە مىلادىيە 927 - يىللىرى ياكى 932 - يىللىرى بولۇشى مۇمكىن». سامانىيلارنىڭ شاھزادىسى ئەبۇ نەسىر سامانىي سۇتۇقنى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى دالالەت قىلىشى ھەرگىز يەككە - يېگانە تاسادىپىي يۈز بەرگەن ۋەقە ئەمەس. مىلادىيە سەككىزىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىشقا باشلىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئىسلاملاشقاندىن كېيىن ئىسلام دىنى ئىككى يۈز نەچچە يىل داۋامىدا مەخپىي، ئاشكارا ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىغا كىرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى

① بارتولد: «موڭغۇللار بېسىپ كىرگەن مەزگىلدىكى تۈركىستان».
② پىرىتساك: «قاراخانىيلار».

ماۋەرائۇننەھرنىڭ شىمالىدا سامانىي خانلىقىنىڭ چېگراسىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ھەربىي ھەرىكەتلەر ۋە سودا ئالاقىلىرى شۇ جايلاردىكى تۈركلەرنىڭ تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان. بۇ ئەھۋاللار قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

«قەشقەر تارىخى» دا بايان قىلىنغان ئەھۋاللارغا قارىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى سىياسىي كۈرەش سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا تۈرتكە بولغان بىۋاسىتە سەۋەبتۇر. سۇتۇق بۇغراخان بىننى بارىزخان ئەسلى خان جەمەتىنىڭ چوڭ تارمىقى نەسەبىدىن كېلىپ چىققان. بارىزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسىنى ئوغۇلچاق ئەمرىگە ئالغان. لېكىن، سۇتۇق ئانىسى بىلەن بىللە تاغىسىغا بېقىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ چوڭ نەسەبتىكى ۋارىسلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن. مۇشۇنداق مۇرەككەپ ۋە شىددەتلىك ئوردا كۈرىشى جەريانىدا سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى، ئۇنىڭ بۇ مەنىۋى قورالدىن پايدىلىنىپ كۈچ توپلاشقا، سىرتتىكى ئىسلام كۈچلىرىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق ئىدى.

سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى سېزىپ قالغان ئوغۇلچاق ئۇنىڭغا قەتئىي يول قويماسلىقنى بىلدۈرگەن.

سۇتۇق ئوغۇلچاقنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قارىتا مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ، ئۆزى بىلەن مۇسۇلمان بولغان 50 نۆكەرنى باشلاپ چىقىپ، ئوردا ـ قەلئەنى ئىگىلەش ۋە ئوغۇلچاق ھاكىمىيىتىنى تارتىۋېلىش پىلانىنى تۈزگەن. بۇنىڭ بىلەن قەشقەردىن بىر قىسىم مۇسۇلمان پىدائىيلاردىن 300 دەك ئەسكەرنى ئۆز يېنىغا توپلىغان ۋە پەرغانىلەردىكى مۇسۇلمان پىدائىيلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئومۇمىي ئەسكەر

سانىنى مىڭدىن ئارتۇق كىشىگە كۆپەيتكەن. ئۇلار ئالدى بىلەن ئات بېشى تايانچ پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، 3000 دەك قوشۇن بىلەن جىددىي تەييارلىق قىلغان. ئۇ شەرت ـ شارائىت تەدرىجىي پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن ئىچكى ۋە تاشقى كۈچلەرنىڭ ماسلىشىشىغا تايىنىپ ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، قىدىرخان ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، قارشىلىق قىلغان تاغىسى ئوغۇلچاقنى قولغا ئېلىپ خانلىق تەختىنى تارتىۋالغان.

ئوغۇلچاقنىڭ شاھزادە (تېكىن) لىرى ۋە ئوردا مەنسەپدارلىرىنى قولغا ئېلىپ بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى. بەزىلىرىنى ئىمان ئېيتقۇزۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن قەشقەر ھاكىمىيىتى پۈتۈنلەي سۇتۇقنىڭ قولىغا ئۆتتى. قەشقەر نوپۇسىنىڭ يېرىمىغا قەدەر مۇسۇلمان بولغان قەشقەر خەلقى ھەر تەرەپتىن سۇتۇقنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەنلىكىنى تەنتەنە قىلىپ، پۈتۈن قەشقەر خەلقى سۇتۇق تېكىننىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلدى. مىلادىيە 1027 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. سۇتۇق بۇغراخان ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئورناتقاندىن كېيىن ئۆزىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلىپ، قەھرىمانلىق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان بۇغرا خانلىق ئۇنۋانىنى قوللاندى. ئىسلامىيەتنى رەسمىي دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلدى. سۇتۇق بۇغرا قاراخان قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئىسلام دىنى تاراتقۇچى نامى بىلەن تارىختا مەشھۇردۇر ۋە قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاساسىنى سالغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى بولغاندىن باشلاپ، قاراخانىيلار خاندانلىق تارىخىدا مەدەنىيەت گۈللەنگەن ۋە ئىسلاملىشىش دەۋرى باشلانغان. بۇ دەۋردە قاراخانىيلار خاندانلىقى قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك باي بىر دۆلەت

سۈپىتىدە جاھانغا تونۇلغانىدى. سۇتۇق بۇغرا قاراخان ئىسلاملاشتۇرۇش ئىشىدا، خەلقلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشتا ئالدى بىلەن قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ، ئىلى، بالاساغۇن، بارسخان (ئىسسىقكۆل ئەتراپى) قاتارلىق جايلاردا، ئىسلام دىنىنى ناھايىتى تېز ۋاقىتنىڭ ئىچىدە تارقىتىپ، بۇ رايونلاردا يىلتىز تارتتى ۋە ئىسلام ئومۇملاشتى. بۇنىڭ بىلەن سامانىيلار خاندانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، تالاس شەھىرىنى قايتۇرۇۋالدى. 10 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى، سۇتۇق بۇغراخان بالاساغۇننى ئىشغال قىلدى. بالاساغۇننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن يەتتە سۇ رايونى، بالقاش ۋادىلىرىدىكى تۈركى تىللىق قەبىلىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. مىلادىيىنىڭ 40 ـ يىللىرى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى ئارقىلىق، ئىككى يۈز مىڭغا يېقىن تۈركلەر ئىسلام دىنىغا كىردى ۋە جۇڭغارىيە ئويمانلىقىدا ئىسلام دىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتى. بۇ ۋاقىتتا سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنىڭ پايتەختىنى قەشقەر قىلىپ بەلگىلىدى. قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى قەشقەرگە ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان، ئافغانىستان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدىن نۇرغۇن دىن پېشۋالىرى، دىن ئالىملىرى كەلدى. «مانا مۇشۇ ئىسلام پېشۋا ئالىملىرى سۇتۇق بۇغراخانغا ئابدۇكېرىم دەپ مۇسۇلمانچە ئىسىم قويۇشتى»[①].

سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە ئۇنىڭ نامىغا قويدۇرغان تىللا پۇل سۇتۇق بۇغراخان نامى بىلەن مۇسۇلمانچە ئابدۇكېرىم دېگەن خەت ئويۇلغان تىللا پۇللار ھازىر لېنىنگرادتىكى مۇزېيدا ساقلانماقتا. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە قاراخانىيلار دەۋرىدە سودا ـ تىجارەتنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە ئالتۇن تەڭگە پۇللار قۇيۇلغان. قەشقەر ۋە تەگرىتاغ، يەتتە سۇ رايونلىرىدىكى تىراز،

① پىرىتساك: «قاراخانىيلار».

www.uyghurkitap.com

بارىسغان قاتارلىق شەھەرلەردە پۇل چىقىرىدىغان ئورۇنلار بار ئىدى. قاراخانىيلار بازارلىرىدا بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يەنىلا ئالتۇن تەڭگە، مىس تەڭگە قاتارلىق ئۈچ خىل تەڭگە ئىشلىتىلەتتى. سۇتۇق بۇغراخان بالاساغۇننى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا قارشى زور ئۇرۇشقا تەييارلاندى. سۇتۇق بۇغراخان ئۆزى ئىسلام قوشۇنىغا رەھبەرلىك قىلىپ، خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. سۇتۇق بۇغراخان بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە خوتەن بۇددىس ئۇيغۇرلىرىنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كۇچارغا يۈرۈش قىلدى ۋە قەدىمدىن بېرى بۇددا دىنىنىڭ مەركىزىدىن بىرى بولغان كۇچار قاتتىق قارشىلىق قىلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرىشكە تەرسالىق قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر سۇتۇق بۇغراخانغا باش ئەگدى. خوتەن بىلەن كۇچاردىكى ئۇيغۇر بۇددىسلىرى ئاخىر بويسۇنغان بولسىمۇ، ئاھالىنىڭ زور كۆپچىلىكى يەنىلا مۇسۇلمان بولماي بۇرۇنقى بۇددا دىنىي ئېتىقادىدا قالدى.

سۇتۇق بۇغراخان خوتەن، كۇچارلارنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش تاكتىكىسىدا ئاۋۋال مىلادىيىنىڭ 950 - يىللىرى شىمال تەرەپتىن ئىلىغا، جەنۇب تەرەپتىن قاراشەھەر تەرەپتىكى ئۇرۇش يۆنىلىشى بويىچە قوشۇن تەشكىللەپ ماڭدى. بۇ ئۇرۇشقا ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ئوغلى ئەبۇ فەتتاھنى قوماندان قىلدى. مىلادىيە 950 - يىللىرى ئەتراپىدا ئەبۇل فەتتاھ قوماندانلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشۇنى ھەشەمەتلىك بايراق، داقا - دۇمباق ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ، ھەيۋەتلىك قوشۇن بىلەن شەرققە يۈرۈش قىلدى. قاراخانىيلارنىڭ ئەبۇل فەتتاھ باشچىلىقىدىكى قوشۇنى كۇچار، كورلا، قاراشەھەر قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، توقسۇن يولى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى بەشبالىق شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن تەڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى

بەشبالىق ۋە قارا خوجا شەھىرىدىن نۇرغۇن قوشۇن يۆتكەپ تەڭرىتاغ ئېغىزىدا ئەبۇ فەتتاھ قوشۇنلىرىغا قاتتىق قارشىلىق قىلدى. بۇ ۋاقىتتا سۇتۇق بۇغراخان قارا خانىنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا تېكىن (بايتاش) نىڭ قوماندانلىقىدا قارا شەھەرگە ۋاقىتىنچە چېكىنىپ بۇ جايدا قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سالدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىمۇ ناھايىتى زور چىقىمغا ئۇچرىدى. سۇتۇق بۇغراخان بۇددىس ئۇيغۇرلىرى بىلەن بولغان جەڭدە ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ئوغلى ئەبۇل فەتتاھ زور قەھرىمانلىق جاسارەت بىلەن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۇتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا «ئالىپ تېكىن» (قەھرىمان شاھزادە) دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بۇددا دىنىدا قېلىش شەرتى بىلەن قاراخانىيلار خانلىقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سۇتۇق بۇغراخان ئۆز دۆلىتىنىڭ شەرقىي چېگراسى قىلىپ، كۇچارنى بېكىتتى[1]. مىلادىيە 954 ـ يىلى سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ئېغىر كېسەلگە دۇچار بولغانلىقىدىكى خەۋەر مۇسا تېكىنگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن مۇسا تېكىن تېزلىكتە قەشقەرگە قايتتى. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، دىنىي ئالىم ۋە سىياسىيئون، تالانتلىق ھەربىي سەركەردە سۇتۇق بۇغراخان 22 يىل قاراخانىيلار خانى بولۇپ، مىلادىيىنىڭ 955 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ مۇسۇلمانچە ئىسمى ئابدۇلكەرىم ئىدى[2]. ئۇنىڭ جەسىتىنى ئاتۇشتىكى مەشھەتتە ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ قەبرىگاھىنىڭ يېنىغا قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئائىلە مازارى بولغان «گۈمبەز تول خاقانىيە» ناملىق ھۆكۈمدارلار گۈمبىزىگە دەپنە قىلىنغان. سۇتۇق بۇغراخان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ ئوغلى مۇسائىبن ئابدۇلكەرىم بۇغراخان (تۈركچە ئىسمى بايتاش) ئارسلان بۇغراخان ئۇنۋانى بىلەن قاراخانىيلار تەختىدە

---

① «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» قولىيازمىلىرى.
② جامال قارشى: «سۇراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما».

ئولتۇردى. ئۇ يەنىلا قەشقەرنى قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قىلدى. ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلايمان بالاساغۇندا تۇردى. مۇسا ئارسلان بۇغراخان ئۆتكۈر سىياسەتچىلەردىن بولۇپ، كۆپ ئىقتىدارلىق ئالىم ئىدى. ئۇ قاراخانىيلار خاندانىنىڭ تەختىگە چىققاندىن كېيىن بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان دۆلەت مەمۇرىي تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تىكلىگەن. شەرق قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن ئۇلارغا مەلۇم مەمۇرىي ھوقۇق بەرگەن. قاراخانىيلار خاندانلىقىدا بىۋاستە باشقۇرۇشنى يولغا قويغان. ئۆز دائىرىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى مەنسەپكە تەيىنلەش ۋە مەنسەپتىن ئېلىپ تاشلاشنى ئۆزى بىۋاستە بەلگىلەيتتى. قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە مەمۇرىي تۈزۈمنى ئوخشۇشلۇق يولغا قويۇش ئۈچۈن، بىر قاتار قانۇن - تۈزۈم، نىزامنامىلەر تۇرغۇزۇلغان. مۇشۇ تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ بالاساغۇن ۋە قەشقەردىكى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىگەن. قاراخانىيلارنىڭ ئىچكى بىرلىكنى كۈچەيتكەن. «مىلادىيە 960 - يىلى 200 مىڭ چېدىرلىق تۈركى خەلقلەر ئىسلام دىنىغا كىردى»①. قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىدىكى رايونلاردا دىنىي مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتتى. خوتەندىكى بۇددىسلارغا ھۇجۇم قىلىپ، خوتەننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. ئۇ ئالىپ تېكىن باشچىلىقىدىكى مۇسۇلمان قوشۇنىنى تەشكىللەپ ئىلىدىكى ئۇيغۇرلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، ئالدى بىلەن قارا شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى مىڭلاق قاتارلىق رايونلارغا يۈرۈش قىلدى. قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنى ئىلىنى ئىشغال قىلىپ، بۇ

① ئىبنۇل: «تارىخى ئومۇمىي».

جايدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. بۇددىس ئۇيغۇرلىرىنى مىڭلاقتىن سۈرۈپ چىقىرىپ، ئۇ يەرلەرگە مۇسۇلمان تۈركلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئىلىغا ھۇجۇم قىلدى.

قاراخانىيلارنىڭ مۇسۇلمان قوشۇنلىرى بىلەن قوچۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى جەڭ ئىنتايىن شىددەتلىك بولغان. بۇنى مۇشۇ شېئىرلاردىن بىلىش مۇمكىن.

كەلدى ماڭا تات[①]
ئېيتتىم ئەمدى يات
قوشقا بولۇپ ئات،
سىنى تىلەر ئومۇ بوي

ماڭا بىر كاپىر ئۇيغۇر ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم. قۇش ـ بۆرىلەرگە يەم بولسۇن دەپ ئۇنى پارچە پارچە قىلىۋەتتىم.[②]

تۈن بىلەن باستۇق
ھەر تەرەپتىن بوكتۇرمە قۇردۇق
ئاتلارنىڭ كوكۇلىلىرىنى كەستۇق
مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق

ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان بۇ ھۇجۇم توغرىسىدا شۇنداق دېيىلىدۇ: «بىز ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېچىسى باستۇرۇپ باردۇق. ھەر تەرەپتىن مۆكۈپ كىرىپ، ھەتتا ئاتلارنىڭ كوكۇلىلىرىنى

① تات ـ بەزى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تىلىدا «مۇسۇلمان بولمىغان، كافىر، ئۇيغۇر» لار دېگەن مەنىدە. ئومۇمىي تۈرك خەلقلىرى تىلىدا «پارسلار» دېگەن مەنىدىكى سۆز.
② «تۈركى تىللار دىۋانى» 1 ـ توم 564 ـ، 565 ـ بەت.

كەستۇق. مىڭلاق ئادەملىرىنى ئۆلتۇردۇق» . «مىڭلاق — بىر يەرنىڭ نامى»①.

ئالىپ تېكىن قاتتىق جەڭلەردىن كېيىن قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، قۇجۇنى ئىشغال قىلدى. قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلماي، ئۆزلىرىنىڭ بۇددا دىنىدا قېلىپ، ئىچكى مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىش شەرتى بىلەن قاراخانىيلارغا تەۋە بولدى.

ئۇيغۇر تارىخىي مەنبەلىرىدە قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن، قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن بەشبالىقتا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدە ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ئوغلى ئەبۇل فەتتاھ باتۇرلۇق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ، قازا قىلدى. ئالىپ تېگىنىنىڭ مازىرى جەنۇبىي تاغ ئېتىكىدە بولۇپ، هازىرمۇ خەلقلەر بۇ مازارنى «ئەل پەتتاھ غوجام» مازىرى دەپ ئاتايدۇ.

## 2. قاراخانىيلارنىڭ هاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش يولىدىكى كۈرەشلەر

قاراخانىيلار سۇلالىسى 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆز تېررىتورىيىسىدىكى زېمىننى بىرلىككە كەلتۈردى. مۇشۇ دەۋردە قاراخانىيلارنىڭ زېمىنى شەرقتە گەنسۇدىن تارتىپ، غەربتە ئارال دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن تارتىپ جەنۇبتا قارا قۇرۇم كوئىنلۇن تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مىلادىيە 998 ـ يىلى مۇسا بىن ئابدۇلكەرىم (باي تاش) ئارسلان بۇغرا قاراخان ئالەمدىن ئۆتتى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانلىق مازارى «گۈمبەزە تۇل

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركى تىللار دىۋانى» بىرىنچى توم 565 ـ بەت.

خاقانى» نامى بىلەن ئاتالغان ئاتۇشتىكى تەختىيۇندىكى «بۇغرام» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

مۇسا بۇغراخان ئىنىسى ھارۇن بۇغراخان «قاراخان» ئۇنۋانى بىلەن تەختتە ئولتۇردى. ھارۇن بۇغراخان بىلىم ئىقتىدارى يۇقىرى، تەدبىرلىك، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئۇستا، ھەربىي ئىستراتېگىيە. تاكتىكا جەھەتلەردە يېتىلگەن غەيرەتلىك زات ئىدى. ئۇ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ، دۆلەتنى ئىچكى جەھەتتە تىنچلىق ـ تولۇق خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن زور ھەربىي قوشۇننى تەشكىللەپ، ئۇيغۇر ئىدىقۇتىغا يۈرۈش قىلىپ، ئىدىقۇتنى قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا كىرگۈزدى. قاراخانىيلارنىڭ زېمىنىنى ئۇنۇملۇك باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان ۋە تېخى مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەردىن تەركىب تاپقان غايەت زور، قۇدرەتلىك، ئىنتىزامچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى ئۈستۈن بولغان قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇپ، قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئاشۇردى. ھارۇن بۇغرا قاراخان ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەپ، سامانىيلار خانلىقىنىڭ چىرىكلەشكەنلىكى، ئىچكى جەھەتتىكى مالىمانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، خۇراسان «شەرقىي ئىران» ئافغانىستان ۋە ماۋەرائۇننەھر قاتارلىق تېررىتورىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايونلارغا ھەربىي يۈرۈش قىلدى.

سامانىيلار سۇلالىسىدىكى غەزنىۋىيلەرنىڭ ھۆكۈمرانى ئەمىر سەبۇك تېكىن (سوبۇق تېكىن) ئافغانىستاننىڭ بىر قىسمىنى ئىگىلەپ ئۆز ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ھىندىستانغا يۈرۈش قىلغاندا، سامانىيلار دۆلىتىنىڭ مەركىزى بولغان بۇخارادىمۇ ئىچكى بۆلۈنۈش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلگەنىدى.

ھارۇن بۇغراخان سامانىيلار خانلىقىنىڭ ئىچكى

قالايمىقانچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىلادىيە 990 - يىلى زور قۇدرەتلىك ھەربىي قوشۇن تەشكىللەپ، سامانىيلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانلىقىغا 150 يىل بولغان ئىسسىپىجاب شەھىرىنى ئىشغال قىلدى. مىلادىيە 991 - يىلى پەرغانىگە يۈرۈش قىلدى، پەرغانىنى ئالغاندىن كېيىن مىلادىيە 992 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ماۋەرائۇننەھرنىڭ سەمەرقەندنى ئالغاندىن كېيىن سامانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئەمىر نۇھ قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، بۇخارا شەھىرىگە قامىلىپ قالدى. ھارۇن بۇغرا قاراخان بۇخارانى قاتتىق مۇھاسىرە ئاستىغا ئالدى. نائىلاج ئەمىر نۇھ مۇداپىئەدىن ئاجىز كېلىپ، بۇخارادىن قاچتى. ھارۇن بۇغرا قارا خان بۇخارانى ئۇرۇشسىز ئىشغال قىلدى. ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇردى. بۇ مەزگىلدە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەممە جايلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالدى. ھارۇن بۇغرا قاراخان بۇخارادا ئۇزۇن مۇددەت تۇرالمىدى. ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ سەمەرقەندكە ماڭدى. ئۇ يەردىمۇ ئانچە ئۇزاق تۇرالماي، قەشقەرگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. يول ئۈستىدە، يەنى «قوشقار بېشى» دېگەن جايدا مىلادىيىنىڭ 997 - يىلى ۋاپات بولدى[①]. ئۇنىڭ جەسىتىنى دەرھال يۆتكەپ كېلىپ، ئاتۇشتىكى قاراخانىيلارنىڭ ئائىلە مازىرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قويۇلغان «گۇمبەزە تۇل خاقانىيە» ناملىق ھۆكۈمدارلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

ھارۇن بۇغرا قاراخان ئۆز - ئۆزىنى «شىھابۇد دەۋلەت ۋە دىن» (دۆلەتنىڭ نۇرى ۋە ئېتىقادنىڭ تۈۋرۈكى) دېگەن ئىسلام لەقەم بىلەن ئاتىغان. ئەل بىرۇنى (973 - 1048 - يىللار)

---

① «جەت ئەل تارىخى» مەنبەلىرىدە ھارۇن بۇغرا قاراخاننى مىلادىيە 993 - يىلى ۋاپات بولغان دەپ كۆرسەتسە، خەنزۇ مەنبەلىرىدە مىلادىيە 992 - يىلى ۋاپات بولغان دېيىلگەن. مەن ئۇيغۇر تارىخي مەنبەلىرىدىكى 997 - يىلىنى توغرا دەپ قارىدىم.

نىڭ قارىشىچە: «بۇ ئۇنۋان خەلىپە تەرەپتىن بېرىلگەن بولماستىن، ئۆزى ئۇنۋانلىرىغا قوشۇۋالغان. چۈنكى ئۇ زامانلاردا قاراخانىيلار بىلەن ئىسلام خەلىپىلىكى ئوتتۇرىسىدا تېخى رەسمىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان ئەمەس ئىدى. بۇ ئەڭ قەدىمكى هارۇن بۇغراخاننىڭ مىتال پۇللىرىدىن ئىسپاتلانغان»[1]. مۇسا ئارسلانخاننىڭ جىيەنى ئەھمەد ئىبنى ئەلى (تۇغان خان I دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلىش، سامانىيلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئىشى يەنىلا ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغۇللىرى ناسىر بىننى ئەلىگە قالدى. بۇ چاغلاردا ناسىر بىننى ئەلى (ئىلىك خان) مىلادىيە 998 ـ يىلىغا قەدەر دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنى دادىسى ئەلى ئارسلانخان نامىدا ئۇنىڭدىن كېيىن قېرىندىشى ئەبۇ ناسىر ئەھمەد بىننى ئەلى (تۇغان خان) 988 ـ يىلغا قەدەر (1016 ـ 1017 ـ غىچە) نامىدا باشقۇرۇلغان. ئۇ قاراخانىيلار هۆكۈمدارلىرى ئىچىدە ئاباسىيلار خەلىپىسىنى ئەڭ بۇرۇن ئېتىراپ قىلغان كىشى بولۇپ، ئاباسىي خەلىپىلىرىنىڭ نامىنى ئۇلارنىڭ مىتال پۇللىرىدا ئورۇن ئالغانىدى.

مىلادىيە 996 ـ يىللىرى هارۇن بۇغراخاننىڭ ئەۋرە ئىنىسى (مۇسا بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى) ناسىر بىننى ئەلى ئىلىك خاننى نۇرغۇن قوشۇن بىلەن سامانىيلار خاندانلىقىغا يېڭى هۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. هارۇن بۇغراخان قەشقەرگە قايتىش مەزگىلىدە قېرىندىشى ئەلى تېكىننى قاراخانىيلار خاندانلىقى تەرەپتىن بالاساغۇن ۋە ئۆزكەنتكە ئىلىك خان ئۇنۋانىدا باش ئەمىر ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ بالاساغۇنغا تەيىنلەنگەن باش ئەمىر ۋالىيسى شىمالىي «ئىلىك خان» نامى بىلەن تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە سىر دەريانىڭ شەرقىدىكى

[1] پرىتساك: «قاراخانىيلار».

www.uyghurkitap.com

زېمىنلەرنى ئىدارە قىلاتتى. شىمالىي ئىلىك خاننىڭ مەركىزى بالاساغۇندا ئىدى. ئۆزكەنتكە تەيىنلەنگەن باش ۋالىي غەربىي ئىلىك خان دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئاساسەن ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ئىدارە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىدارە قىلىش دائىرىسىدە غەربىي ئىلىك خان ۋە شىمالىي ئىلىك خان دەپ ئىككى ئىلىك خان پەيدا بولدى. شىمالىي رايوننى ئىدارە قىلىدىغان ئىلىك خانلىقىقا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شاھزادىلىرىدىن بىرى تەيىنلەندى. غەربىي ئىلىك خان ۋەزىپىسىگە ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ناسىر تەيىنلەنگەنىدى. بۇ چاغدا سامانىيلار ھۆكۈمدارى ئەمىر نۇھ ئامۇلغا قېچىپ بېرىپ، غەزنەۋىيلەر ھۆكۈمدارى سەبۇ تېكىن ۋە باشقا يەرلىك ھۆكۈمدارلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، يەنە بىر تەرەپتىن قاراخانىيلارنىڭ كۈچىدىن ئېھتىيات قىلغاچقا بۇ ئۇرۇش سېپىگە كىرىپ قېلىشتىن باش تارتىپ ياردەم بېرىشنى رەت قىلدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ھارۇن بۇغرا خان ئالەمدىن ئۆتكەن خەۋىرى يەتكەندىن كېيىن، ئەمىر نۇھ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلماق ئۇچۇن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى توپلىدى. ئەمىر نۇھ سىر دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان سالجۇقلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغاندا سالجۇقلار ياردەمگە سۇ باشى (ھەربىي قوماندان) ئوغلى ئارسلانخان بىلىك باشچىلىقىدا بىر بۆلۈم ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى. ئەمىر نۇھ سىر دەريادىن ئۆتۈپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ۋاقىتتا بۇخارادىكى تەرەپلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كۈچ توپلاپ ئەمىر نۇھ، ئىلىك خان، ئەل تېكىننىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇخارانى يېڭىۋاشتىن ئىگىلىۋالدى. ئەمىر نۇھ ئىلگىرىكىدەكلا بۇخارانى ئۆزىنىڭ پايتەختى قىلدى.

ئىلىك خان ئەلى تېكىن بۇخارانى تارتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن بۇخاراغا قايتا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلاندى. ئەمىر نۇھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەمىر سەبۇك تېكىندىن ياردەم سورىدى. سەبۇك تېكىن نۇرغۇن ئەسكەرىي كۈچ بىلەن بۇخاراغا يېقىنلاشقاندا ئەمىر نۇھ سەبۇك تېكىندىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خىيانەت قىلىپ قويۇشتىن قورقتى. بۇنىڭ بىلەن دەرھال ۋەزىرى مۇھەممەد بىننى ئەزىزنى ئىلىك خاننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپ، ئىلىك خان ئەلى تېكىن بىلەن سۇلھى قىلدى. سامانىيلار سۇلالىسى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى ئوتتۇرىسىدىكى سۇلھىدە بۇخارا ۋە سەمەرقەند ئارىسىدىكى «كاتىۋان چۆلى»نى چېگرا سىزىقى قىلىپ بەلگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن كاتىۋان چۆلىنىڭ غەربىي قىسمى سامانىيلار سۇلالىسىگە، شەرقىي قىسمى قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قارايدىغان بولدى.

ھارۇن بۇغرا قارا خان ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ تېكىن (يۈسۈپ قادىرخان) قاراخان ئۇنۋانى بىلەن تەختكە ئولتۇردى.

مىلادىيە 998 ـ يىلى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەمىرى نۇھ ئىبنى مەنسۇر ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى ھارىس مەنسۇر ئەمىر بولدى. شۇ يىلى غەزنىۋى ھۆكۈمدارى سەبۇك تېكىن بەلختە ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىسمايىل بىلەن مەھمۇد خانلىق تەختىنى تالىشىپ، ئۆزئارا جەڭگى ـ جېدەل قىلىشتى. ئەلى تېكىن نۇھ بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىم بويىچە مەنسۇر بىلەن داۋاملىق دوستانە ئۆتتى. لېكىن ئەمىر مەنسۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولغان ۋەزىر ئابدۇللا بىننى مۇھەممەد ھەربىي قوماندان فايىق باشچىلىقىدىكى ئەمەلدارلار يۈسۈپ قىدىرخانغا ئەبۇ مەنسۇر رىياسەتچىلىكىدە ۋەكىل ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قاراخانىيلار خاندانلىقىغا بويسۇنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. يۈسۈپ قادىر قاراخان بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ،

www.uyghurkitap.com

سەمەرقەندتىكى ئەلى تېكىن ئىلىك خانغا بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئەلى تېكىن ئىلىك خان بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ۋەزىر ئابدۇللا بىننى مۇھەممەد ئەلچى ئەبۇ مەنسۇر، قوماندانى پايىق قاتارلىقلار بۇخارادىن سەمەرقەندكە قېچىپ كەتتى. ئەلى تېكىن ئىلىك خان بۇخاراغا كېتىۋېتىپ، ۋەزىر ئابدۇللا مۇھەممەد ۋە ئابۇ مەنسۇر قاتارلىقلارنى ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى ئۈچۈن قولغا ئالدى. فايىقنى تۇرۇشاۋۇل قىلىپ، بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن بۇخاراغا ئەۋەتتى. ئەمىر مەنسۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بۇخارادىن قېچىپ كەتتى. فايىق بۇخاراغا كىلىۋېلىپلا ئەلى تېكىندىن يۈز ئۆرۈپ، ئەلى تېكىن ئىلىك خانغا قارشى مۇداپىئە كۆرۈشكە تەييارلاندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئەمىر مەنسۇرغا ئەلچى ئەۋەتىپ، پادىشاھلىق نامى ئەمىر مەنسۇردا بولۇش، ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈش ئۆزىدە بولۇش شەرتىنى قويدى. ئەمىر مەنسۇر ماقۇل بولۇپ، بۇخاراغا قايتىپ كەلدى. ئەلى تېكىن ئىلىك خان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن سەمەرقەندكە قايتتى.

ئەمىر مەنسۇر ۋە پايىقلار، سەبۇك تېكىننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئارىسىدىكى ماجىرالىرىدىن پايدىلىنىپ خۇراساننى تارتىۋالدى. بەگ تۇزۇن ئىسىملىك بىر قوماندانىنى خۇراسانغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى.

مەھمۇد (سەبۇك تېكىننىڭ چوڭ ئوغلى) دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلدى ۋە بەگ تۇزۇن بىلەن ئۇرۇش باشلىدى. ئەمىر مەنسۇر ۋە فايىقلار ئۇرغۇن قوشۇن بىلەن بەگ تۇزۇنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن خۇراسانغا يېتىپ كەلدى. فايىق ۋە بەگ تۇزۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئەمىر مەنسۇرنى قاماققا ئالدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مەنسۇرنىڭ ئىنىسى ئابدۇلمۇلۈك ئىبنى نۇھنى تەختكە چىقاردى. ئەمىر ئابدۇلمۇلۈك سۇلتان مەھمۇد بىلەن بولغان

ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، فايىق، بەگ تۇزۇنلەر بىلەن بىللە بۇخاراغا قاچتى. سۇلتان مەھمۇد خۇراساننى ئىشغال قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي فايىق ئالەمدىن ئۆتتى.

مىلادىيە 999 ـ يىلى غەربىي ئىلىك خان ناسىر بىننى ئەلى ئەسكەر چىقىرىپ، سامانىيلار پايتەختى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. سامانىيلارنىڭ بۇ ئورنىنى ساقلاۋاتقان چاپارمىنى جەڭدە يېڭىلىپ تەسلىم بولدى. قاراخانىيلار ئەسكىرىنىڭ قوشۇنى بۇخاراغا كىردى. ئۇجەيمۇلئان ئوردىسىدىكى سامانىيلارنىڭ دۆلەت ئەربابلىرىدىن مەلىكە شاھ II ۋە خان جەمەتى ئۇرۇق ـ ئەۋلادلىرىنى نەزەربەند قىلىپ، ئۆزگەنتكە ماڭدى. تەخمىنەن 130 يىل (870 ـ يىلدىن 999 ـ يىللار) ھۆكۈم سۈرگەن سامانىيلار پادىشاھلىقى ھالاك بولدى. ئىلىك خان ناسىر ماۋەرائۇننەھرنى تامامەن ئىگىلىدى.

غەزنىۋىيلەر ھۆكۈمدارى سۇلتان مەھمۇد قاراخانىيلار بىلەن ئەپ ئۆتۈش ئۈچۈن، دوستلۇق مۇناسىۋەتنى تىخىمۇ ياخشىلاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھىجرىيە 380 ـ يىلى (مىلادىيە 1001 ـ، 1002 ـ يىللىرى) يۈسۈپ قادىر قاراخان سۇلتان مەھمۇدنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن غەزنىۋىيلەرگە مەخسۇس ئەلچى ئۆمىكى ئەۋەتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئاتاقلىق ئالىم ئەبۇلەتىق بىلەن ۋالىي دەرىجىلىك يەنە بىر ئەمەلدارنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر ۋەكىللەر ئۆمىكىنى يۈسۈپ قادىرخان ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەلچىلىرى يۈسۈپ قادىر خان بىلەن قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش تەكلىپىنى بەردى. يۈسۈپ قادىرخان بۇ تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىلدى ۋە ماۋەرائۇننەھردە ناسىر (ئىلىك خان)غا پەرمان بىرىپ، قىزى چىگىلنى سۇلتان مەھمۇدقا خوتۇنلۇققا بىرىشنى بۇيرۇدى. ناسىر ئىلىك خان يۈسۈپ قادىر قاراخاننىڭ يارلىقىنى دەرھال ئورۇنلاپ، سۇلتان مەھمۇدقا ئۆز قىزىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن

قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئوتتۇرىسىدا تۇغقانلىق ئورنىتىلدى.

مىلادىيە 1005 - يىلى ناسىر ئىلىك خاننىڭ ئامۇ دەريا بويىدىكى چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى بىلەن سۇلتان مەھمۇدنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئارىسىدا چېگرا توقۇنۇش يۈز بەردى. بۇ ئادەتتىكى توقۇنۇشنىڭ ئاقىۋىتى ھەر ئىككى تەرەپنى ئۇرۇشقا سۆرەپ كىردى. بۇ چاغدا سۇلتان مەھمۇد ھىندىستاندا ئۇرۇشتا ئىدى. ناسىر ئىلىك خان غەزنىۋىيلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، بىر تۈركۈم ئەسكەرلەرنى، ئىنىسى چاغرى تېكىننىڭ قوماندانلىقىدا بەلخكە ئەۋەتتى. يەنە بىر قىسىم ئەسكەرلىرىنى سۇ بېشى تېكىننىڭ قوماندانلىقىدا خۇراسانغا ئەۋەتتى. چاغىر تېكىن باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار، ئامۇ دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ بەلخنى ئىشغال قىلدى. سۇ بېشى تېكىن باشچىلىقىدىكى قوشۇنلار، خۇراسان ۋىلايىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىدى. سۇلتان مەھمۇد بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال ھىندىستاندىن غەزنەۋىيگە يېتىپ كېلىپ، چاغىر تېكىننىڭ قوشۇنلىرى بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. چاغىر تېكىن مەغلۇپ بولۇپ، بەلختىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئارقىدىنلا سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيدىكى بارلىق ھەربىي كۈچىنى سۇ بېشى تېكىننىڭ قوشۇنلىرىغا سالدى. بۇ مەزگىل قاتتىق جەڭ بولغاندىن كېيىن سۇ بېشى تېكىن ماۋەرائۇننەھرگە چېكىندى. ئۇرۇش ھىجرىيىنىڭ 397 (مىلادىيە 1006) - يىلىدىن مىلادىيىنىڭ 1007 - يىلىغا قەدەر داۋام قىلدى.

مىلادىيە 1007 - يىلى يۈسۈپ قادىر قاراخان سۇلتان مەھمۇ غەزنەۋىيگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن ھەربىي كۈچ بىلەن قەشقەردىن ماۋەرائۇننەھرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى ۋە بالاساغۇندىكى شىمالىي تۇغان خان (ئىلىك خان) غا ئەسكەر توپلاپ سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. يۈسۈپ

قادىر قاراخان 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئامۇ دەرياسىن ئۆتۈپ بەلخنى ئىگىلىدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيمۇ ناھايىتى تېزلىكتە نۇرغۇن قوشۇن تەييارلاپ، بەلخكە يېقىن «كەتەر» دېگەن سايدا چېدىر تىكتى. يۈسۈپ قادىر قاراخانمۇ ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىرىنى كەتەر دېگەن جايغا ئېلىپ بېرىپ، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ئۇدۇلىدا چېدىر تىكىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىــــق قىلدى. يۈسۈپ قادىر قاراخان ئوتتۇرىدا سەپ تۈزدى. ناسىر ئىلىك خان ئوڭ قانات، چاغىر تېكىن سول قانات بولۇپ سەپ تۈزۈشتى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيمۇ ئىنىسى ناسىرنــى ۋە جۇرجان ۋالىيسى ئەبۇ نەسىر پىرخاننى ئوتتۇرىدا ئالتۇن تاشنى ئوڭ قانات، ئارسلان جازىپنى سول قانات قىلىــپ سەپنــى ئورۇنلاشتۇردى. سەپ ئالدىغا 500 ئۇرۇش پىلىنى قويدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن مىلادىيە 1008 ـ يىلى زور كۆلەملىك جەڭ رەسمىي باشلاندى.

دەسلەپكى جەڭدە مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ ئۇرۇش پىللىرى يۈسۈپ قادىرخان قاراخاننىڭ قوشۇنلىرىغا خېلى زىيان يەتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ناسىر ئىلىك خاننىڭ 500 كىشىلىك قوشۇندىن تەركىب تاپقان جەڭگىۋار قىسمى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ پىللىرىغا شىددەتلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئوتتۇرا قىسمىنى بۆسۈپ ئۆتتى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ زاپاس قوشۇنى، ناسىر ئىلىك خاننىڭ ئەسكەرلىرىگە قايتارما ھۇجۇم قىلغاندا چېكىنىدى. ئارقىدىنلا سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، يۈسۈپ قادىر قاراخاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى زور دەرىجىدە چىقىــــمغا ئۇچراتتى. بۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ قادىر قاراخان بەلخكە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى يۈسۈپ قادىر قاراخان يەنە ئامۇ دەرياسىن ئۆتۈپ، جەڭگە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ئۇرۇشنىڭ قايتا يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ،

بۇيۇك خاقان تۇغانخان (ئەھمەد بىننى ئەلى) ئەلى تېكىن ئىلىك خانغا ۋە تۇغان ئىلىك خانغا ۋە باشقىلارغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەلچى ئەۋەتىپ، كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەلى تېكىن ئىلىك خان ئۇرۇش تەرەپدارى ئىدى. تۇغان ئىلىك خان سۇلتان مەھمۇدنىڭ كېلىشىم تەلىپىنى قوبۇل قىلدى.

مىلادىيە 1009 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، توپ ـ توغرا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى باشلىدى. يۇسۇپ قادىرخان تۇغان خاننىڭ سۇلتان مەھمۇد بىلەن بولغان ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇشى نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا، ئىلىك خان غەزنەۋىيلەرگە قارشى ئۇرۇشتا ئۆزىگە ياردەم قىلمىغان ئاكىسى تۇغان خانغا قارشى مۇستەقىللىك داۋاسى قىلىپ چىقتى. بۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇپ دۆلەتنى ئىدارە قىلغان تۇغان خانمۇ ئىلىك خانغا قارشى سۇلتان مەھمۇد بىلەن بىر كېلىشىم ھاسىل قىلدى. ناسىر ئىلىك خان مىلادىيە 1011 ـ يىلى قىشتا قەشقەرگە قوشۇن تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ، يولنى قار قاپلاپ كەتكەنلىكتىن ئۆزكەنتتىن ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ ئىككى قېرىنداش ئارىسىدىكى چۇشەنمەسلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن، مەھمۇد غەزنەۋىيدىن ياردەم سوراشنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئارىغا كىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سۈلھى تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي، ناسىر بىننى ئەلى ئىلىك خان مىلادىيە 1012 ـ ۋاپات بولدى. كېيىن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي قەشقەرگە (ئەھمەد تۇغان خان) غا، ئۆزكەنتكە (ناسىر بىننى ئەلىگە) ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى ياراشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ئوتتۇرىسىدا دوستانە، قېرىنداشلارچە مۇناسىۋەت قايتا ئورنىتىلدى.

ماۋەرائۇننەھردە ئىلىك خاننىڭ ئورنىغا قېرىندىشى مەنسۇر بىننى ئەلى «ئارسلان ئىلىك خان» ئۇنۋانى بىلەن تەختتە

ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ تۇغان خان ئەھمەد كېسەل بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ھاكىمىيەتنىڭ تەسىرىنى تالاس، شاش، پەرغانە، ئۆزكەنت، خوجەنت، تۇزخاس، ئۇشرۇسانا، بۇخاراغا قەدەر كېڭەيتىپ بۇ جايلارغا ھۆكۈمران بولۇۋالدى. ئۇنىڭ يەنە بىر قېرىندىشى مۇھەممەد بىننى ئەلىمۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلدى.

قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارى تۇغان خان ئەھمەد ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى قېرىندىشىغا قارشى ھەرىكەت قوللىنىشقا ئۆتتى. خوتەن (ئۇدۇن) ھاكىمى يۇسۇپ قادىر قاراخان، ئەلى تېكىنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئىككى ئوتتۇرىدا ئۇرۇش پەيدا بولدى. ئەلى تېكىننىڭ ئارسلان ئىلىك مەنسۇرغا ئەسىرگە چۈشكەنلىكىگە قارىغاندا،① ئەھمەدنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى ئېنىق.

تۇغان ئىلىك خاننىڭ ئاغرىپ قېلىشى، قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش نىزالىرىنىڭ چىقىشى قاتارلىق ئەھۋالدىن پايدىلانغان شەرقىي قىتاي② خاندانلىقى ئالتاي تاغلىرىدىن ئۆتۈپ مىلادىنىڭ 1018 ـ يىلى 100 مىڭ ئاتلىق قوشۇننى ئىشقا سېلىپ، ئالتاي ۋە ئىلى قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىپ، بالاساغۇنغا قاراپ ئىلگىرىلىدى. بۇ ۋاقىتدا تۇغان ئىلىك خان كېسەل ئىدى. قىتايلارغا قارشى مۇداپىئەگە بارغان ئەسكەرلەرنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلىغان تۇغان ئىلىك خان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا قارىماي قاراخانىيلار ۋە باشقا تەرەپلەردىن بالاساغۇنغا ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ قۇدرەتلىك ھەربىي قوشۇن تەشكىللەپ، قىتانلارغا قارشى يۈرۈش قىلدى. تۇغان ئىلىك خاننىڭ بۇ ھەربىي يۈرۈشىنى ئاڭلىغان قىتانلار

---

① يىرىتساك: «قاراخانىيلار».
② قەبىلە نامى. تۆتىنچى، بەشىنچى ئەسىرلەردە لياۋخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا ياشىغان چارۋىچى قەبىلە. 10 ـ ئەسىرلەردە لياۋ خانلىقىنى قۇرغان. 1125 ـ يىلى جۇرجىدلەر تەرىپىدىن يوقىتىلغان. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى».

www.uyghurkitap.com

ئالاقزادە بولۇپ قاچتى. تۇغان ئىلىك خان بۇ ئۇرۇشتا قازانغان زور غەلىبىسىدىن كېيىن ئۇلارنى ئۈچ ئايغىچە قوغلىدى. قاتتىق زەربە بەردى. نۇرغۇن ئادەمنى قىرىپ تاشلىدى. 10 مىڭدىن ئارتۇق قىتانلارنى ئەسىر ئالدى. نۇرغۇن چارۋا ماللار، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى قولغا چۈشۈردى. قىتانلارنى ئالتاي تاغلىرىدىن بىر - بىرلەپ قوغلاپ چىقىرىپ ياندۇردى[①]. بۇ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قىتان خانلىقى قاراخانىيلارغا باج تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن قاراخانىيلارغا تەۋە بولدى. تۇغان ئىلىك خان بۇ سەپەردىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي مىلادىيە 1018 - يىلى ۋاپات بولدى. «تۇغان خاننىڭ مىتال پۇللىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مىلادىيە 1014 - يىلى ۋە 1015 - يىللىرىغا قەدەر ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگىچە پەقەت بالاساغۇننىڭلا ھاكىمى بولۇپ قالغانلىقى كۆرسىتىلگەن»[②]. تۇغان ئىلىك خاننىڭ ئورنىغا ئىنىسى مەنسۇر بىننى ئەلى (ئارسلانخان) قاراخانىيلارغا خاقان بولدى. مەنسۇر خاندانلىق ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك ئورۇندا تۇرۇۋاتقانىدى. ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى يۈسۈپ قادىرخان ئېتىراپ قىلمىدى. ئەسلى بۇ ئورۇنغا شەرقىي قاراخانىيلار خانى بولۇپ كەلگەن يۈسۈپ قادىرخان ئولتۇرۇش كېرەك ئىدى. بۇنىڭغا نارازى بولغان يۈسۈپ قادىر قاراخان تەخت دەۋاسىغا قەدەم قويۇپ، بۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي بىلەن ئىتتىپاقلاشتى. مەنسۇر ئارسلانخاندىن خانلىق تارتىۋېلىش ئۈچۈن[③] ماۋەرائۇننەھرگە قوشۇن تارتىپ كەلدى. ئەمما، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر سەۋەب بىلەن چېكىندى. ئۇنىڭدىن كۈتكەن ياردەمنى كۆرمىگەن يۈسۈپ قادىرخان بۇنىڭغا ئىنتايىن خاپا بولۇپ، سۇلتان مەھمۇدقا تەۋە زېمىنلارنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن مەنسۇر بىلەن كېلىشتى. دەرھال سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلاندى.

---

① پىرتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسەرنىڭ تۈركچىسىدىن.
② بارتولد: «تۈركىستان» ناملىق ئەسەردىن.
③ پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسەرنىڭ تۈركچىسىدىن.

بىرلەشمە قوشۇن خۇراسانغا يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەلخ ئەتراپىدا سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي تەرەپتىن ئېغىر دەرىجىدە مەغلۇپ قىلىندى. مىلادىيە 1019 ـ يىلى ۋە 1020 ـ يىللىرى ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان يۈسۈپ قادىر قاراخان پەرىشان ھالدا قايتتى. ماۋەرائۇننەھرگە قايتقان قاراخانىيلار قوشۇنىدىن ناھايىتى كۆپ ئەسكەرلەر جەيھۇننى (ئامۇ دەرياسىدىن) كېچىپ ئۆتۈۋاتقاندا سۇدا غەرق بولدى. مۇشۇنداق پاجىئەلىك ۋەقە يۈز بەرگەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خارەزم شاھ ئالتۇن تاشتىن بىر تەبرىكنامە ئالغان. سۇلتان مەھمۇد غەلىبە خەۋىرىنىڭ قانداقسىگە خارەزمگە تېز تارقالغانلىقىنى سورىغاندا ئۇنىڭغا: «جەيھۇندىن خارەزمگە ئېقىپ كەلگەن قاراخانىيلارنىڭ دەريادا غەرق بولۇپ ئۆلگەن قوشۇنلىرىنىڭ باش كىيىمىدىن بىلدۇق» دېگەنىكەن.

مىلادىيە 1021 ـ يىلى شىمالىي ئىلىك خان ئەبو مەنسۇر ئارسلان خان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا قاراخانىيلار خاندانىدىن تۇغان خان «ئىلىك خان» ئۇنۋانى بىلەن تەختتە ئولتۇردى. تۇغان خان «ئىلىك خان» بولغاندىن باشلاپ يۈسۈپ قادىر قاراخاننىڭ بارلىق يارلىقلىرىغا بويسۇنماي مەركىزىي قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىدىن بۆلۈنۈپ چىقىشقا ھەرىكەت قىلدى. «تۇغان خاننىڭ بۇ قىلمىشىنى يۈسۈپ قادىرخان ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قارىتا جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن قەشقەردىن بالاساغۇنغا يۈرۈش قىلدى. تۇغان خانمۇ جەڭگە ئاتلاندى. نەتىجىدە يۈسۈپ قادىرخان بىلەن توغان ئىلىك خانلار ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولدى. بۇ قېتىمقى جەڭدە قاراخانىيلار خانى يۈسۈپ قادىرخان يېڭىلىپ بالاساغۇندىن قەشقەرگە قايتتى»[①].

يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ قەشقەرگە قايتقانلىقىنى كۆرگەن ئەلى تېكىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، يۈسۈپ قادىرخاننى ئاغدۇرۇپ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەش

---

① پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۈركچىسىدىن.

نىيىتىگە كېلىپ، دەرھال ئىسرائىل (ئارسلانخان) بىلىنى سالجۇق ياپغۇ بىلەن بىرلىشىپ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئىتائىتىدىن باش تارتتى ۋە تەپرىقىچىلىك بىلەن ئاشكارا شۇغۇللاندى. يۇسۇپ قادىرخان بۇ ئىككى نائىپلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنى ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن، كىچىك ئوغلى مۇھەممەد ياغان تېكىننى دەرھال ئاتلاندۇردى ۋە سۇلتان مەھمۇدقا خەت يېزىپ ئوغلى مۇھەممەد ياغان تېكىنگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇد دەرھال مۇھەممەد ياغان تېكىنگە ھەربىي كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ئەلى تېكىننىڭ تەپرىقىچىلىك ھەرىكىتىنى باستۇرۇشقا ماسلاشتى. ئۆزى ھەم بەلخكە كەلگەندى. يۇسۇپ قادىرخان ئەۋەتكەن ئەلچى بەلختە سۇلتان مەھمۇد بىلەن ئۇچراشتى. سۇلتان مەھمۇد يۇسۇپ قادىرخاننىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ھۇجۇم قىلىش ۋاقتىنى بېكىتتى.

مىلادىيە 1024 ـ يىلى يۇسۇپ قادىرخان نۇرغۇن ھەربىي قوشۇن بىلەن قەشقەردىن سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلدى. بۇ ئىككى چوڭ قوشۇننىڭ قاتتىق زەربىسى بىلەن ئەلى تېكىن بۇنىڭغا تاقابىل تۇرالماسلىقنى بىلىپ، بۇخارا بىلەن سەمەرقەندنى بوشىتىپ، ئۆزىنىڭ تەپرىقىچىلىكتىن قەتئىي ۋاز كېچىپ، مەڭگۈ قاراخانىيلار خانلىقىغا سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد يۇسۇپ قادىر قاراخاننى سەمەرقەندكە تەكلىپ قىلدى. يۇسۇپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇد بىلەن دوستلۇق كېلىشىم ئىمزالاش ئۈچۈن ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن سەمەرقەندكە يېتىپ باردى. بۇ ئىككى ھۆكۈمدار تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەنتەنە مۇراسىمى بىلەن كۆرۈشتى. غەزنەۋىيلەر تارىخچىسى بەيھەقى (ۋاپاتى 1077 ـ يىلى) ۋە گەردىزىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە: «بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ۋە تەنتەنىلىك بولغانلىقىنى، ئىككى

پادىشاھنىڭ ئۆزئارا تەقدىم قىلىشقان سوۋغاتلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە نەپىسلىكى، قىممىتىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز يۇقىرىلىقى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىلگەن»[1].

بىرقانچە كۈن داۋام قىلغان سۆھبەتلەر ئارقىلىق يۈسۈپ قادىرخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدا ئىككى تۈرلۈك مۇھىم بىتىمنامە ئىمزالانغان. بىرىنچى بىتىمنامىگە ئىككى تەرەپ ھەربىي كۈچ ئارقىلىق لازىم كەلگەندە بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىشقا دائىر مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. ئىككىنچى بىتىمنامىگە قاراخانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ ئامانلىقىغا خەۋپ سېلىۋاتقان سالجۇقىيلار ئوغۇللىرىنىڭ كۈچىنى يوقىتىش، ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىنى قەشقەر، خۇراسان قاتارلىق جايلارغا تارقىتىۋېتىش تەكىتلەنگەن. ھەر ئىككى تەرەپ بىردەك كۆز قاراشقا كەلگەن. دوستلۇقنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ، قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سۇلتان مەھمۇدنىڭ قىزى زەينەپنى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد ياغان تېكىنگە ياتلىق قىلىش، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قىزىنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئەمىر مۇھەممەدكە ياتلىق قىلىش توغرىسىدا پۈتۈشتى. «يۈسۈپ قادىرخان ماۋەرائۇننەھرنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ماۋەرائۇننەھرنى ئەلى تېكىن ئىلىك خاننىڭ قولىدىن ئېلىپ، ياغان تېكىنگە تۇتقۇزىدۇ. يەتتە سۇ رايونىنى ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ» دېيىلگەن[2].

قاراخانىيلار بىلەن سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيلەر ئوتتۇرىسىدا ئىناق، تىنچلىق كېلىشىم ئىمزالىنىش ئالدىدا قاراخانىيلارغا قاراشلىق خوتەن (ئۇدۇن) خەلقى قاراخانىيلارغا قارشى ئىسيان

---

[1] بارتولدنىڭ: «ئىران جۇغراپىيىۋى تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىن.
[2] پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسەرنىڭ تۈركچىسىدىن.

كۆتۈردى. ئىسيانچىلار قاراخانىيلارنىڭ خوتەندىكى ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىدىن يۈز ئۆرۈدى. بۇ ئەھۋالنى يۈسۈپ قادىرخان سەمەرقەندتە ئاڭلاپ، سەمەرقەندتە 20 مىڭغا يېقىن ھەربىي قوشۇن تەشكىللەپ ۋە دىنىي ئۆلىمالارنى باشلاپ قەشقەرگە قايتتى.

يۈسۈپ قادىرخان مىلادىيە 1010 ـ يىلى قەشقەردىن خوتەنگە يۈرۈش قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن خوتەندە ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان ئاھالىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنى قوراللاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قورال كۈچى بىلەن دىنىي تەشۋىقاتنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، خوتەندىكى ئىسيانچىلارنى جىمىقتۇرۇپ، خوتەننى بويسۇندۇردى. قاراخانىيلارنىڭ خوتەن بۇددىستلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ 24 يىلغا سوزۇلدى. ئاخىرقى ھېسابتا خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈلۈپ بويسۇندۇرۇلدى. خوتەن خانى چېگالوخالخالنىڭ كاللىسى ئېلىندى[①]. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش تامامەن ئاخىرلاشتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى خوتەن ئىسيانىنى تىنچىتقاندىن كېيىن خوتەنگە ۋالىي دەرىجىلىك خان ۋە ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى قويدى. خوتەن ۋەزىيىتى مۇقىملاشقاندىن كېيىن خوتەندىن دوڭخۇاڭغا بارىدىغان يىپەك يولىمۇ راۋانلاشتى. خوتەننىڭ خانى لاچىن نائىل ساۋران سۇڭ سۇلالىسى بىلەن ئىلگىرىدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن سودا مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. خوتەندىن دوڭخۇاڭغا ۋە ئىچكىرىگە توشۇلىدىغان ماللار ئىچىدە قاشتېشى بۇيۇملىرى، ھەر خىل دورا ـ دەرمەك ۋە يىپەك، پاختا يىپ توقۇلمىلار بار ئىدى. سودىگەرلەرنىڭ ئىچكىرىدىن خوتەنگە ئېلىپ كەلگەن ماللىرى

---

① «ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش»، «تۆت ئىمام تەزكىرىسى» موللا نىياز خوتەنى قولىيازما ئەسىرىدىن.

ئىچىدە چاي، ھەر خىل نەپىس جانان قاچىلىرى بار ئىدى. بۇ دەۋرلەردە خوتەن خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، كۆچلەنگەن ۋاقتى ئىدى. بۇنى مۇنداق بىر پاكىت بىلەن كۆرۈشكە بولىدۇ.

مىلادىيىنىڭ 1068 ـ يىلى خوتەن خانى سۇڭ خاندانلىقىنىڭ شىڭزۇڭخانى جاۋشۇغا يازغان خېتىدە ئۆزىنى «شايى ئەتلەسلىرى مول، بەختلىك، قۇدرەتلىك، بىلىملىك خوتەن قاراخانى» دەپ ئاتىغان.

خوتەن ئىسيانى تىنچىتىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇشتىن يېنىۋېلىپ، مۇستەقىللىق ئېلان قىلدى.

مىلادىيىنىڭ 1026 ـ يىللىرى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى سۇلتان مەھمۇدقا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ قاراخانىيلار خانى يۈسۈپ قادىرخانغا قارشى بىر توختامنامىنى تۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى ئەلچىلىرىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. گەردىزىنىڭ 1040 ـ يىلى يېزىلغان «زەينۇل ـ ئەخبار» ناملىق ئەسىرىدە قىتاي خانى يۇقىرىقى ئىدىقۇت ئەلچىلىرىگە ھەمراھ بولۇپ بارغۇچىلار قاتارىدا سۇلتان مەھمۇدنى يۈسۈپ قادىرخانغا قارشى قويۇشتەك قۇترانقۇلۇق ئۈچۈن ئىرىشقان بولسىمۇ، سۇلتان مەھمۇد بۇنى جىددىي رەت قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. ئەمما، ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقى گەرچە قىتاي دۆلىتىدىن ياردەم ئېلىپ ئورۇشقان بولسىمۇ، مىلادىيە 1026 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىدىقۇت خانلىقى① قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ قاراخانىيلار خانىغا بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا باج خىراجەت تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى مۇستەقىللىقىنى ئاۋۋالقىدەك قالدى. بۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئىسيانى باستۇرۇلغاندىن كېيىن ئەلى تېكىن ئىككىنچى قېتىم ئىسيان

① ئىدىقۇت ـ خان نامى ئۇ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ نامى ئىدى. «مۇڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» دىن.

كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىپ، ئاۋۋال سالجۇقىيلار ئوغۇللىرى بىلەن بىرلىنىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بىلەن كۈچىنى كۆپەيتىپ، ئاۋۋالقى ئەلى تەختىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قول سالدى. سالجۇق ئوغۇللىرىدىن تۇغرۇل بېگ، چاغرى بېگلەر ئەلى تېكىننىڭ ھەرىكىتىنى قوللىدى. سالجۇقىيلارنىڭ نەۋرىسى يۇسۇپ بەگ ئۆز تەۋەلىرى بىلەن كېلىپ ئەلى تېكىن تەرىپىگە ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەلى تېكىن سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىپ، ئۇ رايوندىكى قاراخانىيلارنىڭ كۈچىنى مەغلۇپ قىلىپ، سەمەرقەند ۋە بۇخارانى ئېلىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

يۇسۇپ قادىرخان ئەلى تېكىننى يوقىتىش ئۈچۈن ئەسكىرىي قوشۇن ئەۋەتكەن بولسىمۇ، يۇسۇپ قادىرخان ئەۋەتكەن ئەسكەرلەر مەغلۇپ بولدى. ئەلى تېكىن تېخىمۇ كۆرەڭلەپ ئەسكەر كۈچىنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى.

مىلادىيە 1025 ـ، 1026 ـ يىللىرى يۇسۇپ قادىرخان ئوغلى مەھمۇد ياغان تېكىن رىياسەتچىلىكىدە سۇلتان مەھمۇدقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەلى تېكىن ۋە يۇسۇپ بەگكە قارشى ئەسكىرىي ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەسلىدە يۇسۇپ قادىرخان ئوغلى مەھمۇد ياغان تېكىن يېتىپ بارغۇچە سۇلتان مەھمۇد ھىندىستانغا قاراپ غازات ئۈچۈن كەتكەنىدى، سۇلتان مەھمۇد ھىندىستانغا قىلغان يۈرۈشىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ياردەم ئۈچۈن ئەسكەر ماڭدۇرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ياغان تېكىن قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. يۇسۇپ قادىرخان سۇلتان مەھمۇدنىڭ ۋەدىسىگە قاراپ، ئەلى تېكىنگە قارشى جازا يۈرۈشىنى كېچىكتۈردى. بۇ خىل ۋەزىيەتتىن پايدىلانغان ئەلى تېكىن يۇسۇپ بەگنى ئۆلتۈرۈپ، سالجۇق ئوغۇللىرىدىن تۇغرۇل بەگ، چاغرى بەگلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ ئۇلارنى ئۆزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلدى.

ئەمما، ئەلى تېكىنگە ياردەم بېرىلىدىغان سالجۇق ئوغۇللىرى ئۇنىڭدىن قەتئىي ئايرىلىپ چىقىپ ئۇنىڭدىن قىساس ئېلىش ھەرىكىتىدە بولدى. بۇ ۋاقىتتا ئەلى تېكىننىڭ ھەربىي كۈچى ئاجىزلىشىشقا باشلىدى.

مىلادىيە 1028 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان ئۆز ئوغلى مەھمۇد ياغان تېكىن بىلەن بىر قىسىم ھەربىي قوشۇننى ئەلى تېكىنگە قارشى يۈرۈش قىلىشقا يوللىدى. بۇنى ئاڭلىغان سۇلتان مەھمۇد قوماندان ئابابەكرى ھەسەرى باشچىلىقىدىكى ياردەمچى قوشۇننى ئەۋەتتى. ئەلى تېكىن بۇنى ئاڭلاپ قاراخانىيلارغا مەڭگۈ ئىتائەت قىلىپ، غەربىي ئېلىك خانلىقى قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە سادىق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يۈسۈپ قادىرخان ئەلى تېكىننىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ، ئوغلى مەھمۇد ياغان تېكىن ۋە ئابابەكرى ھەسەرىلەر باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلەرگە سەمەرقەندكە ھۇجۇم قىلىشنى توختىتىپ، ئارقىغا قايتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن مۇشۇ تارىختىن باشلاپ ئەلى تېكىن ئالەمدىن ئۆتكۈچە قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە سادىق بولۇپ ئىتائەت قىلدى.

شىمالىي ئېلىك خان ئىككىنچى تۇغان خان مىلادىيىنىڭ 1030 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ ۋاقىتتا يۈسۈپ قادىرخان شىمالىي ئېلىك خانىنىڭ يەرلىرىنى مەركىزىي ھاكىمىيەتكە قوشۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئوغلى ئەبوشاجائ ئارسلانخاننى شىمالىي ئېلىك خانلىققا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا «شەرەفىد دەۋلە» ئۇنۋانىنى بەردى①.

مىلادىيە 1030 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئورنىغا ئوغلى مەسئۇد سۇلتانلىق تەختىگە ئولتۇردى. سۇلتان مەسئۇد يۈسۈپ قادىرخاننىڭ كۈيئوغلى

① پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ئەسىرىنىڭ تۈركچە قىسمىدىن.

بولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ ياخشىلاندى. لېكىن، مىلادىيىدىن 1032 ـ يىلى سۇلتان مەسئۇد تەرىپىدىن خارەزم ۋالىيسى بولغان ئالتۇنتاش بىلەن ئەلى تېكىن ئىلىك خان ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان چېگرا مەسىلىسى سەۋەبىدىن مۇناسىۋەت ياخشى بولمىدى. يەنە بىر جەھەتتىن سۇلتان مەسئۇد ئۆزىنىڭ يېڭىدىن تەختكە چىققانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ۋە ئىككى خاندانلىق ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى قۇدا ـ باجىلىق ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن 1031 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئوردا سارىيىغا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، غەزنەۋىيلەرنىڭ پوزىتسىيىسىدىن نارازى بولغان يۇسۇپ قادىرخان كەلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ياخشى قارشى ئالمىدى.

«مىلادىيە 1032 ـ يىلى قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خانى يۇسۇپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنى قەشقەردىكى خاقانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدى[1].

يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپ تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ «ئەبۇ شوجائ» دەپ ئاتىلىپ بۇغراخانلىق ئۇنۋانى بىلەن تەختكە ئولتۇردى.

قاراخانىيلارنىڭ خاقانى سۇلايمان بۇغرا ئارسلاخان ئۇنۋانى بىلەن خاقان بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە غەزنىۋىيلەر بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى بەزى كىچىك ئىختىلاپلار ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەپ، ئىناقلىق ۋە ئىشەنچ ئورنىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن سۇلايمان بۇغرا ئارسلان قاراخان غەربىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بىر قاتار سىياسەتلەرنى بېكىتتى. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتە تىنچ ۋە ئامانلىق ۋەزىيىتى يارىتىلىپ قاراخانىيلار

① پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسىرىدىن.



www.uyghurkitap.com

پايتەختى قەشقەردىن بالاساغۇنغا يۆتكەلدى. ئىنىسى ياغان تېكىننى ئورۇن باسار خاقانلىققا تەيىنلەپ، ئۇنى تالاس شەھىرىدە تۇرغۇزدى. يەنە بىر ئىنىسى تۇغرۇل تېكىن (مەھمۇد بىننى يۇسۇپ) نى قەشقەرنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەپ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلىرىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردى. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ (ۋاپاتى 1231 - يىل) «تارىخىي كامىل» ناملىق ئەسىرىدە «سۇلايمان بىننى يۇسۇپ ئادىل، تەقۋادار، دىندار ھۆكۈمدار ئىدى. پەن ۋە دىنىنىڭ دوستى ئىدى» دەپ بايان قىلغان ۋە «ئۇ تولىمۇ تەدبىرلىك، تەجرىبىلىك، يىراقنى كۆرەر سىياسەتچى، باشقۇرۇشقا ماھىر زات» دېيىلگەن[①].

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۇلايمان ئارسلان بۇغراخان دادىسى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىپ، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈشكە قەدەم قويۇپ، تۈرلۈك ئىلىم - پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا كەڭ يول ئاچتى. شۇنداقلا غەزنەۋىيلەر بىلەن بولغان دوستلۇق ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى ۋە باشقا ئەللەر بىلەن بولغان ئالاقە كۈچەيتىلدى. لېكىن، كېيىنكى يىللاردا مەيدانغا كەلگەن بەزى سىياسىي زور ۋەقەلەر تۈپەيلىدىن قاراخانىيلار خاندانلىقىدا شەرقىي ۋە غەربىي قىسىم دېيىلگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كېتىشتەك ئەھۋال مەيدانغا كەلدى. قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەركىزىي ھاكىمىيىتىگە تەۋە ئۆزكەنت ۋە سەمەرقەندتە بولغان بۇرۇنقى ئەلى تېكىننىڭ جىددىي كۈرەشلىرى پارتلاپ چىقىپ، قاراخانىيلارنىڭ خاقانى سۇلايمان

① پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسىرىدىن.

www.uyghurkitap.com

بۇغرا خانغا قارشى ھەرىكەت باشلىدى.

مىلادىيە 1042 ـ يىلى ئەلى تېكىننىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد نەۋرىلىرى، يەنى ناسىر بىننى ئەلى ئىلىك خاننىڭ ئىككى ئوغلى ئەلى تېكىن (مۇھەممەد بىننى ناسىر) ۋە بۆرى تېكىن (ئىبراھىم بىننى ناسىر) لار مەركىزىي ھاكىمىيەتتىن ئايرىلىپ چىقىش ئۈچۈن، سۇلايمان بۇغرا ئارسلانغا قارشى كۈچ توپلاپ خارەزم شاھلىرى بىلەن بىرلىشىپ ماۋەرائۇننەھرنىڭ شىمالىي قىسمىنى بېسىۋالدى. ئەلى تېكىن خارەزمشاھ بىلەن غەزنەۋىيلەر زېمىنىغا بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ كەلگەنىدى. مىلادىيە 1035 ـ يىلى ئەلى تېكىن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى يۈسۈپ تەختكە ئولتۇردى، ئۇ تەختكە ئولتۇرۇپلا ھەربىي قوشۇن تەشكىللەپ، قاراخانىيلار خاندانلىقىغا ۋە غەزنەۋىيلەرگە قارشى ھەرىكەت قىلدى. خارەزمشاھ بىلەن بىرلىشىپ، چاغانىينى بېسىۋېلىپ، تېرمىزنى مۇھاسىرىگە ئالدى. خارەزمشاھ (ھارۇن) مىلادىيە 1035 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئەلى تېكىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھەربىي كۈچىنى كۆپەيتىپ ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. مۇھەممەد بىلىك ناسىر مىلادىيە 1036 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن كۈچىيىشكە باشلاپ، ئۆزكەنتتە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. يالغۇز ۋە ئامالسىز قالغان ئەلى تېكىننىڭ ئوغلى يۈسۈپ سۇلتان مەسئۇدقا ئىلتىماس قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭ سۇلتان مەسئۇدقا ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا: «ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقتىن ۋاز كەچكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، سۇلايمان بۇغرا ئارسلانخان بىلەن يارىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋاستىچىلىك قىلىشىنى ئۆتۈنگەنىدى» (رىشات گەنجى «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسىرىدىن). بۇ مەزگىلدە ئىبراھىم بىننى ناسىر ئۆز قوشۇنلىرىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ تاشكەنت، سوغد بۇخارا قاتارلىق شەھەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىۋالدى. بۆرە تېكىن (ئىبراھىم بىننى ناسىر)

ئۆزىنى تامغاچ بۇغرا خان دەپ ئاتاپ يۈسۈپ قادىرخان ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ چىقىش ئۈچۈن پۇرسەت كەلدى دەپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئايرىلىپ چىققانلىقىنى جاكارلىدى. ئىبراھىممۇ شەرقىي خاقان ئۇنۋانلىرىنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى ئۆزكەنتتىن سەمەرقەندكە يۆتكىدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلىك ناسىرنىڭ ئوغۇللىرى ماۋەرائۇننەھرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ ھۆكۈمرانى سۈپىتىدە بۇ رايونغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىك ناسىرنىڭ ئوغۇللىرى 1046 ـ، 1047 ـ يىللىرىدىن ئېتىبارەن غەربىي قىسىم قاراخانىيلار «ئىلىك خان دۆلىتى» دەپ ئاتالدى. غەربىي قىسىم سەمەرقەندنى مەركەز قىلدى. شەرقىي قىسىم بالاساغۇننى مەركەز قىلدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسى رەسمىي ھالدا شەرق ۋە غەربتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ خاندانلىققا بۆلۈندى.

غەربىي قىسىم قاراخانىيلار دۆلىتى ماۋەرائۇننەھر بىلەن خۇجەندنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا پەرغانە ھاكىمىيىتىگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار دۆلىتى شەرقىي بالاساغۇن، تالاس، ئىسپىجاپ، تاشكەنت، قەشقەر، خوتەن، يەكەن رايونلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ دۆلەتنىڭ مەركىزى ئومۇمەن قەشقەر، بالاساغۇن بولۇپ كەلدى.

شەرقىي قىسىم قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مەركىزى بالاساغۇن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تەبىرىچە «قۇز ئوردۇ» دېيىلىدۇ①. شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ يەنە بىر مەركىزى قەشقەر ئىدى. «شەرقىي قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ، يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ بۆشۈكى بولغان قەشقەر شەھىرى خاندانلىقنىڭ سىياسىي، دىنىي

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم.

www.uyghurkitap.com

مەركىزى بولۇپ كەلدى. خاندانلىقنىڭ ئائىلە مازىرىمۇ شۇ يەردە بولدى. قەدىمكى ئۇلۇغ خاقانلارنىڭ كۆپىنچىسى قەشقەرنى قەدىمكى ئىسلام شەھىرى، قەدىمكى شامان ئەنئەنىلىرىگە باغلىق بولغان بالاساغۇندىنمۇ ياخشى كۆرەتتى. شۇڭلاشقا قەشقەرگە «ئوردۇ كەنت» دەپ نام بېرىلگەن»①. «قەشقەر — ئوردۇ كەنت دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى خان تۇرىدىغان شەھەر، مەركەز دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئەفراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان②. غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى بولسا ئەسلى ماۋەرائۇننەھر بىلەن پەرغانىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. پەرغانىنىڭ تاغلىق قىسمىدا بولغان ۋىلايەتلەر كۆپىنچە چېگرانىڭ سىرتىدا قالغانىدى. كۆپرەك بەلكە مۇناسىۋەتلىك بۇ رايونلار دەسلەپ غەزنەۋىيلەرنىڭ كېيىنچە سالجۇقىيلارنىڭ قولىدا بولغان. قاراخانىيلارنىڭ بۇ رايونلارنى قولغا كىرگۈزۈش تەشەببۇسلىرى ئومۇمەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن». بۇ ئىككى قاراخانىيلار دۆلىتى كۆپىنچە خوجەتنى ئاساس قىلغان. ھەر ئىككى دۆلەت قەدىمىي مەدەنىيەت ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ھەر ئىككى مەركەز ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەشھۇر مەركەزلىرىدىن ئىدى. قەشقەر قاراخانىيلار مۇسۇلمانلىرىنىڭ بۆشۈكى بولغۇچە قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا، مانى دىن مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مەلۇم مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قاراخانىيلار ئەۋلادىنىڭ شەھەرلەشكەن جايلىرى بولغانىدى. شۇڭا، قاراخانىيلار دۆلىتىدە يالغۇز ئىران ئىسلام مەدەنىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەنلا قالماي، قاراخانىيلار ساھەسىدە خاقانىيە تىلى تۈرك ئەدەبىي تىلى تىل ھالىتىگە كەلگەنىدى. شۇ سەۋەپتىن تۈركىي تىللار مەدەنىيىتىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرى

---

① پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسەرنىڭ تۈركچىسىدىن.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم.

بارلىققا كېلىشى بىلەن ئەينى زاماندا ئىسلام ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋۇجۇتقا چىققان.

## 3. شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسى (1210 ـ 1040)

ھىجرىيە 435 ـ يىلى (مىلادىيە 1043 ـ، 1044 ـ يىللىرى) شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خاقانى سۇلايمان بۇغرا ئارسلان قاراخان «شەرەپۇد دەۋلە ئەبۇشۇجا ئى» نامى بىلەن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ تۇنجى ھۆكۈمدارى بولدى. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئۆزلىرىنى «خاندانلىقنىڭ رەسمىي ھۆكۈمدارى، ئاپداسىياپنىڭ ھەقىقىي ئەۋلادى ۋە ۋارىسى دەپ ئاتاشتى ۋە ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ تەقۋادار ئېتىقادچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى دېدى. قاراخانىيلارنىڭ خانى سۇلايمان ئارسلان بۇغراخان تايانغۇلار كېڭىيىشىنى چاقىرىپ، چوڭ ئىنىسى مۇھەممەد بىننى يۇسۇپكە تالاس ۋە ئىسپىجاپ شەھەرلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقلىرىنى بەردى. يەنە بىر ئىنىسى مەھمۇد ئىبنى يۇسۇپكە پەرغانە ۋىلايىتىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردى. مۇھەممەد بىننى يۇسۇپنىڭ چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن بىننى مۇھەممەدنى («تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دادىسى) ھازىرقى ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدىكى بارسغان رايونىنىڭ ھاكىمى قىلدى. ئۆزى بولسا بالاساغۇن ۋە قەشقەرگە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانى سۇلايمان بۇغرا ئارسلان خان ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بىر قاتار مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى تۇرغۇزۇپ، زور كۈچ بىلەن قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن كېڭەيتتى. ئۇ سەلتەنەت سۈرۈۋاتقان دەۋردە، شەرقىي ئۇيغۇرلار، يەنى

(كاپىرلار) لارنى مۇسۇلمان قىلىش ھەرىكىتى بىلەن تۇرغۇن ئۇرۇشلارنى قوزغىدى. بۇ ئۇرۇشلار توغرىسىدا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ بايان قىلىنغانىدى. قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا ياباقۇ، باسمىل، چۇمۇل ۋە يېمەكلەر بىلەنمۇ ئېلىشىشقا توغرا كەلدى. بەگچ ئارسلان تېكىن قاراخانىيلار قوشۇنىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ياباقۇلارنى مەغلۇپ قىلدى. ياباقۇلارنىڭ باش قوماندانى بۆكە بودراج ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆلتۈرۈلدى. قاراخانىيلارنىڭ خانلىقى ياباقۇلار بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىغا بويسۇنۇش ئۈچۈن ساداقەت بىلدۈردى. قاراخانىيلار قوشۇنىدا خىزمەت قىلغان باسمىل، چۇمۇللار كېيىنكى چاغلاردا قاراخانىيلار بىلەن ياباقۇلار ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغاندا ئارسلان تېكىن ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ قاراخانىيلارغا ئىتائەت قىلدۇردى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بالقاش، ئالاكۆل ئەتراپلىرى بىر مەزگىل قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگۈزۈلدى. بۇ ئىشلار مىلادىيە 1041 ـ، 1042 ـ يىللىرى بولغان ۋەقە ئىدى.

ھىجرىيە 436 ـ يىلى (مىلادىيە 1044 ـ، 1045 ـ يىللاردا) بۇلغارلار بىلەن بالاساغۇن ئوتتۇرىسىدا كۆچمەن بولۇپ، ياشاپ كەلگەن ئون مىڭ چېدىرلىق تۈرك قوۋمى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدى. يەنە تىبەتتىن بالاساغۇن ھۆكۈمدارى ئارسلانخاننىڭ دۆلىتىگە كەلگەن ئىككىنچى بىر تۈركۈم سانسىز تۈرك خەلقى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن قاچتى. شۇنداق بولسىمۇ بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلايمان بۇغرا ئارسلانخاننىڭ چېگراسى ئىچىدە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتى ئىچىدە مۇسۇلمان بولمىغانلارمۇ ياشىيالىغانىدى.

سۇلايمان بۇغرا ئارسلان قاراخان ئادىل، دىندار بىر

ھۆكۈمدار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالىملارنىڭ دوستى، ھىمايىچىسى بولۇپ تونۇلغانىدى. ئۇنىڭ قېشىغا تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن ئۆلىما، ئالىملار توپلانغانىدى. ئۇ كەلگەن ئالىملارغا ئىنئاملارنى بېرىپ، ئۆزىنىڭ ساخاۋەتچىلىكىنى كۆرسەتتى.

پىرىتساكنىڭ قەيت قىلىشىچە: «ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۆز ھوقۇقىدىن ۋاز كەچمىگەن. شۇ تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالغان، بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا نىزا پەيدا بولۇپ، سۇلايمان بۇغرا ئارسلان خان سوقۇشۇشتا يېڭىلىپ ئىنىسى مۇھەممەدكە ئەسىرگە چۈشىدۇ. مۇھەممەد ئۇنى تۈرمىگە تاشلىغان. ئۆزىنى ئۇلۇغ خاقان دەپ ئېلان قىلغان. بىراق ئۇمۇ ئون بەش ئاي ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن مىلادىيە 1057 ـ، 1058 ـ يىللىرى مۇھەممەد ئۆز ئورنىنى چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن مۇھەممەدكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەمما، مۇھەممەدنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئانىسى بۇ ئىشقا رازى بولمىدى. تەختنى ئۆز ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش مەقسىتىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ ھۇسەيىن مۇھەممەدنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئىنىسى سۇلايمان بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. ئەتراپتىكى مۇھىم ئادەملەرنى يوقاتقاندىن كېيىن تەختكە ئىبراھىم بىننى مۇھەممەد ئولتۇردى. ھاكىمىيەتتە ئولتۇرغان ئىبراھىم سەلتەنەت يىللىرىدا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ. بۇنى پۇرسەت دەپ بىلگەن غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمدارى تابغاچ خان ئىبراھىم شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئائىلە ماجىراسىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشتىن پايدىلىنىپ دەرھال پەرغانىنى قايتا ئىشغال قىلىۋالدى ھەمدە تاشكەنت قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى. شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى ئىبراھىم بىننى مۇھەممەد مۇشۇ قېتىملىق مالىمانچىلىق تۇپەيلىدىن غەربىي قاراخانىيلار بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا ئامالسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ بۇ ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەندىن كېيىن

يەنىلا ئانىسىنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن بارسغان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا، بارسغان ھاكىمى ئىنال تېكىن تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ ھەمدە ئىنال تېكىن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ[1].

ئىبراھىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن شەرقىي قاراخانىيلار تەختكە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى تۇغرۇل قاراخان مىلادىيىنىڭ 1059 ـ، 1075 ـ يىللىرى خاقان بولۇپ چىقىدۇ. مۇشۇ يىللاردا قەشقەر قاراخانلىقىنىڭ خانى بولغان سۇلايمان بۇغراخاننىڭ ئوغلى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان بىلەن بىرلىكتە غەربىي قاراخانىيلار بېسىۋالغان زېمىننى قايتىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن مىلادىيە 1068 ـ يىلى شەمشول مۇلۇك خاقانغا قارشى ئۇرۇش پارتلىدى. ئاخىر بۇ ئۇرۇش ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرانى يېڭىدىن بېكىتىش توغرىسىدىكى كېلىشىم بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇنىڭغا ئاساسەن خوجەند غەربىي قاراخانىيلارغا بېرىلدى. پەرغانە بولسا شەرقىي قاراخانىيلار تەرەپكە تەۋە بولدى[2].

تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، تۇغرۇل خاقان مەھمۇدنىڭ دەۋر سۈرگەن ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. مەھمۇدنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان ئوغلى ئۆمەر ئىبنى مەھمۇد (توغرال تېكىن) شەرقىي قاراخانىيلارغا ئىككى ئايلا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن بۇغرا خان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى تەرىپىدىن سولاققا ئېلىندى. ئۆمەرنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن سۇلايمانغا سادىق بولۇش ئۈچۈن قەسەم ئىچىپ ساداقەت بىلدۈردى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمان تابغاچ بۇغرا قاراخان ئۇنۋانى بىلەن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ خاقانى بولدى. مانا مۇشۇ دەۋردە شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قۇدرەتلىك،

---

① پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۈركچىسىدىن.
② رىشات گەنجى: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسىرىدىن.

يۈكسەك، مەدەنىيەتلىك تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانىدى.

ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان تابغاچ بۇغرا خاقان مىلادىيە 1059 ـ يىلى رەسمىي خاقان بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە خاقانلىق تەختكە دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مىلادىيىنىڭ 1057 ـ، 1075 ـ يىللىرى ئولتۇردى. «بۇ مەزگىلدە قەشقەر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مۇھىم مۇقەددەس مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلانغانىدى. قاراخانىيلار خانلىقى ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە خېلى ئۇزۇن زامان پاراكەندىچىلىك، ئىچكى تالاش ـ تارتىشلارنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىشىگە قارىماي، تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەننىڭ دادىسى سۇلايمان ئارسلانخان زامانىسىدىن تارتىپلا بالاساغۇن ۋە قەشقەر رايونلىرىدا قاراخانىيلار سەلتەنىتىنىڭ مۇقىم بولغانلىقى مەدەنىيەتنىڭ تېز روناق تېپىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى»[1].

ئۆز زامانىسىدا سۇلايمان ئارسلان قاراخاننىڭ ھوزۇرىدا يېتىلگەن مۇتەپەككۇر ئالىملارنىڭ توپلانغىنىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئوغلى بۈيۈك دانىشمەن ئەبۇ ئەلى بىننى ھەسەننىڭ ھوزۇرىدىمۇ ئۇلۇغ ئالىملار، شائىرلار، مۇتەپەككۇر پېشۋالىرى، تىلشۇناسلار، پەيلەسوپلار توپلانغان. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە قەشقەر مەدەنىيىتىدە مىسلىسىز گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلگەن بۇ جاھانشۇمۇل ئالىملاردىن بىرى بولغان بالاساغۇنلۇق يۈسۈپ ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نى بالاساغۇندا يېزىشقا كىرىشىپ 1068 ـ يىلى قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن يەنە بىر زامان ئەمگەك سىڭدۈرۈپ، 1069 ـ يىللىرى پۈتتۈرگەن. بۇ نادىر ئەسەرنى قاراخانىيلار خانى خاقانى تابغاچ بۇغرا خاقان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. تابغاچ بۇغرا خاقان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇ كىتابنىڭ قەدىر ـ

---

① پىرىتساك: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۈركچىسى.

قىممىتىگە يېتىپ مۇئەللىپكە خاس ھاجىپ، بەزى مەنبەلەرگە قارىغاندا «ئۇلۇغ خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. شۇ چاغدا ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرى شۇ دەۋردە يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق قەيت قىلىنغان: «بۇ كىتابنى ھاشىم ئۇرۇغىدىن چىقىپ ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولغان مۆمىنلەرنىڭ ئەمرى، تەڭرى ئاتا قىلغان خەلىپە، مۇھەممەد ئوغلى ئەبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم»① . بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا، ئاپتور بۇ كىتابنى باغدادتا مۇقتەدى بىئەمرۇللارنىڭ بوۋىسى قائىم بىئەمرۇللا خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا يېزىپ تاماملىغان. قائىم بىئەمرۇللا مىلادىيە 1075 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىسى ئەبۇلقاسىم مۇقتەدى بىللا خەلىپە بولغان. بۇنىڭ خەلىپىلىك ۋاقتى مىلادىيە 1075 ـ يىلىدىن 1094 ـ يىللىرىغىچە 19 يىل بەش ئاي داۋام قىلغان. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 ـ نۇسخىسىنى مىلادىيە 1072 ـ، 1074 ـ يىللىرى يېزىپ تەھرىرلەپ بولۇپ مىلادىيە 1075 ـ يىللىرى قايتا تولۇقلاپ تاماملىغان. ئاندىن ئابباسىيلار خەلىپىسىگە تەقدىم قىلغان. تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، مەھمۇد قەشقەرى يەنە «كىتابۇ جەۋاھىرۇننەھۋى فى لۇغاتىت ـ تۈرك» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يازغان. ئەپسۇسكى بۇ ئەسەر بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. مانا مۇشۇ مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە ئەبۇل فۇتۇھ ئەبۇلفاھىد بىنىنى ئەل ھۇسەين ئەل ئەلمايى (مىلادىيە 1093 ـ يىلى ۋاپات بولغان) شۇ دەۋرلەردە ياشىغان مەشھۇر ئالىملاردىن بىرى ئىدى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى قەدەر

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم.



www.uyghurkitap.com

يېتىپ كېلەلمىگەن «تارىخىي كاشغەر» ناملىق ئەسىرىمۇ شۇ زاماندا يېزىلغان. ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان مىلادىيە 1102 ـ، 1103 ـ يىللىرىغا قەدەر ھۆكۈم سۈرگەن. مىلادىيە 1089 ـ يىلى سالجۇقىيلار سۇلتانى مەلىك شاھ ماۋەرائۇننەھرنى قولغا كىرگۈزۈۋالغان. ئەبۇ ئەلى ھەسەنمۇ ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەبۇ ئەلى ھەسەن سالجۇقىيلار سۇلتانى مەلىك شاھقا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ياقۇپنى ئەسىرگە ئالغان.

يەكەندىن تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىيە 1081 ـ، 1082 ـ يىللىرى ۋە ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ كېيىن يەنى مىلادىيىنىڭ 1100 ـ، 1101 ـ يىللىرى پۈتۈلگەن مەھكىمە ھۆججىتىدىن مەلۇم بولۇشىچە بۇ مەزگىلدە ئۇ ھايات بولۇپ، ئوغۇللىرىدىن چاغرى تېكىن ئەبۇ مۇسا ھارۇن ئۇنىڭ نامىدىن يەكەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەرنى ئىدارە قىلغانىكەن①.

تابغاچ بۇغرا خان ئەبۇ ئەلى ھەسەننىڭ ئوغۇللىرىدىن تەخت ۋارىسى ئەخمەت خان بىننى ئەبۇ ھەسەن مىلادىيە 1102 ـ يىللىرى ئارسلانخان ئۇنۋانى بىلەن تەختكە ئولتۇردى. ئەخمەد خان 1105 ـ يىلى خەلىپە ئەل مۇستەزھىربىللاھنىڭ ھۇزۇرىغا مەھمۇد بىننى ئابدۇلجېلىل كاشغەرىنىڭ باشچىلىقىدا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن ئۇنۋان سورىغانىدى. خەلىپە ئۇنىڭ ئارزۇسىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا مەخسۇس تون بىلەن بىللە «نۇرۇددەۋلە ‹دۆلەتنىڭ نۇرى› ئۇنۋانىنى بەرگەن»② . ئەھمەد بىننى ئەبۇ ئەلى ھەسەن مىلادىيە 1128 ـ يىلى قارا قىتانلارغا قارشى يۈرۈش قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ غەربكە ئىلگىرىلىشىنى بىر مۇددەت توسۇپ قالالىدى. ئەھمەدنىڭ ئوغلى

① رىشات گەنجى: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسىرىدىن.
② ئىبنۇل ئەسىرى: «تارىخىي كامىل» ناملىق ئەسىرىدىن.

ئىبراھىم بىننى ئەھمەد تارىخىي مەنبەلەردە جامال قارشىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇلۇغ خاقان (ئارسلان خاقان) ئۇنىڭغا كۆرۈلمىگەن قاراخانىيلارنىڭ بىردىنبىر ئەمەلدارى. ئۇ ئەسلىدىكى قارا قىتانلارنى ياردەمگە چاقىرغان بالاساغۇن ھۆكۈمدار بولغان بولۇشى مۇمكىن①. قارا قىتانلار بالاساغۇنغا كەلگەندە ئۇلارنىڭ ھۆكۈمدارى گورخان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ چۇ دەريا بويىدىكى كۆچمەنلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىنى ئۆز تەرىپىگە قارىتىۋالغان. شۇ ئارقىلىق بالاساغۇننى بېسىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، بالاساغۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭىدىن چىققان قارا قىتانلارنىڭ پايتەختى بولۇپ قالدى. گورخان بەك ئوغۇلغا قولغا كىرگۈزۈۋالغان ھاكىمىيەت تەختىدە ئولتۇردى.

ئەفراسىياپنىڭ ۋارىسلىرىدىن خان بولغانلارنىڭ مەنسىپىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلىك تۈركمەن مەنسىپىنى بەردى. مۇشۇ يول بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتىنىمۇ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئالدى. قارا قىتانلارنىڭ ئىلىك تۈركمەن ھۆكۈمرانىغا قەشقەرنى پايتەخت قىلىپ بەردى. جامال قارشىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، ئارسلانخان ئۇنىڭغا ئالغان ئىككى تەخت ۋارىسى مۇھەممەد II بىننى ئىبراھىم بىلەن يۈسۈپ بىننى مۇھەممەد ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمىگەن. بۇ چاغلاردا ئەبۇل مۇزەپپەر يۈسۈپ بىننى مۇھەممەدنىڭ ۋاپات بولغانلىقى، قەشقەردىكى ھۆكۈمدارلار قەبرىستانلىقىغا كۆمۈلگەنلىكى مەلۇم. ئوغلى ئەبۇل فاتىھ مۇھەممەد III بىننى يۈسۈپ گورخاننىڭ سارىيىدا گۆرۈدە تۇراتتى. ئوتتۇرا ئاسىيادا قىسقىغىنا ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن نايمان دۆلىتىنى قۇرغان كۈچلۈك مۇھەممەد III نى قۇتۇلدۇرۇپ قەشقەرگە ئەۋەتكەنىدى. لېكىن شۇ چاغلاردا شاھزادىلەر ئىسيان كۆتۈرگەن، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىدىن بولغان

---

① جامال قارشى: «مولھاقاتوسسوراھ».

بەگلەر شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى ئەزاسى تېخى شەھەرگە كىرمەي تۇرۇپلا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. بۇ چاغدا كۆچلۈك قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ بىسىۋالغان ۋە بىرمۇنچە شاھزادە بەگلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. بۇنى جامالغا قارشى بايان قىلغانىدى. ئەمما، قاراخانىيلارنىڭ كېيىنكى ۋەقەلىرى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمەتقا ئىگە ئەمەسمىز.

## 4. غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسى

قاراخانىيلار دۆلىتى ئىككىگە ئايرىلغاندىن كېيىن ئۆزكەنتنى مەركەز قىلغان غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيىتىدە مۇھەممەد بىننى ناسىر I تەختتە ئولتۇردى. مۇھەممەد بىننى ناسىر قۇيدۇرغان تەڭگە پۇللىرىدا، غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ خاقانى (ئارسلان خاقان) بولغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ ماكانى ئۆزكەنتكە جايلاشقان مۇھەممەد بىننى ناسىر ھەققىدىكى ئاخىرقى مەلۇماتلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. مىلادىيە 1052 ـ يىللاردىكى تەڭگە پۇللاردا مۇشۇ خىل ئەھۋال بار.

ئىبراھىم بىننى ناسىر I سەمەرقەند بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە مۇھەممەد بىننى I نىڭ نامى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. مۇھەممەد بىننى ناسىر 1052 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئىبراھىم بىننى ناسىر خانلىق تەختكە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلۇغ تابغاچ قاخان ئۇنۋانى بىلەن پەرغانە تەختىدە ئولتۇردى. ئىبراھىم I غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى بولغاندىن تارتىپ پايتەختنى ئۆزكەنتتىن يۆتكىمىدى. بۇ ئورۇن غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بولدى. يېزىق مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشچە، تابغاچ (تولۇق نامى تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىننى ناسىر) غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىگە

ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئىسلام تارىخى ئەسەرلىرىدە ئىبراھىم بىننى ناسىرنى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۇلۇغ خاقانى دەپ سۈپەتلەيدۇ. ھەقىقەتەن ئىبراھىم بىننى ناسىر بىر يېتىلگەن ئالىم ئىدى. دۆلەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىكىگە ئائىت قارارلارنى ئۇ ئۆزى يازاتتى. دۆلەتنى قانۇن بىلەن ئادىل باشقۇراتتى. ئوغرىلىقنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئۇ ئاھالىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايتتى. ئۇ ھۆكۈم سۈرگەن چاغلاردا مەملىكەتتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى باياشات، مال باھاسى مۇقىم بولۇپ، خەلق ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئېرىشكەنىدى. ئۇ دىنىي ساھەدىكىلەرنى ۋە ئالىملارنى بەك ھۆرمەتلەيتتى. ئىسلام قانۇنشۇناسلىرىنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپ، يېڭى باج چىقارمايتتى. ئىبراھىم تابغاچ خاننىڭ سەمەرقەنتتە سالدۇرغان بىلىم يۇرتلىرىدىن بولغان مەدرىسلىرى، دوختۇرخانىلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە مەشھۇر ئىدى. ئۇ بىناكارلىق ساھەسىدە يېتىلگەن يېڭى بىلىمگە ئىگە ئىدى. مىلادىيە 1056 ـ يىلى ئىبراھىم تابغاچ خان شەرقىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تاشكەنت، مىڭلاق، توڭغاس قاتارلىق جايلىرىنى پەرغانىنىڭ بىر قىسمى قىلىپ تارتىۋالدى. لېكىن ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا سالجۇقىيلارنىڭ تاجاۋۇزىغىمۇ دۇچ كەلگەنىدى. ئالىپ ئارسلان خان ئۇزۇن مۇددەت ئىبراھىمنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ھۇتتال چاغانىياننى بېسىۋالدى. شۇ يەرنى سالجۇقىيلار قوشۇنى ئەسلى قاراخانىيلارنىڭ تەۋەلىكىگە ھۇجۇم قىلىشتا بازا قىلدى. مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، تابغاچ ئىبراھىم خان ۋاپاتىدىن سەللا بۇرۇن ھاكىمىيەتنى ئوغلى ناسىر (شەمسۇل ـ مۇلۇك ئەبۇل ھەسەن ناسىر بىننى ئىبراھىم) غا ئۆتۈنۈپ بەرگەنىدى. بۇ چاغدا ھاكىمىيەت تالىشىشتىكى جېدەللەردىن پايدىلانغان شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى مۇھەممەد بىننى يۇسۇپ ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئىبراھىم بىننى ھۈسەيىن تەرىپىدىن

ئىشغال قىلغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى بىسىۋېلىشقا كىرىشتى. بۇ ئۇرۇش ئاخىر سۇلھى قىلىش ئارقىلىق ئاخىرلاشتى.

ئەبۇل ھەسەن ناسىر بىننى ئىبراھىم سالچۇقىيلار بىلەن بىۋاستە ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئۇرۇش مىلادىيە 1068 ـ، 1080 ـ يىللىرىغىچە داۋام قىلدى.

مىلادىيە 1072 ـ يىلى كۈزدە سۇلتان ئالىپ ئارسلانخان 200 مىڭ قوشۇن بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى. بىراق، ئالىپ ئارسلانخان جەيھۇن دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قەلئەلىنىڭ قوماندانى ئەسىر ھالىتىدە سۇلتان ھوزۇرىغا كەلتۈرۈلگەن يۈسۈپ خارەزمىي تەرىپىدىن يارىلىنىپ، ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بۇ ئۇرۇش نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. بۇ ۋاقىتتا مەلىك شاھ سەمەرقەندكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. شەمسۇل ـ مۇلۇك قاراخانىيلار قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ سالچۇقىيلارنىڭ قىسىملىرى سەمەرقەند ئەتراپىدا كۆرۈلگەن ھامان سالچۇقىيلارنىڭ ۋەزىرى نىزامۇل مۇلۇكنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن كەچۈرۈم سوراپ سۇلھى ئىمزالاندى. ناسىر ئالىپ ئارسلان خاننىڭ قىزى ئائىشە بىلەن ئۆيلەندى. تاغىسى ئەيسانىڭ قىزى ئەلجەلالىيەنى مەلىك شاھقا بەردى.

شەمسۇل ـ مۇلۇكمۇ ئاتىسىدەك ھاكىمىيەتنى ئادىل باشقۇرۇپ، ئادىل ھۆكۈمدار نامى بىلەن شۆھرەت قازاندى. ئۇ قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ئىچىدە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ساھەسىگە ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ بىنا قىلدۇرغان ئەڭ مەشھۇر ئىمارەتلەردىن بىرى خەر جەڭ يېزىسىدا مىلادىيە 1078 ـ، 1079 ـ يىللىرى سالدۇرغان «رەباتى مەلىك» ناملىق ئىمارەت تولىمۇ گۈزەل، كۆركەم سېلىنغان. ئۇ سەمەرقەندتىن خۇجەنتكە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى ئاق كۆتەلدە بولۇپ، شەمسۇل ـ مۇلۇك دەل مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇخارادىكى «شەمسۇل ئاباتىنمۇ ئۇ

ھايات چېغىدا بىنا قىلدۇرغانىدى. شەھەرلەردە نۇرغۇن جامە، مەدرىسە، مەسچىتلەر شۇنىڭ زامانىسىدا سېلىنغانىدى»[1] . شەمسۇل ـ مۇلۇك ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا ئاسرىنىڭ 4 ـ ئىنىسى مىلادىيە 1080 ـ، 1081 ـ يىللىرى ئەبۇ شۇجا خىزىر بىننى ئىبراھىم ۋارىس بولۇپ تەختتە ئولتۇردى. ئۇنىڭ زامانىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە مەلۇمات يوق. «مەجمەئۇن ـ نەۋادىر» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى نىزامى ئەرۇزىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ زامانىسىدا دۆلەت خېلى روناق تاپقانىكەن. خان ئادىل، ئەقىللىق، دانىشمەن بولۇپ، شائىر، ئالىملارنى ياخشى كۆرۈپ، شائىرلارغا زور ئىلتىپات كۆرسەتكەنىكەن. شائىرلارنىڭ شېئىر ئوقۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان. «بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن مۇراسىمدا ياخشى ماھارەت كۆرسەتكەن بىر شائىرغا ھەر بىرسىدە ئىككى يۈزگە يېقىن دىنار قويۇلغان. تۆت پەتنۇس ئالتۇن تەقدىم قىلىنغان». يەنە بىر شائىرغا بىر قېتىمدىلا مىڭ دىنارغىچە ھەدىيەلەر بەرگەن. ئۇ شۇنداق ھەشەمەتخور ھۆكۈمران ئىدىكى ھەر قېتىم شەھەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى چىققاندا ئېتىنىڭ ئالدىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش گۈرزە تۇتقان 700 نۆكەر قاتار ماڭىدىكەن.

خىزىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تابغاچ ئەھمەد خانلىقتا ئولتۇردى. ئۇ مىلادىيە 1081 ـ، 1082 ـ يىللىرىدىن 1095 ـ يىللىرىغا قەدەر تەختتە ئولتۇرغان. ئەھمەد ئۆزىنىڭ قابىلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن يۇرت ئۆلىمالىرى بىلەن پىكىردە بىرلىككە كېلەلمىدى. بولۇپمۇ ئەھمەد ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن خانلىقنىڭ غەربىي قىسمىدا شىئە مەزھىبى ئۆلغىيىپ شىئەلەر بىلەن ئەھمەد ئوتتۇرىسىدىكى

---

① جامال قارشى: «مۇلھاقاتۇس ـ سوراھ» ناملىق ئەسىرىدىن.

كۆرەش كەسكىنلەشتى. قىسقىغىنا ۋاقىتتىن كېيىن غەربىي قاراخانىيلار قوشۇنىدا مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان چىگىل ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى ئەينۇددەۋلە سالجۇقىيلار ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ ۋالىيسىنى خارەزمگە قوغلىۋەتتى. قەشقەر خانىنىڭ قېرىندىشى ئات بېشى شەھەرنىڭ ھاكىمى ياقۇپ تېكىننى سەمەرقەندكە تېگىش قىلىشقا دەۋەت قىلدى. ياقۇپ ئەينۇددەۋلەنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بۇ ئىش چىگىللەرنىڭ دۈشمەنلىكىنى قوزغىدى. بۇ ئەھۋال يۈز بەرگەندىن كېيىن سالچۇقىيلار سۇلتانى مەلىك شاھ ئىككىنچى قېتىم ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى. سۇلتان مەلىك شاھ بۇخاراغا كەلگەندە، ياقۇپ تېكىن پەرغانىدىن ئۆز ۋىلايىتى بولغان ئات بېشىغا قاچتى. سۇلتان مەلىك شاھ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بولغان بۇخارانى ئىشغال قىلىش بىلەن ئۇنىڭ نەپسىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى. سالچۇقىيلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ سەمەرقەندنى قايتا بېسىۋالدى. ئۇ ئەھۋالنى ئىگىلەش ئۈچۈن قايتىدىن ئۆزكەنتكە باردى. قاراخانىيلار سالچۇقىيلارغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. مەلىك شاھ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۆزى ئەسىرگە ئالغان غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى ئەھمەدخاننى ئۆزىگە بويسۇنۇش شەرتى بىلەن ئۆز ئورنىغا قايتۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سۇلتاننىڭ نائىپى تەرەپتىن ئىدارە قىلىنغان غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى بېقىندى دۆلەت ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. ئەھمەد خان تەختنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن شەھەر ئاھالىسى ۋە ئۆلىمالار بىلەن ئىناق ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۆلىمالار بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا يېڭى ئىختىلاپ چىقىپ ئەھمەد ئەيىبلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئەھمەد ئەسكەرلىرى ۋە خەلق مۆتىۋەرلىرى تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنىپ، مىلادىيە 1095 - يىلى ئۆلتۈرۈلدى. ئەھمەدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى توغرىسىدا

ئىبنول ئەسىرنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدا خانىنىڭ زۇلمىدىن جاق تويغان خەلقلەر، ئەسكەرلەر ئاخىر ئىسيان كۆتۈرۈپ قازى ئۆلىمالار بىلەن تەشكىل تاپقان بىر مەھكىمە قۇرۇپ، مەھكىمىنىڭ ھۆكمى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلدى. كېيىن قىلىچ تابغاچ خان مەسئۇد بىننى مۇھەممەد تەختكە چىققان بولسىمۇ، ئۇ مىلادىيە 1095 ـ 1097 ـ يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان بەكيارۇق تەرىپىدىن غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىدە تەختكە چىققان تۇنجى خاقان مەسئۇدنىڭ ئوغلى سۇلايمان تېكىن دارۇدكۇچ تېكىننىڭ ئوغلى مىلادىيە 1097 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئەبۇلقاسىم مەھمۇد خان 1097 ـ يىلدىن 1099 ـ يىللىرى بەكيارۇق تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان. ھۆكۈمدارنىڭ ئىسىملىرى تارىخىي مەنبەلەردە ھارۇن تېكىن دەپ خاتىرىلەنگەن. پىرىتساكنىڭ قەيت قىلىشىچە شەرقىي قاراخانىيلاردا ھارۇن ئىسىملىك كىشى تىلغا ئېلىنغانلىقىدىن قارىغاندا بۇنىڭ جىبرائىل بىننى ئۆمەر بىلەن بىر ئادەم بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ھارۇن ھۇجۇم بىلەن مەھمۇدنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ دۆلىتىنى قولغا كىرگۈزگەن. جىبرائىل شەرقىي قاراخانىيلاردىن بولۇپ تىراز ھاكىمى سۈپىتى بىلەن شەرقىي قاراخانىيلار خانى بولۇشى مۇمكىن. مەنبەلەردە ئومۇمەن تۇغان خان ياكى قادىر خان دەپ تىلغا ئېلىنغان. غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھاكىمى بولۇش بىلەن مەلىك شاھ ئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ خۇراسانىي بېسىۋالماقچى بولغان. شۇ چاغدىكى خۇراسان ۋالىيسى سەنجەر غەلىبە قىلىپ، جىبرائىلنى ئەسىرگە ئالغان ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ماۋەرائۇننەھر رايونى پۈتۈنلەي سۇلتان سەنجەرگە، يەنى سالجۇقىيلارغا ئۆتۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن جىبەئىل مۇھەممەد بىننى سۇلايمان ئارسلانخان (مىلادىيە 1102 ـ 1130 ـ يىللىرى) غەربىي قاراخانىيلار خانى

بولۇپ سەمەرقەندتە تەختكە چىقتى. مۇھەممەد بىننى سۇلايمان ئارسلانخان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا باشقا تەخت ۋارىسلىرى بىلەن بولغان كۈرەشتە ئۆزىنىڭ ئورنىنى سۇلتان سەنجەرنىڭ ياردىمى بىلەنلا قوغداپ قالالىدى. كېيىنكى كۈنلەردە دۆلەتنى سالجۇقىيلارغا بېقىندى قىلىپ قويدى.

مۇھەممەد بىننى سۇلايمان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوغۇللىرىدىن دەسلەپ ناسىر، كېيىن ئەھمەد ھاكىمىيەتكە شېرىك بولدى. سالجۇقىيلار بىلەن زىددىيەت كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، سەنجەر سەمەرقەندنى بېسىۋېلىپ دۆلەت خەزىنىسىگە قول ئۇزاتتى. ناسىر ئۇنىڭغا ئەسىرگە چۈشتى. مۇھەممەد بىننى سۇلايمان مەرۋىدە مىلادىيە 1131 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەنجەر مەرۋىدىكى ئەبۇل ھەسەن بىننى ئەلىنى سەمەرقەندكە ھاكىم قىلدى. تارىخىي مەنبەلەردە ھەسەن تېكىن دەپ تىلغا ئېلىنغان بۇ شەخسنىڭ بالاساغۇن بېگى بىلەن بىر ئادەم بولۇشى مۇمكىن.

ئەبۇ ھەسەن ئۆلگەندىن كېيىن سەنجەر مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ ئىنىسى ئەبۇل مۇزەپپەر ئىبراھىم بىننى سۇلايماننى خان دەپ ئېلان قىلدى. مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مەھمۇد ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن خان بولدى. سەنجەرنىڭ جىيەنى بولغان بۇ ھۆكۈمدار ئۇنىڭغا باغلانغانىدى. قارا قىتانلارنىڭ ھۇجۇمى، غەربىي قاراخانىيلارغا قىلغان ھۇجۇمى دەل مۇشۇ دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. مىلادىيە 1136 ـ يىلى مەھمۇد ئۇلار بىلەن قاتتىق سوقۇشۇپ خوجەنتكە يېقىن جايدا مەغلۇپ بولغان. ئۇ سەمەرقەندكە قاچقان. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن مەھمۇد بىلەن قارلۇقلار ئارىسىدا كېلىشمەسلىك يۈز بەرگەندە مەھمۇد سەنجەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. قارلۇقلار قارا قىتانلارنىڭ باشلىقى گۈرخاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، سەمەرقەند ئەتراپىدىكى «كاتىبان» دېگەن جايدا مىلادىيە

www.uyghurkitap.com

1141 ـ يىلى قارا قىتانلار بىلەن سالچۇقىيلار ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. بۇ ئۇرۇشتا سالچۇقىيلار يېڭىلىپ قارا قىتانلار سەمەرقەندنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن سەنجەر ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى خۇراسانغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى.

قارا قىتانلار بۇ مەزگىلدە پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىۋالدى. ىىراق، بۇرۇنقى ھۆكۈمرانلار دەۋرىدە تۈزۈلگەن قانۇن ـ قائىدىلەرگە چېقىلمىدى. دەل مۇشۇ چاغدا مەھمۇدنىڭ ئىنىسى تابغاچ بۇغرا خان ئۇنۋانى بىلەن تەختتە ئولتۇرغان ئىبراھىم بىننى مۇھەممەد قارا قىتانلارنىڭ ھىمايىسىدىكى خان بولۇپ قالدى.

مىلادىيە 1141 ـ يىلى ئالىپ تېكىن ئىسىملىك بىرى بۇخارا ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلەندى. ئىبراھىم قارلۇقلار بىلەن جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. بەلخ رايونىدا كۆچمەن بولۇپ ياشاۋاتقان ئوغۇزلار 1159 ـ يىلى ئىبراھىم بىننى مۇھەممەدنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمدار بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىبراھىم ئوغلىنى ئۇلارغا ئەۋەتىپ بەردى. ئوغۇزلارنىڭ يېڭى ھۆكۈمدارى بۇ ۋاقىتىدا يېڭى ئەھۋالغا دۇچ كەلدى. ئۇلار يالغۇز سالچۇقىيلاردىن ئارسلان بىننى ئاتسىز (خارەزم شاھ) قالايمىقانچىلىق چىقارغان ئوغۇزلارغا قارشى تۇرۇش بىلەنلا قالماستىن سالچۇقىيلارنىڭ بۇرۇنقى قوماندانىدىن نىشابۇر ۋالىيسى مۇئەييانىنىڭ خۇراساننى بېسىۋالماقچى بولغان پىلانلىرىغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

مىلادىيە 1162 ـ يىللىرى مەھمۇد بىلەن ئوغلى مۇھەممەدنى ئەسىرگە ئېلىپ كۆزلىرىگە زەھەر چېچىپ تۈرمىگە تاشلىدى. ئىككى يىلدىن كېيىن ئاتا ـ بالا ھەر ئىككىلىسى تۈرمىدە ئۆلدى.

مەھمۇدنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مالىك مىلادىيە 1152 ـ يىلى خارەزم شاھ ئاتسىز بىلەن بىللە قىپچاقلارغا قارشى تۇرۇشقا

ئاتلانغان چاغدا ئۆز شېرىكلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ كۆلپەت ئىچىدە ئۆلتۈرۈلدى.
مەھمۇد بىننى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ھاكىمىيىتى بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.
جامال قارشىنىڭ قەيت قىلىشىچە، ئەبۇ ئەلى بىننى ھەسەن بىلەن مەسئۇد ئەبۇ ھەسەننىڭ ئىنىسى بولغان پەرغانە ھاكىمى ئەلى ھۇسەين بىننى ئەلى ھەسەننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى مەلۇم.
ئىبراھىم مىلادىيىنىڭ 1203 ـ يىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەنبەنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان بىردىنبىر پاكىت بۇخارادا بېسىلغان تەڭگە پۇللاردۇر.
مىلادىيە 1204 ـ يىللىرى غەربىي قاراخانىيلاردىن ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئوسماننىڭ ئۇلۇغ خاقان بولۇپ ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى بىلىمىز. ئوسمان ئىنتايىن ئىقتىدارلىق، ئۇستا دىپلومات ئىدى. ئۇ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ گورخانىيلارنىڭ (قىتانلارنىڭ) قوللىرىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن پۈتۈن غەيرىتىنى كۆرسەتكەنىدى. گورخان ئۆز قىزىنى بېرىشكە رازى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوسمان خان خارەزم شاھ بىلەن بىرلەشكەن. مىلادىيە 1265 ـ يىلى بۇخارانى بېسىۋالدى.
مىلادىيە 1112 ـ يىلى سەمەرقەندتە بىر ئىسيان كۆتۈرۈلۈپ، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى ئوسمان بۇغراخاننىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن بارلىق خارەزملىقلار قىلىچتىن ئۆتكۈزۈلدى. مۇھەممەد ئوسمانغا قارشى جەڭ ئېلان قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا ئوسماننى ئەسىرگە ئالدى. سەمەرقەندنى ئىشغال قىلدى. ھاقارەتكە ئۇچرىغان خارەزملىق خوتۇننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئوسمان ئۆلتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، سەمەرقەند خارەزم

شاھ مۇھەممەدنىڭ پايتەختى بولدى. بۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى ھالاك بولدى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، مىلادىيە 1042 ـ يىلىغا كەلگەندە شەرق تارىخچىلىرى ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىدا پۈتۈن بىر تارىخىي دەۋرنى تەشكىل قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى شەرقىي ۋە غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىگە بۆلۈنۈپ كەتمىگەن بولسا، ئۆز تارىخىدا بەزى غەربىي قىتانلارغا، سالجۇقىيلارغا، بەزىدە خارەزم شاھقا بېقىندى بولۇپ قالمىغان بولاتتى. ناھايىتى كۆپ ئەسىرلەر سەلتەنەت سۈرۈپ ئۇيغۇر تارىخىدىكى تېخىمۇ قۇدرەتلىك پارلاق بىر نامايەندە سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنىڭ ئىجادچىسى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەردەك ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىملارنى تېخىمۇ كۆپ مەيدانغا چىقارغان بولاتتى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى تېخىمۇ كۆپ بولاتتى.

# ئىككىنچى باب
# قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى ۋە شەكلى

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى ۋە شەكلى، دۆلەت مۇئەسسەسەلىرى، ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىسى، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ نامى، ھەربىي تۈزۈمى ۋە ئۇنۋانى ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئاتىلىشى ۋە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغان ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئوبدان تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەدىمكى تۈركىي ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىدە قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن قاراخانىيلار دۆلىتىدىن بۇرۇنقى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش تۈزۈمى، ھاكىمىيەت شەكلى، سىياسىي تۈزۈمى، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى ئەزەلدىن بولغان. قاراخانىيلار سۇلالىسى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت شەكلى، ھاكىمىيەتنى باشقۇرۇش ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئۇنى داۋاملاشتۇردى، شۇنداقلا ئىسلامىيەت ئۇسۇللىرىدىنمۇ خېلى دەرىجىدە ئۆزلەشتۈردى ۋە ئۇنىڭغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلدى. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرى ئۆزلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدە قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ھەققىدە بىزنى قىممەتلىك مەنبەلەر بىلەن تەمىنلىدى. مۇشۇ ئاساستا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمى شەكلى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ دۆلەتنى ئىدارە

قىلىش ئەنئەنىسى بويىچە جۇغراپىيىلىك ئورنىغا قاراپ، «ئىككىلىك تەشكىلات» ئاساسىدا ئىدارە قىلىنىپ كېلىندى. بۇنىڭغا قارىغاندا شەرق ۋە غەرب دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلغان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ شەرقىي قىسمى ۋە غەربىي قىسمى بىۋاستە بۈيۈك قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولۇپ كەلدى. غەربىي قىسمى بولسا بۈيۈك قاراخانىيلار خاقانلىقىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى بىلەن خاندانلىق ئەزاسىدىن بىرى ئىدارە قىلىناتتى. بىز يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك 11 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەبۇنەسىر ئەھمەد بىننى ئەلى بۈيۈك خاقان بولۇپ دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتقانىدى. ئىنىسى ناسىر بىننى ئەلى (ئىلىك خان) سامانىيلار خانلىقىنىڭ قولىدىن ئۆزى تارتىۋالغان ماۋەرائۇننەھرنى ئاساس قىلغان ھالدا پەرغانىدىن باشلاپ قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمىنى ئىدارە قىلاتتى. دۆلەتنىڭ ھەر ئىككى قىسمىنىڭ ۋىلايەتلىرى بولسا قاراخانىيلار شاھزادىلىرىنىڭ ياكى ھەربىي ۋالىيلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى. مەسىلەن، ئۆزكەنتتە بولغان ھەربىي قىسىم قاراخانىيلارنى ئىدارە قىلغان ئىلىك خان ناسىر ماۋەرائۇننەھرگە ھاكىم بولغاندىن كېيىن سەمەرقەند ئىدارىسىنى ئىنىسى جەئپەر تېكىنگە بۆلۈپ بەرگەنىدى. بۇخاراغا بولسا بىر ھەربىي ۋالىي تەيىنلەنگەنىدى. لېكىن، بەزىدە پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر بىرلا ھۆكۈمدار ۋەكىل تەرەپتىن باشقۇرۇلاتتى. قاراخانىيلار بۈيۈك خانى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئەبۇ نەسىر ئەھمەد (تۇغان خان) نىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە مەلۇم ۋاقىت سەمەرقەندتە تۇرغانلىقى بۇ خىل باشقۇرۇش تۈزۈمى پۈتۈنلەي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بۈيۈك خاقانلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىلىك خانلارنىڭ مۇشۇنداق مۇستەقىل ھالدا چوڭ مەسىلىلەرنى باشقۇرۇشىنى غەرب ئالىملىرى ۋە ياۋروپا تارىخشۇناسلىرى خاتا

ھالدا «ئىلىك خاقانىيە» قوش ھۆكۈمدارلىق «شىرىك خاقانلىق» دېگەن دۆلەت نامى بىلەن تىلغا ئېلىنىشتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق ئىزاھلىرى ۋە تىلغا ئېلىشى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش تۈزۈمىنى، مۇختارىيات شەكلىنى ئوبدان تەتقىق قىلمىغانلىقىدىن بولغان. مۇنداق قاراش توغرا ئەمەس، ئىلمىي ئەمەس.

شۇنى كۆرستىپ ئۆتۈش كېرەككى، ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى غەربىي ئىلىك خان شىمالىي ئىلىك خانلارنىڭ چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئالدى بىلەن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بۈيۈك بۇغرا قاراخانىنىڭ تەستىقى ۋە يولىيورۇقىنى ئېلىش ۋە ئىشتىن كېيىن بۈيۈك بۇغرا قاراخانغا تەپسىلىي دوكلات قىلىش، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەلۇم باج تۆلەش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەر بار ئىدى.

قاراخانىيلار بۈيۈك بۇغرا قاراخان تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن «ئىلىك خانلار» قاراخانىيلارغا بىۋاسىتە قاراشلىق يەرلىك خانلار بولۇپ، خانلىق تامغىسىنىمۇ تۇتاتتى. ئۆز دائىرىسىدىكى چوڭ مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھالدا بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ خانلىق دائىرىسىدە مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزۇش، مالىيە ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش، ئۆز ئالدىغا ئالتۇن، مىس پۇللارنى چىقىرىدىغان كارخانىلارنى قۇرۇش، ئۆزىنىڭ قانۇن - ئىنتىزام بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگە ئىدى. جۇڭگو، ئىران، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن سودا ئالاقە مەدەنىيىتى ئورنىتىش، يولى كەلگەندە قوشنا ئەللەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا ياكى سۈلھى قىلىشتا ئۆزئارا ئەلچى ئەۋەتىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە ئىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سۇلايمان ئارسلان بۇغراخان دەۋرىدە تېررىتورىيە دائىرىسى ئىلگىرىكىدىن كېڭىيىپ شەرقتە كۇچارغىچە، غەربتە بۇخارا خارەزمغىچە، جەنۇبتا ئامۇ دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغا قەدەر، يەنى غەزنەۋىيلەرگىچە سوزۇلغانىدى.

قاراخانىيلار پۈتۈن دۆلەتتە خاقانىيە[1] دىن باشقا جايلارغا ئىلىك خانلارنى بەلگىلەپ باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويدى. مەسىلەن، ماۋەرائۇننەھردە ئىلىك خان ئەلى تېكىن قاراخانىيلارغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرەدى. ياغان تېكىن مۇھەممەد بۇغرا ئۇنۋانى بىلەن تالاس (ھازىرقى ئەۋلىيا ئاتا)، ئىسپىجاپ (چىمكەنتنىڭ يېنىدىكى ھازىرقى سايرام قاتارلىق جايلارنى باشقۇردى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىسلام تارىخلىرىدا «ئىلىك خانلارنى» كۆپىنچە بىر پادىشاھ نامى سۈپىتىدە قوللىنىپ، ئۇ باشقۇرغان دۆلەتنى ئىلىك خانلار دۆلىتى دەپ ئاتىۋالغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ شىمالى ۋە غەربتە قويغان ئىلىك خانلىرى ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلار بولۇپ، ئۇلار قاراخانىيلارغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىلەر ئىدى. قاراخانىيلار ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بۇ ئۆلكىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئەلى تېكىننى ئىلىك خان ئۇنۋانى بىلەن ئومۇمىي ۋالىي قىلىپ بەلگىلىگەن. مىلادىيە 1035 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھردىكى ئىلىك خان ئەلى تېكىن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ناسىرىبىننى ئەلى ماۋەرائۇننەھرگە ئىلىك خان بولدى. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سادىق ئەمەلدارى بولۇپ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىگە قارشى كۈچلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلدى. ماۋەرائۇننەھردە يۈز بەرگەن سالجۇقىيلارنىڭ دۆلەت بىرلىكىنى پارچىلاش يولىدىكى ھەرىكىتىگە خاتىمە بېرىپ، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىگە كېلىدىغان خەۋپنى تۈگەتتى. مىلادىيە 1039 ـ يىلى ناسىر ئىلىك خان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم سۇلايمان ئارسلان خان بۈيۈك بۇغرا قاراخاننىڭ يارلىقى بىلەن ئىلىك خان بولدى. ئىبراھىم ئىلىك خان ئۇنۋانى بىلەن خىزمەتكە تەيىنلىنىپ، ئۆزىنى ئۆتمەي ئۆزىنى «ئىمادۇد دەۋلە»

---

[1] خاقانىيە ـ قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزىي قىسىم «خاقانىيە ئۆلكىسى» دەپ ئاتىلاتتى.

(دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى) دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆز ئورنىنى كۆتۈرمەكچى بولغاندا بۈيۈك قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئىبراھىم ئىلىك خانغا تامغاچ ئىبراھىم خان، يەنى تامغا تۇتقۇچى ئىبراھىم خان دېگەن ئۇنۋانىنى بەردى. تامغاچ ئىبراھىمخان مۇستەقىل خان سۈپىتىدە ھوقۇق تۇتقانىدى. شۇڭا، 1041 ـ يىلىدىن 1047 ـ يىللىرىغىچە بۇخارا، سەمەرقەندلەردە تامغاچ ئىبراھىم خان نامىدا پۇل چىقىرىلدى. ماۋەرائۇننەھر فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى خاقانىيىدىكىگە ئوخشاش خېلى تەرەققىي قىلدى. تامغاچ ئىبراھىم خان بۈيۈك قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇردى. سۇلايمان ئارسلان بۇغرا قاراخان مىلادىيىنىڭ 1056 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. مىلادىيە 1061 ـ يىلى سالچۇقىيلار سۇلتانى سۇلتان ئالىپ ئارسلانخان تامغاچ ئىبراھىم خان بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ چېگراسىغا ئەسكەر توپلىدى. تامغاچ ئىبراھىم خانمۇ ئاكتىپ مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، سەمەرقەندتىن يۈرۈش قىلىپ، خارەزم چېگراسىغا ھەربىي كۈچ توپلىدى. ئالىپ ئارسلان خان تامغاچ خاننىڭ زېمىنىغا تاجاۋۇز قىلدى. تامغاچ ئىبراھىم خان سالچۇقلارنىڭ تاجاۋۇز ھەرىكىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ، باغداد خەلىپىلىكىگە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ چاغدا باغداد خەلىپىلىكى بىتەرەپ تۇرۇپ ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئۇرۇشقا قول سالمىغان بولسىمۇ، لېكىن تامغاچ ئىبراھىم خاننىڭ ئەلچىلىرىگە دوستانە مۇناسىۋەتتە بولۇپ، تامغاچ ئىبراھىم خانغا مۆمىنلەرنىڭ ئەزىزى دېگەن ئۇنۋانىنى بېرىپ، ئەلچىلەرنى قايتۇردى. شۇندىن كېيىن خارەزم چېگراسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلاندى. تامغاچ ئىبراھىم خان مىلادىيە 1068 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا ۋاپات بولدى. قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنى چېكىندى. قاراخانىيلار قوشۇنىنى سەل تەرتىپكە سېلىۋالغاندىن كېيىن سۇلتان ئالىپ ئارسلان خان

بىلەن يەنە قاتتىق جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم چىقىم بولدى. ئالىپ ئارسلان خان قاراخانىيلارنىڭ چېگرا مۇداپىئە قوماندانى يۇسۇپ قادىرخان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئىسلام ھۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش توختىدى. ئەمما، سالجۇقىيلار قارخانىيلار سۇلالىسىگە قاراشلىق ماۋەرائۇننەھرگە قارىتا پاراكەندىچىلىكنى توختاتمىدى. تامغاچ ئىبراھىم خاننىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى شەمسۇل - مۇلۇكنى ئولتۇردى. تامغاچ شەمسۇلمۇلۇك خان ماۋەرائۇننەھرنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداش ئۈچۈن سالجۇقىيلار بىلەن بولغان كۈرەشنى داۋاملاشتۇردى. مۇشۇ جەرياندا تېرمىزنى ئىشغال قىلىپ، بەلخكە قەدەر قىستاپ كەلدى. بەلخ ھاكىمى ئاياز (سۇلتان ئالىپ ئارسلانخاننىڭ ئوغلى) شەھەرنى بوشىتىپ چېكىندى. ئۇ تېرمىزغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ئاخىر مەغلۇپ بولدى. شەمسۇلمۇلۇك خان بۇخارانى غەربىي قىسىم ئىلىك خاننىڭ پايتەختى قىلدى. مىلادىيە 1080 - يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قېرىندىشى خىزىر خان ئىلىك خان بولۇپ ئولتۇردى. ئىسلام تارىخى ۋە ياۋروپا تارىخلىرىدا بۇ ئىلىك خانلارنىڭ ھاكىمىيەت دەۋرى، ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا مەنبە يوق. ئەمما 12 - ئەسىرلەردە يېزىلغان «مەجمەئۇننەۋادىر» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى نىزامى ئەرۇزى: «خىزىر خاننىڭ خانلىق دەۋرىدە بىر قەدەر تىنچلىق ئورنىتىلدى. خانلىق دائىرىسىدە ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلدى. مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت راۋاجلىنىپ، ئەدىب، شائىرلار كۆپلەپ يېتىشتۈرۈلدى. خان شائىرلارنى بارلىق ئىمكانىيەت بىلەن قوللاپ، ئۇلارغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى يېزىشقا رىغبەتلەندۈردى. شائىرلارنىڭ شېئىر ئوقۇش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. مۇراسىمدا ياخشى ماھارەت

كۆرسەتكەن شائىرلارغا ھەدىيىلەر قىلىنغان ۋە ئۇلارغا ناھايىتى زور ئىلتىپات كۆرسەتكەنىدى.

خىزىر خاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تابغاچ ئەھمەد خانلىققا ئولتۇردى. تامغاچ ئەھمەدخان زامانىسىدا خانلىقنىڭ غەربىدە شىئە مەزھىپى ھەرىكىتى ئۇلغىيىپ، شىئەلەر بىلەن تامغاچ ئەھمەدخان ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلىشىپ كەتتى. 1089 - يىلى سالجۇقىيلار سۇلتانى مەلىك شاھ قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ئېلىك خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى ۋە بۇ جايلارنى بېسىۋالدى. ئۇلارنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسى ئۇلارنىڭ نەپسىنى تېخىمۇ زورايتىۋەتتى. سالجۇقىيلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ سەمەرقەند، ئۆزكەنت قاتارلىق جايلارنى قورشىۋالدى. قاراخانىيلار سالجۇقىيلارغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى ۋە ئۇلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا توختام تۈزۈلۈپ ئۇرۇش توختىدى. سالجۇقىيلار ئۆزلىرى بېسىۋالغان قاراخانىيلار زېمىنىنى ئاران بەش يىل تۇتۇپ تۇرالىدى.

مەلىك شاھ 1092 - يىلى ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن مەھمۇد بىلەن بەكيارۇق ئوتتۇرىسىدا سۇلتانلىق تالىشىش ئۇرۇشى پارتلىدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان تامغاچ ئەھمەد خان سالجۇقىيلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى. مىلادىيە 1095 - يىلى تامغاچ ئەھمەد خان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا خان ئائىلىسىدىن سۇلايمان تېكىن، مەھمۇد تېكىن، ھارۇن تېكىن نۆۋەت بىلەن تەختتە ئولتۇردى. مەھمۇد تېكىن مىلادىيە 1097 - يىلى ۋاپات بولدى. قالغان خانلارنىڭ خانلىق دەۋرى ھەققىدە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق مەلۇمات يوق.

ھەسەن ئارسلان بۇغرا قاراخان مىلادىيىنىڭ 1103 - يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى تامغاچ ئەھمەد بىننى

ھەسەن 1105 - يىلى تەختتە ئولتۇردى. بۇ دەۋردە قاراخانىيلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، قوشنا ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەت راۋاجلاندۇرۇلدى. بولۇپمۇ باغداد خەلىپىلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ياخشىلاندى. 1105 - يىلى قاراخانىيلار مەھمۇد ئىبنى ئەبدۇل جېلىل نامىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ۋەكىل سۈپىتىدە باغداد خەلىپىلىكى مۇنتەزىر بىللا ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ، دوستانە مۇناسىۋەتنى كۈچەيتتى. ئىسلام تارىخىي مەنبەلىرىدە قاراخانىيلار خانى ئەھمەد ئىبنى ھەسەن مىلادىيىنىڭ 1128 - يىلى قەشقەردىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتا قاراقىتانلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەندە ئەھمەد قاراخان قاراقىتانلارنىڭ ھۇجۇمىغا شىددەتلىك زەربە بېرىپ، ئۇلارنى چېكىندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن قاراقىتانلارنىڭ پاراكەندىچىلىك ھەرىكىتى توختىمىدى دېيىلىدۇ. ئەھمەد قاراخان ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئىبراھىم ئىبنى ئەھمەد بۇغرا قاراخان قەشقەردە خانلىق تەختتە ئولتۇردى. 1129 - يىلى قاراقىتانلار قاراخانىيلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. غەربتە تامغاچ مەھمۇد خان سالچۇقىيلارنىڭ سۇلتانى سەنجەرنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىۋاتاتتى.

قاراخانىيلارغا قاراشلىق سەمەرقەندتە ۋەكىل سۈپىتىدە تۇرۇشلۇق خانلار غەربىي ئىلىك خان دېيىلەتتى. غەربىي ئىلىك خان تەۋەلىكىدىكى يەتتە سۇ قاتارلىق جايلاردا يەنە بۇغرا تېكىن، ئارسلان تېكىن ئۇنۋانىدىكى ئەمەلدارلار خىزمەتكە قويۇلاتتى.

قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلاردىن «ئۆگە» بىلگە ئۆگە (كېڭەشچى، مەسلىھەتچى، مۇشاۋىر، دانىشمەن) مەنسىپىدىكى ئەمەلدارلار قويۇلغانىدى. ئۆگە ــ ئەقىللىق، بىلىملىك، مەنىلىرىدە ئىشلىتىلگەنىدى.

«ئۆگە»نى دۆلەتنىڭ باش مەسلىھەتچىسى دېيىلسىمۇ، ئەمما ئۆگەدىن باشقا مەسلىھەتچىلەرنىڭ يەنە بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات

يوق.

مىلادىيە 1095 ـ، 1096 ـ ۋە 1114 ـ يىللىرىدىكى يەكەندە تۈزۈلگەن يەر ـ زېمىن ھۆججەتلىرىدە «بۇغرائۇگە»، «ھارۇن ئۇگە» قاتارلىق ئىسىملارنىڭ ئۇچرىشى بۇ خىل ئۇنۋانلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇزۇن زامان ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

يەنە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، «ئۇگە» ھەققىدە خەلقتىن كېلىپ چىققان خىزمەتتە سىنالغان، ياشانغان ئەقىللىق ئادەملەرگە ئۇگە دەپ ئۇنۋان بېرىلەتتى. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەشكىلىدە ئەڭ كۆپ ئىشلەتكەن ئۇنۋانلارنىڭ ئىچىدە «خاقان»، «خان» ناملىرى ھەممىگە مەلۇم. قاراخانىيلارنىڭ ئەڭ چوڭ بۈيۈك خاقانى (قاغان) نامى بىلەن ئاتىلاتتى. بۇ نامنى ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ تۈركىي ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تۈزۈمىدە ھۆكۈمدارلار تەرىپىدىن ئىشلىتىپ كېلىنگەنىدى.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ «خاقان»، «خان» ئۇنۋانلىرىنى «ئالىپ ئەرتۇڭا» بىلەن باغلاپ كۆرسىتىشى دەل بۇ ئۇنۋانلارنىڭ ئۇيغۇر خاقانلىرى ئىچىدە ئەڭ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ قوللىنىلغانلىقىنىڭ دەلىلى. مەھمۇد قەشقەرى «خان» ئۇنۋانىدا توختىلىپ خان ــ تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارى بولۇپ ئەفراسىياپ ئوغۇللىرى خان دەپ ئاتىلىدۇ. ئەفراسىياپ «خان» دۇر دەپ مەلۇمات بەرگەن.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ دۆلەت تۈزۈمىدىكى قۇرۇلمىسى پەرقلىق ھالدا دەرىجىسى مۇنداق: قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خاقانى دۆلەتنىڭ قاغانى بولۇپ «بۈيۈك» ۋە «قەدىمىي» نەرسىلەرگە قارىتىپ ئىېتىلىدىغانلىقى، تامغاچ سۆزى ھەم «ماچىن» نىڭ جۇغراپىيىلىك ئاتىلىشى بولۇپ قوللىناتتى. كېيىن بۇ خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدىغانلىقىنى، «مەملىكىتى قەدىمىي چوڭ خان» دېگەن مەنىدە «تابغاچ خان»

دېيىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان[1].

قاراخانىيلار زامانىسىدا «پۈتكۈل مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى» دەپ ئاتالغان ئابباسىيلار خەلىپىلىكى قاراخانىيلار خانلىقىنىمۇ دىپلوماتىيە جەھەتتە «مەلىكول مەشرىق ۋەس - سىين» (شەرق ۋە چىن پادىشاھى) ئېتىراپ قىلىنغان. مىلادىيە 1066 - 1067 - يىللىرىدىن باشلاپ قاراخانىيلار دۆلىتىدە «مەلىكول مەشرىق ۋەس - سىين» (شەرق ۋە چىننىڭ پادىشاھى) دېگەن ئۇنۋان بىلەن پۇل تارقاتقانىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك خاقانلىرى «بۇغراخان»، «قاراخان» ئۇنۋانلىرىدىن باشقا «تابغاچ خان» دېگەن ئۇنۋانلارنىمۇ قوللىناتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدە بىرقەدەر مۇكەممەل، سىستېمىلىق دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئورنىتىلغانىدى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردىكى ئەلنى ئىدارە قىلىشتىكى ئەنئەنىسى بويىچە دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك ھۆكۈمرانى «بۈيۈك خاقان»، بۈيۈك خاقان ئاستىدا مەركىزىي دۆلەت ئىشلىرىنى كېڭەشش ئاساسىدا باشقۇرۇش رەھبەرلىك يادروسى قۇرۇلۇپ، بۇ رەھبەرلىك يادروسى «يۇغرۇش» (ۋەزىر) «خاس ھاجىپ»، يابغۇ توكس، مەرتىۋىدىكى دۆلەت ئەربابلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان. بۇ تەشكىل بۈيۈك خاقاننىڭ يېتەكچىلىكىدە دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرەتتى.

بۈيۈك خاقاننىڭ، يەنى بۈيۈك قاراخانىيلارنىڭ ئىدارە قىلىشىدا بولغان غەربىي قىسىمدىكى خاندان ئەزاسى «ئىلىك[2] خان»، «ئارسلان خان»[3] ئارسلان خان ئۇنۋانى بىلەن

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، 592 - بەت.

② ئىلىك - قاراخانىيلاردا ھۆكۈمدار مەنىسىدە ئىشلەتكەن بولۇپ، قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ ئالاھىدە نامى سۈپىتىدە تىلغان ئېلىنغان بۇ ئۇنۋان ھون كۆكتۈرك، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ قوللىنىلغانىدى.

③ كۆكتۈركلەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر ھۆكۈمدارلىرىنىڭ تەختلىرى «ئارسلان» شەكلىدە ئىدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئارسلان خان ئۇنۋانىنى قوللىنىشى مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك.

قوللىنىشتىن باشقا مەركىزىي دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە بۈيۈك خان خاقان ئاستىدا «تېكىن»، «چاغرى تېكىن»، «ئىنانچ بەگ»، «سانغۇن» قاتارلىق مەرتىۋە دەرىجىدە ئۇنۋانلىرىدىن باشقا يەنە «ئالىپ تېكىن» (قەھرىمان شاھزادە)، «توڭا تېكىن» (قاپلاندەك شاھزادە)، «بۆرە تېكىن» (بۆرىدەك شاھزادە)، «تۇغرى تېكىن» (لاچىندەك شاھزادە)، «باھادىر» (باتۇر)، «قادىر»① (ھەممىگە ئىقتىدارلىق)، «قىلىچ» خان (شەمشەردەك ئۆتكۈر)، «بىلگە خان» (دانىشمەن، چېۋەرخان) قاتارلىق مەرتىۋە ئۇنۋان دەرىجىلىرى بار ئىدى. يۇقىرىقىلاردىن باشقا قاراخانىيلار خانلىق دەۋرىدە يەنە «ئىنال» ئۇنۋانى قوللىنىلغان. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ قەيت قىلىشىچە: ئىنال ئانىسى خانداندىن، دادىسى خەلق ئىچىدىن كېلىپ چىققان بارلىق ياشلارغا بېرىلگەن ئۇنۋان ئىدى.

«كۆل تېكىن»، «توڭا تېكىن»②، «يولۇق تېكىن» دېگەن ئىسىملار كۆكتۈركلەردە خاندان ئەزاسى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندى. ئەمما، قاراخانىيلار دەۋرىدە دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە بېرىلگەن ئۇنۋان بولۇپ قوللىنىلدى. يەنە «تۈركان خاتۇن»، «باش خاتۇن» لار ھۆكۈمدارلارنىڭ خوتۇنلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان بولۇپ، بۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر تاكى ھۇن زامانىسىدىن بېرى ئېتىراپ قىلىنغان «خاتۇن» قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ قوللىنىلدى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتۇن ئەفراسىياپ قىزلىرىدىن بولغانلارنىڭ ئىسىملىرى ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ھۆكۈمدارلارنىڭ خوتۇنلىرىدىن باشقا خانداندا مەنسۇپ خانىملىرىغىمۇ «خاتۇن» دەپ نام بېرىلگەن.

---

① مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قادىرخان» ئۇنۋانى ئۈستىدە توختىلىپ قاراخانىيلارنىڭ قاتتىق چۈس، مىجەزى ئىرادىلىكلەرنى قادىر دېيىدىغانلىقىنى، ھۆكۈمرانلارغا قادىرخان دەپ خىتاب قىلىدىغانلىقىنى يازغانىدى.

② «توڭا تېكىن» دېگەن ئۇنۋان تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئەفراسىياپنى «توڭا ئالىپ ئەر» دەپ ئاتايتتى. بۇ قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم دېمەكتۇر. «دىۋان»، 3 ـ توم، 502 ـ 503 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

## 1. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك خاقان (خان) ئاستىدا ئوردا تەشكىلى ئورنىتىلغانىدى. ئوردا تەشكىلى ۋەزىرلەر گۇرۇھىدىن تەشكىل تاپقانىدى. ئوردا قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئەينى زاماندا دۆلەتنى ئىدارە قىلىش مەركىزى بولغاچقا بۇ مەركەز يۇغۇرۇش، يابغۇ، توكسىن، ھاجىپ نامىدىكى ۋەزىرلەردىن تەركىب تاپقانىدى. ۋەزىرلەر ئاستىدا ئوردا مەھكىمە مەسلىھەتچىلەر ئورگىنى تەسىس قىلىنغانىدى. دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان مەركىزىي تەشكىلاتقا يۇغۇرۇش (ۋەزىر) دەپ ئاتىلىدىغان ۋەزىرلەر يېتەكچىلىك قىلاتتى. تارىخىي مەنبەلەردىن مەلۇمكى، ئەڭ قەدىمكى تۈركىي ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئەنئەنىسىدە دۆلەت ئىشىنى كېڭەش مەسلىھەت يولى بىلەن قارارلاشتۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ۋەزىرنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى قىلغۇچىدىن كۆپرەك كېڭەشچى، مەسلىھەتچى، دانىشمەنلىك رولىنى ئوينايتتى. مەشھۇر تۈرك ۋەزىرى بىلگە تونيۇقۇق ئۆزىنىڭ ئىلتەرىش خاقان ئۈچۈنمۇ ئايغۇچىلىق[①] (مەسلىھەتچىلىك) ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن[②]. قاراخانىيلار دۆلىتىدىمۇ بۇ مەسلىھەتچىلىك فۇنكسىيىسىدە ۋەزىرلەر دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا مۇھىم روللارنى ئوينىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قەدىمىي ئەنئەنىلەر قاراخانىيلار تۈزۈمىدىمۇ داۋاملاشتۇرغانلىقىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ

---

① «ئايغۇچى» يەنى ۋەزىر قەدىمكى كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار زامانىسىدا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ۋەزىرنى «ئايغۇچى»، باش ۋەزىرنى «ئۇلۇغ ئايغۇچى» دەپ ئاتايتتى.

② رىشات گەنجى: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسىرىدىن.

«قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئۇلۇغ ئەسىرىدە: «ئادەم ئۇچۇن ئەقىل نېمە دېگەن ياخشى نەرسە» دېگەن ۋە ئەقىللىق ئادەملەرگە مەسلىھەتچى نەزەرى بىلەن قاراش[①] كېرەكلىكىنى قەيت قىلىپ، ئەقىللىق مەسلىھەتچى ۋەزىرلەرنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەن.

قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بۈيۈك خاقانى تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋەزىرگە ۋەزىرلىك مەنسەپ ۋەزىپىسى بېرىلگەن چاغدا ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۇنۋان بىلەن «تۇغ»، «ناغرا»، «ساۋۇت»، «تون»، «ياسداغ ئات» ھەمدە ئەڭ مۇھىمى ۋەزىرلىك تامغىسى بېرىلەتتى. ۋەزىرلىك تامغىسىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنىڭ 1766 ـ بېيىتىدە تولۇق مەلۇمات بېرىلگەن. موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخىدا تامغا تۇتقان تاتاتوڭا[②] («موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ 3 ـ بېتىگە قارالسۇن) ئەسلىسەك تامغىنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلىمىز. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مەركىزى ئوردىسىدىكى ۋەزىر خەلق ئارىسىدىن چىققىپ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلەر «يۇغۇرۇش» (ۋەزىر) دەپ ئاتىلاتتى. يۇغۇرۇش خاقاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇراتتى. ئۇ مەركىزىي ئوردىدىكى ئوردا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا بۈيۈك ھۆكۈمدارلاردىن كېيىنكى ھوقۇقدارلارنى

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى، 1095 ـ بېيىت.

② تاتاتوڭا ـ تاتا توڭا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇيغۇر تاتاتوڭا ئىلگىرى نايمانلارنىڭ تايان خانىنىڭ ئۇستازى بولۇپ ئالتۇن تامغا، خەزىنە ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. چىڭگىزخان نايمانلارنى يوقىتىپ تايانخاننى ئۆلتۈرگەندە ئۇ تامغىنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي تۇتۇلۇپ قالغان. ئۇ تۇتۇلغاندىن كېيىن چىڭگىزخان ئۇنىڭدىن: «سەن تامغىنى ئېلىپ نەگە قاچماقچى ئىدىڭ؟» دەپ سورىغاندا ئۇ: «تامغىنى ئېلىپ قېچىش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، مەن ئىگەمنى تېپىپ ئۇنىڭغا بۇ تامغىنى تاپشۇرۇپ بېرىمەن» دېگىنىدە چىڭگىزخان ئۇنىڭ سەمىمىي، ساداقەتلىكىنى تەرىپلەپ ئۇنى موڭغۇللارنىڭ تامغىسىنى تۇتۇشقا قويىدۇ. يەنە شاھزادىسى ئوغلان تېكىنلەرگە ئۇيغۇر يېزىق تىلىنى ئۆگىتىشكە بەلگىلەيدۇ. ئۆگدەي خان تەختكە چىققاندىن كېيىن ئۇنى خان تامغىنى، خەزىنىلەرنى باشقۇرۇشقا قويىدى. ئۇنى ئىشىكئاغىسى قىلدى. تاتا توڭانى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى.

يەنىلا ۋەزىر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتىكى مۇھىم رولىنى تەكىتلەپ، «ۋەزىر» ھۆكۈمدار (بۈيۈك خاقان) نىڭ قولى ئۇلار ئىشلىرىنى بۇ قوللار ئارقىلىق قىلىدۇ، بەگلەرنىڭ يۈكىنى يۈدۈگۈچى، ھۆكۈمدارلىقنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملىگۈچى دېگەنىدى. ۋەزىر ياخشى بولسا بەگ (خاقان مەنىسىدە) خاتىرجەم ئۇخلايدۇ. ھۆكۈمداردىن كېيىن قالسىلا سۆز ـ ھەرىكىتى بىلەن دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ئادەم يەنىلا ۋەزىردۇر.

## 2. ئوردا ۋەزىرىنىڭ ۋەزىپىسى

1. مەملىكەتنى تەرتىپكە سېلىپ ، توغرا قانۇن بىلەن باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش.

2. خەلقنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئېرىشتۈرۈش، خەلققە بۇزۇق قوللارنىڭ يامانلىق قىلىشىنى توسۇش، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمدارلارنىڭ نامىنى ياخشىلىق بىلەن ئەتراپقا تارقىتىش.

3. بايلىق، خەزىنە توپلاشقا مەسئۇل بولۇش.

4. مەملىكەتنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىش (شەھەر، كەنتلەرنى كېڭەيتىش).

5. خىزمەتنى قىلغۇچىلارغا ياخشىلىق قىلىپ، ئۆزىگە يېقىن قىلىش. دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا ھوقۇقداردىن قالسا ئەڭ چوڭ ھوقۇقا ئىگە بولغان ۋەزىر بولۇپ، ئۇ ھەم قانۇن تۈزۈشكە ئارىلىشىدىغان يېگانە قۇدرەت ئىگىسى. ئۇ ۋاقتى كەلگەندە زور ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىشىمۇ مۇمكىن. دۆلەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي چوڭ ھوقۇقلىرى ئۇنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ. ئۇ دۆلەتكە مەسلىھەتچىلىك رول ئوينايدۇ. ۋەزىر ئەلچىلىككىمۇ چىقىدۇ. ۋەزىرنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپە شۇنچىلىك مۇھىم بولغانلىقى ئۈچۈن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مۇنداق دەيدۇ: «ۋەزىرلىككە شۇنداق ئادەم قويۇلۇشى كېرەككى، بۇ ئىشقا بەك پىشقان، تاللانغان، ئەقىللىق، ئىشنى چىن كۆڭلىدىن قىلىدىغان بىرى لازىم. ئەقىللىق بولغىنىدەك بىلىمى كۆپ بولۇشى، پۈتۈن ئىش قولىدىن كېلىشى، تەقۋادار، توغرا بولۇشى، ھاياتىنى توغرىلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشى لازىم. ئۇ ھايالىق، كۆزى توق، ئىشەنچلىك بولۇشى، مالغا ھېرىس بولماسلىقى كېرەك. مۇھىمى ھېساب بىلىدىغان، ئالىم، چېچەن، ھەر خىل يېزىقلارنى بىلىدىغان بولۇشى لازىم. ياخشى ۋەزىر ھەر دائىم بىر مەسلىھەتچى بولالايدۇ»① . مەركىزىي دۆلەت تەشكىلاتىدىكى ئوردا سارىيىدا ھۆكۈمدار (بۈيۈك خاقان) ۋەزىردىن قالسىلا ئەڭ يۇقىرى مەنسەپ ھاجىپ ئىدى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تۈركىي تىللىق خەلقلەردە قاراخانىيلار دۆلىتىدە ھاجىپلىق مۇئەسسەسى بەك قەدىمىي بىر تارىخقا ئىگە ئىدى. بۇرۇن «تايانغۇ» دەپ ئاتىشاتتى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق قەيت قىلغان: «تايانغۇ ــ ئەسلىدە ھاجىپ دېمەكتۇر» . كېيىن بۇ تايانغۇ تاشلىنىپ قالغان. مۇنداق بولۇشى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ دېيىشىچە، غەربتىن كەلگەن ئىسلام تەسىرى بىلەن قاراخانىيلار بۇ ئەمەل ئىگىسىنى «تايانغۇ» دېيىشنى تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ھاجىپ» دېيىشكە باشلىدى②.

ئۇلۇغ ھاجىپنىڭ ۋەزىپىسى: ئۇلۇغ ھاجىپ شۇنداق بىر ئادەم بولۇشى كېرەككى، بەگنىڭ ئۆزى، مەملىكەت خەلقى ئۇنىڭغا ئىشەنسۇن، خەلقمۇ ئۇلارغا دۇئا قىلسۇن، ھاجىپنىڭ

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى، 2184 ـ، 2262 ـ بېيىتلەر.

② تايانغۇ سۆزى ئوتتۇرا ئاسىيادا بەك قەدىمدىن تارتىپ قوللىنىلغانىدى. قاراقىتانلارنىڭ قوماندانلىرىدىن بولغان ۋە 1210 ـ يىللىرى خارەزم شاھ مۇھەممەد بىلەن تىرازدا بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ئەسىرگە چۈشكەن ۋە خارەزم شاھ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بىر تايانغۇدىن قارىغاندا تايانغۇنىڭ ئىسمىدىن كۆپرەك ئۇنۋان بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىنراق.

ئەسلى ۋەزىپىسىنىڭ ۋاستىچىلىك ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ[1] . «قۇتادغۇبىلىك»تە خاس ھاجىپنىڭ قانداق ئادەم بولۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا بايانلار بېرىلگەن. «ئەسلى نەسلى پاك، مىجەزى ياخشى بولۇش لازىمكى ئۇ خەلققە پايدا يەتكۈزسۇن»[2] . «ھاجىپنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋاستىچىلىك ئىشىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ھاجىپ ئىدارە قىلىنغۇچىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ئادەمدۇر. بارلىق ئادەملەرنىڭ تىلەك ـ ئارزۇلىرىنى ئورۇنداش، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگۈچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ـ كىچىك ساراي خىزمەتچىلىرىدىن ھال ئېيتقۇچىلارنى ئالدى بىلەن قوبۇل قىلىش، ھەر ساھەدىكى ھۈنەرۋەنلەر، باشقا ئەمگەكچىلەر قاتارلىق ھەرخىل ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ تىلەكلىرىنى ئاڭلاش»[3] . «ھاجىپ بولۇپمۇ تۇل خوتۇن، يوقسۇل، يېتىملارنىڭ تەلەپلىرىنى ۋە شىكايەتلىرىنى ئاڭلاش، ھۆكۈمدارلارغا يەتكۈزۇش، زۇلۇمغا ئۇچراپ ئۆز ھەققىنى تەلەپ قىلغۇچىلارنى ئالدى بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى ھۆكۈمدارلارنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ كىرىش ھاجىپنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرى» ئىدى[4] . چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ كېلىپ ـ كېتىشىدە ئۇلارنى قارشى ئېلىش، ئۆزىتىش بىلەن بىللە قايتىشلىرىغا رۇخسەت قىلىش، ئۇلارغا تېگىشلىك سوۋغات، ئىنئام بېرىش، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋاقتىدىكى مۇراسىم ئىشلىرىنى ئورۇنداش ھاجىپنىڭ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى ئىدى[5] .

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 2434 ـ، 2437 ـ بېيىتلەر.
② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 2437 ـ بېيىت.
③ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 2494 ـ بېيىت.
④ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» 2498 ـ، 2499 ـ بېيىتلەر.
⑤ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 2496 ـ بېيىت.



www.uyghurkitap.com

مەركىزىي دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ ئوردا سارىيىدا بۈيۈك خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان «يابغۇ» بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدا خەلق ئارىسىدىن چىقىپ ئىككى دەرىجىدە تۆۋەن تۇرىدىغانلارنى «يابغۇ» (يابغۇ)[①] ئۇنۋان مەرتىۋىسى بىلەن ئاتاپ كەلدى. دۆلەتكە تەۋە تۈركىي قوۋملارنىڭ باشلىقلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان بولۇپ قوللىنىلدى.

خاقاندىن ئۈچ دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغانلار بولسا «توكسىن» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يەردە ئالاھىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، قاراخانىيلار دەۋرىدە خىزمەتكار ئوغۇللاردىن تارتىپ ئەڭ يۇقىرى مەنسەپتىكى دۆلەت خادىملىرىغىچە پۈتۈن باشلىقلار قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ مەركىزىي ئوردا سارىيىدا يېتىشىپ چىقاتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، قاراخانىيلارنىڭ خاقانىدىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان، يابغۇدىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان توكسىنلار ئوردا ھۆكۈمدارى ۋە ھۆكۈمدار ئائىلىسىدىن، خەلقتىن بولۇپ دۆلەت باشقۇرغان. ئۇلار مەركىزىي ئوردىدا يېتىشىپ چىقىش بىلەن مەنسەپكە كۆتۈرۈلەتتى. شۇڭا، قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئوردىسى دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان بىر ئانا مەكتەپ، مائارىپ بۆشۈكى ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەر ئالدى بىلەن خىزمەتنىڭ قائىدە ـ تەلەپ، ئەدەپ ـ قائىدىلىرىنى پۇختا ئۆگىنىدۇ. كېيىن ھەر خىل باسقۇچلارنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت خىزمەت قىلىپ سىنىلىپ، ئەمەلىيەتتە لاياقەت بولغانلىقى ئىسپاتلانغاندا، ئاندىن يۇقىرى ئورۇنغا ئۆرلەيدۇ. مۇشۇ ئۇسۇل ۋە يول بىلەن قاراخانىيلار ئوردىسىدا خىزمەت تەجرىبىسىگە باي لاياقەتلىك بولغانلار تۆۋەن قاتلامدىن باشلاپ ئۆستۈرۈلۈپ

---

① «يابغۇ» كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلار زامانىسىدىن بېرى دۆلەتكە باغلىق بولغان بەزى تۈرك قوۋملىرىنىڭ باشلىقلىرىغا بېرىلگەن ئۇنۋان.

يېتىشىپ، يۈكسىلىش يولى بىلەن ئۆرلىگەنلىكىنى كۆرىمىز. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك رەھبەرلىك يادروسى يۇقىرىقى ۋەزىر، ھاجىپ، يابغۇ، توكسىن قاتارلىق يۇقىرى ئۇنۋان مەرتىۋىلىرىدىن تەشكىل تاپقانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. يەنە باشقا تارىخىي مەنبەلەردە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئالىي ئۈچلۈك ھالقا قۇرۇلغان. بۇ ھالقا يۇغۇرۇش، يابغۇ، توكسىن مەرتىۋىسىدىكى ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئۈچلۈك ھالقا قەدىمكى دەۋردىكى كۆل بىلگە پان تېكىنىدىن مىراس قالغان قەدىمىي ئەنئەنە بولۇپ، خانلىقنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە خاننىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ دېيىلگەن[①]. قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى رەھبەرلىك يادروسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن دۆلەتنىڭ مەركىزى (پايتەخت) نى بېكىتەتتى. بۇ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ سىياسىي ساھەسىدىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قۇرۇلۇش يىللىرىدا قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركىزىي پايتەخت قىلدى. بۇ جايلار مۇھىم روللارنى ئوينىدى. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا خاقانىيە تۈركىي تىللىق خەلقلەر پايتەختنى «ئوردو» دەپ ئاتايدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەنئەنىسى بويىچە دۆلەت مەركىزىنى ئوردو دەپ ئاتىغان. «قەشقەر ئوردو كەنت» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى خان تۇرىدىغان شەھەر مەركىزى دېگەن بولىدۇ. چۈنكى بۇ شەھەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن ئەفراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان[②]. قەدىمكى قەشقەر شەھىرى 2500 يىللىق ئۇزۇن تارىخى بىلەن مەشھۇر ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدە بۇ شەھەر تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى. پۈتكۈل قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي مەركىزىلا ئەمەس، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يىپەك

---

① يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى: «قۇتادغۇبىلىك ۋە قانۇن»..
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 173 ـ بەت.

يولىنىڭ مۇھىم ئالاقە تۈگۈنى تۈركىي ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. بالاساغۇنمۇ قاراخانىيلارنىڭ يەنە بىر پايتەختى ئىدى. 10 ـ ئەسىردىكى جۇغراپىيىئونلاردىن مۇقدىسى بالاساغۇن ھەققىدە توختىلىپ: «خەلق كۆپ چوڭ ۋە باي شەھەر، بىلىم ئىگىسى جىق» دەپ مەلۇمات بەرگەن. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ تەبىرىچە «ئوردو» بالاساغۇنغا يېقىن بىر شەھەر. بالاساغۇن شەھىرىمۇ «قۇز ئوردو» دېيىلىدۇ[①]. (بۇ يەردىكى «قۇز ئوردو» دېگەن سۆز تەسكەي ئوردو دېگەن بولىدۇ) ئوردو سۆزى 11 ـ ئەسىرلەردە قاراخانىيلار سۇلالىسى تەرىپىدىن پايتەخت مەنىسىدە قوللىنىلغانىدى.

## 3. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردا سارىيىدىكى دىۋانلار

قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ۋەزىر رىياسەتچىلىك قىلىدىغان دىۋان مەھكىمىلىرى ئورنىتىلغانىدى.

1. ۋەزىر رىياسەتچىلىكىدە ئوردىدا ئىچكى ۋە تاشقى كاتىبات ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان «توغرا دىۋانى» بولۇپ، باشقۇرىدىغان ئىدارە رەئىسى قاراخانىيلار دۆلەت ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بۇيرۇق، پەرمانى ھەرخىل بىتىكچىلىرى، يەنى كاتىبات دىۋانى ئارقىلىق يېزىلىپ، پۇتۇپ چىققاندىن كېيىن ھۆكۈمدارنىڭ تامغىسى بېسىلىپ تارقىتىلاتتى. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا قاراخانىيلارنىڭ يېزىق ئىشلىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازالايدىغان كاتىپلارنى «ئىلىمگاھ» دەپ ئاتىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «بىتىكچى» (كاتىپ)، يەنى پۈتۈكچى ئۈستىدە توختىلىپ «پۈتۈكچى ئىلىمگاھ» شۇنداق بولۇش

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 174 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

لازىمكى «ئەگەر خاس كاتىپلىق قىلۇرسەن ئۆزۈڭ، كۆڭۈل سىرى بەك تۇت چىقارما سۆزۈڭ» دەپ پۈتۈكچىسى مۆكۈمدارنىڭ سىرىنى بىلگۈچى سىرداش ئادىمى ھېسابلاپ، كاتىپنىڭ سىر ساقلاشنى بىلىدىغان بولۇش لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلغان. بۇنىڭدا دۆلەت ئالاقىلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى كۆرسەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بىتىكچى ئىلىمگاھ» نىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا بىزگە قالدۇرغان قىممەتلىك، ھېكمەتلىك سۆزىگە قاراپ باقايلى:

2674. ئەگەر بولسا خان قانچە ئالىم ئۆزى،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.
2675. پۈتۈكچى ئېيتماق كېرەك ئىچ سۆزىن،
پۈتۈكچى يوشۇرغاي تولا ھەم ئىزىن.
2677. ئەگەر سىر تۇتمىسا پۈتۈكچى سۆزىن،
ئېچىپ بەگ سىرىنى يوقۇتۇر ئۆزىن.
2692. قىزىل تىل قاراباشقا دۈشمەن يامان،
ئۈنىڭدىن ھەزەرقىل ياشارسەن ئامان.
2693. پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق،
خېتى ئۈز، بالاغەتتە بەك يېقىملىق.
2694. خېتى ئۈز يېزىلسا كۆڭۈل ئېچىلۇر،
ئوقۇغانچە ئاندىن كۆڭۈل ئاۋۇنۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تىكى بىتىكۈچى كاتىپلارنىڭ مۇھىملىقى، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە: «بىر مەملىكەت قىلىچ بىلەن ئېلىنىدۇ، قەلەم بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ. قىلىچ بىلەن مەملىكەتنى ئىشغال قىلغىلى ۋە خەلقنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. قەلەم ئارقىلىق بولسا

مەملىكەتنى تۈزگىلى ھەم بايلىق توپلىغىلى بولىدۇ. قىلىچ قان تامغۇزسا مەملىكەت ئېلىنىدۇ. قەلەمدىن سىياھ تامسا ئالتۇن كېلىدۇ» دەپ ئىككى مۇھىم نەرسىنىڭ قىممىتىنى بايان قىلىدۇ. بۇ مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

قىلىچ مەملىكەتنى ئېلىپ ئەل تۇتار،
قەلەم مەملىكەتنى تۈزەپ، مال يىغار.
قىلىچ قان تېمىتسا بېگى ئەل ئالار،
قەلەمدىن سىياھ تامسا ئالتۇن يىغار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئوردا كاتىپلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى ئەڭ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، بىلىملىك بولغان كاتىپلارنىڭ ئەلگە ياخشى بەخت يارىتالايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

2. قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى ئوردا تەشكىلىدە خەزىنە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەمنى «ئاغىچى» مەنسەپ ئۇنۋانلىرى قوللىنىلغان بولۇپ، ئاغىچىنىڭ قول ئاستىدا خەزىنىنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرىنى ھېسابلايدىغان ھېسابچى، بىتىكچى (كاتىپ) لار بولۇپ، بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خەزىنىسىنى توپلاش، باج يىغىش ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتچىلەر ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» تە ياخشى بىر خەزىنىچىنىڭ پەزىلەتلىرى: «خەزىنىچىنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى، ھېسابقا ماھىر بولۇشى، ھەتتا گېئومېترىيە ھېسابىنى ئىگىلىشى كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ پەزىلەتلەر بولۇشتىن باشقا: خەزىنىچى قاتتىق قول بولۇشى، دۆلەت مالىيىسىنى ئىقتىسادچىللىق بىلەن باشقۇرۇشنى تەۋسىيە قىلغان».

3. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردا تەشكىلاتىدا مۇھىم مەنسەپ ئىگىسى قوۋۇقچىباشى، يەنى «قابۇغ ئىل باشى»

(ئىشىكئاغىسى) بولۇپ، ئوردا تەشكىلاتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى: ئوردىدا ئىشلەيدىغان ھەر خىل خىزمەتچىلەرگە مۇناسىپ ئادەملەرنى ئېلىش، خىزمەتكە تەيىنلەش، خىزمەتتىن بوشىتىش، ئوردا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئوردىنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىگە مەسئۇل بولىدۇ. قورۇقچى بېشى «ئىشىكئاغىسى» قول ئاستىدا بولۇپ، ھۆكۈمدار (بۈيۈك خاقان) نىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئاشپەز، شارابچىلار، ئوۋچىلار، قۇشچى (بۈركۈتچى)، ئوقچى، ئوقياچىلار قاتارلىق ئەمەللەرگە كىشى بەلگىلەش، ئۇنى خىزمىتىگە سېلىش مەسئۇلىيىتى قورۇقچى بېشىنىڭ ۋەزىپىسى. بولۇپمۇ ئوردا سارايىنىڭ كېچىلىك، كۈندۈزلۈك مۇھاپىزەت قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەيت قىلىشىدىن قارىغاندا، قورۇقچى بېشى ئوردىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش جەھەتتە قوغدىغۇچى ئەسكەرلەرنىڭ قوماندانى بىلەن ھەمكارلىشاتتى. ھەتتا مۇھاپىزەتچىلەر قىسىملىرىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەيتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرىنىڭ قانداق ئۇنۋانلىرى بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. شۇنداقتىمۇ ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردا سارىيىدا ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئادەم قورۇقچى بېشى ھېسابلىناتتى.

4. جاندار (قوغدىغۇچى) قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ باشلىقىغا بېرىلگەن ئىسىم بولۇپ بۇنى «ئەمىرى جاندار» دەپ ئاتايتتى. بۇ خىل مەنسەپكە غەربىي قاراخانىيلاردا ھۆكۈمدارنى ۋە ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىنى جاندار ئەمىرى دېگەن بولسا، شەرقىي قاراخانىيلاردا بۇ خىل مەنسەپنىڭ قوللانغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردا سارايدىكى يۇقىرىقىلاردىن

باشقا قاراخانىيلار ئوردىسىدا قوراللارغا قارايدىغان قورال ئىسكىلاتىغا مەسئۇل كىشىنى «سالاھدار» (قورال باشقۇرغۇچى) دېگەن نام بىلەن ئاتايتتى. بۇندىن باشقا قاراخانىيلار ئوردىسىدا مەخسۇس قورالچىلار گۇرۇپپىسى بولۇپ، ھۆكۈمدارنىڭ تۇغىنى كۆتۈرۈش، قوغداشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدا ساراي خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىچىدە «ئاشچىباشى» (ئاشپەز) باشلىقىدىكى مەنسەپلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھۆكۈمدارنىڭ ھۇزۇرىغا داستىخان سېلىش ئىشىغا بىۋاسىتە مەسئۇل بولاتتى ۋە ئوردا سارايدىكى ئاشخانىلارنى باشقۇراتتى. بۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ يۇقىرى بولۇپ، ھۆكۈمدارنىڭ جېنىنى قوغداشتىكى مۇھىم شەرت ئىدى. ئاشپەزلىك ئىشىغا پاك بولۇش، توغرا، دۇرۇس تاللانغانلاردىن بولۇش ئىشەنچلىك، پىششقان ئادەملەردىن بولۇش شەرت قىلىناتتى. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدىكى 2828 ـ، 2835 ـ بېيىتلەردە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەنىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردىدىكى ئاشپەزلەرنىڭ مۇھىملىقىنى ئېيتىپ، ئىدىشچىباشىنى تىلغا ئالغان. بۇ قاراخانىيلار زامانىسىدا ھۆكۈمدارلارنىڭ سارايدا بېرىلىدىغان زىياپەتلەرنىڭ ئىچىملىكلىرىنى تەييارلاشقا مەسئۇل بولغۇچىلار باشلىقىنى ئىدىشچىباشى، يەنى «ئىچىملىك باشقۇرغۇچى» دېيىلەتتى. بۇنىڭغا مەسئۇل بولغۇچىلارنىڭ ئىشەنچلىك سىنالغانلاردىن بولۇشى، ياش بولۇشى (ساقالسىز)، رەڭگىرويى كۆركەم، پاكىز، يۈزى تولۇن ئايدەك، بويى تال چىۋىقتەك، چېچى قارا، مەڭزى قىزىل بولۇشى كېرەكلىكى ئۈستىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنىڭ 2916 ـ، 2920 ـ بېيىتلىرىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتكەن.

قاراخانىيلار ئوردا ساراي خىزمەتچىلىرىدە «ئىلباشى» (ئاتخانا باشلىقى)، «كېمىچى باشلىقى»، «تۆشۈكچىلەر»،

«تۇغچىلار» ، «قۇشچىلار» ، «ئوقچىلار» ، «ياچىلار» قاتارلىق مەنسەپ ئىگىلىرى بولۇپ، ساراي خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنانتتى. سارايدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە: «سارايغا كىرگەندە دىققەت قىل، سېنى كىم قەدىرلىسە شۇنىڭ ئۇنى ھۆرمەت قىل، كۆرەڭلىمە، قولۇڭنى پۇلاڭلىتىپ كىرمە، سالام بەرگەندە ئاسۇۋاپىق ھەرىكەتلەرنى قىلما، كىشىلەرنى رەنجىتمە، ئۇلارغا نازاكەتلىك بول» دېگەندەك تەربىيەلەر بېرىلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ساراي خىزمەتچىلىرى ئوردا تەشكىلىدە مۇھىم روللارنى ئوينىغانلىقى، بۇلار خىزمەتتە بالداقمۇبالداق ئۆرلىگەنلىكى بىلەن شەرەپكە ئېرىشكەن.

## 4. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدلىيە مەھكىمىلىرى

قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن دىنىي ئەدلىيە مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلغانىدى.

ئىمام مەۋرەت دېگەن مەھكىمە قۇرۇلۇپ بۇ جازا مەھكىمىسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ مەھكىمىدە ھۆكۈمدار (قازى كالان) ، قازى قۇززات[①] قازى كالاننىڭ ئورۇنباسارى، مۇپتى مەھكىمە شەرىئەتنىڭ باشلىقى (ھۆكۈم چىقارغۇچى) ، قازى سوراقچى، قازى رەئىس مەھكىمە شەرىئەتنىڭ ئىجرائىيە تەپتىش قاتارلىق ئەمەلدارلاردىن تەشكىل قىلىناتتى. ھۆكۈمدارنىڭ يېنىدا قازىلار ۋە ئالىملار بولۇپ، مەھكىمە شەرىئەتنى باشقۇراتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەخت ۋە ھەرقايسى مەركىزىي شەھەرلىرىدە

① قازى كالان (قازى قۇززات) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ مەركىزىي پايتەختتىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ چوڭ ئەمەلدارى بولۇپ، مەركەزگە قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك مەھكىمىلەرگە خادىملارنى تەيىنلەش، ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۇلارنىڭ ھۆكۈم پەتىۋالىرىنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.



www.uyghurkitap.com

قازى ئەدلىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىنغانىدى. مەھكىمىنى ئىدارە قىلىش، ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى جازا مەھكىمە تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن قازىلار باشقۇراتتى. ئۇلار ھەم جازا مەھكىمە مەيدانىغا چىقاتتى. بۇنىڭ بىلەن مەھكىمە ئەدلىيە مەھكىمە ئىشلىرىنىڭ يۇرگۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بولاتتى. دۆلەت خادىملىرىنىڭ خەلققە زۇلۇم قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسى جازا مەھكىمىسىنى ئوردا تەشكىلات قاتارىدىكى ئورۇنغا ئىگە قىلغانىدى. بۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنىدى. شۇڭلاشقا، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ مەشھۇر ھۆكۈمدارى تامغاچ بۇغراخان ئىبراھىم بىننى ناسىرنىڭ ئەبۇ نەسىر مەسئۇد بىننى ئەھمەد بىننى ئىسمايىلنى سەمەرقەندنىڭ ئەتراپىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئەدلىيە باشلىقىغا تەيىنلىگەنىدى. شەرىئەت دەۋالىرىنى ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ قازىسى بىر تەرەپ قىلاتتى. تامغاچ خان ئىبراھىم زامانىسىدا بۇخاراغا قازى بولغان ئىمام پەخرىددىن ھەسەن بۇخارادىكى ئىشلارنى باشقۇرغانىدى. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى تامغاچ بۇغرا خاقان ئەبۇ ئەلى ھەسەن زامانىسىدا شەيخ ئىمام ئەبۇبەكرى مۇھەممەد بىننى ئەبدۇسسەمەت بىننى ئىسمايىل ئەل بۇخارى ئىسىملىك بىر زات يەكەن قازىسى بولغان. غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پايتەختى سەمەرقەندتە بىر باش قازى (قازى قۇززات) تۇرغۇزۇلغانىدى. شەمسۇل ـ مۇلۇك خاننىڭ ئىنىسى ئەبۇ شۇجائ خىزىر بىننى ئىبراھىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان زاماندا ئەبۇ ناسىر ئەھمەد بىننى سۇلايمان بىننى ناسىر بىننى ھاتەم بىننى ئەلى بىننى ھەسەن ئەل كاسانىنى سەمەرقەند باش قازىسى قىلغانىدى. يەنە ھەربىي دەۋالارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئەسكىرىي قازى مۇئەسسەسەلىرى بولۇپ، ھەربىيلەرنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە قازى ھەققىدە بەرگەن بايانلىرىدا، بىر ھۆكۈمدار، ئۈچ ئىشقا تاللانغان

ئادەملەردىن قويۇلۇشى لازىم. بۇلار قازى، خەلىپە، ۋەزىرلەردىن ئىبارەت.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قازى ئۈستىدە توختىلىپ، «ئۇ قازىنىڭ خەلققە پايدىسى تېگىش ئۈچۈن ئىنتايىن پاك ۋە تەقۋادار بولۇشى لازىم» دەپ مۇنداق خىتاب قىلغان:

بىرى قازى بولسۇن ئۇ بەگ پاك ـ ئىرىغ،
تەقۋادار بولسۇن ئۇ خەلققە پايدىلىق①.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدە قۇرۇلغان جازا مەھكىمىلىرىدىكى جازا بېرىش قازىلىرى بولسۇن، مەيلى ئومۇمىي مەھكىمە قازىلىرى بولسۇن، مەلۇم شەھەر ئەتراپىدىكى يەرلەرنىڭ خەلق دەۋالىرىنى سوراش ئۈچۈن تەيىنلىنەتتى. شۇڭلاشقا، قازىلار مەركەزنىڭ خىزمەتچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەرلىك تەشكىلاتلاردىمۇ ئورۇن ئالغانىدى. «قۇتادغۇبىلىك» تە تەقدىم قىلىنغان شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ھەسەن زامانىسىدا ئۇلۇغ خاقاننىڭ ئوغلى يەكەن ۋالىيسى چاغرى تېكىن ئەبۇ مۇسا ھارۇن نامىدا يەكەننىڭ ئومۇمىي قازىلىق مەنسىپىدە بولغانىدى. ئۇ قازىلىق ئورنىدا ھۆكۈم چىقارغاندا ئالدى بىلەن چوڭ خاقان، كېيىن ئوغلى يەكەن ھاكىمىنىڭ نامىدا ھۆكۈم چىقارغانلىقى، ئوغلىنىڭ يەكەننى ئىدارە قىلغانىدىكى ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئەدلىيە ئىشلىرى چوڭ خاقاننىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغانىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ بىر تارمىقى بولغان شەھەر ئىشلىرىنى

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 5328 ـ، 5329 ـ بېيىتلار.

باشقۇرىدىغان مۇھتەسىبلەر بار ئىدى.

مۇھتەسىبنىڭ ۋەزىپىسى كۆپرەك ئىسلام دىنىنىڭ پەرىز، ۋاجىپلىرىنىڭ بېجىرىلىشىگە، ئەمەلگە ئېشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەمەل قىلمىغانلارغا جازا بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا بىكار تەلەت پاسىقلارنى سۈرۈشتە قىلىپ مۇنداقلارنى كونترول قىلىش، مەسچىت ـ جامەلەرنى تولۇقلاش، يامان ئىش، يامان ئادەتلەر ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىش، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى ئۆلچەم ـ قائىدە بويىچە يۈرگۈزۈشكە ۋە تىجارەتتە ھىيلە ئىشلەتكۈچىلەر بىلەن قەرزلىرىنى تۆلىمىگەنلەرنى سۈرۈشتۈرۈپ جازالاش، ھۈنەرۋەن كاسىپلەرنىڭ ئىشلىگەن ماللىرىنىڭ سۈپىتىگە دىققەت قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتكە بېرىپ، جۈمە نامىزىنى ئوقۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، روزا تۇتمىغانلارنى سۈرۈشتۈرۈش، مۇددەتلىرى توشماي تۇرۇپ توي قىلىۋالغان ئەر ـ ئاياللاردىن ھېساب ئېلىش، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇنلىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت.

# ئۈچىنچى باب
# قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي قوشۇن

www.uyghurkitap.com

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي تەشكىلى قەدىمدىن بېرى تۈركىي ۋە ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا داۋاملىشىپ كەلگەن قوشۇن بولۇش ئەنئەنىسى ئاساسىدا ھەربىي تەشكىلاتنى قۇرغانىدى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي ئىشلار قەدىمكى دەۋرلەردىكى تۈرك، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەربىي خاراكتېرىنى قەدىمكى ئاساسىدا، ئارمىيە تەركىبىنى تۆت جەڭگىۋار ئامىل ئاساسىدا تەشكىل قىلغانىدى.

1. قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئوردىدىكى مۇھاپىزەتچىلەر قىسمى.

2. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى خاس ئارمىيە قىسمى.

3. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاندان ئەزالىرى بىلەن دۆلەتكە قاراشلىق ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئەسكىرىي قىسمى.

4. قاراخانىيلار سۇلالىسىگە تەۋە چىگىل – قارلۇق، ئوغراق، ياباقۇ ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تەشكىلاتىغا مەنسۇپ ئەسكىرىي قىسمى. قاراخانىيلار دۆلىتى قەدىمدىن بېرى تۈركىي ۋە ئۇيغۇرلار تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى بولغان ئارمىيىنى قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، ئۇرۇشتىكى جەڭگىۋارلىقنى ئاشۇرۇش قاتارلىق ئامىللارغا كۆڭۈل بۆلگەن.

1. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي مۇھاپىزەتچىلەر قىسمىنىڭ ۋەزىپىسى: مەركىزىي ئوردىدا بۈيۈك خاقاننى قوغداشتىن ئىبارەت. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بايان قىلىنىشچە، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزىي مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئوردا ـ قەلئە مۇھاپىزەتچىلىرىگە ئوخشاشلا «تايغاق»[①] ، قوشۇن قارارگاھىنى «توي» خاننىڭ قارارگاھىغا ئوخشاش خان توي دەپ ئاتايتتى[②] .

تايغاقلارنىڭ ۋەزىپىسى، مەركىزىي ھۆكۈمدارنى (بۈيۈك خاقان) نى، ساراي ـ ئوردا ياكى قەلئەلەرنى ساقلاش ئىدى. پەقەت كېچىدىلا نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان جەڭگىۋار قىسىم «ياتقاق» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ نۇقتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە «كۈندۈزى تۇرغاق» ، «كېچىسى ياتقاق» نۆۋەتتە تۇردى دېيىلگەن. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك ياتقاقلارنىڭ ۋەزىپىسى مەركىزىي ھۆكۈمدارنى «بۈيۈك خاقان» يالغۇز سارايدىلا ئەمەس، ساراي سىرتىدىمۇ مۇھاپىزەت قىلىش، نۆۋەتتە تۇرۇش ئۇنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقان «تۇرغاق»قا كەلسەك «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مەنبەلەر بويىچە چۈشەندۈرگەندە بۇلارمۇ سارايىنى ياكى ھۆكۈمدارنى كۈندۈزى ساقلايدىغان مۇھاپىزەتچىلەردۇر. بۇلارنىڭ ساراي ئىچى ۋە ساراي تېشىدا ھۆكۈمدارنى مۇھاپىزەت قىلىشتەك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانلىقى ئېنىق. بۇ ھەر ئىككى ئىبارىنى قاراخانىيلار سۇلالىسى تەشكىلاتىدىكى ھەربىيلەردىن بۇرۇن ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا كۆكتۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلغانلىقىنى بىلىمىز.

2. قاراخانىيلار سۇلالىسىگە خاس ئارمىيە قىسمى.

قاراخانىيلار دۆلىتىدە مۇنتىزىم، قۇدرەتلىك ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 56 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 193 ـ بەت.

ئۆزىنىڭ خاس قىسمىنى تەشكىل قىلغانىدى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەنبەلەرگە قارىغاندا، «سۇ» قوشۇن ئەسكىرى دېگەنلىك بولۇپ، ئارمىيە قوماندانىنى «سۇ بېشى» (باش قوماندان) رىياسەتچىلىك قىلىدىغان دۆلەت ئارمىيە مەركىزىي قىسمىدا مائاش ئالىدىغان خاس دۆلەت ئارمىيىسىدىن تەشكىل تاپقان قىسىم ئىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەربىي تەشكىلاتىدا مەخسۇس ھەربىي ئىشلارنى ئىنتىزام بويىچە باشقۇرىدىغان دىۋان بولاتتى. ھەربىي ئىشلاردىكى «دىۋان» دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ مۇلازىمەت قوشۇن ئېھتىياجىغا كېرەكلىك نەرسىلەرگە مەسئۇل بولۇپ، دۆلەتتىن ئەسكەرلەرگە بېرىلىدىغان ئايلىق مائاشىنى باشقۇراتتى. بېرىلگەن ئايلىق مائاشىنى خاتىرىلەشتە، «بېتىكچى» (كاتىپ) لار دەپتەرنى تۇتاتتى. ئەسكەرلەرنى ئىنتىزام، قائىدە ـ تەرتىپ بويىچە يوقلىما قىلاتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدا «ھەربىي دىۋان» بولغاچقا ئەسكەرلەرنىڭ مائاشى، ھوقۇقلىرى يېزىلغان دەپتەرنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئايپۇتۇكى» (ئايلىق دەپتەر) ئەسكەرلەرنىڭ ئىسمى تەمىناتى يېزىلىدىغان دەپتەر[1] دەپ ئاتىغانلىقى قەيت قىلىنغان. يەنە شۇنداقلا ھەربىي ئىشلارنى ئىشلەيدىغان مەخسۇس ئورۇنلارنىڭ بارلىقى مەلۇم. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «يۇزۇلدى» ئۆچۈرۈلدى، يوقىتىلدى، ئۇنىڭ ئىسمى خانىنىڭ ئايلىق دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈلدى[2] دېيىلىشى ھەربىي ئىشلاردا مۇقىم ھەربىي دىۋان ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ھەربىي ئىشلار دىۋانى تەرىپىدىن تۇتۇلغان دەپتەرگە «ئايپۇتۇكى» ياكى قىسقارتىپ «ئاي» دېگەن قەدىمكى تىل بىلەن بېرىلىشى

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 56 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 104 ـ بەت.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ھەربىي ئىشلارنىڭ مۇنتىزىملىق دەرىجىسىدىكى يۇقىرى باشقۇرۇش ئىلمىي سىستېمىسىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ئەمەس، ئۇيغۇرلاردا بۇرۇن يولغا قويۇلغانلىقى، مۇكەممەللەشكەن ھەربىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنىڭ ئەزەلدىن بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ خىل دۆلەت ھەربىي ئەسكەرلەر قىسمىنى مائاش بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى ئەسكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتا، ئارمىيەدىكى تەلىم - تەربىيەنى كۈچەيتىپ، ئارمىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشتە مۇھىم روللارنى ئوينىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىگە قاراشلىق جايلاردىكى خەلقتىن دىنىي قانۇن بويىچە ئەسكەر قوبۇل قىلاتتى. شۇنى قايتا ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قاراخانىيلار بىلەن زاماندىش سالجۇقىيلاردا ئوردا ئەسكەرلىرىگە يىلدا تۆت قېتىم مائاش بېرىلەتتى. ئەمما، قاراخانىيلارنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئايدا مائاشنىڭ بېرىلىشى ئەينى دەۋردە قاراخانىيلارنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ سۇ بېشى (ھەربىي قوماندان) ئەتراپىغا مەرد، جەسۇر يىگىتلەرنىڭ توپلانغانلىقىنى، ۋەتەن ئۈچۈن شان - شەرەپ كەلتۈرىدىغان ھەربىي قوشۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ھەربىي قوشۇننىڭ سانى توغرىسىدا خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارىدىن مۇھەممەد ئارسلانخاننىڭ (مىلادىيە 1102 -، 1103 - يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) خاس قوشۇنى 12 مىڭ تۈرك قۇللىرىدىن تەشكىل قىلىنغانىدى، دېيىلگەن①. بۇ سان غەربىي قاراخانىيلارنىڭ سالجۇقىيلار قولىغا ئۆتكەن ۋاقتىدىكى سان ئىدى. بۇ سان دۆلەت ئىككىگە ئايرىلىشتىن بۇرۇن،

① قەۋمەددىن بودىسلان «ئىراقتا خۇراسان سالجۇقىلارنىڭ تارىخى»، ئىستانبول 1943 - يىل نەشرى.

www.uyghurkitap.com

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاس قوشۇنلىرىنىڭ تەخمىنەن كۆپ بولۇش مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا «12 مىڭ قوشۇننىڭ زور كۈچ ئىكەنلىكى» نى بايان قىلغىنىغا قارىغاندا بۇ خاس قوشۇننىڭ تۆرلۈك قوماندانلار تارىخىدىكى ئەسكەر بىرلىكىنى ئىپادىلەيدىغان قۇدرەتلىك بىر جەڭگىۋار بىرلىك بولغانلىقى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

3. خاندان ئەزالىرى بىلەن ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئەسكەرلىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە دۆلەتنىڭ يىراق رايون ياكى ۋىلايەتلىرىنى قوغداپ ئىدارە قىلىشقا مەسئۇل بولغان. خاندان ئەزالىرىنىڭ قوماندانلىرى ئاستىدا ئايرىم قوشۇنلىرى بولغانىدى. قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي تارىخىدىكى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشىگە باشلىغان مەزگىلدە ماۋەرائۇننەھردىن ئىبارەت غەربىي رايوننى ئىدارە قىلىۋاتقان ئىلىك ناسىرنىڭ ئوغۇللىرى شەرقىي رايوننى ئىدارە قىلىۋاتقان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغۇللىرىغا قارشى ئەسكەر ئىشلەتكەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قولىدىكى شاش، مىڭلاق، تۇنكاس ۋە پەرغانىنى ئەسكەر كۈچى بىلەن بېسىۋالدى.

شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك خاقانى سۇلايمان ئارسلان خان بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى تىراز، ئىسفىجاپنىڭ ھاكىمى مەھمۇد خان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، ئاخىر سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقان ئۇرۇشقا ئوخشاش، ئىبراھىم بىن مۇھەممەد خان (مىلادىيە 1057 ـ، 1059 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) مۇ بارسغان ھاكىمى ئىنال تېكىن بىلەن ئۇرۇش قىلغان ۋە بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپتىن زور چىقىم بولۇپ، نەتىجىدە بۇ ئۇرۇشتا ھاياتىدىن ئايرىلغانىدى. تارىختا بولۇپ ئۆتكەن قاراخانىيلارنىڭ ئىچىدىكى خاندان

ئەزالىرى ئۆزلىرىگە قاراشلىق ھەربىي كۈچلەرنى ئىشقا سالغانىدى. «تارىخىي كامىل» نىڭ ئاپتورى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ تامغاچ بۇغرا ئىبراھىم خاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ھەققىدە نەقىل كەلتۈرگەن بۇ ۋەقەمۇ بىزنى ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە: پالەچ بولۇپ قالغان تامغاچ بۇغرا خان ئىبراھىم ئۆز ئورنىنى ئوغلى شەمسۇل ـ مۇلۇك ناسىرغا بوشىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر باشقا ئوغلى توغان خاننىڭ دادىسى بىلەن قېرىندىشىنى سەمەرقەندتە مۇھاسىرىگە ئالىدۇ. 500 نەپەر غۇلامى بىلەن شەھەردىن تۇيدۇرماي چىققان شەمسۇل ـ مۇلۇك ناسىرنىڭ تۈن ھۇجۇمى قىلىپ غاپىل ياتقان قېرىندىشى توغان خاننى تۇتقۇن قىلىدۇ. ئوتتۇرىدا بولغان بۇ ئۇرۇشلاردىن شەمسۇل ـ مۇلۇكنىڭ دادىسى ساق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قول ئاستىدا غولاملارنىڭ بارلىقىنى، قېرىندىشى توغان خاننىڭمۇ ئۇلارنى مۇھاسىرە قىلغۇدەك خۇسۇسىي ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى خاندان ئەزالىرىنىڭ ئىدارە قىلىپ تۇرغان رايونلاردا چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ھەربىي كۈچ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇمدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تارىخىدىكى يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي قوشۇنى بىرەر ۋەقە يۈز بەرگەندە خاندان ئەزالىرى ئۆز قوشۇنى بىلەن كېلىپ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇدرەتلىك ھەربىي قوشۇنىنى مەيدانغا كەلتۈرەتتى. ئورنى زەئىپلەشكەن ياكى بوش قالغان يىللاردا بولسا ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلاتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاندان ئەزالىرىدىن باشقا يەرلىك ۋالىيلارنىڭ ۋە باشقا قاراخانىيلاردىكى دۆلەت خادىملىرىنىڭ قول ئاستىدىمۇ ھەربىي كۈچلەر بار ئىدى.

تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ھۆكۈمدارلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئاتلىق ۋە پىيادە مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى بولغان ئادەملەرنىڭ دەرىجىسى بويىچە يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگە قاراپ

«ئەسھابى ئەتراپ»، «ئەزىزانە دەرگاھ»، «نەۋبەتى سالاران» دەپ بىلدۈرۈلۈشى ھۆكۈمرانلاردىن باشقىلارنىڭمۇ ئەسكىرىي قوشۇنى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز يۇقىرىدا دېيىلگەندەك يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەلۇماتىدىكى ھاجىپ ۋە ئۇرىدا قورۇقچىسىغا ئوخشاش دۆلەت خادىملىرىنىڭ قول ئاستىدا غۇلاملارنىڭ بولغانلىقىغا دائىر خاتىرىلىرىدىن ئۇلارنىڭ ھەم خاندان ئەزالىرىنىڭ قول ئاستىدىمۇ مائاشلىق قىسىملارنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز.

4. دۆلەتكە تەۋە چىگىل، قارلۇق، ئوغراق ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنىڭ تەشكىلاتلىرىغا مەنسۇپ ئەسكەر قىسمى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت چېگراسى ئىچىدە ياشىغان چىگىل، قارلۇق، ئوغراق ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ تەشكىلاتلىرىغا مەنسۇپ بۇ قىسىملارمۇ قاراخانىيلار دۆلەت ئارمىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىپ، قۇدرەتلىك، جەڭگىۋار، جاسارەتلىك، جۈرئەتلىك ئارمىيە تەشكىل قىلغانىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئارمىيىسى تەركىبىدىكى چىگىللەر ئەينى زاماندا مۇھىم بىر كۈچ ھېسابلىنىپ مۇھىم تۆھپە قوشقانىدى. مەسىلەن، مىلادىيە 1089 ـ، 1090 ـ يىللار غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئارمىيىسىدىكى چىگىللەرنىڭ قوماندانى ئەينۇددەۋلە قاراخانىيلار بىلەن سالجۇقىيلار مۇناسىۋىتىدە مۇھىم رولىنى ئوينىدى.

قارلۇقلار ئىسسىقكۆلدىن ئىسفىجاپنىڭ جەنۇبىغا، چۇ دەرياسى ۋە ئىلى ۋادىلىرىغىچە بولغان كەڭ رايوندا ياشىغان. ئۇلارمۇ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئارمىيە تەركىبىدە بار ئىدى.

قاراخانىيلار تارىخىنى ئۇزۇن يىللار تەتقىق قىلغان پىرىتساك قاراخانىيلارنىڭ جەڭگىۋار كۈچىنىڭ تەركىبىدە قارلۇقلارنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى، بۇخارا ئەتراپىدىكى «قارلۇق ئوردۇ» نامىدىكى بىر ھەربىي قارارگاھنى مۇستەھكەم ساقلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ 11 ـ ئەسىردە ماۋەرائۇننەھرگىچە



www.uyghurkitap.com

كۆچۈپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن[1] . كۆپ سانىي تەشكىل قىلغان قارلۇقلار بۇ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىرى بىلەن بىر سەپتە شۇ دەۋردىكى سىياسىي كۈرەشلەرگە قاتنىشىپ بىللە بولغانىدى.

مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە دېيىشىچە، قاراخانىيلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلىرى (ئىدىقۇت) چېگراسىدا ياشىغان ئوغراقلار[2] مۇ بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى ئۇرۇشتا قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ئارمىيىسى ئىچىدىن ئورۇن ئالغانىدى[3] . مىلادىيە 1041 ـ يىللىرى شەرقىي شىمالدا باش كۆتۈرگەن ياباقۇلار تەھلىلكىسىگە قارشى بولسىمۇ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارىغا تەۋە بولۇشنى قوبۇل قىلغان باسمىل ۋە چومۇللارمۇ مەشھۇر ياباقۇ قوماندانى بوغى بۆكە بۇدراجىنىڭ يېڭىلىپ، ئەسىرگە چۈشۈشى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇرۇشلاردا قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ئارمىيىسىدە بولغانىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تەشكىلاتىغا مەنسۇپ قىسىملارنىڭمۇ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئارمىيىسىدە ئورۇن ئالغان.

## 1. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قوماندانى ۋە ھەربىي ئىستراتېگىيىسى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىدە ھاكىمىيەتنىڭ ئاساسى بولغان ئارمىيىنى كۈچەيتىشتە قوماندانىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق

① پىرىتساۋ: «قاراخانىيلار» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۈركچىسىدىن.
② ئوغراق ـ ئوغراق چېگراسىدىكى «قارايىغاچ» دەپ ئاتىلىدىغان جايدا ئولتۇراقلاشقان تۈرك قەبىلىسى «دىۋان»، 1 ـ توم، 161 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرى، 3 ـ توم، 254 ـ بەت.

قوماندانغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر بېكىتىلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختالغان. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دۆلەت ئارمىيىسىنى قۇدرەتلىك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا، ئۇرۇشتىكى جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشتا، قوماندانىنى يىپ ئۇچى قىلىپ تۇرۇپ، ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسى مەسىلىسىدە قوماندانىدا بولۇشقا تېگىشلىك سۈپەت، ئۆلچەم بايان قىلىنغان. قوماندانىدا باشقۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى، ئارمىيىدە تەلىم ـ تەربىيىنى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇشنىڭ مۇھىملىقى، ئارمىيىدە ئىنتىزامنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، قوشۇننى خىل قوراللاردىن ياراملىق قىلىپ تەشكىللەشنىڭ لازىملىقى، ئارمىيىنى ئىشقا سېلىشتا قوللىنىلىدىغان ئىستراتېگىيە، تاكتىكا مەسىلىلىرى ئىلمىي ھالدا شەرھلەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا قوماندان ئۈچۈن «سۇ باشلار ئەر»، «سۇ باشلار كىشى»، «سۇ باشچىسى»، «سۇ بېشى» گە ئوخشاش ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن. قاراخانىيلار ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئارمىيىنى «سۇ» دەپ ئاتىغان①. «سۇ بېشى» دېگەن ئاتالغۇ ئۇرۇش قوماندانى، ھەربىي قوماندان مەنىسىدە قوللىنىلغان. شۇڭا بۇ «سۇ بېشى» ئاتالغۇسىنى قوماندان دەپ ئالدۇق.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ھەربىي يۈرۈشتىكى ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ ھۆكۈمدار (بۈيۈك خاقان) نىڭ ئۆزى ياكى شاھزادىلەر، «سۇ باشلار» (قوماندان) رەھبەرلىك قىلاتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ئارمىيىنى قۇرۇش ۋە ئىدارە قىلىش ئىشى «سۇ باشلىماق» دەپ ئاتىلاتتى. قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلىرى ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى سۈغا

① سۇ ـ قوشۇن، ئەسكەر، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 288 ـ بەت.

ئوخشىتاتتى. سۇ ئاققاندەك نۇرغۇنلىغان قوشۇننىڭ يۈرۈشىنى «سۇ ئاقتى» دەيتتى.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، قاراخانىيلار ئارمىيىسىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە بىزنى بىرقەدەر تولۇق مەلۇماتقا ئىگە قىلغان ئەسەربىرى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، يەنە بىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدۇر.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە مىلادىيە 1041 ــ، 1042 ـ يىللىرىدا ياباقۇلار ۋە ئىتتىپاقداشلاردىن تەشكىل قىلىنغان غەيرىي مۇسۇلمان تۈركىي تىللىق خەلقلىرىگە قارشى بەكەچ ئارسلان تېكىننىڭ قوماندانلىقىدا ئەۋەتىلگەن قاراخانىيلار ئارمىيىسىنىڭ 40 مىڭ كىشىلىك ئىكەنلىكىگە دائىر خاتىرىسى[①] بىزنى بۇ جەھەتتە بىر مەلۇماتقا ئىگە قىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ۋە 4 مىڭ ئەسكەرنىڭ بىر قوشۇن، 12 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىنىڭ بولسا چوڭ قوشۇن ئىكەنلىكى ھەققىدىكى خاتىرە[②] بىزگە ھەر ھالدا قاراخانىيلار قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ مىنىمال ۋە ماكسىمال سانىنى كۆرسىتىپ بەردى.

## 2. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ھەربىي قوشۇننىڭ تەرتىپ ـ ئىنتىزامى

قاراخانىيلار ئارمىيىسى يۈرۈشكە چىققاندا پولاتتەك تەرتىپ، يۈكسەك ئىنتىزام بويىچە ھەرىكەت قىلاتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئارمىيە

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم.
② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» دىكى 2334 ـ، 2335 ـ بېيىتلار.

قومانداني ئۇستىدە توختىلىپ، «بىر ھەربىي قوماندان ئۇچۇن چاققان ھەم جاسارەتلىك، تەجرىبىلىك ھەم پاراسەتلىك، قەيسەر، يۈرەكلىك بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ. قوماندانىدا يۇقىرىقى پەزىلەتلەر بولۇشتىن تاشقىرى يەنە قوماندانىدا ئۇرۇشتا چارلاش، تۇتقاق[①] نى بىلىش كېرەك. يەنى دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىشتە، ھەربىي قىسىم ئۇرۇشتا، تەييارلىق قىلىشتا ئەڭ ئاۋۋال دۈشمەن تەرەپتىكى جايلارنى تەكشۈرۈش، خەۋەر ئېلىش بىلەن دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمىلىرىنىڭ بار ــ يوقلۇقىنى ئېنىقلاشنى «ئول يولۇغ بىلىملىرى»[②] دېگەن سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ دۈشمەن تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرگەن.

دۈشمەن ئەھۋالىنى پىششىق بىلىشتە قوماندان «يېزەك»[③] نى بىلىش كېرەك (يېزەك ــ چارلاش، رازۋېدكا قىلىش قىسمى). يېزەك ئارقىلىق ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇش قانۇنىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ، دېگەن پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى ھەربىي ئىلىمدىكى نازۇك ھەربىي سەنئەت بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە «قوماندان»، «يېزەك» (ئالدىنقى قىسىم) دە «تۇتقاق» (چارلاش گۇرۇپپىسى) لارنى تاللاپ چىقىش، بۇلار ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن كۆز، قۇلاقلارنى يىراقلارغا قارىتىش كېرەك دەپ كۆرسەتكەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قىسىملارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى تىلغا ئېلىپ، ئاۋۋال ئالدىنقى قىسىمنى، كېيىن يۈرتۇغلارنى

---

① مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تۇتقاق ــ تىل تۇتقۇچى كېچىسى دۈشمەننىڭ كۆزەتچىلىرى ئالدىنقى ئايغاقچىلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئاتلىق قىسىم» دېيىلگەن. 3 ــ توم، 56 ــ بەت.

② ئول يولۇغ بىلىملىرى ــ «دىۋان»، 3 ــ توم، 343 ــ بەت.

③ «يېزەك» قەدىمكى ئۇيغۇرچىدە ئالدىنقى چارلاش قاراۋۇلىنى «يېزەك» سۆزى بىلەن چۈشەندۈرگەن.

ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ئالدىنقى قىسىمدىن كېيىن مۇھاپىزەتچى قىسىم، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ھۆكۈمدار ماڭاتتى.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» تە خان ۋە دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن بىرگە چىققان قىسىمنى «مۇھاپىزەتچى قىسىم، يۇرتۇغ» دەيدۇ.

بۇ يۇرتۇغلار ساراي مۇھاپىزەتچىلىرى ۋە باشقا مۇھاپىزەتچى ھەربىي قوشۇنلاردىن تەشكىل قىلىنغان. يۇرۇشتىكى سەپەر ئۈستىدە ھېچكىم ئارقىدا قالمايتتى. تۆۋەن دەرىجىلىكلەر چوڭلارغا، ئەربابلارغا ئارىلاشمايتتى. يىراقتا تۇرۇشقا تېگىشلىكلەر يېقىن كەلمەيتتى. كىشىلەرنىڭ ئوردا سارايدىكى تەرتىپى قانداق بولسا يۈرۈشتىكى سەپەردىمۇ شۇنداق بولاتتى. يۈرۈشتە ھۆكۈمدار (بۈيۈك خاقان) لارنىڭ ئالدىدا بايراق، تۇغچىلار، قوراللىق قىسىملار ماڭاتتى.

خان (خاقان) سەپەردە بىردىن يېتىلەك ئات ئالاتتى. بۇ «قوش ئات» دېيىلەتتى. ھۆكۈمدار (بۈيۈك خاقان) ئارقىسىدىن خاس ھەربىي قوشۇنلار بىلەن ئۇرۇشقا ماڭغان شاھزادە بەگلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ماڭاتتى. قوشۇننىڭ ئاتچىسى، ئوڭ ـ سولدا ئامانلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىسىملار بولاتتى.

مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار دۆلىتى دەۋرىدە ھەرىكەت ـ پائالىيەت ئېلىپ بارغان چاغدا قوشۇننىڭ مەلۇم ۋاقىت توشۇپ قونالغۇ قىلغان ئورۇننى «ئوردۇگاھلارنى» ، «توي» ، قارارگاھ قوشۇن، قارارگاھى، «خان توي» (HANTOY) ، خاننىڭ قارارگاھى دەيتتى①.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ئوردۇگاھ قۇرۇش ھەققىدە دىققەت قىلىدىغان مۇھىم نۇقتىلار دەپ تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىدۇ: «ھەربىي قوماندان ئوردۇگاھ

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 192 ـ بەت.

قورۇشتا قوغدىنىشقا ئەپلىك جاي تاللىشى، ئەسكەرلەرنى ئوردۇگاھقا توپلىيالىشى، تارقاقلىششىنى توسۇشى، تاللانغان ئوتى بار، سۈيى قولايلىق يەرلەرنى تاللاپ ئوردۇگاھ قورۇشقا دىققەت قىلىش لازىم» دەيدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسەرىدە ئوردۇگاھلاردا كېچىلىرى ئامانلىقنى ساقلاش تەدبىرلىرى ئەڭ مۇھىم. بولۇپمۇ كېچىلىرى دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلىش، بۇنىڭغا «ئاقىنچى» (ئېقىنچى) كېچىسى بېرىپ دۈشمەننى باسىدىغان قوشۇن قويۇلۇشى لازىم[1] دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

مەھمۇد قەشقەرى ئوردۇگاھلاردا خان (بۈيۈك خاقان) دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش ئىشلىرىغا دىققەت قىلىشنى، كېچىسى ئامانلىق تەدبىرلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى، مەخپىي بەلگە بەلگىلەش لازىملىقى ئۈستىدە توختىلىپ، «ئىم» (im) بولۇش كېرەك دېگەن[2].

ئىم — ھەربىي قوشۇنda باش قوماندان تەرەپتىن بەلگىلەپ بېرىلگەن مەخپىي بەلگە (پارول). قوش ۋە قوراللارنىڭ ئىتى ياكى باشقا سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىككى تۈركۈم ئەسكەرلەر ئۇچراشقاندا بىر - بىرىنى تونۇشقا ۋە ئۇقۇشماي ئۇرۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا خىزمەت قىلىدۇ. كېچىسى ئىككى كىشى ئۇچراشقاندا، يەنە بىر - بىرىدىن «ئىم» سورايدۇ. سورالغان كىشى ئىمنى بىلسە ئۆز كىشى ھېسابلىنىدۇ. بىلمىسە ھۇجۇمغا ئۇچرايدۇ. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: «ئىم بىلسە، ئەر ئۆلمەس» دېگەن ماقال - تەمسىللەرنى كۆرسىتىش ئارقىلىق كېچىسى قوغدىنىشلارنىڭ مۇھىملىقىنى تەۋسىيە قىلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە: «بىر ھەربىي قوماندان ئەينى ۋاقىتتا خەلققە، ئەسكەرلەرگە ئۆزىنى

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 181 - بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 54 - بەت.

سۆيۈندۈرۈش ئۈچۈن، ياخشى مىجەزلىك، يۇمشاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك بولۇش كېرەك. مۇشۇنداق قوماندان ئۇرۇشتا سۇباتلىق كۆرسىتەلەيدۇ. ئەسكەرلەرنى جۇشقۇن قىلالايدۇ. بۇنداق قوماندان ئەسكەرلەرگە باشچىلىق قىلسا ھەر ۋاقىت ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى تەكىتلەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قوماندان ئۇرۇشتا جۈرئەتلىك ۋە جاسارەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك، يولى كەلگەندە ھىيلە ئىشلىتىشنى بىلىش كېرەك» دەپ ھېسابلىغان. «قوماندان ئۆزىگە لازىم بولغان نەرسىلەردە ئات، كىيىم ـ كېچەك، قورال ـ ياراغلارغا ئوخشاش نەرسىلەردىن باشقا پۈتكۈل مال ـ بايلىقنى ئومۇمغا بېرىشى لازىم. ئۇنىڭغا شۆھرەت قازىنىپ دۇنياغا نام قالدۇرسا يېتىدۇ. ئائىلىسىنى، بالىلىرىنى دەپ مال ـ مۈلۈك ئارقىسىدا يۈرمەسلىكى، پۇل يىغماسلىقى لازىم. مۇنداق بولغاندا قوماندان ئەتراپىغا مەرد يىگىتلەر توپلىنىدۇ. ئۇلار ئەزىز جانلىرىنى ئۇرۇشتا پىدا قىلىدۇ» دېگەن ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۇ يەنە: «قوماندان مەغرۇر بولسا، دۈشمەن ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ. مەغرۇر ئادەم ئىشنى ۋاقتىدا ئورۇنداشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ» دەپ، مەغرۇر قوماندانني ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆرسىتىشىچە: «قوماندان ئۈچۈن ئەڭ بولمىغۇر خاراكتېر قورقۇنچاقلىقتىن ئىبارەت. جەڭدە قورقۇنچاق ئادەملەرنىڭ ئورنى يوق. ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى جەسۇر يىگىتلەر توختىتالايدۇ. ئەجەل كەلمىسە ھېچكىم ئۆلمەيدۇ. ئانىدىن تۇغۇلغان ھەرقانداق كىشى ئەجەلسىز ئۆلمەس. دۈشمەننى كۆرۈپ نېمە ئۈچۈن قورقىسەن؟!» دېگەن خىتاب بىلەن قوماندانلىكى ناچار قىلىقلارنى تۈگىتىشكە مەيلى قوماندان بولسۇن، مەيلى جەڭچى بولسۇن ۋەتەن ئۈچۈن شان ـ شەرەپ كەلتۈرۈشكە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك يۈكسەك ئىرادە

بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «قوماندان» توغرىسىدىكى بايانلىرى شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، ئۇ قوماندانىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى مەركىزىي ۋەزىپە قىلىپ شەرھلىگەن. ئۇنىڭ قوماندان ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى قاراشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىز تاسادىپىي بولماستىن، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي ئىشلار ساھەسىدە داۋام قىلغان قوماندان ئۇستىدىكى ئۆتكۈر مۇنازىرىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ بىر قوماندانىنىڭ ئورنى ۋە ئۇرۇش ئىستراتېگىيە ئىلمىدە مۇھىم قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ھەربىي ئىلمىدە مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

بىزنىڭ يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمىزنى ئاپتورنىڭ قوماندان ئۇستىدە يازغان تۆۋەندىكى مىسرالىرى ئىسپاتلايدۇ:

2270. كېرەك بەگكە جەزمەن قوشۇن باشچىسى،
ئېچىشقا ياراشماس ياۋنىڭ ئۇيقۇسى.
2271. بۇ ئىشقا جەسۇر، بەك قاتتىق ئەر كېرەك،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ئەر يۇرەك كېرەك.
2272. ناھايەت چوڭ ئىشتۇر قوشۇن باشلىماق،
تۈزەپ لەشكىرىن، ياۋنى قىرىپ تاشلىماق.
2309. كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۇچۇن،
يۇرۇش قىلغاندا ياۋغا، تۈزەپ يول - يوسۇن:
2314. قارا، بولسۇن ھىممەتتە ئۇ ئارسلان،
كىيچىسى ھۇۋقۇشتەك ئويغاق ئۇ ھەر زامان
2311. توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۇۋچى.
2313. سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
كۆرسە قىيا قوزغۇندەك يىراقنى كۆزى.

2315. مۇشۇ خىل سۈپەتلە ئۇ جەڭچى بولۇر،
بولۇر جەڭچى ھەمدە يارامچى بولۇر.
2316. بۇ جەڭچى ياراغلىق كىشىدۇر داۋام،
ئۇرۇپ ياۋنى تارمار قىلىشتا تامام.
2323. كېرەك بۇ قانچە ئىش قوماندان ئۈچۈن،
ئىشنى رەتلىسە، تۈزەپ يول - يوسۇن:
2326. ئۈچىنچى، يۈرەكلىك ۋە بولسۇن جەسۇر،
يۈرەكسىز ياۋنى كۆرسە ئاغرىپ ياتۇر.
2327. تۆتىنچى، ئۇ بىلسۇن ھىيلە ۋە پىلان،
تۇتۇر ھىيلە بىرلە كىشى ئارسلان.
2328. قوشۇننى بۆسۈشكە چىلىڭ ئولماق كېرەك،
چېرىك قوزغىتىشقا تېز ئولماق كېرەك.
2329. قوماندانda بولسا بۇ خىسلەت ئەگەر،
يېڭىپ يېغىنى، ھەيۋىسىن يوق ئېتەر.
2333. قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز، يۈرەكسىز بولۇر.
2334. سىناغان بىر ھەربىي قىياسەن دېمىش،
ئون ئىككى مىڭ ئەرلىك قوشۇن كۆپ ئىمىش.
2342. كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قۇلاق - كۆزنى ساقلاپ، يىراق قارىماق.
2348. غەپلەتتە قالمىسۇن، بولسۇن ئۇ ھوشيار،
غاپىل بولسا، دۈشمەن زىيانلار ئۇرار.
2349. يېقىنلاشسا ياۋغا دېرەكىن ئېلىپ،
قارارگاھ قۇرسۇن ئۇ ئوت - سۇنى كۆرۈپ.
2350. قوشۇننى كۆزەتسۇن، ئۇ تىل بەرمىسۇن،
قوشۇن ئازمۇ - كۆپ ياۋ ئۇنى بىلمىسۇن.
2351. ئەڭ ئاۋۋال تىرىشىپ تىل ئالماق كېرەك،
بۇ تىلدىن ياۋ ھالىنى بىلمەك كېرەك.

2352. ئىشنى شۇنىڭغا قاراپ ئىشلىسۇن،
كېسىپ ياۋ بېشىنى بويىنىن يانجىسۇن.
2332. كېرەكمەس كۆپ چېرىك، چېرىك خىل كېرەك،
چېرىككە خىللانغان خىل قورال كېرەك.
2340. كۆپىدىن ئېزى خوپ، بولسا مۇنتىزىم،
يېڭىلگەن سانى كۆپ چېرىك كۆپ قېتىم.

يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» دىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە مەسىلىسىدە قوماندانىنى ئۇرۇش سەنئىتىنى ئۆگىنىشكە چاقىرىپ، ئۇرۇشنى ئوبيېكتىپ ئۇقتىنەزەردە تۇرۇپ تەھلىل قىلىشنىڭ لازىملىقىنى شۇنداق قىلغاندا ئۇرۇش مەسىلىلىرىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلالايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

1. بىر قوماندان ئۇرۇشتا جاسارەتلىك، جۈرئەتلىك بولۇشى، يولى كەلگەندە ھىيلە ئىشلىتىش ماھارىتىنى بىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسەتكەن. شۇنىسى ئېنىقكى، بىر ھەربىي قوماندانىنىڭ دۈشمەن ئالدىدا جاسارەتلىك، جۈرئەتلىك بولۇشى، قىلچىمۇ تەۋرەنمەيدىغان، قەتئىي نىيەتلىك، باتۇر ۋە غەيرەتلىك بولۇشى تەلەپ قىلىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھىيلە ئىشلىتىش ماھارىتى بولۇشى كېرەك دەپ بىلگەن. بۇنداق ھىيلە ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇ ياقتىن شەپە بېرىپ، بۇ ياقتىن زەربە بېرىش، ئۆز قوشۇنىنى يۇرۇش ئارقىلىق دۈشمەنىنىڭ ئۆزىگە قارشى قوشۇنىنىڭ قەيەردە تۇرغانلىقى، قاچان ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويۇش. دۈشمەندە خاتا تۇيغۇ ھاسىل قىلىش، دۈشمەنىنىڭ يېڭىلىشىنى، ئالدىنىشىنى سۇنئىي ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئارقىلىق، دۈشمەننى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، دۈشمەن پىلانىنى بۇزۇشتەك ھەر خىل ئۇسۇللارنى، يەنى دۈشمەننى ئالداش، قايمۇقتۇرۇش،

ئېزىقتۇرۇش، ئۇرۇشتا جانلىق بولۇش، جەڭ سەنئىتىنى ئىگىلەشنى ھىيلە ئىشلىتىش دەپ ھېسابلىغان.

2310. سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
تۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.
2356. ئەڭ ئاۋۋال كېرەكتۇر ھىيلىنىڭ ئۆزى،
ياۋ ئالدانغىنىدىن قىزارسۇن يۈزى.

2. ھەربىي قوماندان ئۆزىگە جىددىي لازىم بولغان ئات، كىيىم ـ كېچەك، قورال ـ ياراغقا ئوخشاش نەرسىلەردىن باشقا ئائىلىسىنى ۋە بالىسىنى دەپ مال ـ مۈلۈك ئارقىسىدا يۈرمەسلىكى، پۇل يىغماسلىقى لازىم دەپ بىلگەن. قوماندان بولىدىكەن ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇش، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلمەي، ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەشتەك پەزىلەتكە ئىگە بولۇش دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. بۇ بىر ھەقىقەت. چۈنكى، قوماندا شەخسىي مەنپەئەت بولىدىكەن، ئۇرۇشنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل غەلىبە قازىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇرۇشنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. قوماندان شەخسىي مەنپەئەتتىن خالىي بولغاندىلا ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىدۇ.

2277. ئۆزىگە بىر ئات تون قورال، بەس، يېتەر،
جاھانغا ئېتى بولسا مەشھۇر يېتەر.
2278. ئوغۇل ـ قىز غەمىن دەپ مېلىن يىغمىسا،
بېغىم، سۇ يېرىم دەپ كۆمۈش تاپمىسا.

3. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىدىكى نەزمىلىرىدە شۇنى روشەن كۆرسەتتىكى، بىر غالىپ قوماندان قۇدرەتلىك جەڭگىۋار

www.uyghurkitap.com

كۆچكە ئىگە بولۇشتا قوماندانىنىڭ خەلققە، ئەسكەرلەرگە كۆيۈنۈشى كېرەك دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەنگەن. مۇشۇ بېيىتلار ئارقىلىق قوماندان بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا، قوماندان بىلەن ئەسكەر ئوتتۇرىسىدا بىرلىكنىڭ بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشتا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ رەھبەرلىك قىلىشنى ئالدىن تونۇپ يەتكەن.

4. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇرۇشتا ھۇجۇم قىلغاندا دۈشمەن بىلەن مەردلەرچە جەڭ قىلىش، مەردلەرچە ئېلىشىپ ئۆلۈش ۋىجدانلىق ئادەملەرنىڭ پەزىلىتى. ئۇرۇشتا دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلالمايدىغان ئادەملەر ۋىجدانسىز ئادەملەردۇر، دەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇرۇشتا ئىككى خىل ئادەملەرنىڭ سېلىشتۇرمىسىنى بېرىدۇ. ئىككى خىل ئادەملەرنى سېلىشتۇرۇش ماھىيەتتە ئىككى خىل ئادەملەرنىڭ ئىككى خىل دۇنيا قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى ئىنكاسى بايان قىلىنغان ۋە ئىككى خىل ئادەملەرنىڭ ئۇرۇشتا تۇتقان ئىككى خىل پوزىتسىيىسى بىلەن ئىككى خىل نەتىجىنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇنى ئۇرۇشتىكى ئالىيجاناب پەزىلەت، ۋىجدانلىق ئادەملەرنىڭ خىسلىتى دەپ، ئۇنى ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ. ۋىجدانسىز قورقۇنچاق ئادەملەرگە نەپرەت بىلدۈرىدۇ. قارشى تۇرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدە ھەربىي ئىشلارنى قانداق سۈرەتلەپ بەرگەنلىكىگە قارايلى:

2297. تەكەببۇر كىشىلەر غاپىللىق قىلۇر،
غاپىللار بۇزۇلۇر يا بىۋاخ ئۆلۇر.
2283. سوقۇشتا كېرەكسىز يۈرەكسىز كىشى،

يۈرەكسىز كىشى ئۇ چىشى ئوخشىشى.
2284. يۈرەكسىز كىشى ئۇ قوشۇننى بۇزار،
بۇزۇلسا قوشۇن ئەر بىر - بىرىن بۇزار.

5. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوماندان ئۈچۈن «ئەڭ بولمىغۇر خاراكتېر قورقۇنچاقلىق، قورقۇنچاق قوماندانىنىڭ ئورنى يوق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن قورقۇنچاق قوماندان ئۇرۇشتا يېڭىلىدۇ. قورقمايدىغان (ئالباغۇت)[1] يېڭىلمەس قەھرىمان تاغ يۈرەك باتۇر ئورۇندا تۇرالايدۇ دېگەن ھەقىقەتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قوماندان دۈشمەندىن قورقۇپ كېتىدىغان بولسا، چوقۇم مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرايدۇ. ئۇ ئۇرۇشتا تەسلىم بولىدۇ ياكى ئۇرۇشتا ئۆلىسىمۇ مۇنداق قوماندانىنىڭ ئۇرۇشتا ئورنى يوق. ئۇندان قوشۇندا چېكىنىش بولىدىغانلىقىنى، ئۆز ئورنىنى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويىدىغان بالايىئاپەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ھەربىي قوشۇندىكى تۇراقسىز قوماندانلارنى قاتتىق سۆككەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇرۇشتا جەسۇر قوماندان، جەسۇر يىگىتلەر ئۆلۈم ئۈچۈن قورقمايدىغان يۈكسەك غايىۋى ئەخلاقنى تۇرغۇزۇشنى سەمىمىي تەۋسىيە قىلغان. بۇ توغرىدا مۇنداق بېيىتلەرنى يازغان:

2380. كېلىن قىز سۆيىنچى نىكاھ - توي تۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيىنچى جەڭ قىلغان كۈنى.
2381. سۈرەر ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چېپىپ،
لاچىن قۇش ئالۇردەك تۆكەر ياۋ قېنى.

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 195 - بەت.

6. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەربىي قوماندانىنىڭ ئۇرۇش ئىستراتېگىيە قانۇنلىرىنى چۈشىنىشتە ئەھۋالغان قاراپ قىسىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى بىلىشى، قوماندانلىق قىلىشتا ئەستايىدىللىق بىلەن چارلاشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان.

بۇندان قويۇلۇشى ھەربىي قوماندانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەتقىق قىلىپ چارلاشتىن ھاسىل قىلغان ماتېرىياللار ئاساسىدا قوماندانلىق قىلىشى، دۈشمەن تەرەپنىڭ سىياسىي، ھەربىي، مالىيە قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق دۈشمەن ئەھۋالىنى توغرا مۆلچەرلەشتىن كېيىنلا ھەربىي ھەرىكەت ئۈستىدە توغرا تەدبىر قوللىنىپ، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغاندا توغرا ھۆكۈم قىلىشنى، شۇنداق قىلغاندا ئۇرۇش پىلانىنى مۇۋاپىق تۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، توغرا قوماندانلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

7. تارىخ بىزگە شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھەربىي ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئوتتۇرىغا قويغان ھەربىي ئىشلار قانۇنىيىتىگە دائىر ھەربىي بىلىملەرنى ئوتتۇرىغا قويالىشى تەبىئىيكى، قەدىمكى تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇشلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى، تارىختىكى ھەربىي بىلىملەرنىڭ ئىجابىي، سەلبىي تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئۇرۇش سەنئىتىنى ئىگىلىگەنلىكىنى ۋە ئۇنى تېخىمۇ بېيىتىپ، ھەربىي قانۇنىيەتلەر ئۈستىدىن چىقىرىلغان لوگىكىلىق خۇلاسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

8. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئارمىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشتە قوماندان ئالدى بىلەن تەرتىپكە رىئايە قىلىشنى تەكىتلىگەن. ئارمىيە ئىنتىزامىنى قوغداشنى قوماندانىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ تونۇغان. بۇ يەردە ئارمىيىگە ئىنتىزام تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىشنى ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويغان. بولۇپمۇ قوماندانىنىڭ

تەرتىپ ـ ئىنتىزامدا ئۇلگە كۆرسىتىشنى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ تونۇغان. ئارمىيىدە ئىنتىزام مۇھىم مەسىلە. قوشۇندا تەرتىپ ـ تۈزۈم بولغاندىلا، ئارمىيە باشسىز قالمايدۇ. ئارمىيە باشسىز قالسا، ئارمىيە بۇزۇلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. ئارمىيە تەرتىپ ـ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشنى ئالدى بىلەن قوماندان تەرتىپكە رىئايە قىلمىغاندا ئۇنىڭ ئىناۋىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. ئۇ ئارمىيىنىڭ سۈپىتىنى، جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى چۈشەنگەن. بۇنداق بولمىغاندا جەڭگىۋار ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ، دېگەن ھەقىقەتنى ئىلگىرى سۈرگەن.

2333. قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز يۈرەكسىز بولۇر.
2335. دېمىش ياۋنى يەڭگەن بىر باتۇر چېۋەر،
ماڭا تۈت مىڭ ئەرلىك قوشۇن دەل يېتەر.
2336. كۆپ ئەسكەر يىيىلسا ئىچى بۇلغىشار،
تۈزەپ بولماس ئۇنى يارامسىز بولار.
2339. قوشۇننى كۆپەيتمەي قىل ئەرلەرنى خىل،
يىگىتلەر بىلەن تەڭ قورال سەرە قىل.

9. يۇسۇپ خاس ھاجىپ بىر ھەربىي قوماندانىدىن ئارمىيە قۇرۇلۇشىدا «ئەسكەرلەرنىڭ جىق بولماسلىقى، ئەمما تاللانغان، خىل بولۇشى، قورالىرى تولۇق بولۇشى»، «كارغا كەلمەس كۆپ ئەسكەرلەر ئىشقا يارىمايدۇ»، «بۇلار پايدىدىن كۆپ زىيان سالىدۇ»، «كۆپچىلىكنىڭ ئىنتىزامى بۇزۇلىدۇ، ئارمىيە باشسىز قالىدۇ» دېگەن. بۇ يەردە يۇسۇپ خاس ھاجىپ قوماندانغا «كۆپ ئەسكەر ئىزدىمە، خىل ئەسكەر ئىزدە» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ يەنە تارىختىن دەلىل ئېلىپ: «نۇرغۇن قوماندانلار كۆپ ئەسكىرى بار تۇرۇقلۇق مەغلۇپ بولدى. ئەسلى ئۇ ياخشى قوراللانمىغان ۋە تەربىيە كۆرمىگەن، ياخشى باشقۇرۇشتىن مەھرۇم بولغان قوشۇنلار ئىدى». «ياخشى تەربىيىلەنگەن ئوبدان قوراللانغان سانى ئاز قوشۇنلارنىڭ كۆپ ئەسكەر قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلغانلىقى كۆپ كۆرۈلىدۇ» دېگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ قانۇنىيەتلەرنى مۇندىن مىڭ يىل ئىلگىرى قويالىشى ئۇنىڭ ئۇرۇش قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكىنى، بۇنىڭدىن قاراخانىيلار دەۋرىدە ھەربىي ئىلىمنىڭ سىستېمىلىق تەتقىق قىلىنغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

10. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوماندانلاردىن ھەرىكەتچان ھۇجۇم قىلىش تاكتىكىسىنى ئىگىلەشنى، شۇ جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈشنى، ئالدى بىلەن دۈشمەن ئەھۋالىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئاندىن كېيىن ھۇجۇم قىلىشنى، ھۇجۇمدا دۈشمەننىڭ ئاجىز نۇقتىسىنى تاللاش، دۈشمەننىڭ بىر قىسمى ياكى زور قىسمىنى بىر - بىرلەپ يوقىتىش، دۈشمەن ئەھۋالىنى بىلمىگەندە جەڭ قىلماسلىق، جەڭدە «دۈشمەننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى كۆرۈنمەستىن بۇرۇن، خاتا ھالدا جەڭگە ئاتلىنىش، دۈشمەن ئەھۋالىنى ھەددىدىن ئارتۇق مۆلچەرلەپ قويۇشتەك خاتا ھۆكۈمدىن ساقلىنىش، ئۇرۇشنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى، ئۇرۇشنىڭ ھەرىكەتچان جەڭ سەنئىتىنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلغان.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوماندانلاردىن ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيىتىنىڭ چوقۇم ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، مۇشۇنداق لوگىكىلىق ئۇسۇل ۋاستىسى ئارقىلىق دىئالېكتىكىنى ھەربىي ئىشلارغا تەتبىق قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ بىر پۈتۈن ئىدېئولوگىيىلىك قامۇسى، دۆلەتنى قىلىچ ۋە بىلىم بىلەن

تۆزەشنىڭ نادىر دەستۇرى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇرۇش مەزگىلىدە خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمانلارغا مۇكاپات بېرىدىغان تەقدىرلەش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. ئۇرۇشتا يارىلانغان مەجرۇھلار داۋالىناتتى. ئەسىر چۈشكەنلەر بولسا قۇتقۇزۇۋېلىناتتى. ئەگەر ئۆلگەنلەر بولسا ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن قەدىرلەپ دەپنە قىلىپ، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىغا نەپىقە پۇلى بېرىلەتتى. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن ئەسكەرلەر جەڭ مەيدانىدا باتۇرلۇق، پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلاتتى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش قانۇنى يولغا قويۇلغانىدى. ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلارنى يازىدىغان ئادەمنى «بىتىلگەن» دەپ ئاتايتتى[①] بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇرۇش تاماملانغاندىن كېيىن ئۇرۇشنى خۇلاسىلەپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش، ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ھۆكۈمدار (بۇيۇك خاقان) نىڭ ياكى ھەربىي قوماندانىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. شۇنداقلا ئۇرۇش جەريانىدا ۋەيران بولغان جايلارنى تۈزەش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمەتلىرى ئىشلىنەتتى. غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى شەمسۇل مۇلۈك زامانىسىدا مۇداپىئەلىك ئۇرۇش نەتىجىسىدە مۇداپىئەچىلەرنىڭ سىپىلغا يانداش بولغان بۇخارادىكى «ئەل مەسچىتى جامى» نامىدىكى ئۇلۇغ مەسچىتنىڭ مۇنارىغا ۋە مەسچىتكە ئوت كېتىپ جامە كۆيۈپ كېتىدۇ. مۇشۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شەمسۇل مۇلۇك خان جامەنى قايتا سېلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، قايتىدىن ياسانقان. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئىنتايىن مەمنۇن بولۇپ خۇشاللانغانىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي ئىشلىرىدىكى مۇھاسىرە قىلىشنى «ئەگىرمەك»[②] ، شەھەرنى مۇھاسىر قىلىشتا «كەنت

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 676 - بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 156 - بەت.

ئەگىرمەك»① ئىبارىلىرىنى ئىشلەتكىنىدىن قارىغاندا، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ شەھەرگە يېقىنلاشقان ۋاقتىدا ھۆكۈمدار، يەنى بۈيۈك خاقان ياكى شەھەرنى مۇداپىئە قىلىشقا مەسئۇل بولغان قوماندان تەرەپتىن شەھەرگە كىرىشنى ئالدىدىن توسۇشقا مەسئۇل ئىدى. دۈشمەننى كۆزىتىش ئۈچۈن مەخسۇس ئورۇندىكىلەر كىشىلەر مەسئۇل ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە مۇنداق كۆزىتىش تەدبىرىنى «بىسدى» (پىستۇرما)② دەپ ئاتىغانىدى. شەھەر قەلئەلىرىنى مۇھاسىرە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەلئەلىرىنىڭ مۇنارىنى ھەربىي ئىشلاردا «ئوگەك سالدى»③ مۇنارلىق سېپىللارنى «ئوكەكلىك سېپىل» دەپ ئاتىشاتتى. (قاراۋۇل تۇرا) دەيتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي تۈزۈمىدە خەلقلەرنىڭ ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش قانۇنىدا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمە بويىچە ئورۇش بولۇپ تاماملانغاندىن كېيىن ھۆكۈمدار، يەنى بۈيۈك خاقان ياكى ھەربىي قوماندان ئورۇشتىن قايتقاندا خاس ئەسكەرلەردىن باشقا ئەسكەرلەرنى ئۆز يۇرتلىرىغا تارقىتىۋېتەتتى.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئەسكەرلەردىن تارقىتىۋەتكەنلەرنى «تەسدى» (تارقاتتى)④ ، بەگ «سۈسىن ياسىدى» ، بەگ ئەسكەرلىرىنى يۇرتىغا تارقاتتى دېيىلەتتى. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، قەلئە سېپىلىنى قوغداشقا مەسئۇل قىلىنغان ھەربىي كۈچلەر چوقۇم ئۆز قوماندانىنىڭ قول ئاستىدا ئۆز ئورنىدا قالاتتى. «تۇتقاق»⑤ قاراۋۇل كۆزەتچى خاقاننى

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 210 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، 12 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 403 ـ بەت.
④ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 81 ـ بەت.
⑤ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 56 ـ بەت.

مۇھاپىزەت قىلىشتىن باشقا قەلئە مۇھاپىزەتچىسى دېگەن ۋەزىپىنى ئورۇندايتتى. ئەمما، ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا بۈيۈك خاقاننى قوغداپ ماڭغۇچى مۇھاپىزەتچىلەرنى خاننىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بارغان ھەمراھلىرىنى قوغدىغاننى «يىرتىغ»① دەپ ئاتىشاتتى. قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان ئورۇنلارنى «قۇرغ»② دەپ ئاتايتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قىسمىدا دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىدىن تېزلىكتە خەۋەردار بولۇش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەدبىرلەرنى كۆرۈشتە ھەر خىل خەۋەرلىشىش ئۇسۇللىرىنى قوللانغانىدى.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كۆرسىتىلىشىچە، قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي قوماندانلىرى ئېگىز تاغ چوققىلىرىنىڭ مۇۋاپىق جايلىرىغا «قورغوي»③ ياكى «قارغۇ»④ دەپ ئاتىلىدىغان تۇر (مۇنار)غا ئوخشاش ئېگىز قۇرۇلۇشلارنى ياساتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت يېقىپ دۈشمەننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر بېرەتتى. شۇنىڭغا قاراپ ھەربىي قىسىملار تەييارلىناتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي تۈزۈمى مۇنتىزىملاشقان خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىلغار ئىدى. ھەربىي قىسىملاردا ئىشلىتىلىدىغان پوچتا تۇرلىرى يولغا قويۇلغانىدى. بولۇپمۇ خەۋەر يەتكۈزۈشتە «ئۇلۇغ»⑤ نامىدىكى پوچتا ئاتلىرىنى ئىشقا سالاتتى. بۇ خىل پوچتا قۇراللىرى دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرىدىن تېزلىكتە خەۋەردار بولۇپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلاتتى.

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 55 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 486 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 332 ـ، 331 ـ بەت.
④ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 555 ـ بەت.
⑤ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 165 ـ بەت.

## 3. قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ ئۇنۋانلىرى

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ھەربىي قىسىمنىڭ ئۇنۋانلىرىنىڭ تارىخقا نەزەر سالغىنىمىزدا ئەڭ قەدىمكى ھۇن، تۈرك ۋە ئۇيغۇر سۇلالىسى دەۋرىدە قوللىنىلغان «ئونلۇق» سىستېمىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەربىي ئاتاشلار قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىز تولۇق مەلۇماتقا ئېرىشەلمىدۇق. تارىخىي مەنبەلەردە قوشنا ئەللەردىكى ھەربىي ئۇنۋانلارغا قەدىمكى ھۇن دەۋرىدىكى ئۇنۋانلارنى ئاساس قىلغانلىقى مەلۇم. ئەڭ كىچىك ھەربىي قىسىم «ئوتاغ»، ئۇنى باشقۇرىدىغان باشلىقنى «ئوتاغبېشى» دەپ تىلغا ئالغان. يەكەن رايونىدا يېزىلغان يەر — زېمىن سېتىش ھۆججەتلىرىدە بۇ خىل ئۇنۋانلار كۆرۈلگەن. بۇ خىل ھەربىي ئۇنۋانلىرى غەزنەۋىيلەر، سالچۇقىيلار ھەربىي تەشكىلاتىدىمۇ قوللىنىلغان.

«ئوتاغبېشى» ھازىرقى ھەربىي تۈزۈمدىكى بەنجاڭغا تەڭ بولۇپ، ئون كىشىلىك بىر چېدىرغا رەھبەرلىك قىلاتتى. ئۇندىن كېيىن «ھايىل بېشى»، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئون ئوتاغ دەپ ئاتىلىدىغان ھەربىي قىسىملىرى بولۇپ، بۇ بىر ئوفىتسېرغا تەڭ. «ئون ئوتاغبېشى» دە سەكسەندىن يۈزگە قەدەر قىسىم بارلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن باشقا «يۈز بېشى»، «يۈزلەر ئەمىر بېشى» قاتارلىق ھەربىي ئۇنۋانلار بار ئىدى. بۇنىڭدىن قاراخانىيلار قوشۇنىدا ھەربىي تەشكىلاتنىڭ ئاساسى بولغان ئونلۇق سىستېمىسىنىڭ قوللانغانلىقىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ. تارىخىي مەنبەلەردە قاراخانىيلارغا زاماندىش سالچۇقىيلارنىڭ ھەربىي تەشكىلاتىدا «ھايىل بېشى» نىڭ قول ئاستىدىكى قىسىمنىڭ ئوندىن ئەللىككىچە ئەسكەردىن تەركىب تاپقانلىقى، بۇنىڭ يىگىرمە بەش كىشىلىك ھەربىي قىسىم ئىكەنلىكىنى

كۆرسەتكىنىدىن قارىغاندا، قاراخانىيلار ھەربىي تەشكىلىدىكى ھايىل بېشىدا قىرىقتىن ئەللىككە قەدەر ئەسكەرىي قوشۇن بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدىمۇ بۇ قاراشنى تولۇقلايدۇ. ئەمما «ئون ئوتاغ» باشلىقلىرىنى «سۇ بېشىلىق» دەپ قوللانغاندا ئەمىر مەنسىپىنى نەزەردە تۇتقان بولسا كېرەك. شۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىمكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي سىستېمىسىدا «سۇ بېشى» پۈتۈن ئارمىيىنىڭ قوماندانى باش قوماندان مەنسىدە قوللىنىلغان. ئەمما، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي ھەرىكەتلەرنىڭ ماھىيىتىگە قاراپ ئەۋەتىلىدىغان قوشۇنغا ھۆكۈمداردىن باشقا شاھزادە ياكى بىرەر «سۇ بېشى» قوماندانلىق قىلاتتى. «سۇ بېشىنىڭ» ئەمرىدىكى ھەربىي قوشۇن كۈچىنىڭ سانى توغرىسىدا ئېنىق بىر نەرسە دېيىش مۇمكىنچىلىكى بولمىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەسىرىدىكى «دۈشمەن قوشۇنلىرىنى يەڭگەن قەھرىمانلار ئۈچۈن تۈت مىڭ ئەسكەرلىك قوشۇن يېتىدۇ» دېگەن مۇنۇ بېيىتكە قاراڭ.

2335. دېمىش ياۋنى يەڭگەن بىر باتۇر چېۋەر،
ماڭا تۆت مىڭ ئەرلىك قوشۇن دەل يېتەر.
2334. سىنالغان بىر ھەربىي قىياسەن دېمىش،
ئون ئىككى مىڭ ئەرلىك قوشۇن كۆپ ئىمىش.

مۇشۇ بېيىتلاردىكى مەنبەلەرگە قاراپ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ «سۇ بېشى» رەھبەرلىك قىلىدىغان قوشۇننىڭ ئەڭ تۆۋەن چېكى بىلەن ئەڭ يۇقىرى چېكىنى كۆرسەتسە كېرەك. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي قىسىمنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئەھۋالغا قارىغاندا، ھەربىي قوماندانىنىڭ «سۇ بېشى» ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com

سەپلىرى قائىدىسى بويىچە ئوڭ قول قوشۇن، سول قول قوشۇن ئوتتۇرا (يۈرەك قىسىم)، ئارقا سەپ قىسىم قىلىپ تەرتىپكە سېلىپ چىقاتتى. ھەربىر جەڭ سېپىنىڭ، ھەربىر چەكچىنىڭ بەلگىلەنگەن ئورنى بولاتتى. پىيادە ۋە ئاتلىق قىسىملارنىڭ يېتەرلىك ئۆزۈق - تۈلۈك، ئوت - چۆپ، قورال - ياراغ ئەسلىھەلىرى ئالدىن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ماڭغۇزۇلاتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى ئۇرۇش تەييارلىقىدىكى قوشۇننىڭ سەپكە تىزىلىشى، ئوڭ - سول، ئوتتۇرا قىسىملارنى قوماندان بىلەن بىللە كۆزدىن كەچۈرەتتى. بۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي قوشۇننىڭ سەپ تۈزۈلۈشى ئىدى. بۇ تۈزۈلمە ھۇن تەڭرىقۇت دەۋرى، قەدىمكى كۆكتۈرك دەۋرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزۈن تارىختىن بېرى داۋاملاشقان قوشۇننىڭ سەپ تۈزۈلۈشى بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرى بۇ ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلغان.

## 4. قاراخانىيلارنىڭ قورال - ياراغلىرى

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق ئىككى بۈيۈك، قىممەتلىك جاۋاھىراتلار بىلەن تولغان خەزىنىدىكى مەلۇماتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەينى دەۋردىكى ئارمىيە قوشۇنىدا ئاساسلىق ھۇجۇم قوراللىرى ئوقيا بىلەن قىلىچ، پالتا، نەيزە، خەنجەر، قوغدىنىش قوراللىرىدىن «ياراملىق ساۋۇت»[①] ۋە يېشىكلىق «دوبۇلغا»[②] قاتارلىق قوراللىرى بار ئىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە «تولۇم» ئۇرۇش قوراللىرى بۇ كۆپلۈكنى بىلدۈرىدىغان قوراللار ئىسمى سۈپىتىدە قوللىنىلاتتى.

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 66 -، 67 - بەتلەر.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 67 - بەت.

«تولۇن ماڭماق» دەيتتى. يەنە قوراللىق بىرنى «قۇتادغۇبىلىك» دىكى بېيىتتە مۇنداق دېگەن:

2337. ئاتاقلىق جەسۇر ئەر يەنە سۆزلىمىش،
قوشۇندا قورال ـ ئەر خىل ئولسۇن دېمىش.

**1. ئوقيا**

ئوقيا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ئەنئەنىۋى قورال سۈپىتىدە قوللىنىپ كەلگەن قورالى بولۇپ، ئوقيانىڭ تارىخى ئەڭ قەدىمكى دەۋر باشلانغۇچ دەۋردىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىپ كەلدى. ئوقيا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوقيا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس كارخانا كەسىپلەر بولغان ۋە زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئوقيا ئېتىشتا ئۇستا ماھىر ئادەملەرنى «ئاتىم ئەر»[1] (ئاتقۇچى ئەر، ئوق ئېتىشقا ئۇستا ئادەم، مەرگەن مەنىسىدە) دەپ ئاتايتتى. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ياخشى ئوقيا ئاتقۇچى مەرگەنلەر بىلەن ئارمىيىدە ئوقيا بىلەن ئۇرۇشقا قاتناشقانلارنى «ئوقچى» دېيىش بىلەن بىللە، ئوق ياسىغۇچىلارنىمۇ «ئوقچى» دەپ ئاتىشاتتى. ئوق ياساش تېخنىكا ئۇستىلىرى بارلىققا كەلگەن. ئوقيانى پۇختا ئىشلەشتە ئاۋۋال ئوقيا ياساشتا كېرەكلىك ياغاچلار «قوغۇش» دەپ ئاتىلاتتى. ئوقيا ياساشتا ئالدى بىلەن بىر باشاق تەييارلىناتتى، باشاق ئالدىدىن تەييارلىنىپ، ئوق ئۇچى تۆشۈككە بېكىتىلەتتى. باشاقنىڭ ئوق ئۇچى بېكىتىلىدىغان تۆشۈكلۈك قىسمى «بۆرە» ياكى «باشاق بۆرىسى»[2] (ئوق باشاقنىڭ ئوقىغا كىرگۈزۈلگەن ئورۇندىكى بەلدەمچىنى «باشاق بۆرىسى») دەپ

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 102 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 304 ـ بەت.

ئاتايتتى. ئوقنىڭ ياغاچ قىسمى بىلەن باشاقنى بىر ـ بىرىگە ياخشى بېكىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىنچىكە قىلىنغان تاسمىغا «تىلى»① (ئوقنىڭ باشاقنى چىڭىتىپ تۇرىدىغان تاسما هالقا) دېيىلەتتى. باشاقنىڭ بەزىلىرى زەھەرلەندۈرۈلگەن بولۇپ، زەھەرلەندۈرۈلگەن بۇ ئوقنى «قاتۇغلۇق ئوق» دەپ ئاتايتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەھرىمانلىق بىلەن داڭ چىقارغانلارنى «ئاتىم» (ئوقيا ئېتىشتا ئۇستا ئادەم، يەنى مەرگەن) دېگەن. بۇ خىل ئۇستىلارنىڭ مەركىزى ئوردا سارايدىكى ئوقياچىلار ۋە ياۋچىلار قاتارىغا كىرەلەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن. قوماندانىمۇ مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولۇشىنى، ئۇستا مەرگەنلەرنىڭ يېتىلىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. باشاق ئوقنىڭ ئارقىسىغا يېپىشتۇرۇلىدىغان ۋە دەل نىشانغا تېگىشىنى قولايلاشتۇرىدىغان پەيلەرنى «يوگ»② دەپ ئاتايتتى (يوگ قۇشنىڭ پېيى). ئوقنىڭ نىشانغا تېگىشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان بۇ پەيلەرنى ئوققا يېپىشتۇرۇشنى «يېلىملەمەك» دەيتتى. بۇ خىل يېلىم يېپىشتۇرۇلغان ئۇزۇنراق پەيلىك ئوقلار «قاپا يوڭكوگ ئوق» دېيىلەتتى. ئوققا «يوگ» (قۇشنىڭ پېيى) ۋە باشاقتىن تاشقىرى «سىقىم»③ (يەنى ئوقيا ئوقىنىڭ ياغاچتىن قىلىنغان قۇيرۇقى. بۇنىڭ ياسىلىشى بىر پارچە ياغاچ، ئۈچى ئۈچلۇق، تۈۋى توم قىلىپ يونۇلۇپ، ئىچى كاۋاك قىلىنىدۇ ۋە ئۈچ تەرەپتىن تېشىپ ئوققا كىيدۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوق ۋىڭىلداپ ئۈچىدىغان بولىدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل نەرسە ئورنىتىلاتتى.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسرىدە

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 320 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 ـ توم، 196 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 517 ـ بەت.

«سىقىم» نىڭ ياسىلىشى توغرىسىدا يۇقىرىقىدەك ئىزاھات بەرگەن بىلەن ئۇ سىقىمنىڭ نېمە مەقسەتتە ئورنىتىلدىغانلىقىنى دېمەيدۇ. ھەر ھالدا ياسىلىش شەكلىگە قارىغاندا ئىسقىرتقاندەك بىر خىل ئاۋاز چىقىرىش ئۈچۈن ئوقنىڭ ئۇستىگە ئورنىتىلغان بىر نەرسە بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىمىز. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، قەدىمكى ھۇن، كۆكتۈرك ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقلەردە قەدىمدىلا «ۋىژىلدايدىغان ئوق» دەپ تەرىپلىنىدىغان، ئوقنىڭ ئېتىلغان چاغدا ئىسقىرتقاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان ئوقلارنىڭ بارلىقى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا تەسۋىرلىنىپ كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قىسىملىرىدا ئوق ئېتىش تېخنىكىسى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن قەدىمكى دەۋرنىڭ تېخنىكىسىغا ۋارىسلىق قىلغان ھالدا، خېلى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى مەھمۇد قەشقىرىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن. تېخنىكىدا «قىغىش»[①] دەپ ئاتىلىدىغان ئەسۋاب ئىجاد قىلىنغان. بۇ ئوقنى سىلىقلاش، تەكشىلەش (بىر خىل ئۆلچەمگە كەلتۈرۈش) ئەسۋابى ئىشلىتىلگەندى. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئوقيا ئىشلىتىش زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. ئۇلار ئۆز دەۋرىدە بەزى ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، باشاقسىز ئوق ئىشلەپچىقارغانلىقى مەلۇم. ئۈچىدا باشاق ئورنىدا يۇمىلاق بىر پارچە ياغاچ تاختاي پارچىسى بولغان بۇ ئوقلار «قالۋا»[②] ۋە «ئولۇن» دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىلاتتى. مۇنداق ئوقلار باشقا ئوقلارغا قارىغاندا يېنىك بولۇپ ئېتىلىشى بىلەن ئادەتتىكى ئوقلاردىنمۇ يىراقراق بارىدىغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد قەشقەرى بۇ خىل ئوق ئېتىشنى «جىرام»[③] دەپ، ئېتىلغان ئوقنى بولسا «جىرام ئوقى» دەپ

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 479 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 556 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 538 ـ، 539 ـ بەتلەر.

ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرستىپ ئۆتكەندى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئوقتا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرگە كەلسەك، يەنە ئوقنىڭ ئارقىسىغا پەي يېپىشتۇرۇش ئىشىنى «يابچۇرماق» ياكى «تاپشۇرماق»①، «يابشۇرماق» دەپ ئاتىلاتتى. (ئۇ ئوقتا يېلىم بىلەن پەي يېپىشتۇردى) دەيتتى. ئوق بىلەن چەنلەشنى «كىز كىردى»② گەزلىدى، چەنلىدى (ئادەم ئوق چەنلەپ، يەنى ئوقتا گەز چىقاردى)، ئوق بىلەن نىشانغا ئېلىشنى «كۆزلىمەك» ياكى «كۆزگەرمەك»، ئەگرى ئوقنى تۈزىتىشنى «ئوق كۆنگەرمەك»، ئوقنىڭ باشقىنىڭ تاشقا ياكى باشقا قاتتىق جىسىملارغا تېگىپ قايرىلىپ كېتىشىنى «تېگىلمەك»، ئوقنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى، كىم تەرەپتىن ئېتىلغانلىقى نامەلۇم. ئوقنى «ئازۇق»③ ئوق دەپ ئاتايتتى.

بۇ 11 ـ ئەسىردىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قورال تاكتىكىسىنىڭ قانچىلىك سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرستىپ بېرەلەيدۇ.

ئەمدى ياغا كەلسەك، يۇقىرىدا بىز كۆرستىپ ئۆتكەندەك ئوقتا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بەرگەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوقنى ئېتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن «يا» غىمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى مەنبەلەردە كۆرستىلگەن.

قەدىمكى ھۇن، تۈرك ـ ئۇيغۇر خەلقلىرىدە «يا» دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. «يا» ئاساسەن ئەگمەچ ياغاچ ۋە ئوقنى ئاتىدىغان كىرچىدىن تۈزۈلەتتى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يېزىلىشىچە، «يازىشتى» ئۇ ماڭا «يا» نىڭ كىرچىنى چىقىرىپ بەردى، دېگەندە يۇقىرىقىنى نەزەردە تۇتقان. «يا» نىڭ كىرچى بۈگۈنكى تەلەپپۇزغا يېقىنراق كېلىدىغان «سىنىر» دەپ

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 135 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، 281 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 90 ـ بەت.

ئاتىلاتتى. ياغا كىرچى ئورنىتىشنى «يا سىنخرلەمەك» دەيتتى.

ئەگىم يانىڭ ئوتتۇرىسى «بىخر»[1] (بىخر جىگەر ئوقيانىڭ ئوتتۇرىسى «ياباغرى») دېيىلەتتى. يانىڭ بۇ باغرى قىسىملىرىغا شىر تېرە ئورىلىپ، ئۇنى چىڭىتىشقا ھەم ئۇنى ئالغاندا تۇتۇشنى ئاسانلاشتۇرۇشقا بولاتتى. يانىڭ بۇ باغرى قىسمىغا ئورالغان شىر تېرە «توز» دەپ ئاتىلاتتى. (بۇ يايلارغا ئوراپ قويۇلغان قىيىش) بولۇپ ئورالغان تېرىنى كۆرسىتەتتى: «ياباغلىق» دېگەن سۆز يانىڭ باغرى قىسمىنى تۇزەش ياكى ئوقيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى تۇزەپ رېمۇنت قىلىش مەنىسىدە ئىشلىتىلگەندى. ھەربىي جەھەتتە ئىشلىتىپ كەلگەن يانىڭ تۈرلىرىگە كەلسەك، يۇقىرىقى بەتلەردە كۆرسىتىپ ئۆتكەن يادىن باشقا «قارووي يا» دەپ ئاتىلىدىغان يامۇ بار ئىدى. بۇ خىل يانى يەنە «يەتەن» دەپ ئاتايتتى. ئوق ئېتىش ئۈچۈن ياغا چىرىن ياسالغان ياي كەمەكمۇ ئىشلىتىلگەن. يايىنىڭ گىرىچتىن ئاجرىلىشى «ياي يازماق» ياكى «يا باسماق» دېيىلەتتى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەسكەرلىرىدە ئوقيالارنى ئېلىپ يۈرۈش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەملەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقدانلار ۋە قاپچۇقلار بولاتتى. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھەربىيلىرىنىڭ ئوق سالىدىغان قاپچۇقلىرىنى «كىش» دەپ ئاتايتتى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ھەربىيلەردە قوللىنىدىغان بۇ ئاتالغۇلار غەزنەۋىيلەر ۋە سالچۇقىيلار قوشۇنلىرىدىمۇ قوللىنىلاتتى.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دە «كىش» نى قاپقاقلىق بىر قاپ دەپ كۆرسەتكىنىگە قارىغاندا، ياسالغان ئوقدانلارنىڭ نورمال ئوق بويىدىن ئۇزۇن ياسىلىدىغانلىقى ۋە ئۇرۇش ۋاقتىدا ئوقلارنى تۆكۈلۈپ زايا بولۇپ كەتمەسلىكى

[1] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 467 ـ بەت.

ئۇچۇن قاپقا ئورنىتىلىدىغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەسكەرلەر يالارنى قاپ ئىچىگە سېلىپ يۆرەتتى. بۇنى «ياسىخ» دەپ ئاتايتتى① (ياسىخ — قىشتىن ئۆرۈلگەن ئارغامچا ياكى قاپلىق يارقىچى). بۇنىڭدىن ئەسكەرلەر يالارنى قاپ ئىچىگە سېلىپ ئۇنى قىيشتىن تېڭىلغان ئارغامچا بىلەن ئوراپ ساقلىغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. يەنە ئۇلار بەزى يا ۋە ئوقلارنى ئايرىم قاپچۇقلارغا سالماستىن، بىر قاپ يا قىپىنىڭ ئىچىگە سېلىپ يۆرەتتى. ئۇلار يا كىرىچلىرىنى يامغۇردا، قاردا نەملىكتىن ساقلاش ئۈچۈن يالارنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاسراپ قاپنىڭ ئىچىدە ساقلىغان.

2. سەنكۇ (نەيزە)

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قوشۇنىدا «سەنكۇ»② نى «نەيزە» مەنىسىدە ئىشلەتكەن بولۇپ، سەنكۇنىڭ ئۇچىدىكى تۆمۈرنى ئوقنىڭ ئۇچىدىكى تۆمۈرگە ئوخشاش «باشاق»③ دەپ ئاتايتتى (باشاق — ئوق - نەيزە ئۇچىدىكى تۆمۈر مەنىسىدە قوللانغان). سەنكۇگە باشاقنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى سەنكۇ باشاقلىماق، باشاق ئورنىتىلغان سەنكۇنى «باشاقلىق سەنكۇ» دەپ ئاتايتتى. باشاقلاش ئىشى ئوقيا بىلەن ئوخشاش بولۇپ نەيزىگە ھەمدە ئوقلارغا بېكىتىلىدىغان بىر خىل باشاقنى «ياسىچ»④ (يەنى ئوقيا ئوقىنىڭ ياپىلاق ۋە ئۇزۇنچاق ئۇچى) دەپ ئاتايتتى. ھەربىي ئۇرۇشتا ئىككى كىشىنىڭ بىر - بىرى بىلەن نەيزىلىشىشىنى «سەنكۇلەشمەك»⑤ دەپ ئاتايتتى.

3. قىلىچ

تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قىلىچ ئىشلىتىشى ئەڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلىرى ئىچىدە ئەڭ

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 503 - بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 517 - بەت.
④ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 15 - بەت.
⑤ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 553 - بەت.

قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ پولات تاۋلاش تېخنىكىسى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، پولاتنى تاۋلاپ قىلىچ سوقۇپ ھەربىي قورال سۈپىتىدە پايدىلانغان. قىلىچ سوقۇشنى «قىلىچ سوقماق»، «سوقماق»[1] دەپ ئاتايتتى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ھەربىيلەرنىڭ ئۇرۇش قورالى بولۇپ قوللىنىلغان قىلىچنىڭ شەكلى، ئۇزۇنلۇقى، ئېغىرلىقى، ياساش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ نەرسە ئېيتالمىساقمۇ تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، «سەدرىددىن ئەل ھۇسەيىنىنىڭ شەمسۇل مۇلۇك ناسىر خاننىڭ سۇلتان مەلىك شاھقا ئۆز كۆچىنى تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن 50 مەن ئېغىرلىقتىكى بىر توپوز ،توپقا ئوخشاش بىر خىل قورال، بىلەن ئون مەن ئېغىرلىقتىكى بىر قىلىچنى ئەۋەتىپ: ،بىز بۇ قىلىچ بىلەن سوقۇشمايمىز، ئوينايمىز، دەپ خەۋەر بەرگەنلىكى» نى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى. بۇنىڭغا قاراپ، ئۇنى قىلىچنىڭ چوڭلۇقى دەپ ئېيتىشقا ئەلۋەتتە بولمايدۇ. ئەمما، قاراخانىيلار دەۋرىدە قوللىنىلغان قىلىچلار، يۇقىرى تېخنىكا بىلەن ئىشلەنگەن. قىلىچنىڭ تۇتقۇسى، «قىلىچ سېپى» دەپ ئاتىلاتتى. قىلىچنى ساپلايتتى[2]. قىلىچنىڭ ئۈستىدىكى يول شەكلىدىكى ئۇيۇقنى «قول» ياكى «قىلىچ قولى»[3] دەپ ئاتايتتى.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە بايان قىلىشىچە، «قىلىچنىڭ قولى (ئويۇق) كۆپ ھاللاردا ئالتۇن بىلەن زىننەتلىنىپ ئىشلىنەتتى. قىلىچنى ئاسراشتا دائىم دىققەت قىلاتتى. بولۇپمۇ پارقىراق تۇتۇلۇشىغا دىققەت قىلاتتى. ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىلىچ داتلىشىپ كەتكەن ۋاقىتلاردىمۇ

---

① رىشات گەنجى: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 436 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، 504 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، 451 ـ بەت.

پارقىراتقۇچى ماددىلار بىلەن داتلىشىپ كەتكەن جايلارنى سۈرتۈپ تازىلايتتى ۋە پارقىرىتاتتى.

قىلىچ ۋە خەنجەر پىچاقلارنىڭ ساپلىرى «سۈرقاچ» دەپ ئاتىلىدىغان لوك دەرىخىنىڭ يىلىمى بىلەن بىكىتىلەتتى. قىلىچ بىلەن پىچاقلار مەخسۇس ئىشلەنگەن غىلابلاردا ساقلىناتتى. غىلاب ئەينى زاماندا «قىن»① دەپ ئاتىلاتتى. قىلىچنىڭ قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىشنى «سوچلونماق»، قىنىدىن چىقىرىلغان قىلىچ بولسا هازىرقىدەك «يالىڭ قىلىچ»② دەپ ئاتىلاتتى. قىلىچ - غىلابلارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ياساشتا ياغاچ ماتېرىياللارنى ئويۇش ئۈچۈن ئۈچى ئەگرى بولغان مەخسۇس پىچاق ئىشلىتىلەتتى. قىلىچ قاراخانىيلار دەۋرىدە كەڭ قوللىنىلغان ئۇرۇش قورالى ئىدى.

### 4. پالتا

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك تايانچى — يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە ئۇرۇش توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ ئىچىدىكى پالتىنى كۆپ جايلاردا تىلغا ئالىدۇ ۋە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ هەربىي قوشۇندا كەڭ قوللىنىدىغان قورال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» دىكى خاتىرىلىرى زور قىممەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە قاراخانىيلار تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش جەريانىدا دۈشمەن سەپلىرى بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن هالەتتىكى ئارىلاشما جەڭ تىلغا ئېلىنغاندا، قىلىچ ۋە پالتا بىلەن ئۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىللە قىلىچ بىلەن پالتىنى هاكىمىيەتنىڭ مۇهاپىزەتچىسى، قىلىچ ۋە پالتا بىلەن دۈشمەننى يەڭگەنلىكىنى،

---

① مەهمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 191 - بەت.
② مەهمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 509 - بەت.

قىلىچ بىلەن پالتا ئۆزىنى قوغدىغۇچى رولىنى ئۆتىگەنلىكىنى، پالتا بىلەن قىلىچ بولغاندىلا ئەسكەرلەردە يۇقىرى ماھارەت بىلەن جەڭگىۋارلىق بولىدىغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلغان:

2138. سۆيۈندۈرمىسە ئەسكىرىنى خاقان،
قىنىدىن چىقمىغاي قىلىچ ھېچقاچان.
2139. قىلىچ بىرلە بەگلەر ئۇزاتۇر قولىن،
قىلىچسىز غاپىل بەگ تۇتالماس ئېلىن.
2140. قىلىچ بىرلە پالتا ـ بۇ ئەل ساقچىسى،
قىلىچ بىرلە ئالار ئەل خەلق باشچىسى.
2141. نېمە دەيدۇ ئاڭلا جاھان تۇتقۇچى،
قىلىچ، پالتا بىزلەر ياۋنى ئۇتقۇچى.
2142. كېرەك ئەلنى ساقلاش، ئەي ئەل تۇتقان ئەر،
غەپلەتتە بولغانلار چوقۇم زەھەر يەر.
2143. قىلىچلە پالتىنى ساقچى قىل، ئەي ئەر،
قىلىچ ساقچى بولسا، بەگلەر تىنچ ئۆتەر.
2144. قىلىچ تەۋرەر ئىكەن، يېغى تەۋرىمەس،
قىلىچ قىنغا كىرسە، بەگ تىنچىيەلمەس.
2145. قىلىچ ئۇرغۇچىنى سۆيۈندۈر، ئەي خان،
ياشا خۇش، ھامان كۆرمە ئاچچىق، زىيان.

5. خەنجەر

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش قوراللىرى ئىچىدە خەنجەر مۇھىم ئورۇننى تۇتاتتى. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە خەنجەرنى «بوگدە»[①] دەپ ئاتىغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. «بوگدە» (خەنجەر)

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 545 ـ بەت.

نىڭ سىپى «سودساق» دەپ ئاتالغان. «ئىسراقچ» دەرىخىنىڭ يىلىمى بىلەن يەملىدى[1] (يەنى ئىسراقچىلاردىن سورغۇچلىدى، ئۇ پىچاقنى سورغۇچلىدى)، يەنى ئۇ پىچاقنىڭ دەستىسىنى سىر دەرىخىنىڭ يىلىمى بىلەن يەملىدى دېيىلگەن.

خەنجەردىمۇ قىلىچتا بار بولغان قول، يەنى ئويۇق بولاتتى. بەزىدە «بوگدە» ئورنىغا بوگدەنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «بىچەك»[2] پىچاق دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قورالنى ئىشلىتەتتى. پىچاقتا «قىن» (غىلاپ) ياساش پىچەك قىلماق دەپ ئاتىلاتتى.

6. بەسۇ گۇرزە[3] (تۆمۈر توقماق)

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەربىي قوشۇن قوراللىرى ئىچىدە ھۇجۇم قىلىش قوراللىرى سۈپىتىدە قوللىنىلغان «بەسۇ»، «تۆمۈر توقماق» نى مەھمۇد قەشقەرى دىۋاندا كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

11 - ئەسىر شائىر ۋە يازغۇچىلاردىن بولغان نىزامى ئەرۇزى (مىلادىيە 1156 -، 1157 - يىللىرى) يازغان «نادىر ھېكايەتلەر» ئەسىرىدە غەربىي قاراخانىيلاردىن خىزىرخان ھەققىدىكى مەلۇماتىدا: «ئۇ ھەرقانداق بىر يەرگە ماڭغاندا ئاتنىڭ ئالدىدا قورال‍لاردىن باشقا 700 ئالتۇن ۋە كۈمۈش، بەسۇ تۆمۈر توقماقنى ئېلىپ يۈرەتتى» دەپ بايان قىلىنغان. سەدرىددىن ئەل ھۇسەين شەمسۇل مۇلۇك خان سۇلتان مەلىك شاھنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 50 مەن ئېغىرلىقتا بىر گۇرزە (تۆمۈر توقماق)، 10 مەن ئېغىرلىقتا بىر قىلىچ ئەۋەتىپ: «بىز بۇ قىلىچ بىلەن ئۇرۇشمايمىز، ئوينايمىز. بۇ گۇرزە ساۋۇتنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىدۇ. بىز بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز» دېگەن مەزمۇندىكى خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. بۇنىڭغا جاۋابەن مەلىك شاھ

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 477 - بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 464 - بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 309 - بەت.

ئاتقا مىنىپ مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ گۇرزە (تۆمۈر توقماق) نى يەتتە قېتىم بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ 80 قەدەم نېرىغا ئاتىدۇ. قىلىچ بىلەن بىر قېتىمدىلا بىر تۆگىنىڭ بويىنىنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن خان ئەلچىخانىسى ئالدىغا بىر يانى تاشلاپ «بىزگە قامچا بىلەن ئوقيالا يېتىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن[①]. تارىخشۇناس ئالىم ئىبراھىم كافوس ئوغلى سالچۇقىيلار قوشۇنىدا «دەبىوس ـ داران»، «گۇرزە داران» ۋە هاراتەكنى داران دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدىغان گورزە (تۆمۈر توقماق) چىلانىنىڭ بارلىقىنى، بۇ قوراللارنىڭ ئەينى دەۋردە قاراخانىيلار قوشۇنىدا كەڭ قوللىنىلغان قورال بولۇپ، شۇ زاماننىڭ ئۇرۇشلىرىدا ناهايىتى مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

7. دوبۇلغا

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەسكىرىي قوشۇندا ئۇيغۇرلار دوبۇلغىنى ئاشۇق[②] (يەنى تۆمۈر قالپاق ـــ دوبۇلغا) بەزىدە «يەشۇق» [③] (يەنى دوبۇلغىلىق ـــ دوبۇلغىلىق ئادەم، يەنى بېشىغا دوبۇلغا كىيگەن ئادەم) دەپ ئاتىشاتتى.

قارشى تەرەپلەردىن ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن باشقا كىيىدىغان بۇ تۆمۈر قالپاقنىڭ ئاستىدا باشىنى ئاغرىتماسلىق ئۈچۈن «كەدۇك» (يەنى يۇڭدىن توقۇلۇپ دوبۇلغىنىڭ ئىچىگە كىيىلىدىغان بىر خىل باش كىيىم. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دوبۇلغىغا ئوخشايدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان باش كىيىم كىيەتتى.

8. ساۋۇت

ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ساۋۇتنى «يارىق» (يەنى جەڭلەردە كىيىلىدىغان زەنجىرلىك ۋە تەڭگىلىك ساۋۇتنىڭ ھەر

① رىشات گەنجى: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 440 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 91 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 67 ـ بەت.

ئىككىسىگە ئىشلىتىلىدىغان ئورتاق ئىسىم. بۇلارنى پەرقلەندۈرۈپ زەنجىرلىك ساۋۇت، تەڭگىلىك تۆمۈر ساۋۇت) دەپ ئاتىشاتتى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دە بايان قىلىنىشىچە، «يارىق» نىڭ ئاساسەن ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ «ئورىمە يارىق»① «يارىق» (زەنجىرلىك ساۋۇت)، كۆكرەكنى بېسىپ تۇرىدىغاننى «ساي يارىق»② دەپ ئاتىشاتتى (يەنى تەڭگىلىك ساۋۇت).

«ساي» سۆزىنىڭ «توز» دېگەنگە قارىغاندا ئۇنىڭ كۆكرەكنى ياپىدىغان يەڭگىلرەك ساۋۇت ئىكەنلىكى مەلۇم.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ قارىشىچە، «ئەرنىڭ يارىتىلىشى» ساۋۇتنى كىيىشتە ئىپادىلىنەتتى. «يارقىلىق ئەر» دېيىشىدىكى مەقسەت زىرىھى بار (زىرىھى كىيگەن) كىشىنى كۆرسىتىشتىن ئىبارەت.

قەدىمدىن بېرى تۈرك خەلقلىرىدە ساۋۇتنىڭ ئۇرۇشتا مۇداپىئە قورالى بولغانلىقى مەنبەلەردە قەيت قىلىنغان. بۇنداق بولۇشى ئۇيغۇر، تۈركىي تىللىق خەلقلەردە تۆمۈرچىلىك تېخنىكىسىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. قەدىمدىن تارتىپ تەرەققىي قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دە بېشىدا دوبۇلغىسى، كۆكرىكىدە زىرىھى بولمىغان ئەسكەرنى «باشناق ئەر» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

## 9. قالقان

قاراخانىيلار دەۋرىدە قالقان تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ ھەربىي ئۇرۇشلىرىدا قوللانغان ئاساسلىق مۇداپىئە قوراللىرىدىن بىرى.

مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 158 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 217 ـ بەت.

كۆرستىشىچە، ھەربىي ئۇرۇشتا دۈشمەندىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىلغان ھەر خىل قوراللارنى «تورا قالقان»[①] دەپ ئاتىغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تە «تورا» سۆزى كۆپرەك سۈپەر (قالقان) مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، دېيىلگەن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» تە «تورا قالقان» سۆزىگە بەرگەن ئىزاھاتىدىن قارىغاندا، ئەينى زاماندىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەردە مەدەن (مېتال) دىن سوقۇپ ياسالغان قالقاندىن باشقا تېرە قالقانىمۇ قوللانغانلىقى مەلۇم. بۇ توغرىدا ئېنىق بىر مەنبە يوق.

قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە جەڭلەردە قالقاننى ئۆزىگە دالدا قىلىشنى «قالقان ياپىناق»[②] دەپ ئاتىشاتتى.

قاراخانىيلار قوشۇنىدا ئىشلىتىلگەن قوراللاردىن يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر خىل قورالنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمىز. ئۇ بولسىمۇ «قىلىچ قامچا». يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە تىلغا ئالغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دە بۇنى «ئىچىدە قىلىچى بار قامچا»[③] دەپ كۆرسەتكەن. بۇنىڭغا قارىغاندا قاراخانىيلار دەۋرىدە قىلىچ تېخنىكىسىدە ئىككى پارچە قىلىپ ياسىغان قامچا سېپىنىڭ ئىچىگە كىچىك بىر قىلىچنى ئۇستاتلىق بىلەن ئورنىتىپ، ئۇنى ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

بىز قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ھەربىي قىسىم ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا «تۇغ» قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈر خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق سىمۋولى دېگىنىمىز تۈزۈك.

قاراخانىيلار دۆلىتى قۇرۇلۇشى بىلەنلا دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىق سىمۋولى بولغان «تۇغ» نى، يەنە دومباقنى

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 574 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 526 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 544 ـ بەت.

قوللانغان. ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دە قاراخانىيلارنىڭ بۇيۈك خاقانىنىڭ «توققۇز تۇغلۇق» ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «تۇغ - ئەلەم دېمەكتۇر، توققۇز تۇغلۇق خان دېيىلىدۇ. مەيلى ۋىلايەت قانچە كۆپ بولسۇن، مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولسۇن، تۇغ توققۇزدىن ئارتۇق بولمايدۇ. چۈنكى، توققۇز سانى خاسىيەتلىك بولىدۇ»[①]. قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ بايرىقى سارغۇچ قىزىل رەڭلىك يىپەكتىن ياكى رەختتىن تىكىلىدۇ. «بۇنى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى» دەپ ھېسابلايدۇ[②]. توققۇز سانلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ھەم ئەڭ خاسىيەتلىك بايلىقنىڭ سىمۋولى. شۇڭا، توققۇز قېتىم سەجدە قىلىش ئەڭ ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرگەنلىك بولىدۇ. توققۇز خىل تارتۇقمۇ ئەڭ چوڭ تارتۇق ھېسابلىنىدۇ. قاراخانىيلاردا توققۇز قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزسىمۇ جان ئالماسلىق ئەڭ چوڭ شاپائەت قىلغانلىق بولىدۇ[③]. توققۇز يىلنىڭ كېلىپ چىقىشىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، تۇغلار دەرياسى دېگەن سۆز «توققۇز دەريا» دېگەننى بىلدۈرەتتى. توققۇز دەريا ۋادىلىرىغا ئورۇنلاشقان ئۇيغۇرلار «توققۇز ئۇيغۇر» دەپ ئېلىنىشى ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارنىڭ توققۇزغا چوقۇنىدىغانلىقىدىن ئىدى.

تۇغ (بايراق) سارغۇچ قىزىل رەڭلىك يىپەكتىن تىكىلىدۇ. بۇمۇ ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ ھېسابلىنىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دە يەنە مۇنۇلارنى قەيت قىلىدۇ. «ھال - خانلارغا ئەلەم، بايراق ۋە دۆلەت ئادەملەرنىڭ ئاتلىرىغا ئىگەر ياپقۇچى تىكىلىدىغان سۇس قىزىل رەڭدىكى بىر خىل رەخت. سارغۇچ قىزىل رەڭنى ھال دەپ ئاتايدۇ»[④].

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 - توم، 176 - بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 3 - توم، 176 - بەت.
③ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ، 55 - بەت.
④ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 - توم، 111 - بەت.

دۆلەت سىمۋولى دەپ ئاتالغان بايراق، ئوخشاشلا ھال (سۈس قىزىل) رەڭدە بولۇشى ھەم توققۇز سانى، ھەم ھال رەڭگى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە ئەزەلدىن ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ ھېسابلانغانلىقىدىن بولغان.

بۇ خىلدىكى ياخشىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان بايراقنى تۈركىي تىللىق خەلقلەر يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلىرىغا دۆلەت نامىدا خاقان تەرەپتىن ئالەم (بايراق) بېرىش ئادىتى قاراخانىيلاردىمۇ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرى جەڭ مەيدانىغا چىققاندا بايراقنى بايراقچىلار كۆتۈرۈپ چىقاتتى. «خاقان سارايلىرىدا بايراق ئېسىلىپ، دۇمباق خاقان ھۇزۇرىدا چېلىناتتى»[①]. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بايراق — دۇمباقنىڭ مۇستەقىللىق (ئەركىنلىك) سىمۋولى بولۇپ قوللىنىلغانلىقى خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ھەتتا، كۆكتۈركلەردىمۇ قوللانغانىدى. دېمەك، قاراخانىيلار سۇلالىسى بۇ جەھەتتە ئەڭ قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى داۋام قىلدۇرغانىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي قوشۇنىدا سىگنال ئورنىدا سۇناي، ناغرا، دۇمباق ئىشلىتىلەتتى.

بىز يۇقىرىدا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەربىي تەشكىلى ۋە ئۇرۇش قوراللىرى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان «سۇ بېشى» (قوماندان)، ياتقاق (كېچە مۇھاپىزەتچىلىرى)، تورغاق (كۈندۈز مۇھاپىزەتچىلىرى) قوشۇن (ئارمىيە)، يېزەك (ئالدىنقى قىسىم)، ئىم (مەخپىي قاراۋۇل بەلگىسى)، يۇرتۇغ، بەلم، ئاقىنچى قاتارلىق نۇرغۇن ھەربىي ئۇنۋانلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇرچە ئىدى.

پەقەت ھايىل ئاتالغۇسى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن قوللىنىلغان ھەربىي ئۇنۋان ئىدى.

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 175 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى پەخرى ئۇنۋانلارغا كەلسەك، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەدىمكى تۈرك ئۇنۋانلىرى قوللىنىلغان. بۇ ئۇنۋانلارمۇ ئۆزگىرىپ تۇراتتى. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، قاراخانىيلار خاندانلىقىدا تۆۋەندىكىدەك ئۇنۋانلار بېرىلگەن.

1. قاراخانىيلارنىڭ باتۇرلۇق بىلەن تونۇلغان ياكى چوڭ غەلىبىگە ئېرىشكەن خانلارغا «بۇغرا خان ياكى بۇغرا قاراخان ياكى تۇنگا خان» دېگەن ئۇنۋانلار بېرىلەتتى.

2. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى كۈچەيتىشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ياكى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئىشلاردا كۈچ قوشقان ۋە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە «قادىرخان» (قابىلىيەتلىك، لاياقەتلىك، ئىقتىدارلىق، تەسىرلىك دېگەن مەنىدە) ئۇنۋانىنى بېرەتتى.

3. ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە «قىلىچ خان»، «سوكمەن» (بۇ باتۇرلارغا بېرىلىدىغان ئۇنۋانلارنىڭ بىرى، يەنى جەڭدە سەپلەرنى يارغۇچى كىشى) ئۇنۋانىدا تونگا تېكىن، ئالىپ تېكىن، ياغان تېكىن ئۇنۋانلىرى بېرىلەتتى.

4. قاراخانىيلار دۆلىتىدە نەتىجە ياراتقان، تۆھپىسى بارلارغا «كۆل بىلگەخان» ئۇنۋانى بېرىلەتتى.

5. قاراخانىيلار مەركىزىي ئوردا ۋەزىرلەردىن خىزمەت كۆرسەتكەن، تۆھپە ياراتقانلارغا «باش ھاجىپ» دېگەن ئۇنۋانى بېرىلەتتى.

6. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە، سۆز تۈزگۈچى، يەنى شائىرلار، ئەمچىلەر، يەنى تېۋىپلەرنىڭ تۆھپىسىگە قاراپ يۇقىرى باھادا قەلەم ھەققى بېرىش، مۇكاپاتلاش تۈزۈملىرى قانۇن ئاساسىدا بېكىتىلگەنىدى.

ئومۇمەن قىلغاندا، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىدە كۆرسىتىلگەن ھەر خىل ۋەزىپە ئۆتۈگۈچى ئەمەلدار – مەنسەپدارلارنىڭ خىزمىتىنى ئۈستۈرۈش ۋە خىزمەتكە بەلگىلەشتىكى ئەمەلىي مەسىلىلەردە بەلگىلىك شەرت ۋە ئۆلچەم

بولغان.

قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىي ئاپپاراتىدىكى خادىملارنىڭ ئۇنۋانى مەنسەپلەرگە مۇۋاپىق. ئۇلارنىڭ ئىسمى، ئۇنۋانى بىلەن ئىشلەنگەن كىيىملىرى بولاتتى. قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمدارى (خاقان) غا مەخسۇس ئىشلەنگەن كىيىملىرى «تىراز» دەپ ئاتىلاتتى. قاراخانىيلار خاقانى تەخت ئۈستىدە ھۆكۈمدارلىق كىيىمى بىلەن تاج كىيگەن ھالدا ئولتۇراتتى. بۇ خىل كىيىم ھۆكۈمدارنىڭ (بۈيۈك خاقان) نىڭ سىمۋولى قىلىنغان رەڭلەردە تىكىلەتتى. (خاقان) ھۆكۈمدار تەرەپتىن دۆلەت خادىملىرىغا بېرىلگەن كىيىم تون (خىلئەت) دەپ ئاتىلاتتى. قاراخانىيلار بۇ جەھەتتە قەدىمكى تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى داۋام قىلدۇرغانىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى مەمۇرىي، ھەربىي، دىنىي مۇئەسسەسەلەردە ئىش بېجىرىشتە ئالىي ھۆكۈمدار تەرىپىدىن بېكىتىلگەن تامغا بېسىش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلاتتى. قاراخانىيلار دۆلىتىدىن چۈشۈرۈلگەن ئاغزاكى ئەمر، بۇيرۇق، پەرمانلار «يارلىق» دەپ ئاتىلاتتى. مەھمۇد قەشقىرىمۇ «يارلىغ»[1] يارلىق (خاقاننىڭ مەكتۇبى، بۇيرۇقى) دېگەن خان مەكتۇبىنى تۈركىي يېزىقتا يازىدىغان كاتىپنى «ئىلمغا»[2] دەپ ئاتىشاتتى. خاننىڭ مۆھۈرى (تامغىسى) خان يارلىقىنى «تۇغراغ» دەپ ئاتايتتى[3]. قاراخانىيلار دەۋرىدە يارلىقلار بىلەن خەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خاقان (ھۆكۈمدار) نىڭ تامغىسى بىلەن مۆھۈرلىنەتتى. باشقا ئەمەلدارلارنىڭ تامغىلارغا ئۇلارنىڭ ئىسمى، ئۇنۋانى، مەرتىۋىسى قاتارلىقلار ئويۇلۇشى شەرت ئىدى. تامغىلارنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كاتىپى ساقلايتتى ۋە ئىشلىتەتتى.

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 56 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 195 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 603 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب
# قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادى

## 1. قاراخانىيلارنىڭ ئىقتىسادىي ئىگىلىكى

ئۇيغۇرلار تارىخىدا قاراخانىيلار بۈيۈك خانلىقىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۇيغۇرلاردا فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. قاراخانىيلار خانلىقى دەسلەپكى قۇرۇلغان چاغلاردا، قاراخانىيلارنىڭ ئىقتىسادىدا ھەرخىل ئىجتىمائىي ئىگىلىك شەكلى بار ئىدى. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەر خىل باسقۇچلىرىدا تۇرغۇن قەبىلىلەر، ئۇرۇقلار ياشايتتى، ئوتتۇرا ئاسىيا ماۋەرائۇننەھردە ياشىغان تۈركىي ئاھالىلەر تۇرغۇن زامانلاردىن تارتىپ مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ باقمىغان. چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك، تەشكىلىي شەكلى بولسا ئۇزۇن يىللار داۋاملىشىپ كەلگەن ئۇرۇقداشلىق جامائەت تۈزۈمىدە ئىدى. تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىدە ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى بولسا ئۇلار قەدىمدىلا ئولتۇراقلاشقان، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ئاساسەن يېزا ـ ئىگىلىك ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغان باسقۇچىدا ئىدى. تەڭرىتاغنىڭ ئەتراپىدىكى يەتتە سۇ يايلاقلىرىدا ياشايدىغان ئۇرۇق ـ قەبىلىلەر بولسا ئاساسەن كۆچمەن چارۋىچىلىق ياكى يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان پاتېرئارخاللىق جەمئىيىتىنىڭ ھەر خىل

باسقۇچلىرىدا ئىدى. فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلىرىدىن قەبىلە باشلىقلىرى چوڭ ـ كىچىك فېئوداللارغا ئايلانغان. ئومۇمەن قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ كەڭ زېمىندا ياشايدىغان ئاھالىلەرنىڭ كۆپ مۇتلەق قىسمى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئىگىلىك شەكلى بولغان كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مىللەتلەردىن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈردى. بۇنىڭ ئۈچۈن قاراخانىيلار سۇلالىسى ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئورنىتىلغان رايونلاردا يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىشنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇردى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى. يېڭى ئۆزگىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، كۆچمەن چارۋىچىلىقنىڭ ئورنىنى مۇقىم ئولتۇراقلىشىش ئىگىلىدى. ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن يېگانە چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ئۆزگەردى. بۇ ھال ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋەرائۇننەھرى، ئىلى، تارىم، قەشقەر، خوتەن ۋادىلىرىدا يېزا ئىگىلىك ۋە زىرائەت تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېرىلدى. كېۋەز، زىغىر، قىچا ۋە مايلىق زىرائەتلەر بىلەن ئىقتىسادىي زىرائەتلەرمۇ كۆپ تېرىلدى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن پاختا ۋە مايلىق زىرائەتلەر خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى قوشنا ئەللەرگە ئېكسپورتمۇ قىلىناتتى. ئۇلارنىڭ پاختا توقۇلمىلىرى ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى ۋە باشقا مۇھىم

شەھەرلەرنىڭ بازارلىرىنى قاپلىدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدە دېھقانچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا بولغان ئېھتىياجنىڭ كۆپىيىشى تۈپەيلىدىن، زور كۆلەمدە دېھقانچىلىقتا تۆمۈرلەردىن ياسالغان ساپان، كەتمەن، ئورغاق، ئارا قاتارلىق سايمانلار ۋە باشقا ياغاچ ماتېرىياللىرى كۆپەيتىپ ئىشلىتىلەتتى. دېھقانچىلىقتا ئات، كالا بىلەن يەر تېرىش ئىشلىرى زور دەرىجىدە كېڭەيتىلگەنىدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشتىكى سۇ قانۇنى تۈزۈلۈپ، سۇنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سىستېمىسى ئورنىتىلدى. ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە باشقا سۇ ئىنشائاتلىرى زور كۆلەمدە ياسالغانىدى. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، قاراخانىيلار سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقىدىكى سىر، ئامۇ دەريا ۋە تارىم دەريا ۋادىلىرىدا سۇ تۈگمەن، سۇ چاقپىلەكلىرى ۋە شال ئاقلاش سوقىلىرى كۆپلەپ ئىشلەپ چىقىرىلغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى قالدۇق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرى يېڭىلىنىپ، خامان تېپىشتا ئاساسەن كالا، ئات قاتارلىق ھايۋانلارنى ئىشلەتكەن بولسا، كېيىن بىر ياكى ئات قوشۇلغان تولۇق تاش ئىشلىتىدىغان بولغان. بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى خېلى دەرىجىدە ئۆسكەن. يېزا ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن قول سانائەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئولتۇراقلىشىش ۋە شەھەرلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن قاراخانىيلار جەمئىيىتى ئۆزلۈك مۇددەتكىچە ئەمىنلىك ئىچىدە تەرەققىي قىلدى. قاراخانىيلار دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ گۈللەپ ياشنىغانلىقى ئاساسەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ روناق تاپقانلىقى ۋە سودا - سېتىقنىڭ گۈللەنگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ خىل

گۈللىنىش نەتىجىسىدە قەشقەر، بارچۇق (مارالبېشى) بالاساغۇن، ئوترار، فاراب، سەمەرقەند ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىقتىسادى ۋە سودا تەرەققىي قىلغان سودا ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلدى.

يېزا ئىگىلىكى — فېئودالىزمنىڭ ئاساسى. قاراخانىيلار دەۋرىدە فېئوداللىق جەمئىيەت يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. بۇ دەۋردە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ، فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەردە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتلىرىغا بولغان يېڭى ئىگىدارچىلىق تۈزۈلمىسى مەيدانغا كەلدى. 10 ـ، 13 ـ ئەسىردە يېزىلغان تارىخىي ۋە گېئوگرافىيىلىك ئەسەرلەردە قاراخانىيلار ئىگىلىكىگە ئائىت ماتېرىياللار ناھايىتى كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدىكى مەنبەلەردىن قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر ئىنتايىن قىممەتلىك جاۋابلارنى تاپالايمىز. ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئەسىرىدە قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرخىل تەبىقىلەر ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر، يەنى ئۆز دەۋرىدىكى ئەھۋاللار تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىگىلىكىنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قاراخانىيلار زېمىنىدە ياشىغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى، روھىي قىياپىتى، دۇنيا قاراشلىرى، ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى يەكۈنلەپ «يۇرت ـ ئەل ئاۋاتلىقى — ئادالەت» دەپ تونۇغان. «ئادالەتنىڭ ئاساسى — توغرا قانۇن» دەپ بېكىتكەن. كىشىنى سائادەتلىك قىلىدىغان نەرسە بىلىم دەپ چۈشەنگەن. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ كامىللىقى — ئۇنىڭ ئالىملىقىدا دەپ مۇقەررەرلەشتۈرگەن.

كىشى ئەبەدىي ھاياتقا ئۆزىنىڭ قالدۇرغان ياخشى ئىزلىرى بىلەن ئېرىشىدۇ دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەنگەن. ئۇمۇمەن كىشىلەرگە مەڭگۈ سائادەت، بەخت يولىنى كۆرسەتكەن. 11 - ئەسىرنىڭ ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇماتلارنى بەرگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ شەھرىدە ئولتۇراقلاشقانلىقى، ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر قاراخانىيلار جەمئىيىتىنى خېلى ئەتراپلىق بايان قىلغان.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە قاراخانىيلار جەمئىيىتىدىكى تەبىقە ۋە سىنىپلاردىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ئېچىپ كۆرۈش ئارقىلىق جەمئىيەت بايلىقىنى ياراتقۇچىلارغا ئۆز دەۋرىگە لايىق ئىلغار باھالارنى بەرگەن. قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى بولغان دېھقانلارنى چارۋىچىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارنى شەھەر ھاياتىنىڭ ماددىي بايلىقىنى ياراتقۇچىلار دەپ قارىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يەر تۈزۈمىدە دېھقانچىلىق رايونلىرىدا يەرگە بولغان يېڭى ئىگىدارچىلىق شەكلىدىن ئاساسەن بىرنەچچە خىل ئىگىلىكنىڭ بارلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى، دىۋان يېرى (دۆلەت يېرى) بولۇپ، بۇ قانۇن بويىچە مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەر ئىدى. بۇ يەرلەر ئاغدۇرۇلغان خانلىقلارنىڭ يەرلىرى، خان جەمەتلىرى ۋە ۋەزىر ئەمەلدارلارنىڭ ئىگىلىگەن يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مىلادىيە 999 - يىلى ناسىر ئىلىك ئارسلان خان سامانىيلار پايتەختى بۇخارانى ئىگىلەپ سامانىيلار خانلىقىغا خاتىمە بەردى. مۇشۇ ۋاقىتتا سامانىيلار خانلىقىنىڭ يەرلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت دىۋان يەرلىرىگە ئايلاندۇرۇلغان.

ئىككىنچى خىلى، يەر ئىگىلىرى ۋە دېھقانلار ھەدىيە قىلغان يەرلەر بولۇپ، كېيىن بۇ يەرلەر «ۋەخپە» يەر دەپ ئاتالدى. بۇ خىلدىكى يەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمى قەشقەردە ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. قاراخانىيلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدە ئىسلام مەدرىسلىرىگە، مەسچىتلەرگە ھەدىيە قىلىنغان نۇرغۇنلىغان يەرلەر بولۇپ، بۇ يەرلەرنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى مەدرىسە ۋە مەسچىت، ئادەتتىكى دىنىي مۇئەسسەسە ۋە مەكتەپلەرنىڭ قولىدا بولاتتى. بۇ يەرلەر ۋەخپە يەرلەر دەپ ئاتىلاتتى.

ئۈچىنچى خىلى، فېئودال خانزادىلەرنىڭ مۈلكىي يەرلىرى بولۇپ، فېئودال (پومېشچىكلار) ئۆز نامىدىكى مۈلكىي يەرلەرنى ئۆزلىرى تېرىماستىن، دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىش يولى بىلەن تېرىتقۇزاتتى.

تۆتىنچى خىلى، دېھقانلارنىڭ ئۆزى تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەرلەر بولۇپ بۇ خىلدىكى يەرلەرنى دېھقانلار ئۆزلىرى تېرىيتتى.

بەشىنچى خىلى، يېزا جامائەسىنىڭ يەرلىرى بولۇپ بۇ خىل يەرلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى «ئىكتا» دەپ ئاتىلاتتى. نىزامول ـ مۇلۇكنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرىدە «ئىكتا» نى ۋاقتىنچە بېرىلىدىغان ئىنئام يەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. دۆلەت خەزىنىسىگە دارامەتنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ خىلدىكى «ئىكتا» يەرلەردىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. نىزامۇل ـ مۇلۇك «سىياسەتنامە» نىڭ بىر بابىنى «ئىكتا» غا بېغىشلاپ بۇ بابقا «ئىكتا» دەپ نام بەرگەن. «ئىكتا» پارسچە سۆز بولۇپ «ئىگىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئىكتا» نامىدىكى يەرلەرنى تېرىيدىغان دېھقان باج شەكلى بىلەن سېلىق تۆلەيتتى. يەنى «ئىكتا» يەرنى تېرىيدىغان دېھقاندىن مەھسۇلاتنىڭ بىر قىسمىنى سېلىق سۈپىتىدە تۆلىتىشۈېلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. 8 ـ، 9 ـ ئەسىرلەرگە ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە مەلۇم

www.uyghurkitap.com

بولۇشىچە، شۇ دەۋرلەردە ھاكىملارغا، ھەربىي باشلىقلارغا ۋە ئەمەلدار خادىملارغا «ئىكتا» شەكلىدە ئىنئام يەر بېرىش يولغا قويۇلغان. كېيىن بۇ خىلدىكى «ئىكتا» يەرلەر ساراي دىۋان ئەمەلدارلىرىنىڭ مائاشى ئۈچۈن ۋە ھەربىي خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئىنئام سۈپىتىدە بېرىلىدىغان بولغان. بۇ خىل شەكىل سامانىيلار دەۋرىدىن كېيىن قاراخانىيلار دەۋرىدە ئومۇمىيۈزلۈك ساقلانغان.

سەمەرقەندتىكى ئىلىك خان ئەلى تېكىن ۋاقتىدا «ئىكتا» بېرىش شەكلى قوللىنىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە «ئىكتا» ۋاقىتىنچە ئىنئامدىن مۇددەتسىز ئىنئامغا، مۇددەتسىز ئىنئامدىن مىراسقا ئايلانغان. شۇنداق قىلىپ، سامانىيلار دۆلىتىدە فېئودال يەر مۇلۇكچىلىكىنىڭ كونا قالدۇقلىرى بىلەن بىللە يېڭى شەكلى پەيدا بولغان ۋە تېز راۋاجلانغان. بۇ فېئوداللىق يەر مۇلۇكچىلىكى قاراخانىيلار دەۋرىدە بىرقانچە كۆچمەن قەبىلىلەر يېزا كەنتلەرگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا تۈپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتا يەرلەرنى ئىجارىگە ئالغۇچىلار دېھقانلارنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلدى.

11 - ئەسىردىكى تارىخىي مەنبەلەردە يەرنى ئىجارىگە ئالغۇچىلار «ئىجارىكەش» نامى بىلەن ئاتالدى. بۇ ھەقتە نىزامۇل - مۇلۇك (1018 — 1092 - يىللىرى) ئۆزىنىڭ «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرىدە ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەندى. ئۇ «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرىنىڭ «ئىكتا» غا بېغىشلانغان بابىدا مۇشۇ دەۋردە ئۆتكەن ئېسىل زاتلاردىن بولغان بىر خوتۇن ھەققىدە ھېكايە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئېرى ۋە بالىلىرىدىن ئايرىلغان بۇ خوتۇن ئۆز يېزىسىدا يالغۇز قالدى. ئۇ ئۆزىگە قاراشلىق يەرلەرنى ئۆز كۈچى بىلەن تېرىيالمىغاچقا ئۇ يەرلەرنى ئىجارىكەشكە تېرىش ئۈچۈن ئىجارىگە بەرگەن. ئېلىنغان ھوسۇلنى خوتۇن ئۈچكە بۆلگەن. بىر

قىسمىنى دۆلەتكە، ئىككى قىسمىنى ئىجارىكەشكە بەرگەن. قالغان قىسمىنى ئۆزى تېرىشكە ئېلىپ قالغان». بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ دەۋرلەردە يېزىدا يېرى ئاز دېھقانلار ئەمەس، پۈتۈنلەي يەرسىز دېھقانلارمۇ يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىغان.

قاراخانىيلار دەۋرىدە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈردى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا، دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق ئوتتۇرىسىدا تاۋار ئالماشتۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ سودا تەرەققىي قىلدى.

## 1) يېزا ئىگىلىكى

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار ئىجتىمائىي ئىگىلىكتە يەنىلا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلاتتى. تارىم، قەشقەر ۋادىلىرىنىڭ ئىقلىمى ئىچكى قۇرۇقلۇق ھاۋا كىلىماتىغا مەنسۇپ بولۇپ، يانۋار ئايلىرىدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تەخمىنەن نۆلدىن تۆۋەن 10 سىلسىيە گرادۇس بولسا، ئىيۇل ئايدىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا تەخمىنەن نۆلدىن يۇقىرى 35 سىلسىيە گرادۇس بولىدۇ. يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 50 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. قىش پەسلىدە ئوتتۇرىچە 20 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا قار ياغىدۇ. ئېرىش پەسلىدە تەخمىنەن 30 كۈن ئۆپچۆرىسىدە ئېرىپ بولالايدۇ. يامغۇر ئاساسەن باش كۈز پەسلىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ياز پەسلىدىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى تەخمىنەن 10 مىللىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. بۇ رايونلارنىڭ قىروسىز مەزگىلى تەخمىنەن 210 كۈن ئۆپچۆرىسىدە بولغانلىقتىن دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن كېۋەز، بۇغداي، قوناق، ئارپا، ئاق قوناق، ماش، پۇرچاق زىرائەتلىرىنى تېرىشقا ئەپلىك. بۇ جاينىڭ

ئوتتۇرىچە يىللىق تېمپېراتۇراسى تەخمىنەن 10 دىن يۇقىرى 10 سىلسىيە گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. ھەر يىلى تەخمىنەن 10 ـ ئۆكتەبىر كۈنلىرى ئۈپچۆرىسىدە قىرو چۈشىدۇ. يىل بويى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25 كۈن ئۈپچۆرىسىدە سەككىز بالدىن يۇقىرى غەربىي شىمال شامىلى ۋە غەربىي جەنۇب شامىلى چىقىدۇ. تىيانشان، پامىر قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرىدا يىل بويى ئېرىمەيدىغان قار ۋە مۇزلار بۇ ۋادىلارنى تۈگىمەس ـ پۈتمەس سۇ مەنبەلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. شۇڭا، قاراخانىيلار خانلىقى مانا مۇشۇنداق ئەپلىك تەبىئىي شارائىتقا ئىگە بولغانلىقتىن يېزا ئىگىلىكى ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە كەڭ كۆلەملىك سۇ ئىنشائاتلىرى سۇغىرىش ئىشلىرى قايتىدىن لايىھىلىنىپ يولغا قويۇلغان بولۇپ، قاقاسلىقلارغا سۇ چىقىرىدىغان دەريالارنى تۈزلەڭلىكلەرگە باشلايدىغان ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ئارقىلىق سۇغىرىش يولغا قويۇلغانىدى. ھەتتا سۇ چىقمايدىغان يەرلەر تاغنى تېشىپ سۇ ئۆتكۈزۈش، كارىز سۈيىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق سۇغىرىلغان.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە دېھقانچىلىقتا تۇپراقنى ياخشىلاش، يەر شورلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بۇغدايغا چۈشىدىغان پىتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئوخشاش تېخنىكا يېڭىلاش تەدبىرلىرىنىڭ قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى زەرەپشان، قەشقەر ۋادىسىدا پەرغانە، سەمەرقەند، تاشكەنت، تالاسلاردا دېھقانچىلىق سۇغىرىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان. تارىم بوستانلىقىدا ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئاساسىي ۋىلايەتلىرىدە، بولۇپمۇ زەرەپشان، قەشقەر ۋادىلىرىدا دېھقانلار بۇغداي، قوناق، ئارپا، زىغىر، شال، تېرىق، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەر تېرىلغان. بۇ رايونلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلغان بوستانلىقلار

ئىدى.

ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» ئەسىرىدە ئىتاكۇۋ «itaku» نى[1] تۇگمەن دەپ قەيت قىلىنغان. بۇ جايلاردا شۇ دەۋرلەردە ئومۇمىيۈزلۈك سۇ تۈگمەنلىرىمۇ مەيدانغا كەلگەن. ئىقتىسادىي زىرائەتلەردىن كېۋەز، كەندىر، زىغىر، كۈنجۈت قاتارلىقلار تېرىلاتتى. كېۋەزنىڭ كۆپ تېرىلىشى ئارقىسىدا چىگىتتىن ياغ چىقىرىدىغان جۇۋازلارمۇ راۋاجلانغانىدى. زەرەپشان ۋادىسى، تارىم بوستانلىقى ۋە تۇرپان ۋادىسى چوڭ كېۋەزچىلىك رايونى ئىدى.

ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن ئىسپاتلىنىشىچە، تارىم ئويمانلىقىدا ۋە زەرەپشان ۋادىسىدا مىلادىدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىلا كېۋەز تېرىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى پاختىدىن ھەر خىل كۆركەملىك رەختلەرنى توقۇغان. توقۇمىچىلىق راۋاجلىنىپ، پاختا، كەندىر، يىپەك ۋە يۇڭدىن ئارىلاشما رەخت «ماشروپ» نى ھەشەمەتلىك توقۇغان. رەخت ئۈستىگە ھەر خىل چىرايلىق گۈللەرنى باسقان (بۇ خىل ئۆرنەكلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىلدى). بۇ پاكىتلار ھازىر شىنجاڭنىڭ ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئاساسلىق ۋىلايەتلىرىدە پاختا توقۇمىچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدا، بولۇپمۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا ـ قىشلاقلار بىلەن كۆچمەن چارۋىچىلىق ئوتتۇرىسىدا تاۋار ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، سودا يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. يىپەك يولىدىكى كارۋان سودىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئاساس سېلىندى.

14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىتالىيىلىك مەشھۇر سەيياھ ماركو

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 184 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

پولو (1256 ـ 1323) «قەشقەر رايونىدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا گۈزەل باغلار، ئۈزۈمزارلىقلار ۋە كەڭ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلەر بولۇپ بۇ يەرلەردە كېۋەز ئۆستۈرۈلەتتى» دەپ يازغانىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە غەربىي رايوندا باغۋەنچىلىكمۇ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخلەر يېتىشتۈرۈلگەن. قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدە قەشقەر دەرياسى ئېقىپ ئۆتەتتى. دەريا ياقىلىرىدا خىلمۇخىل مېۋىلەر بىلەن تولغان چوڭ باغلار بىنا قىلىنغانىدى. بۇنىڭدا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم، ئالما، ئامۇت، ياڭاق، بېھى، نەشپۈت، جىنەستە، پىستە، بادام، تاۋۇز ۋە ھەرخىل شېرىن ئالمىلار، تۈرلۈك سورتتىكى قوغۇنلار داڭلىق ئىدى. ھەتتا لوپنۇرنىڭ جەنۇبىدىكى تۇپرىقى ئۇنۇمسىز بولغان جايلاردىمۇ ئۈزۈم كۆپلەپ ئۆستۈرۈلەتتى. ئۈزۈمدىن ھەر خىل مۇسەللەس ئىشلەپچىقىرىلاتتى.

## 2) قول ھۈنەرۋەنچىلىك

قاراخانىيلار دەۋرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ئۇستاخانىلار بازارنى قاپلىدى. تۆمۈر، مىس، ئالتۇن، قوغۇشۇن قاتارلىق مەدەن كانلىرىنى ئېچىش، مەدەن تاۋلاش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش مەيدانغا كەلدى. دۆلەت مۇداپىئەسى ئۈچۈن سېپىل ۋە قەلئەلەر ياسالدى. ئوردا ساراي قەلئەلەر سېلىنىپ بازار ـ شەھەرلەر ئاۋاتلاشتۇرۇلدى. كۇچار، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن بازارلىرىدا ئالتۇن، مىستىن ئىشلەنگەن ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرى ۋە ئۆي جاھازىلىرى سېتىلاتتى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن كاھىشگەرلىك (كاھىشلىق)، نەققاشلىق، تاش ئويمىچىلىق، فار ـ فۇرچىلىق، ئەينەكچىلىك،

قازانچىلىق، تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، ياغاچچىلىق، چىغىرىقچىلىق، باپكارچىلىق، سەيپۇڭچىلىق، توماقچىلىق، كۆنچىلىك، موزدۇزچىلىق، كەشتىچىلىك، سوپۇنچىلىق، تامچىلىق قاتارلىق ناھايىتى نۇرغۇن قول ھۈنەرۋەنچىلىك تۈرلىرى مەيدانغا كەلگەن.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەر (ئوردۇكەنت)، بالاساغۇن، پەرغانە، سەمەرقەند، ئۆزكەنت، بۇخارا، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، ئالمالىق، قوچۇ (قاراغوجا) قاتارلىق مۇھىم شەھەر مەركەزلىرىدە بىرقانچە ئون، ھەتتا بىرقانچە يۈز كىشى ئىشلەيدىغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك كارخانىلىرى بارلىققا كەلگەن. توقۇمىچىلىق كارخانىلىرى تەرەققىي قىلىپ، شايى ـ ئەتلەس، بەقەسەم، بوز، ماتا ـ چەكمەن، زەردىۋال، پالاس، خورجۇن، جايىناماز، گىلەم، كىگىز قاتارلىق يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن داڭ چىقارغان. مەرۋايىت، ئېسىل تاشلاردىن ياسالغان نەپىس ئەسۋابلارنى ۋە باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىك مەھسۇلاتلىرىنى چەت ئەلگە چىقارغان.

ئاتاقلىق جۇغراپىيىئون مۇقدىسى ئۆز ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى شەھەرلەردىن سىرتقا چىقىرىلىدىغان تاۋارلارنىڭ تىزىملىكىنى تىلغا ئالغان. ماۋەرائۇننەھردىكى خارەزىم، بۇخارادىن چەتكە قوي تېرىسى، گەزلىمە، جايىناماز، گىلەم، ئېگەر ـ جابدۇق قاتارلىق تاۋارلار چىقىرىلغان.

تارىخىي مەنبەلەردە ۋە ئارخېئولوگىيىلىك مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، تارىم ئويمانلىقىدا يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنىڭ ئومۇملىشىش ۋاقتى مىلادىدىن 4 ـ ئەسىر ئىلگىرىكى ۋاقىتقا توغرا كېلىدۇ. خوتەن يىپەكچىلىكىنىڭ مەركىزى ئىدى. خوتەننىڭ شايى ـ ئەتلەس، گىلەم، قاشتېشى بۇيۇملىرى، قەشقەرنىڭ كۆن ـ خۇرۇملىرى، دورا ـ دەرمەك، ئەينەك

بۇيۇملىرى ئىران، رۇم، ھىندىستان، خارەزم قاتارلىق يىراق جايلارغا ئېلىپ بېرىلغان.

سودا ـ سېتىقنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن غەرب ۋە شەرق ئەللىرىگە بارىدىغان «كارۋان بۇيۇك» (يىپەك يولى) سودا كارۋانلىرىنى كۈتۈۋالىدىغان ساراي ـ ئۆتەڭلەر كۆپلەپ مەيدانغا كەلگەن. سودىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن پۇل ـ مۇئامىلە راۋاجلانغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خاقانلىرىدىن سۇتۇق بۇغرا قاراخان، ھارۇن بۇغرا قاراخان، مۇسا بۇغرا قاراخان، يۇسۇپ قادىر خان، سۇلايمان ئارسلان قاراخان قاتارلىق خانلار، غەربىي خاقانلاردىن تامغاچ ئىبراھىم خان، شەمسۇل مۇلۇك خان قاتارلىق خانلارنىڭ نامىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش، مىس پۇللار چىقىرىلغان. پۇللارغا خاقانلارنىڭ ئىسمى، نەسەبلىرى ۋە شەرەپ ناملىرى ئويۇلغان.

### 3) بىناكارلىق ۋە نەققاشچىلىق

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەدىمكى ئاساسدىكى بىناكارلىق، نەققاشچىلىق، ساراي، ئوردا، ئۆي ـ ئىمارەتلەرنى لايىھىلەش ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلدى ۋە يۇقىرى سەۋىيىدە راۋاجلاندى. قاراخانىيلارنىڭ مەركىزىي ئوردا ـ ساراي، مەسچىت، جامە، مەدرىسىلىرى كۆركەم، ئىنتايىن ھەشەمەتلىك سېلىنغان. بۇ خىل قۇرۇلۇشلار ئاساسەن پىششىق خىشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرى، دەرۋازىلىرى كۆركەم، ئۇنىڭ ناھايىتى ئېگىز مۇنار ۋە پەشتاقلىرى بار ئىدى. ئوردا مەركىزىدىكى ساراي، دىۋان، مەسچىتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى كۆك ياكى يېشىل رەڭلىك گۈللۈك كاھىش بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇلار خىش ۋە كاھىشقا ھەرخىل چىرايلىق ۋە كۆركەم سىخېمىلارنى چۈشۈرەتتى. ئۇلارغا ھاك، گەج ۋە ياغاچتىن ھەر خىل نەقىش ئىشلەيتتى. بولۇپمۇ ئوردا ـ ساراي، مەسچىت ۋە

باشقا دىنىي پائالىيەت ئورۇنلىرىنىڭ دەرۋازا ئورۇنلىرىغا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى نەقىش قىلىپ ئويىدۇ. قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئويۇلغان ياغاچلار، گەج نەققاشچىلىقى چەت ئەل ئەلچىلىرىنى ۋە كارۋانلارنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

قەدىمىي ئۇيغۇر نەپىس سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەقىش نۇسخىلىرىنى شۇ دەۋردىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسى دېيىش مۇمكىن. ئوردۇ كەنت (خان ساراي) مەدرىسە، مەسچىت، جامەلەرنىڭ قۇببىلىرى، گۈمبەزلىرى ۋە مۇنارلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلەتتى. تاملىرى ھەرخىل رەڭدىكى كاھىشلاردىن سىلىناتتى. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، قاراخانىيلار زامانىسىدا ھەرخىل ئەينەك ئىشلەش، ئەينەككە گۈل بېسىش، تەخسە، قەندەل، جام، سىيادان قاتارلىق رەڭلىك ئەينەك بۇيۇملىرىنى كۆركەم ئىشلەش تەرەققىي قىلغانىدى. بولۇپمۇ ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە ھەر خىل گۈللۈك، رەڭلىك ئەينەكلەرنى قويۇپ زىننەتلەش ئادەتكە ئايلانغان. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قەدىمىي ئوردىسى (ئاتۇشتىكى ئوردىسى)، تۇنجى ئوردىسى ۋە 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئوردىسى — قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى «خان ئۆي» ناھايىتى گۈزەل ياسالغان. سۇتۇق بۇغرا قاراخان بۈيۈك خاقاننىڭ ئاتۇش مەشھەتتىكى قەبرىگاھى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ياسالغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك خاقانى تامغاچ بۇغرا ھارۇن ئەل ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلان قاراخان دەۋرىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قەشقەردىكى قەبرىگاھى رەڭدار ۋە گۈللۈك خىشلاردىن نەقىشلەپ ياسالغان. «قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى ئىچىدە بىناكارلىق پائالىيەتلىرىگە ئەڭ كۆپ ئەھمىيەت بەرگەن شەمسۇل مۇلۇك. ئۇ بىنا قىلدۇرغان ئەڭ مەشھۇر ئىمارەتلەردىن بىرى خەرجەڭ

يېزىسى يېنىدا مىلادىيە 1078 ــ، 1079 ــ يىللىرى سالدۇرغان «رەباتى مەلىك» ناملىق ئىمارەتتۇر. ئۇ سالدۇرغان باشقا بىر رەبات سەمەرقەندتىن خوجەنتكە بارىدىغان يول ئۈستىدىكى ئاق كۆتەلدە بولۇپ، ئۇ دەل مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىدى①. ئۇ دەۋردە قەشقەر ئوردۇكەنتە قۇرۇلغان سۇتۇق بۇغرا خان ساجىيە مەدرىسى ۋە ئۇنىڭ چوڭ تىپتىكى كۇتۇپخانىسىمۇ ناھايىتــى كۆركەم قىلىپ ياسالغان.

ئاتاقلىق تارىخ ئالىمى جامال قارشى (ئەسلى ئىسمى ئوبۇل پەزلى مۇھەممەد ئۆمەر ئوغلى، ئۆمەر بولسا خالىدنىڭ ئوغلى بولۇپ تەخەللۇسى جامال قارشى) مىلادىيە 1230 ــ يىلــى ئالمىلىقتا تۇغۇلغان. ئۇ 1280 ــ 1292 ــ يىلغىچە قەشقەردە ئەل جەۋھىرىنىڭ «ســىھاھۇل ــ لۇغات» ناملىـــق ئەرەبچە سۆزلۈكىنى پارسچىگە تەرجىمە قىلىپ «سۇراھ» دەپ ئاتىلغان ۋە ئۇنىڭغا يازغان ئىلاۋىسىدە ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: «سىھاھ» ئىسىملىك لۇغەت كىتابى بولسا بىلىمسىزلىك دەۋرىنىڭ داۋاسى ۋە بىلىم تەشنالىرىنىڭ شىپاسى، بەلكى بۇ كىتاب بولسا ئەرەب يېزىقى ئىچىدىكى خاتالىقلارنى ساغلاملاشتۇرغۇچى شــىپاخانا شۇنىڭدەك ئىلىم ــ مەدەنىيەت تەلەپكارلىرىنىڭ داغدام يولــى ئىدى. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ نامى بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، يۇقىرىقى «سىھاھ» كىتابى ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم ئەبۇ نەسىر ئىسمايىل ھاممادىنىڭ ئوغلى بولۇپ ئىلمىي تەخەللۇسى «جەۋھىــرى». جەۋھىرىنىڭ بۇ كىتابى بولسا ئۇسلۇب جەھەتتىن ئىنتايىــن گۈزەل، قۇراشتۇرۇش جەھەتتىن ئىنتايىن پۇختا بولغان. ئۇ كىشىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەمگەكلىرىگە خۇدا ئەجىر بەرسۇن. مەن

① رىشات گەنجى: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسەر 64 ــ بەت. «شەمسۇل مۇلۇكنىڭ قەبرىسىنىڭ ئاق كۆتەلدە ياسالغان رىباتتا ئىكەنلىكىگە دائىر ئەھمەد بىننى مۇھەممەد: «كىتابى موللازادە» دە ۋە بارتولدنىڭ «تۈركىستان» ناملىق كىتابىنىڭ 168 ــ بېتىدە، جامال قارشىنىڭ «مۇلھاقاتۇس ــ سۇراھ» ئەسەرلىرىدە كۆرسىتىلگەن.

بۇ كىتابنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ نەچچە زامان ئىزدىدىم، مۇمكىن بولسا سىتىۋالاي ياكى يېزىۋالاي دېدىم. بەختىمگە يارىشا قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاتاقلىق ۋە تولۇق بەختلىك مەدرىسلىرىدىن بىرى بولغان «ساچ مەدرىسى» (سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خان سالدۇرغان) نىڭ كىتاب ئامبىرىدىن «سىھاھ» كىتابىنىڭ تۆت چوڭ تومى تېپىلدى. نۇسخىسى ساغلام ئىكەن. راست دېگەندەك قالتىس ماختاشقا لايىق كىتاب ئىكەن. بىراق، ھەجمى چوڭ، سۆزلىرى بەك ئۆتكۈر بولغىنى ئۈچۈن كۆچۈرۈپ ئېلىش ياكى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپسىز كۆرۈندى. ئاخىر بىر مۇددەت ئويلىنىپ قىسقارتىپ، ئىشلەشنى لايىق كۆرۈپ «مۇلھاقاتۇس ـ سۇراھ» نامىدىكى كىتاب قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىلاۋە يازدىم.

جامال قارشىنىڭ بايانلىرىدىن سۇتۇق بۇغرا خان كۇتۇپخانىسىنىڭ ھەشەمەتلىك، كىتابلىرى سانسىز، چىرايلىق سېلىنغانلىقىنى، كۇتۇپخانا بىناسى ئارقىلىق سەنئەتنىڭ يۇكسەك تەرەققىي قىلغانلىقى نامايان قىلىنغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئەپسۇسكى شۇ دەۋردىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئىزلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالمىغان.

«تارىخى رەشىدى» نىڭ ئاپتورى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان (1500 ـ 1551) نىڭ بايان قىلىشىچە، قاراخانىيلار دەۋرىدە بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرستىدىغان بىرقانچە شەھەرلەر يېڭىدىن قۇرۇلغان بولسىمۇ، كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ خارابىسىمۇ قالمىغان. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى غەرب خانى تامغاچ ئىبراھىم خان سەمەرقەندنىڭ كۆرەجون مەھەللىسىدە چوڭ بىر ساراي بىنا قىلدۇرغان. بۇ سارايىنىڭ ناھايىتى ھەشەمەتلىك چىرايلىق بولغانلىقىدىن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭقى چىققان.

يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئوغلى توغرول قاراخان مىلادىيە 1072 ـ يىلى مەرغىلان تەۋەسىگە بارىدىغان جايلاردا

چىرايلىق سارايلارنى سالدۇرغان ۋە يول، كۆۋرۈك، چوڭ ئۆستەڭلەرنى ياسانقان.

قاراخانىيلارنىڭ غەربىي ئىلىك خانى خىزىر خان دەۋرىدە ئۇ (مىلادىيە 1081 ـ يىلى ۋاپات بولغان) سەمەرقەندتىكى «خوپباد» دېگەن يەردە گۈزەل بىر ساراي سالدۇرغان. ئاتاقلىق تارىخچى نارشاھ «بۇخارا تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ: «بۇ ساراي بەكمۇ گۈزەل بولۇپ، ئۇ كامالەتكە يەتكەن ماھىر ئۇستىلار تەرىپىدىن سېلىنغانلىقتىن 30 يىلدىن بۇيان قاراخانىيلارنىڭ ئوردا سارىيى بولۇپ كەلمەكتە» دەپ بايان قىلغان. «كىتابى مۇللازادە» دېگەن ئەسەردە ساغىر بەگ ئارسلان خاننىڭ مىلادىيە 1103 ـ يىلى بۇخارادا «بۇخارا سارىيى» ناملىق ساراي سالدۇرۇلغانلىقى، شەمسئاباددا مىلادىيە 1119 ـ يىلى چوڭ تىپتىكى بىر مەسچىت بىنا قىلغانلىقىنى، مىلادىيە 1121 ـ يىللىرى جامەنىڭ بۇلۇتقا تاقاشقان مۇنارلىرىنىڭ ياسالغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ خىل خان سارايلىرى، مەسچىت، جامەلەر ئەينى دەۋردە ئەڭ يۇقىرى تېخنىكا ئاساسىدا ماھىرلىق بىلەن ياسالغانلىقتىن ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇزۇلماي كەلگەنلىكى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىق تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى، نەققاشچىلىق، سىرچىلىق سەنئىتىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىمارەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي بىناكارلىقىنى تەتقىق قىلىشتا چوڭ ئىلمىي قىممەتكە ئىگىدۇر.

www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب
# قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت

## 1. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەت توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا چوڭ تۆھپە قوشتى. شىنجاڭدىكى قەدىمىي تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ قوشۇلۇپ، بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇشىدا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىدى ھەمدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا گۈللىنىش دەۋرىنى يارىتىش بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشتا چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

تارىختا «غەربىي يۇرت» نامى بىلەن ئاتالغان بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەڭ قەدىمكى كونا تاش قورال دەۋرىدىن باشلاپ ئادەملەر ياشىغان قەدىمكى ماكان بولۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەسلەپ بارلىققا كەلگەن جايلارنىڭ بىرى ئىدى. كېيىنچە قول - ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - سېتىقنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن قەدىمكى «يىپەك يولى» ئاشۇ قەدىمكى رايوندا شەكىللەندى. سودا - سېتىق دىن، مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ ۋاستىسى بولغاچقا، بۇ قەدىمكى تارىم ۋادىسى تۆت خىل بۈيۈك قەدىمكى مەدەنىيەت، يەنى يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى، مىسوپوتامىيە مەدەنىيىتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشتى ھەمدە

خرىستىئان، مانى، زەردۇش، بۇددا ۋە ئىسلام قاتارلىق مەشھۇر دىنلارمۇ مۇشۇ رايوندا گىرەلىشىپ، نەتىجىدە بۇ رايون دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچراشقان ئورنى، قەدىمكى بۇيۇك كارۋان يولى «يىپەك يولى» نىڭ تۇگۇنى بولدى. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە بۇ قەدىمكى رايون ئاھالىسى ھىندى، ياۋروپا، خەنزۇ، تىبەت تىللىرى بىلەنمۇ تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ بۇيۇك تىل سىستېمىسى (ئالتاي – ئورال، ھىندى، ياۋروپا، خەنزۇ، تىبەت تىللىرى) گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ رايون تارىختا مەدەنىيەت رايونى بولۇپ كەلدى. شۇڭا بۇ رايوندا ياشىغان غوللۇق خەلق ئۇيغۇر، ياغما، قارلۇق قاتارلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيەتتە ئۆز دەۋرىدە يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر ياراتتى.

تارىخشۇناس مورگان «دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسى ئاستىدا كۆمۈلۈكتۇر. قاچانكى بۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى بىزگە مەلۇم بولغۇسى»① دەپ ئالدىنئالا بېشارەت بەرگەنىدى. دېمەك، تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ سىرى تەلتۆكۈس ئېچىلىپ، غەربىي رايوننىڭ ئەينى تارىخىي قىياپىتى روشەنلىشىش بىلەن بىللە دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم تارىخىي پاكىتلارمۇ ئايدىڭلىشىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ ۋە ھەر ساھە ئالىملىرىنىڭ مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشىگە باغلىق.

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى يىپەك بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دېيىش ئارتۇقچىلىق قىلمايدۇ. قەدىمكى يۇنان تارىخچىلىرى ھازىرقى شىنجاڭ توغرۇلۇق نۇرغۇن ئەسەرلەرنى

---

① مورگاننىڭ: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىنىڭ ئانا خەتلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ 1 - بېتى.

يازدى. يۇنانلىق ھېرودوتۇس ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق ئەسىرىدە قەدىمكى شىنجاڭنى «سېرىس ئېلى» دەپ ئاتىغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 -، 4 - ئەسىرلەردە قەدىمكى يۇنان ئالىملىرى بۈگۈنكى خوتەن دىيارىنى «يىپەك مەملىكىتى» دەپ ئاتىغانىدى. مىلادىدىن 4 - ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان يۇنانلىق ئالىم كېسىياس ئۆز ئەسەرلىرىدە «سېرىس دۆلىتى» (يىپەك دۆلىتى) نى تىلغا ئالغان ۋە بىرقەدەر مۇكەممەل ۋە تەپسىلىيرەك ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. مىلادىيىنىڭ 2 - ئەسىرىدە ياشىغان جۇغراپىيە ئالىمى پىتولىمى (مىلادىيىنىڭ 150 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق ئون توملۇق ئەسىرىدە «سېرىس ئېلى» دېگەن مەخسۇس بىر باب بولۇپ، ھازىرقى شىنجاڭدا ياشىغۇچى خەلقنى «سېرىس» لار دەپ ئاتىغان. «سېرىس» سۆزى گىرېك تىلىدىكى «يىپەك» دېگەن سۆزنى كۆرسىتىدۇ. «غەربىي يۇرت توغرىسىدا خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدا، خوتەندە ياۋا پىلە ئىنتايىن كۆپ. يىپەكتىن توقۇلغان شايى - ئەتلەس، چۇچۇنچىلار ئىنتايىن پىششىق كېلىدۇ. پارقىراق ۋە ئېسىل بولىدۇ، دېيىلگەن.

شىنجاڭنىڭ يەر ئاستىدىن قېزىپ ئېلىنغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلما ماتېرىياللاردا يىپەك بۇيۇملىرىغا ئائىت قېزىلمىلار ئىنتايىن كۆپ چىققان. بۇنىڭ ئىچىدە كىمخاب، شايى - ئەتلەس، چۇچۇنچىلار بار. بۇلار ناھايىتى زور ماھارەت بىلەن توقۇلغان. بوياقلىرى ناھايىتى كۆركەم، گۈللىرى ئاجايىپ چىرايلىق. بىز يىپەك مەسىلىسىنى تىلغا ئالغاندا 11 - ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە «چىغرى» يىپەك ئىگىرىدىغان چاق، «كامان» بۆز ياكى گىلەم توقۇشتا ئارقاق بىلەن ئۆرۈچنى ئايرىيدىغان بىر خىل ئەسۋاب، «چەكىن» يىپەك رەختكە زەر بېسىش، «تەختۇ» ئىگىرىلمىگەن مەشۇت، «كېمىشكە» قەشقەردىن چىقىدىغان گۈللۈك پالاس دېگەن سۆزلەر تىلغا ئېلىنىپ قەيت قىلىنغانىدى.

www.uyghurkitap.com

تارىخىي پاكىتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن 3 مىڭ يىل ئىلگىرىلا يىپەك رەخت توقۇش تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلىپ، ھەر خىل يىپەك بۇيۇملارنى توقۇپ چىققان. تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملاردىن قارىغاندا، ئۇدۇن (خوتەن) ئۇيغۇرلىرى بۇنىڭدىن 2 مىڭ يىل ۋە 3 مىڭ يىل ئىلگىرىلا پاختا ـ يۇڭ يىپەكتىن ھەرخىل توقۇلمىلارنى توقۇپ، ئۆز ئېھتىياجىنى قامداشتىن سىرت، قوشنا ئەللەرگە ئېكسپورت قىلغان. ئۇلار يىپەك رەخت تېخنىكىسىدا رەختلەرنى زەر بېسىش ئارقىلىق ئېسىل تەيتۇللا، كىمخاب توقۇغان. بۇ ئېسىل رەختلەر شەرقتە ۋە غەربتە قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى «كارۋان بۇيۇك» (يىپەك يولى) ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى يۇكسەلدۇرۇشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. شەرقتىكى جۇڭگو، ھىندىستان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەتلىرى غەربتىكى مىسوپوتامىيە، مىسىر مەدەنىيىتى قاتارلىق قەدىمكى دەۋر مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئۇچراشقان مەيدانى بولغان «يىپەك يولى» ھەقىقەتەنمۇ زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە روللارنى ئوينىدى. قەدىمكى كارۋان يولى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئىككى تەرىپىنى ۋە ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتەتتى.

ئوتتۇرا يول كىروورەندىن ئۆتۈپ غەربىي جەنۇبىي كېنگىت (ھازىرقى قارا شەھەر)، ئاگنى (ھازىرقى بوگۇرنىڭ شەرقى)، كۇچار (كۇسەن)، سوللۇق (قەشقەر) ئارقىلىق پامىر ئېگىزلىكىدىن ئېشىپ، تۇپتوغرا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ يېنىغا يېتىپ باراتتى.

جەنۇبىي يول ياڭگۇەن (كونا قۇدۇق) دىن چىقىپ قۇمۇلدىن ئۆتۈپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ پىشەمشان (ھازىرقى چاقىلىق) نىڭ جەنۇبى، كوئىنلۇننىڭ شىمالى، كىرىيەنىڭ شەرقى، خوتەننىڭ جەنۇبى قاتارلىق جايلار ۋە يەكەن قاتارلىق يەرلەردىن ئۆتۈپ ئاندىن «دۇنيانىڭ ئۆگزىسى» دەپ ئاتالغان پامىر ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى

ئارقىلىق غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ئارشاكقا (ئىرانغا) باراتتى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يول بولۇپ ئۇ تيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىنى بويلاپ ئېۋىرغول (قۇمۇلنىڭ غەربىي) ئارقىلىق باركۆل، بەشبالىق (جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي جەنۇبى) دىن ئۆتۈپ غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ ئىلى دەرياسى، چۇ دەرياسى ئارقىلىق سۇياپ (سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى توقماقنىڭ يېنىدا) شەھىرىگە بېرىپ، ئاندىن شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى كونستانتىنپول (ئىستانبول) غا باراتتى.

«يىپەك يولى» لىنىيىلىرىنىڭ قاراخانىيلار زېمىنىدە بولۇشى بۇ خاندانلىقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تېز گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولدى. بولۇپمۇ يىپەك سودىسى ئەزەلدىن ئاسىيانىڭ مۇھىم سودا پائالىيىتى بولۇپ ئۇنىڭ خېرىدارى ئاساسەن ئىران، شەرقىي رىم ۋە يېقىن شەرق ئەللىرىدىن ئىدى. «يىپەك يولى» مەدەنىيەت قاينىمى ۋە شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆۋرۈكى بولغانلىقتىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدىلار يىپەك سودىسىنىڭ ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينايتتى. «يىپەك يولى» نىڭ شىمالدىكى يايلاق لىنىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىق ۋە جەنۇبىي دېڭىز لىنىيەلىرى قاتارلىق ئىنتايىن كەڭ دائىرىدىكى ھەربىر ئاساسىي تۈگۈنلەردە سوغدىلارنىڭ تىجارەت ئورۇنلىرى بار ئىدى. دېڭىز يولىدا بولسا ھىندى ئوكيان ئارقىلىق كېمە قاتنايتتى. شەرقىي رىمدا بولسا ئاساسەن يىپەك ئىشلەپچىقىرىلمىغانلىقتىن ئىراندىن ئۆتۈپ ھىندىستان بۇددىستلىرى بىلەن بىۋاستە سودا قىلماقچى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئىران توسقۇنلۇق قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سوغدى سودىگەرلىرى تۈرك خانلىقىغا بېقىندى بولغانلىقتىن، يىپەك سودىسىنى كېڭەيتىشكە غەربىي تۈرك خانى ئىستەمىدىن ياردەم سورىدى. مىلادىيىنىڭ 560 ـ يىلى تۈرك خانى ئىستەمى خاقان ئىران شاھى خۇسراۋ I گە ئەلچى ئەۋەتىپ، يىپەك سودىسىنى يولغا قويۇشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. بىراق خىسراۋ I ئىستەمى خاننىڭ تەلىپىنى رەت

www.uyghurkitap.com

قىلدى. ئۇ تۈركلەردىن ئۆتۈپ كەلگەن يىپەكنى ئىشلەتمەيمىز، دەپ يىپەك سودىگەرلىرىنىڭ ماللىرىنى خەلقــــئالەم ئالدىدا كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ھەتتا تۈرك ئەلچىلىرىنى قاماپ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىستەمى خاقان بىلەن خىسراۋ I نىڭ ئوتتۇرىسىدا يىپەك سودىسىنى قوغداش ئۈرۈشى پارتلىدى. كېيىن ئىستەمى خاقان سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ تەكلىپى بويىچە شەرقىي رىم بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشنى يولغا قويۇش نىيىتىدە شەرقىي رىمغا مەخسۇس ئەلچىلەر ئۈمىكى بىلەن خەت ۋە يىپەك ئەۋەتتى. تۈرك خانلىقىنىڭ ئەلچىلىرى مىلادىيىنىڭ 667 ـ يىلى شەرقىي رىمغا يېتىپ بېرىپ، شەرقىي رىم پادىشاھى يوتسىن ئىئاننىڭ كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى. شەرقىي رىم پادىشاھىمۇ تۈرك خاقانى ئىستەمى خانغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى. مۇشۇ دەۋردە تۈركلەرنىڭ تۆمۈرچىلىك، مىسكەرچىلىك، زەگەرچىلىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھۈنەر سانائىتى تەرەققىي قىلغانىدى. مىلادىيە 669 ـ يىلى پادىشاھ يوسىنئان ۋاقتىدا تۈرك خاقانى ئىستەمى قېشىغا شەرقىي رىم ئەلچى بولۇپ كەلگەن زىماركوسىنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى توغرىسىدا شەرقىي رىم تارىخچىسى مىناندىرنىڭ يېزىشىچە «زىماركوس قاتارلىقلار قاغاننىڭ تۇرۇشلۇق جايى، ئاق تاغدا بولۇپ يۇنانلىقلار ئۇنى ئالتۇن تاغ دەپ ئاتىغان،①غا بارغاندا ئۇلار ئىستەمى خاقاننىڭ ئوردىسىنى كۆرگەن. بۇ ئوردا بىر تاغقا ئورۇنلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى ئالتۇن تاغ ئوراپ تۇرىدىكەن. زىماركوس ئۇ يەرگە بېرىش بىلەنلا قاغان ئۇنى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەن. ئۇلار قاغاننىڭ كىگىز ئۆيىدىن ياسالغان ئوردا ئىچىدىكى بىر ئالتۇن ئورۇندۇقتا

① ئاقتاغ تۈركچە سۆز بولۇپ بۇ يەردە ئالتۇنتاغ دېيىلىشى دورۇس ئەمەس. ئاق تاغ ـ تەڭرىتاغ دېيىلگەن. («جۇڭگو غەرب ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارىخقا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 4 ـ قىسىم) چاۋاننىڭ ئېيتىشىچە ئاق تاغ كۇچارنىڭ شىمالىدىكى تاغدۇر. ئەڭ دەسلەپ تۈرك خاقانلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى كۇچارنىڭ شىمالىدىكى تاغنىڭ سىرتىدىكى تېكەس ۋادىسىدا بولغان «غەربىي تۈرك تارىخقا دائىر ماتېرىياللار» ناملىق كىتابىدىن.

ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن. ئورۇندۇقنىڭ ئاستىدا ئىككى چاق ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنى قوزغاشقا توغرا كەلسە بىر ئات تارتىدىكەن. بۇ كىگىز ئۆي رەڭگارەڭ يىپەك توقۇلمىلاردىن ياسالغان چىمىلداقلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، ناھايىتى نەپىس ئىكەن. ئىككىنچى كۈنى باشقا بىر كىگىز ئۆيدە قوبۇل قىلغان. بۇ ئۆينىڭ تۆت تەرىپىگىمۇ تۈرلۈك گۈزەل يىپەك توقۇلمىلار ئېسىلغان بولۇپ، بۇ توقۇلمىلارنىڭ ئۈستىگە خىلمۇخىل ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سۈرىتى كەشتىلەنگەن. ئىستەمى قاغان ئولتۇرغان كارىۋات تامامەن ئالتۇندىن ياسالغان. كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان جام، مەي چەينىكى ۋە مەي قاچىلانغان كۈپلەرمۇ ئالتۇندىن ياسالغانىكەن. 3 ـ كۈنى يەنە بىر كىگىز ئۆيدە زىياپەت ئۆتكۈزۈلگەن. بۇ كىگىز ئۆينىڭ تۈۋرۈكى ئالتۇن پارچىلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى قاغان ئولتۇرىدىغان تەخت ئالتۇندىن ياسالغان. تۆت تۇرنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان يىغىن بولىدىغان بۇ جاينىڭ ئالدىغا نۇرغۇنلىغان ھارۋىلار توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، ھارۋىلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن كۈمۈش بۇيۇملار جۈملىدىن لېگەن، تەخسە ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان سانسىز قۇش جانىۋارلار، ھەرخىل ھايۋانلار قاچىلانغان. نەققاش، ئويمىچىلىق ھۈنەر سەنئىتى شەرقىي رىمدىن ھەرگىز قېلىشمايدىكەن. دېمەك، تۈرك قاغانىنىڭ تۇرمۇشى ھەشەمەتلىكتە ئەنە شۇنداق دەرىجىگە يەتكەن»① دېگەن.
دېمەك، تۈرك خاندانلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا رىم پادىشاھلىقىمۇ قىزىققان. شۇڭا، يىپەك يولىدىكى سودا داۋام قىلغان. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي رىم ۋە ھىندىستانغا سودا كارۋانلىرى قاتناپ تۇرغانلىقتىن، غەربىي يۇرتنىڭ مەھسۇلاتلىرى چەتكە ئۈزلۈكسىز چىقىرىلغان.
يىپەك يولى كېيىنكى دەۋرلەردە قاراخانىيلار مەدەنىيىتىنى

---

① ھىندى يولىنىڭ «قەدىمكى جۇڭگودا ئاڭلىغان ـ كۆرگەنلەردىن خاتىرە» دېگەن كىتابىنىڭ 1 ـ تومىدىن.

ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاجايىپ گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. قاراخانىيلارنىڭ مەدەنىيىتى تۆت خىل مەدەنىيەت، تۆت خىل دىنىنىڭ ۋە يىپەك يولىنىڭ ئۇچرىشىش تەسىرى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. قاراخانىيلار دەۋرىدە شەرقتە كۇچارنىڭ غەربىدىن تارتىپ بۇخاراغىچە ۋە شىمالدا ئىلى دەرياسىنى، غەربتە ئامۇ دەرياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىنغا قىسقىسى يۇقىرىقى چىندىن خەزەر دېڭىزىغىچە بولغان كەڭرى زېمىنغا جايلاشقان قەشقەر، بالاساغۇن، بارسغان، بارچۇق (مارالبېشى)، تالاس (هازىرقى جامبول)، فاراپ (ئوترار)، شاش (تاشكەنت)، سەمەرقەند، بۇخارا قاتارلىق بىرقانچە چوڭ شەھەرلەر تېخىمۇ گۈللىنىپ، ئىقتىساد ۋە سودا — مەدەنىيەت مەركەزلىرى مەيدانغا كەلدى. قاراخانىيلار ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكى مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يېڭى بىر گۈللىنىش دەۋرى باشلاندى. بۇ يېڭى دەۋر مەدەنىيىتى تاكى 13 — ئەسىرگىچە غەرب مەدەنىيىتىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.

تارىخىي مەنبە ۋە هۆججەتلەردىن قارىغاندا بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى بىزنىڭ ئاتا — بوۋىلىرىمىز يىپەك ياغلىق تۇتقان. يىپەك كىيىملەرنىڭ پۈكلىشىپ قالغان يەرلىرىنى سىلىقلاش ئۈچۈن «ئۇتىدى» «utidi»① (دەزمال) ئىشلەتكەن. يىمەك — ئىچمەك، كىيىم — كېچەك، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەش جەھەتتە يۈكسەك مەدەنىيەت ياراتقانىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆزىگە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىش، ئالتۇن — مەرۋايىت ئىشلىتىش ئۇزۇن

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 — توم، 345 — بەت.

تارىخقا ئىگە. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئاياللار گۈزەللىكىنى سۆيۈشنى ھەرخىل قىممەتلىك، كۆركەم زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن ئىپادىلىگەن. بولۇپمۇ قىزلارنىڭ نىكاھ كېچىسى بوغماق «bokmak»[①] (بۇ نەرسە ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسىلىپ ئۈستىگە قىممەت باھالىق تاشلار ۋە مەرۋايىتلار ئورنىتىلىدۇ. نىكاھ كېچىسى ياسانغان كېلىنگە تاقاپ قويۇلىدىغان مېدالىيون) تاقىلىشى، ئاياللار دوپپىسىنى «بېرتىلىندى» (burlandi)[②] دېيىلىپ ئالتۇن قاداق تۇتۇلۇشى، ئاياللار ئۆزلىرىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ كۆكسىنى كۆتۈرۈشتە باغىرداغ (لىپتىك) ئىشلىتىشى، «سۇلۇق» (surluk)[③] (يىپەك قولياغلىق) تۇتۇشى، «مۇنجۇق» (monquk)[④] مۇنچاق ئېسىشى، زىننەت ئۈچۈن بوينىغا قىممەتلىك تاشلارنى ئېسىشى، قىزلارنىڭ نىكاھ كېچىسىدە ھۇجرىسىغا «موندوۋ» (mundu)[⑤] (يىپەك رەختىن تىكىلگەن چىمىلدىق) تارتىشى، ئاياللارنىڭ ئۆتۈكلىرىنى «تىزىلدۇرۇك» (tizilduruk)[⑥] دېيىلىپ ئۆتۈكنىڭ تۇمشۇقىغا زىننەت ئۈچۈن تاقىلىدىغان تەڭگىلەرنىڭ بېكىتىلىنىشى، ئاياللار بوينىغا «بەقەن» (bakan)[⑦] بويۇن ھالقا (چەمبەر ئالتۇن ۋە ئالتۇنغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ياسالغان بويۇن ھالقا دېيىلىدۇ) نى تاقىشى، ئايالارنىڭ قۇلىقىغا ئۆكمەك «kmak»[⑧] زىر تاقىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرى مەدەنىيىتىدە توقۇمىچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلىگەن. توقۇمىچىلىق

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 610 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 277 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 610 ـ بەت.
④ مەھمۇد قەشقەرى: «دىۋان لۇغاتىت ـ تۈرك»، 1 ـ توم، 621 ـ بەت.
⑤ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 685 ـ بەت.
⑥ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 686 ـ بەت.
⑦ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم 519 ـ بەت.
⑧ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 142 ـ بەت.

ئاساسەن يىپەك توقۇمىچىلىقى، يۇڭ توقۇمىچىلىقى، پاختا توقۇمىچىلىقى، كەندىر تالالىرى توقۇمىچىلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئەينى دەۋرلەردە يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان. 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىكى ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بەرگەن. بۇ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتلىك يازما مەنبەدىن ئىبارەت.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ 1 ـ توم 453 ـ بېتىدە «قىرىس» نى ئىزاھلاپ، «يۇڭ چەكمەن چاپان، تۆگە ياكى قوي يۇڭىدىن توقۇلغان كىيىم» دېگەن. ئۇ يەنە 1 ـ توم 401 ـ بەتتە «ئىچۇكلادى ، Iqukladi ، » ئىچىدىن «ئىچۇك» سۆزىنى ئىزاھلاپ: «تونىنىڭ ئىچىگە بۇلغۇن، تىيىن تېرىلىرىدىن ئىچلىك قىلدى. قىممەتلىك ھايۋان تېرىسىدىن جۇۋا قىلدى» دېگەن. قاراخانىيلار زېمىنىدىكى ھۈنەر ـ سەنئەتكارلار تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ ئىشلىنىپ، يۇڭ تىۋىتتىن «قىيمىچ ، kiymiq ، » ئاق توماق① ، ئاق تىۋىتتىن ئىشلەنگەن توماقلارنى ئىشلەتكەن. كەڭ كۆلەملىك «ئەتۈكلۈك ، atukluk ، » خۇرۇم ئىشلىنىپ، كۆن ـ خۇرۇمدىن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىشلەنگەن. بۇ خىل يەرلىك مەھسۇلاتلار بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنى تەمىن ئەتكەندىن تاشقىرى كۆپ قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلارغا، غەربىي ئەللەر، غەربىي جەنۇبىي ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىلىپ «يىپەك يولى» سودىسىنى جانلاندۇرغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىش نەتىجىسىدە دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىدىغان سوقا، تىرنا،

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 241 ـ بەت.

تۆمۈر ئارا، تۇگمەن قاتارلىق ئاشلىقنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە بولىدىغان قوراللارنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرغان.

مەھمۇد قەشقەرى تـۇگمەننـى «ئىتـاكـۇ»① دەپ، ئـۇن تارتقۇچىنى ئۆگىتچى «ugitqi»② دەپ ئىزاھلىغان. تۇگمەن ئۈستىدە ئايلانغۇچى تاشنى «ئىتاكۇ» itaku دەپ ئىزاھلىغان. «ئۇنى يىرىكرەك تارتماقچى بولغاندا قۇلاقنىڭ ياردىمى بىلەن تاش بىر ئاز كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنى يۇمشاق تارتىش زۆرۈر بولغاندا تۇگمەن تېشى بۇ قۇلاقنىڭ ياردىمى بىلەن بىـــر ئاز تۆۋەن چۈشۈرۈلىدۇ» دەپ تۇگمەن تېشىنىڭ قۇرۇلمىسى، تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇللىرى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇگمەن مەدەنىيىتىنى نامايان قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىدىمۇ بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان تاماقلارنىـڭ خىلى كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر بولۇپ تىلغا ئېلىنغان ئەنئەنىـۋى تاماقلىرى ھەققىدە 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك تىلشۇناس ئـالىمى مـەھمـۇد قـەشقىرىنىـڭ «دىـۋانـۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» ئەسىرىدە ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلەتكەن ناننى ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل پىشۇرۇلۇشى ۋە تۈرلىرىنى، بۇغداي ئۇنىدا قىلىنىدىغان ئۇيغۇر تائاملىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دە «ئەبمەك ‹abmak›»③ «نان» ياغمالار نان دەيدۇ. يۇغا «yugA»④ قاتلىما نان دېيىلگەن. نېپىز ناننى چۇتمىن «qutmin»⑤ بۇنى

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 201 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 72 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 137 ـ بەت.
④ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 374 ـ بەت.
⑤ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 578 ـ بەت.

www.tuyghurkitap.com

هورنانىنىڭ بىر خىلى، نېپىز نان دەپ ئىزاھ قىلغان. يەنە ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ ئەتىۋارلاپ يەپ كەلگەن توقاچنى «توقاچ ‹tokaq›»[1] ۋە كۆرشەك «korxak»[2] بولدۇرغان نان دەپ ئىزاھلىغان. يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نان تۈرلىرىدىن بىر قىسمى بولۇپ، توقاچنى ئالغىنىمىزدا ئۇيغۇرلار كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەڭ ياقتۇرۇپ يەيدىغان نانلارنىڭ بىر خىلى. ئۇنى ئەزىز مېھمانلار ئالدىغا قويىدۇ. سەپەر ـ ساياھەت ئىشلىرىدا بىللە ئېلىپ مېڭىپ، ئوزۇقلىنىشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ بۇغداي ئۇنىدا ھەر خىل ئېسىل تاماقلارنى تەييارلىغانلىقىنى قەيت قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ بۇخسى «buhsi»[3] بۇ بىر خىل يېمەكلىكنىڭ ئىسمى بولۇپ ئۇنى تەييارلاشتا قاينىتىپ ئېلىنغان بۇغداينىڭ ئۈستىگە بادام مېغىزى سېلىنىدۇ، ئاندىن ھەسەل ۋە سۈت بىلەن قىلىنغان بۇلماقنى قۇيۇپ شۇ پېتى ئىچىلىدۇ، تەييار بولغاندا بۇغداي سېپىلىدۇ، سۈيى ھەم ئىچىلىدۇ دېيىلگەن. يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغان ئۇن تامىقى سېرىنجىق «sermaquk»[4]. بۇ تاماقنىڭ تەييارلىنىشىدا بۇغداي ئۇنىدا خېمىر يۇغۇرۇپ يېيىپ، ئۇنى قۇشقاچ تىلى ئاشتەك كېسىدۇ. كەسكەندە نوقۇت چوڭلۇقىدا كېسىلىدۇ دېيىلگەن. بۇ خىل قۇشقاچ تىلىدىكى سۇيۇقئاش ھازىرغىچە ئۇيغۇرلاردا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

كاۋاپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن تارىختىن بېرى ئىستېمال قىلىپ كەلگەن تامىقى. مەھمۇد قەشقەرى كاۋاپنى تىلغا ئالغاندا «تاقىلدى takildi»[5] تاقالدى، ئۆتكۈزۈلدى دەپ، گۆش زىخقا

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 34 ـ بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 578 ـ بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 626 ـ بەت.
④ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 241 ـ بەت.
⑤ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 2 ـ توم، 180 ـ بەت.

ئۆتكۈزۈلدى، دېگەن جۈملە بىلەن ئىزاھلىغان. يەنە «سەگلۇنجۇ saglunqu» دېگىنى كاۋاپ[1] قىلدى دەپ چۈشەندۈرگەن.

مەھمۇد قەشقەرى كاۋاپنى تىلغا ئالغىنىدا ئۆز دەۋرىدە نىسبەتەن كۆپ ئىستېمال قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ «ئىنلىج inliq »[2] بۇ سامساققا ئوخشايدىغان بىر خىل تاغ ئۆتى بولۇپ، كاۋاپ بىلەن بىللە ئىستېمال قىلىنىدۇ دەپ قەيت قىلغان. بۇ خىل ئىزاھلاشلاردىن قارىغاندا، بىزنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى زامانلاردا كاۋاپقا ياۋا پىياز، ياۋا سامساق قاتارلىق مەززىلىك كۆكتاتلارنى قوشۇپ ئىستېمال قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى بايانلىرى يەنىلا ئۆز دەۋرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىياللارنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆرۈمە چاچ قويۇش تارىخى توغرىسىدا توختىلىپ «ئۆرۈمە چاچ»[3] (ئۆرۈمە چاچ) يەنە ئۆرۈمە چاچ قويىدى دېسە يەنە «ئەنىك anik»[4] چۇپۇرچاچ خوتۇنلارنىڭ ئۆچكە چۇپۇرىدىن قىلىنغان ئۆرۈمە چېچى ئۇلارغا چاچ سالدى، ئۇرجۇك «urjuk»[5] (ئۆرۈلگەن چاچ سالدى) يەنە «ئۇنۇكلەندى»[6] (ئۆچكە چۇپۇرىدىن ياسالغان ماڭلاي چاچ سالدى) دەپ ئىزاھلىغان. بۇ خىل بايانلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئاياللارنىڭ ئۆرۈمە چاچلارنى قويۇشى، ياسالما «سۈنئىي» چاچلارنى سېلىپ ئۆزلىرىنى بېزەش ئادەتلىرى بىر خىل ئەنئەنىۋى ئادەت سۈپىتىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل بايانلارنىڭ

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 - توم، 333 - بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 156 - بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 129 - بەت.
④ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 175 - بەت.
⑤ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 409 - بەت.
⑥ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 409 - بەت.

www.uyghurkitap.com

ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مانا بۇلاردىن شۇ دەۋردىكى تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى، ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىستېتىك «گۈزەللىك» قارىشىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان خىلمۇخىل سەنئەت ئويۇنلىرىنى ئىجاد قىلدى. قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ داۋام قىلىپ كەلگەن ھەرخىل ئويۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان قىممەتلىك مىراسىدۇر.

قەدىمكى زاماندىن بېرى ئۇيغۇر بالىلىرى ئارىسىدا ئومۇملاشقىنى «ئاتاچىلىك ataqlik»① ياغاچ ئويناش ئۈچۈن قېزىلغان ئۆرەك ئويۇنى، «ئەگىشدى agixdi»② ئىگىشتى (ئۇ ماغا چەۋگان - ئات توپى ئويناشتا ئىشلىتىدىغان ئۇچى ئەگرى تاياقنى ئىگىپ بەردى)، «تەلەس talas»③ (ئات بەيگىسىدە ۋە چەۋگان ئويۇنىدا مەيداننىڭ چېگىدىن تارتىلغان ئارغامچا ئويۇنى)، «تۇپۇق ئويۇنى»④، «تەپكۈچ ئويۇنى»⑤ (تەپكۈچ دۇگىلەك قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۆپۈرىنى ئۆتكۈزۈپ بالىلار تېپىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق)، «تېسىل»⑥ چەۋگان ئويۇنىدا مەيدان دائىرىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن سىزىلغان سىزىق، جىكىن چەۋگان ئويۇنى⑦، «تۇلدى ئويۇنى»⑧ (توپنى ئۇرۇشتا

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 205 - بەت.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 252 - بەت.
③ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 474 - بەت.
④ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 492 - بەت.
⑤ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 501 - بەت.
⑥ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 510 - بەت.
⑦ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، 523 - بەت.
⑧ مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم، 499 - بەت.

ئىشلىتىلىدىغان ئارا، يەنى ئاچا تاياق. ئويۇن قاتناشقۇچىلىرىدىن بىرى ئۆزى ئويۇننى باشلاپ بېرشنى خالىسا توپنى ئارا «ئاچا تاياق» بىلەن ئۇرىدۇ. كىم توپنى قاتتىق ئۇرالىسا شۇ كىشى ئويۇننى باشلىغۇچى بولىدۇ، بۇنى توقماق ئويۇنى دەپمۇ ئاتايدۇ) ، تەنۇك tanuk (چەۋگان ئويۇنىدا توپنى تارتىلغان يىپتىن ئۆتكۈزۈپ ئادەمگە بېرىلىدىغان يىپەك پارچىسى) ، يەلگۈ yalnu (ئىلەڭگۈچ ئويۇنى قىزلار ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇننىڭ نامى، ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچى بىر ياغاچقا ياكى لىمغا باغلىنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا بىر قىز ئولتۇرىدۇ، پۇتلىرى بىلەن يەرنى تېپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزەن ئۆرلەپ بەزەن پەسلەيدۇ) ، بۇ خىل ئىلەڭگۈچ ئويۇنى قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئايلىنىپ، تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن ئەل نەغمە ۋە مەشرەپلىرىنى مىسال كەلتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

نەزمە ئويۇنى — يىگىت بىلەن قىزنىڭ باشلىرىدىن چاچقۇ رەخت ياكى پۇل چېچىلىدىغان كىچىلىك نەزمە بولۇپ بۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ماندۇرى» دەپ ئاتىلاتتى. «سوۋچۇق» — كىچىك ئولتۇرۇش زىياپىتى بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر مەشرەپ نامى بىلەن ساقلانماقتا. «ئوغۇزنامە» دە قەدىمكى زاماندىكى مۇنداق بىر توي مۇراسىمى تىلغا ئېلىنغان. بىر كۈنى ئوغۇزخان ئەل ـ جامائەتنى يىغىپ ئۇلارغا «ئۇلۇغ توي» قىلىپ بەرگەن. بۇ مۇراسىم شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، تويدا ھەممە ئېسىل نازۇ نېمەتلەر تەييارلانغان. كىشىلەر ھاراق ـ شاراب ئىچىپ ئۇلۇغ تويىنى قۇتلۇقلاشقان. ئۇيغۇرلار بۇ يەرگە يىغىلىپ مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە يىغىلغانلارنىڭ سانى نەچچە تۈمەنگە يېتەتتى. مال سويۇلاتتى. ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلەتتى. كىشىلەر ئەتراپنى سەيلە قىلاتتى، ناخشا ئېيتاتتى، ئۇسسۇل ئوينايتتى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ده بۇ ههقته تۇرغۇن مىساللار بار. مهسىلهن، بهزمه ههققىده ئېيتىلىدىغان قوشاقلار، بېيىتلار:

ئۆچتىن ئىچىپ قىقىرايلى،
يۇقىرى قوپۇپ سهكرهيلى،
ئارسلاندهك ھۆركىرهيلى،
قايغۇ قاچتى سۆيۈنهيلى.

ئۈچ قېتىمدىن ئىچهيلى، ئورنىمىزدىن تۇرايلى، ئارسلاندهك ھۆركىرهيلى، قايغۇنىڭ بىزدىن يىراق كهتكهنلىكىنى كۆرسىتهيلى[1].

ئىۋرىق بېشى غازغا ئوخشاپ تۇرماقتا،
ساغهر تولۇپ كۆزگه ئوخشاپ تۇرماقتا،
قايغۇنى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىپ،
كېچه ـ كۈندۈز سۆيۈنهيلى.

ئىۋرىقنىڭ بېشى خۇددى غاز بويىنىدهك تىك تۇرماقتا، ساغارلهر خۇددى كۆز چانقىدهك مهيگه تولدى. قايغۇ ـ ھهسرهتنى چۆرۈۋېتىپ، كېچه ـ كۈندۈز كۆڭۈل ئاچايلى[2].

مهھمۇد قهشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» تىكى بۇ قوشاقلىرىنىڭ مهزمۇنىدىن قهدىمكى زاماندا ئهر ـ ئايال جهم بولۇپ ناخشا، ساز، نهغمىلهر بىلهن خۇشال ـ خۇرام ئۇسۇلغا چۈشۈپ كۆڭۈل ئاچىدىغان مۇنداق مۇراسىم شهكلىنىڭ شۇ چاغدىن تارتىپلا ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

مهھمۇد قهشقهرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ده نهغمه ـ ناۋا

---

① مهھمۇد قهشقهرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 193 ـ بهت.
② مهھمۇد قهشقهرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 136 ـ بهت.

ئۇستىدە مۇنداق دېگەن:

كۈيلەر تولۇق تۈزۈلدى،
ئېۋرىق ئىدىش تىزىلدى،
سانسىز ئۆزگىم ئۈزۈلدى،
كەل خاتىرجەم ئوينايلى.

ھەممە كۈيلەر تۈزۈلدى، ئېۋرىق قەدەھلەر تىزىلدى، كۆڭلۈم سېنى خالايدۇ، ئەمدى كۆڭۈلنى تىندۇرۇپ ئوينايلى[①].

قاراخانىيلار دەۋرىدە تارىم بوستانلىقىدىكى رايونلاردا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى گۈللەپ ـ ياشنىغان دەۋرگە قەدەم قويدى. شۇڭا بەزى يېقىنقى زامان ئالىملىرى مۇشۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە قەشقەرىيە دەۋرى دەپ نام بېرىش كېرەك دەپ ھېسابلىدى.

قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەر، بالاساغۇن ۋە سەمەرقەندلەردە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەر خىل تىپتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، مەدرىسلەر قۇرۇلدى. قاراخانىيلارنىڭ ئاتاقلىق پېشىۋاسى، دىنشۇناس ئالىمى سۇتۇق (ئابدۇكېرىم) بۇغرا قاراخان دەۋرىدە قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاتاقلىق ۋە تولۇق بەختلىك مەدرىسلىرىدىن بولغان «ساچىيە»[②] ساچىيە مەدرىسى قۇرۇلغان. جامال قارشىنىڭ «سوراھ» لۇغىتىگە يازغان ئىلاۋىسىدە بۇ مەدرىسنى تىلغا ئالغان. ئۇ جەۋھىرىنىڭ «سىھاھ» لۇغىتىنى ئىزدەپ، ئاخىر سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خان تەرىپىدىن سېلىنغان ساچىيە

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 181 ـ بەت.
② ساچ مەدرىسى ـ ساچىيە مەدرىسى ـ ساچ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا چېچىش ـ يېيىش، ئىلىم ـ پەننى كېڭەيتىش دېگەن مەنىدە ساچىيە مەدرىسى دەپ ئاتىلغان.

مەدرىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدىن تاپقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن[1]. سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى تەزكىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە: «سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تاغىسى ئوغۇلچاق خاقان سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى ئىسمايىل (872 ـ 907 ـ يىللار) بىلەن دەۋرداش بولۇپ، ئۇ خاقان تۇرغان دەۋرلەردە قەشقەر، ئاتۇشتىمۇ ئىسلام مەسچىتلىرى ۋە مەدرىسىلىرى بولغان. بۇ مەسچىتلەر ئاساسەن ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن دىنشۇناس ۋە سودىگەرلەرنىڭ پائالىيەت ئورنى بولۇپ قالغان[2]. ساچىيە مەدرىسىسى ئۆز دەۋرىدە يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ ھەر خىل پەنلەرنىڭ ئوچىقى ئىدى. ساچىيە مەدرىسىدە ئىسلام پەلسەپىسى، تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا، ھەربىي ئىشلار، رىيازەت (ماتېماتىكا)، جەبىر (ئالگېبرا)، ئەخلاق، مۇزىكا قاتارلىق تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن دەرس ئۆتۈلەتتى. شۇ دەۋرلەردە كۆپلىگەن يېتىلگەن بۈيۈك ئۆلىمالار، ئەدىب، شائىر، تىلشۇناس، پەيلاسوپلار، يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرى، ئوتاچى (تېۋىپ) قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەر مۇشۇ بىلىم بۆشۈكى بولغان ساچىيە مەدرىسىدە يېتىشىپ چىققان. ساچىيە مەدرىسىسى قاراخانىيلار دەۋرىدىن كېيىن نايمان شاھزادىسى كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بىر مەزگىل ۋەيران قىلىنغان بولسىمۇ، چاغاتاي خانلىرىدىن بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋالىيسى مەسئۇد بەگ مىلادىيە 1260 ـ يىلى بۇ مەدرىسىنىڭ خارابىسى ئورنىغا «مەسئۇدىيە مەدرىسىسى» نى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا «سائادەت كۇتۇپخانىسى» نى سالدۇرغان. جامال قارشىنىڭ يېزىشىچە، «بۇ ساچىيە مەدرىسىسىگە ھەممە ئىقلىمدىن ھەر يىلى مىڭلاپ

---

① جامال قارشى: «سوراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە».
② «بۇغرا خان تەزكىرىسى»، «شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى»، 1 ـ توم.

ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بىلىم ئالغان. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھىي بىلىملەر ئوقۇلۇشى بىلەنلا قالماي، ئارستوتېل، سوقرات، فارابى، ئىبن سىنا ۋە خارەزمى قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەر خىل بىلىملىرىمۇ ئوقۇلغان»①. قاراخانىيلار دەۋرىدە يەنە ھەمىدىيە مەدرىسىسى قەشقەرنىڭ دۆلەتباغ رايونىدا تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، قاراخانىيلار دەۋرىدىن تارتىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئاتاقلىق مەدرىسىلەردىن ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئۇستازىم» دەپ تىلغا ئالغان ھۈسەين ئىبنى خەلەف قەشقەرى دەل ھەمىدىيە مەدرىسىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. بۇ مەدرىسە قاراخانىيلارنىڭ خان جەمەتى ۋە باشقا ساھەدىكى كىشىلەردىن نۇرغۇن ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يازلىق سەيلىگاھى بولغان ئوپالدا مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مازىرى ئورۇنلاشقان جايدا مەھمۇدىيە مەدرىسىسىنىڭ خارابىسى بولغانىدى. خان جەمەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەھمۇد قەشقەرى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا باغدادتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇشۇ مەدرىستە سەككىز يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ نۇرغۇن ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرۈپ «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دېگەن شەرەپلىك نام ئالغان②. قاراخانىيلار خانلىقىدا قەشقەر، ئاتۇشتا قۇرۇلغان مەدرىسلەردىكى ئىلمىي پاكىتلارغا نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ مەدرىسىلەردە مۇدەررىسلىك قىلغان زور ئالىملار دېگۈدەك سامانىيلار دەۋرىدە بۇخارا، سەمەرقەند، باغدادتا يېتىلگەن ئالىملار ئىدى.

ئەبۇنەسىر سامانىي (ۋاپاتى مىلادىيە 961 ـ يىلى)③ سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خاننى ئىسلامىيەتكە دەۋەت قىلغان. بۇ

---

① جامال قارشى: «سوراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە».
② «ھەزرىتى موللام تەزكىرىسى»، قەشقەر ئەدەبىياتىنىڭ 1983 ـ يىلى 3 ـ سان.
③ «خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىي تەزكىرىسى»، قولىيازما شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ ئىسلام تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار توپلىمى، 1958 ـ يىلى 1 ـ توم.

ئالىم ھەققىدىكى تەزكىرىدە مەلۇم بولۇشىچە، بۇ ئالىم دۇنياۋى بىلىملەرنى ئىگىلىگەن ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، ئۇ ئاتۇشقا كېلىپلا بىر مەدرىسە تەشكىل قىلغان. ئۇ مەدرىسىدە 70 كىشىنى مەخسۇس تەربىيىلەپ كامالەتكە يەتكۈزگەن (بۇلار ئاساسەن خانزادە ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ بالىلىرىدىن ئىبارەت). ئۇ 50 دىن ئارتۇق ئالىم تەربىيىلەپ يېتىلدۈرگەن. ئەبۇ نەسىر سامانىي ئاتۇشقا كېلىشتىن بۇرۇن تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە ئىسلام تەرغىباتىنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىللە، سەمەرقەند، بۇخارادىكى چاغلىرىدىلا تۈركىي تىلنى پۇختا ئىگىلىگەن. شۇنداقلا ئەرەبچە، پارسچە تىللاردا مول بىلىمگە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئاتۇشتىكى پائالىيىتى ۋە مۇدەررىسلىك پائالىيىتى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغان. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىلمىي پائالىيەتلەردە يېتىلگەن ئالىملاردىن سۇتۇق بۇغرا خان دەۋرىدە ئەبۇل ھەسەن سەيىد ئاتام ۋە سەيىد جالالىددىن باغدادى، شەيخ نەجمىددىن ئەتتار، خوجا ئەلەمدار قاتارلىق ئالىملارمۇ ئەبۇ نەسىر سامانىي بىلەن ئاتۇشقا كېلىپ سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خان بىلەن ئىسلامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا قاتناشقان. كېيىن ئاساسەن ساچىيە مەدرىسىسىدە ئىلاھىيەت ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خاننىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن بۈيۈك دىنشۇناس ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىنى ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ قەيسەر ئىرادە بىلەن پۈتۈن زېھنىي كۈچى بىلەن تىرىشقانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. سۇتۇق بۇغراخان دىنشۇناس ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققاندىن كېيىن ئاتۇش ۋە قەشقەردە ئىلىم ـ پەنگە مەدەت بېرىپ قوۋۋەتلىدى. سۇتۇق بۇغرا خان ئىلىم ـ پەنگە مەدەت بېرىشنى خۇشاللىق ۋە شان ـ شەرەپ دەپ بىلگەچكە قاراخانىيلار ئوردىسى پايتەخت ۋە باشقا جايلاردا ئىلىم ـ پەن مەشئىلى ئىنچىل تۇردە يالقۇنلىدى.

جامال قارشى هۇسەين ئىبن خەلەف قەشقەرى ئۇستىدە توختىلىپ: «ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ۋە مۇسەننىپى (يازغۇچىسى). ئۇ جاھانشۇمۇل ئالىم» دېگەن. ئۇنىڭ قۇرئاننى تەفسىر قىلىپ، ھەدىس شەرھىلەپ يازغان ئەسەرلىرى زور شۆھرەت قازانغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتكەن[1] ۋە تاجۇل ئىسلام سەمئانى ئۆزىنىڭ «كىتاب بۇل ئىنساپ» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئالىمغا يۇقىرى باھا بېرىپ: «ئۆز ئۆمرىنى ئىلىم ـ پەنگە بېغىشلىغان يۇكسەك پەزىلەتلىك ئالىم ئىدى. ئۇ 1093 ـ يىلى 120 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن. قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرى بۇ زاتنى ‹دوئاگويىمىز› دەپ ھۆرمەت قىلغان» دەيدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۆز دەۋرىنىڭ مەھمۇد قەشقىرىدەك بىلىملىك ئېنسىكلوپېدىك ئالىمىنى يېتىشتۇرگىنىگە قارىغاندا ھۇسەين ئىبن خەلەف قەشقەرى ئۆز دەۋرىنىڭ ھەممە پەنلىرىدە بولۇپمۇ جەمئىيەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە ئىلىمىدە ئەتراپلىق مەلۇمات ئىگىسى بولغان ئالىم ئىكەنلىكى ئېنىق.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە جامالىددىن قەشقەرى، ئىمادىددىن قەشقەرى، ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇغۇپۇر ھۇسەين ئەلمايى قەشقەرى (ۋاپاتى 1084 ـ يىللار) ۋە مۇھەممەد ئىبن رەشىد ئىبن ئەلى قەشقەرى قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىملىرى قەشقەردە ئۆتكەن. بۇلار ئۆز ئۆمرىنى ئۇيغۇر ئىلىم ـ پەن مەدەنىيىتىگە بېغىشلىغان، نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۇرۇپ بەرگەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە تۆھپىكارلار ئىدى. ئۇلار ئۆچمەس ئەسەرلەرنى قالدۇرغان، دۆلەتنى ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن تونۇتقان دانىشمەنلەردىن ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى «ساچىيە مەدرىسىسى» دە يېتىشىپ چىققان ئالىملاردۇر. ئىمادىددىن

---

① جامال قارشى: «سۇراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە».

قەشقەرى تېبببي ئىلىمدە ئۆز دەۋرىدە ئابرۇي قازانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ئىبن سىنانىڭ تېبابەت ئىلمىنى داۋاملاشتۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمىي ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ تەجرىبە جەۋھەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، تېبببي ئىلمىنى يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرگەن. ئۇنىڭ «شەرھى ئەل قانۇن» دېگەن داڭلىق ئەسىرى قاراخانىيلار دەۋرىدە ساقلىنىپ قالغان قىممەتلىك ئەسەردۇر. ئۇ يەنە ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد رازىنىڭ «دائىرەتۇل مەئارىپ-تېبببي»، «كىتابۇششاھىد»، «كىتابۇلھاۋى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئىبن سىنانىڭ «ھېكمەتۇل ئەلا»، فارابىنىڭ «ئىھسائول ئۇلۇم» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرىنى شەرھىلەپ ئەسەر يازغان. ھەرقايسى ئەللەردىن قەشقەرگە كېلىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان شاگىرتلىرى ئارقىلىق پۈتۈن شەرق دۆلەتلىرىگە مۇھىم رول ئوينىغان.

قاراخانىيلار دەۋر تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان «قەشقەر تارىخى» نىڭ ئاپتورى ئەبۇلفۇتۇھ ئابدۇغوپۇر ھۇسەين ئەلمايى قەشقەرى (ۋاپاتى 1083 ـ، 1084 ـ يىللىرى) قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسى ۋە بۈيۈك تارىخچىسى (ئەپسۇسكى ئۇنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرى زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن) بولۇپ، ئۇمۇ ساچىيە مەدرىسىدە يېتىشىپ چىققان ۋە شۇ مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. ئۇ يەنە «قەشقەر ئۇستازلارىنىڭ توپلانغان جايى» ناملىق نادىر ئەسىرىنى يېزىپ يۇقىرى ئابرۇي قازانغان. بۇ ئەسەر توغرىسىدا جامال قارشىنىڭ: «سوراھقا ئىلاۋە» ناملىق ئەسىرىدە مەلۇمات بېرىلگەن. ئىمادىددىن قەشقىرىنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد ئىبن رەشىد ئىبن ئەلى قەشقەرى ۋاپاتى (1083 ـ يىلى) ھاياتىدا ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك ئىلمىدە نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى توپلاپ، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە مەدەنلەردىن ياسالغان تۈرلۈك دورىلارنى يەكۈنلەپ، ئاق كېسەل، جىنسىي ئاجىزلىق كېسەللىكى، كۆز خىرەلىشىش

كىسەللىكى قاتارلىقلارنى داۋالاشتا تۆھپە يارانقان ۋە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

قەشقەر، ئاتۇشتا قەدىمدىلا ئاتاقلىق دۇنياۋى مەدرىسىلەر قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر خىل ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئىلىم مەركىزىگە ئايلانغانلىقى مەلۇم. جامال قارشى ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرنى «ئىسلام دىيارى، ئەزىزلەر يۇرتى، مەشھۇر زاتلارنىڭ پائالىيەت سەھنىسى، ئېسىلزادە ئەمىرلەرنىڭ ماكانى، ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن شەھىرى، قەشقەر ئۆز دەۋرىدە بەك ئاۋات شەھەر بولغانىدى»① دەپ يازغان.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 ـ ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى، يەنە شۇ ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىق ئالىملارمۇ ئاشۇ ئىلىم مەركىزىدە يېتىشىپ چىققان. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى ئۆز زامانىسىنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەت ھاياتىنىڭ يىغىنچاقلانغان مەھسۇلى ئىكەنلىكى مۇقەررەر. ئەپسۇسكى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پۈتكۈل دەۋرىنىڭ جەريانىنى ۋە تەرەققىياتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان يازما ھۆججەتلەر ناھايىتى ئاز②. بىراق بەزى ئەسەرلەرنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىزگە تېخى مەلۇم بولمىغان نۇرغۇن بىباھا ئەسەرلەرنىڭ بارلىقىغا شۈبھىلەنمەيمىز، ئەلۋەتتە.

بىز قاراخانىيلار دەۋرىدە كامالەتكە يەتكەن ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا تولۇق خەۋەردار بولمىساقمۇ،

---

① جامال قارشى: «سوراھقا ئىلاۋە».
② سەيپىدىن ئەزىزى: «سۇتۇق بۇغرا خان» (تارىخى رومان)، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 8 ـ بەت.

ئەمما، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزى بالاساغۇن، قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۈزى ياكى نامى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرىنى ئۆۋەتەيكىنچە تونۇشتۇرىمىز.

**تارىخشۇناس ئابدۇغەفۇر بىن ھۇسەين ئەلمايى** (مىلادىيە 1098 - يىلى ۋاپات بولغان) «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ قەشقەر تارىخىدىن باشقا يەنە «مۇجەممە ئۇشاق» (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى) ناملىق ئەسىرىنىڭ بارلىقىنى سەمئانى ئۈز ئەسىرىدە بايان قىلىپ ئۆتكەن. ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى ئەسەر قولىمىزدا يوق.

**جامال قارشى** (مىلادىيە 1230 - يىلى ئالمالىقتا تۇغۇلغان) ئەسلى ئىسمى ئەبۇلپەزل مۇھەممەد ئۆمەر ئوغلى. ئۆمەر بولسا خالىدنىڭ ئوغلى بولۇپ تەخەللۇسى جامال قارشى ئاتىسى بالاساغۇنلۇق بولۇپ، ئىجادىي پائالىيىتى قەشقەردە ئۆتكەن. جامال قارشى مىلادىيە 1282 - يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ ئاتاقلىق مەدرىسىلىرىنىڭ بىرى بولغان ساچىيە مەدرىسىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئەل جەۋھەرىنىڭ «ئەسسىھاھ فىل لۇغەت» ناملىق تۆت جىلدلىق كىتابىنى ئەرەبچىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلغان. جامال قارشىنىڭ 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرگە «مولھاقاتوس - سۇراھ» نامى بىلەن ئىلاۋە يېزىپ ئېلان قىلغان. جامال قارشىنىڭ سوراھقا يازغان ئىلاۋىسى قاراخانىيلار دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن ئاتاقلىق ئالىم ۋە مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تارىخىنى ھەمدە شۇ دەۋردىكى مەنىۋى ھاياتىنى يورۇتۇپ بېرىشتە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىگە دائىر مەلۇماتلىرى بەك قىممەتلىكتۇر. بۇ ئىلاۋىنىڭ قولىيازمىسى ئوتتۇرا ئاسىيادا م. س. ئاندىرىيېف تەرىپىدىن تېپىلىپ، ئاسىيا مۇزېيىغا تاپشۇرۇلغان. ھازىر شۇ يەردە ساقلانماقتا.

**مەشھۇر ھېكىم ئىمادىددىن قەشقەرى** ئۇيغۇر تىلىدا «شەرھى

ئەل قانۇن» («تىبببىي قانۇنلار» شەرھىسى) ناملىق ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەرنى يېزىشتا ئاتاقلىق پەيلاسوپ فارابىنىڭ ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغان. شۇنداقلا ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانىڭ تىبابەتچىلىك ھەققىدىكى ئەسەرلىرىنى شەرققە تونۇشتۇرۇش، ئەمەلىي تەجرىبىلەر بىلەن بېيىتىش ئارقىلىق تىبببىي ئىلىمگە چوڭ تۆھپە قوشقان. ئىمادىددىن قەشقەرىنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد بىن رەشىد بىننى ئەلى قەشقەرى (ۋاپاتى 1083 ـ يىلى) مۇ تىبابەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆتكەن.

مۇھەممەد ئىبىن ئەل كاتىپ سەمەرقەندى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يېرىمىدا سەلتەنەتلىك ھاكىمىيەت تۆپىسىدە تۇرغان قامغاچ قىلىچ خان مەسئۇد ئىبىن ئەلى (مىلادىيە 1095 ـ يىلى ۋاپات بولغان) غا بېغىشلاپ «ئەغرازو سىياسىي فى ئىلمىي سىياسىي» ناملىق ئەسىرىنى يازغان. بۇ ئەسەر سالچۇقىيلار سۇلتانى سەنجەر (مىلادىيە 1157 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ ياشىغان دەۋرىنى، ھۆكۈمدارلارنىڭ تەرجىمىھالىنى ۋە ئاتاقلىق تارىخىي شەخسلەرنى نۇقتىلىق بايان قىلغان. بۇ ئەسەر ھېكايە شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، سۇلتان سەنجەر سالچۇقىيغا ئائىت قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا قاراخانىيلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەجىدىددىن مۇھەممەد ئىبىن ئەدنايى قاراخانىيلار ئەۋلادى تامغاچ ئىبراھىم ئىبنى ناسىرغا بېغىشلاپ «تۈركىستان ۋە خىتاي» ناملىق ئەسەر يازغان. ئۇ «تۈركىستان ۋە خىتاي» ناملىق ئەسىرىدە تۈرك خەلقى ۋە تۈركىستانىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرى توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن. شۇنداقلا چىن قاغانلىرى ھەققىدە بولۇپمۇ قاراخىتايلار (كىدانلار) ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن.

ئەبۇل فەيزى مۇھەممەد ئىبىن ھۈسەين بەيھەقى (996 ـ 1039 ـ يىللار) ئوتتۇز تومدىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. بۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

سۇلتان مەسئۇد (مىلادىيە 1030 ـ يىلى) نىڭ ۋەقەلەرگە ئائىت يېزىلغان ئۈن توم ئەسىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ئەسەردە قاراخانىيلارنىڭ تارىخىغا دائىر ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ توغرا مەلۇمەت بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تارىخىي ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەممەد ئەل ئەۋفى مىلادى 1227 ـ يىلى ھىندىستاندا «جامىئۇل ھېكايەت» ناملىق ئەسەر يازغان. ئاپتور خارەزم ۋە بۇخارادا تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەسەردە قاراخانىيلاردىن تامغاچ ئىبراھىم خان ھەققىدىكى تارىخىي ۋەقەلىكلەر ھېكايە شەكلىدە بايان قىلىنغان. بۇ ئەسەر بەش باب بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرقى 5 ـ بابىدا جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلارنى قوشۇپ ئۇيغۇرلار ھەققىدە تۇنجى قېتىم تولۇق ئىلمىي مەلۇمات بەرگەن.

مۇھەممەد ئەلى «ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى» ناملىق ئەسىرى قاراخانىيلار دەۋرى تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ بەكرى نارشاھى (مىلادىيە 959 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) نىڭ «تارىخىي بۇخارا» ناملىق ئەسىرىنى سامانىيلار ھۆكۈمدارى نۇھ بىننى مەنسۇرغا (مىلادىيە 943 ـ 954 ـ يىللىرى) تەقدىم قىلغان. مىلادىيە 1178 ـ يىلى مۇھەممەد زەپەر پارسچىگە تەرجىمە قىلغان. مۇشۇ تەرجىمە قىلغان قىسمى قاراخانىيلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا يەنىلا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا (980 ـ 1037) بۇخاراغا يېقىن ئەفشانە يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا سامانىيلار خانلىقىنىڭ پادىشاھى نۇھ ئىبن مەنسۇرنىڭ ساراي مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلغان. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ياش ۋاقتىدىلا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تېۋىپ بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئۇ سامانىيلار خانلىقىنىڭ پادىشاھى نۇھنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ

ساقايتقانلىقى ئۈچۈن سامانىيلار خانلىقىنىڭ بۇخارادىكى دۆلەت كۇتۇپخانىسىغا كىرىش ھوقۇقىغا مۇيەسسەر بولغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ كۇتۇپخانىدا ئىلىم تەھسىل قىلىپ، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ، 996 ـ يىلى «ھىدايەتەر ـ رەئىس» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ ئەمىر نۇھ ئىبنى مەنسۇرغا تەقدىم قىلغان. ئۇ يەنە خارەزمدىكى ۋاقتىدا «كىتابۇش ـ شىپا»، «ئەلقانۇن فىت ـ تىب» (مېدىتسىنا قانۇنى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ «كىتابول ھىدايە» (توغرى يول يورۇق كىتابى)، «ھەي ئىبنى يەقىزان» (ئويغاق ئوغلى تىرىك)، (ئەل ئالاتور ـ رەسسەدىيە)، (ئوبسورىيۋا تورىيە ئەسۋابلىرى)، «كىتابول ئەلائى»، «لىسانول ئەرەب» (ئەرەب تىلى)، «كىتابول ئەنساپ» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئۆز دەۋرىدە 99 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر يېزىپ چىقىپ پەلسەپە، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا، تىلشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق ئىلمى قاتارلىق ساھەلەردە داڭ چىقارغان. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەخىرلىنىشىگە مۇناسىپ ئالىم.

**ئەبۇ نەسىر فارابى** (تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى ئۆز لۇغ ئىبنى تارخان فارابى) مىلادىيە 870 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فاراب شەھىرىنىڭ «ۋاسىئىچ» ھەربىي قەلئەسىدە مانىي دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىي ئوفىتسېر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ مىلادىيە 950 ـ يىلى دەمەشىق سەپىرىدە 82 ياشتا باندىتلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ۋاپات بولغان. جەسىتى سەيپوددەۋلە تەرىپىدىن دەمەشىق شەھەر سېپىلىنىڭ بابەس سەغىر ناملىق كىچىك دەرۋازىسى يېنىغا دەپنە قىلىنغان. فارابى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىدى. شۇ مەزگىللەردە ئەدەبىيات، مۇزىكا، سەنئەتنى جۇملىدىن پارس تىلىنى پىششىق ئۆگەندى. ئۇ 30 ياشتىلا ئىسلام شەرقىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان باغداد شەھىرىگە كېلىپ، ئەبۇ بەكرى

ئىبن سىراجىدىندىن ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە، مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى ئەبۇ بەشەد مەتتە يۇنۇستىن گرېك تىلى بىلەن لوگىكا ئىلمىنى ئۆگەندى. بۇ جەريانىدا پەلسەپە، لوگىكا، تېبابەتچىلىك ئىلىملىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگەندى. فارابى ناسىر ئىبنى ئەخمەد (914 ـ 943) كە «ئەتتەلىمئەس ـ سانى» (2 ـ تەلىمات) ناملىق كىتابنى سوۋغا قىلدى ۋە «ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئېرىشتى. ئۇ ئىلمىي پائالىيەتلىرى بىلەن دەمەشىق، مىسىرغا بېرىپ، ئىلمىي لېكسىيىلەرنى سۆزلەش ئارقىلىق، ئۇلۇغ ئالىم ۋە پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە زور شۆھرەت قازاندى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەر ۋە شەرھى ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ «ئىھسائۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى)، «ئۇيۇنۇل ـ مەسائىل» (مەسىلىلەرنىڭ نېگىزلىرى)، «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا»، «بەخت توغرىسىدا»، «ئەقىل ھەققىدە»، «كىتاب جەمئۇل مەنتىقە» (لوگىكا توغرىسىدا 12 ئەسەر)، «چوڭ لوگىكا كىتابى»، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا» قاتارلىق مۇھىم ئەسەرلەرنى يازدى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، فارابى ئۆز ھاياتىدا يۈز پارچىدىن ئارتۇق زور ھەجىمدىكى كىتابلارنى يازغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ئىككىنچى ئارىستوتېل» ياكى «ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن شۆھرەتلىك نامغا ئېرىشكەن. بەزى ئالىملار فارابىنى ئەرەب پەلسەپەسىنىڭ كەشپىياتچىسى دەپ قارىغان. فارابىنىڭ شەرھى ئەسەرلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۇنىڭ ئارىستوتېلنىڭ «كاتېگورىيە»، «مېتافىزىكا»، «سوئتىكا»، «ئىزاھاتنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھنامىلىرىدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ. فارابى ئاتاقلىق پەيلاسوپ بولغاندىن سىرت ئۇ ئاتاقلىق سەنئەتكار ۋە كومپوزىتوردۇر، ئۆز دەۋرىنىڭ شائىرىدۇر. ئۇ

مۇزىكىدا ھازىر تارىخىي قىممەتكە ئىگە بولغان «مۇزىكا ھەققىدە چوڭ كىتاب» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ مۇزىكا ساھەسىدە نەزەرىيە جەھەتتىن ئاساس سېلىش بىلەن مۇزىكا ئىلمىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. فارابىنىڭ بۇ ئەسىرى 12 قىسىمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەزمۇن جەھەتتىن مۇزىكا تارىخى، مۇزىكىنىڭ ئىلمىي ئەھمىيىتى، مۇزىكا نەزەرىيىسى، مۇزىكا پراكتىكىسى، ئەسۋابلىرى، مۇزىكىنى ئورۇنلاش چېۋەرلىكى، مۇزىكا تۈزۈلۈشى ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى شەرق بىلەن غەربتە كەڭ تارقالغان بولۇپ، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان.

فارابى مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىنى تەتقىق قىلىپلا قالماستىن، ئۇ مۇزىكا ساھەسىدە ئۇيغۇر سازلىرىدىن قالۇن، تەمبۇر قاتارلىق بىرقانچە مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ئىجاد قىلغان. ئۇ مۇزىكا ئىلمىدە ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدىغان ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت ۋە ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئىدى. فارابى داڭلىق شائىر بولۇپ تارىخشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ئۇ پەلسەپىۋى سوئاللارنىڭ كۆپ قىسمىغا شېئىر ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرغان. ئۇنىڭ شېئىرىيەتتە يېڭىچە ئىزلىنىش ۋە يېڭىچە مۇلاھىزىلىرى ئالىملارنى دائىم ئالغا يېتەكلەيدىغان ئۇستازلىق رولىنى ئوينىغان. مانا مۇشۇ خىل ئۇقۇمنى فارابى بىر كۇبلېت شېئىر ئارقىلىق يەكۇنلىگەن.

يايرايدۇ گۈللەر كەبى ئالەم سىرى،
يالت ـ يۇلت قىلار زۇمرەتتەك چاقنار نۇرى.
دانالار قىلسىمۇ گەرچە قانچە بېشارەت،
تاپمىدى ئاچقۇچنى ھېلى ھەم بىرى[1].

① پروفېسسور ئاقجان ماشانو: «فارابى تۇغۇلغانلىقىنىڭ مىڭ يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن».

www.uyghurkitap.com

فارابىنىڭ ئەسەرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا، فرانسىيە، ئامېرىكا، تۈركىيە، مىسىر، سۈرىيە، ئىران، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە نەشر قىلىنغان. ئۇ قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك مەدەنىيىتى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشۇپلا قالماي، بەلكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ خەزىنىسىگە ئۆچمەس ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى قوشقان.

ئەبۇ رەيھان بىرونى (تولۇق ئىسمى ئەبۇ رەيھان ئەبۇ ئەھمەد ئەل بىرونى) مىلادىيە 973 ـ يىلى قاراخانىيلار خانلىقىغا قاراشلىق ئۈرگەنج شەھرىنىڭ يېنىدىكى بىرون (هازىرقى شاباش) يېزىسىدا بىر ئوتتۇراھال ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. «هودۇدۇل ئالەم» دە قەيت قىلىنىشىچە: قىيات ــ خارەزمنىڭ باش شەھرى بولۇپ، غۇز ــ تۈركىستاننىڭ دەرۋازىسى ئىدى. «بىرون ئىبارىسى قەدىمكى خارەزم تىلىدا بارار يول، ئۆتەر يول، قونالغۇ» مەنىلىرىدە بولۇپ ئۇ قەدىمكى يىپەك يوللىرىنىڭ مۇھىم تۈگۈنلىرىدىن ئىدى. بىرونىنىڭ ئۆز ئىسمى ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد بولۇپ، بۇ رەيھان ئىسىملىك ئوغۇلنىڭ دادىسى مۇھەممەد دېگەننى بىلدۈرەتتى. ئەھمەد ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ نامى ئىدى. ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدا تۇرمۇشى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ئۇ ياشىغان دەۋر قاراخانىيلار دەۋرى بىلەن سامانىيلار سۇلالىسى شۇنداقلا يەرلىك فېئودااللارنىڭ ئۆزئارا ئۇرۇشلىرى كۈچەيگەن مەزگىل ئىدى. ئۇ ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلىپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇ مەزگىللەردە مۇسا خارەزمى، ئەل پەرغانى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ نەسىر ئىسمايىل بىننى جەددال فارابى (جەۋھىرى) قاتارلىق ئالىملارنىڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ئۇ ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە، پەلسەپە، تارىخ، تىل، جۇغراپىيە

قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئۆگەندى. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە خارەزم شاھى ئوردىسىدا خىزمەت قىلدى. كېيىـــــن ئۇ خارەزمدىن ئايرىلىپ، كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى جۇرجانغا كەلدى. جۇرجان ئەمىرى شەمسۇل - مەئالى قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىـر سارىيىغا خىزمەتكە كىردى. 955 - يىلى 22 ياش ۋاقتىدىن تارتىپ 25 يىل ساراي خىزمىتىدە بولدى. بۇ مەزگىللەردە قەدىمكى ئىيران قاتارلىق جايلارنى كۆردى. ئۆزىنىڭ تۇنجى مەشھۇر كىتابى «ئەل ئاسارۇل - باقىيە ئەنەل قۇرۇنەل - خالىيە» (ئۆتمۈش ئەۋلادلاردىن قالغان يادىكارلىقلار) نى يېزىپ چىقتى. بىرونى 1010 - يىلى يەنە قايتىدىن ئۆز يۇرتــى خارەزمنىڭ يېڭى پايتەختى ئۈرگەنجگە كەلدى. ئۇ مەزگىلدە ئەمىر مەئمۇن ئىبنى مۆمىن سارىيىدا خىزمەت قىلدى. مەئمۇن شۇ زاماندا ئۇ سارايغا مەشھۇر ئالىملارنى توپلىغان ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى يارىتقان مەزگىل بولغاچقا، بۇ سارايدىكى كۇتۇپخانىغا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئەبۇ سەھەيىل ئەل مەسىھى، پەيلاسوپ ۋە تەرجىمان ئەبۇل خەيرى ھەممار قاتارلىق ئالىملاردىن ئۆگىنىپ، ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللاندى. مىلادىيىنىڭ 1017 - يىللىرى مەھمۇد غەزنىۋىي قوشۇنلىرى خارەزمگە بېسىپ كىـــرگەندە كۆزگە كۆرۈنگەن ئاتاقلىق ئالىم بىرونىنى ئەسىر قىلىپ، غەزنەۋىيگە ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن بىرونى ئۆمرىنىڭ ئاخىــرىغىــچە مەھمۇد غەزنىۋىي سارىيىدا 31 يىل ياشىدى. ئۇ ئىلىم تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. 1025 - يىلى «گىئودزىيە» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. بىرونى مەھمۇد غەزنىۋىي خاندانلىقىـــنىـــڭ رۇخستى بىلەن بىرقانچە يىل ھىندىستاندا ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇ ھىندىستان ئالىملىرى ۋە ئىلىم - پەن بىلەن تېخىمۇ پىششىق تونۇشتى. قەدىمكى ھىندى يېزىقى، سانسكرىت يېزىقىنى ۋە تىلىنى پىششىق ئۆگىنىپ، قەدىمكى ھىـــندى

مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ 1030 ـ يىللىرى «ھىندىستان» ناملىق مەشھۇر كىتابىنى تاماملىدى. 1034 ـ يىلى بىرۇنى سۇلتان مەسئۇدنىڭ ئەمرى بىلەن خارەزمگە بېرىپ «ئەل قانۇنى مەسئۇدى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىپ، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تەبىئەت ئىلىملىرى بويىچە دەستۇر قوللانما تۈزدى. بىرۇنى ئىلىم ـ پەندە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ «تاغ جىنىسلىرىنى پەرقلەندۈرۈش توغرىسىدا مەسلىھەتلەر» ناملىق ئەسىرىنى يېزىش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىنى ئىلىم ـ پەنگە بېغىشلىدى، ئۆز ھاياتىدا 150 دىن ئارتۇق ئەسەرنى يازغانلىقى مەلۇم. بىرۇنىنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەر تارىخىدا قىممەتلىك مەنبەلەردىن بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھىندىستان خەلقلىرى مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

11 ـ ئەسىردە ياشىغان شائىر نىزامى ئەروزى 1156 ـ، 1176 ـ يىللىرى ئەبۇل ھەسەن مۇسا ئەلى نامىغا يازغان «چاھار ماقالە» ناملىق ئەسىرىدە غەربىي قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىقى قارمىقىدىكى شائىر ۋە ئالىملار بىلەن ھۆكۈمدارلارنىڭ كېڭەش، يىغىنلىرى، سۆھبەت مەجلىسلىرى ۋە ئىدارە مەمۇرىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇماتلار بەرگەن.

سەمئانى يازغان «كىتابول ـ ئەنساپ» ناملىق ئەسىرى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قازىلىق، مۇئەللىملىك، خەتىپلىك ھەمدە قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىغا ئۇستاز بولغان بەزى ئالىملار ۋە ھۆكۈمدارلارنىڭ بۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر بەزى مۇھىم مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ بۈيۈك تارىخچىسى ئىبنول ئەسىر (ئەبۇل ھەسەن ئىززەددىن بىن مۇھەممەد ئەل جەزايىرى 1232 ـ يىلى

ئالەمدىن ئۆتكەن) نىڭ «ئەل كامىل فىت ـ تارىخ» ناملىق ئەسىرى يالغۇز قاراخانىيلار تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتىلا ئەمەس، پۈتۈن تۈرك قوۋملىرى ۋە دۆلەتلىرى بىلەن ئىسلام دۇنياسى تارىخىنى يورۇتۇشتىمۇ ئەڭ مۇكەممەل نادىر ئەسەر دەپ تونۇلغان. بۇ ئەسەردە قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىللى، هۆكۈمدارلارنىڭ ئۇنۋانلىرى، ئۇلارنىڭ خەلق ۋە ئۆلىمالار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللىرى قاراخانىيلار تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىشتە پايدىلىق مەنبە شۇنداقلا قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئابباسىي خەلىپىلىرىدىن ئۇنۋان ۋە تونلار ئالغانلىقىغا دائىر ماتېرىياللار بايان قىلىنغان.

نىزامۇل ـ مۇلۇك يازغان «سىياسەتنامە» نى سالچۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ ۋەزىرى نىزامۇل مۇلۇك يېزىپ سۇلتان مەلىك شاھقا تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەردە قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن بولۇپ، يەنى ساسانى، سامانى ۋە غەزنىۋىي دۆلەتلىرىنىڭ هاكىمىيەت تەشكىلىدىكى ئاپپاراتلاردىن ئۆرنەكلەر بېرىش بىلەن بىللە ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭمۇ ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن بېرى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە ئەنئەنىلىرىنى بايان قىلغان. بۇ ئەسەر قاراخانىيلار دەۋرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەبۇ نەسىر بىن ئابدۇجاپپار مىلادىيە 775 ـ يىلىدىن 1121 ـ يىللارغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەرنى بايان قىلغان «تارىخىي يەمىنى» ناملىق ئەسەرنى يازغان. ئۇ مىلادىيىنىڭ 1018 ـ يىلىدىن باشلاپ 30 توملۇق غەزنىۋىي تارىخىنى يازغان. ئەسەرنىڭ سۇلتان مەسئۇد دەۋرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇ ئەسەر قاراخانىيلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەل بەيھەقى (مىلادىيە 1077 ـ 1078) «تارىخىي بەيھەقى»

www.uyghurkitap.com

ناملىق ئەسەرنى يازغان. ئۇ يەنە 1032 ـ يىلىغىچە «خەلىپىلەر تارىخى» دېگەن ئەسەرنى يېزىش بىلەن 1041 ـ يىلى خۇراسان ئەھۋالىغا دائىر خاتىرىلەرنى قالدۇرغان: بۇ ئەسەرلەرگە تۈركىي قوۋملەرگە دائىر قىممەتلىك بابلارنى كىرگۈزگەن.

ئەبۇ سەئىد ئابدۇلھەي بىن زەھھاك گەردىزىي «زەينۇل ـ ئەخبار» ناملىق ئەسەرنى يازغان. گەردىزىنىڭ قاراخانىيلار خانى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ سۇلتان مەھمۇد خانغا ھەدىيە قىلغان غۇلاملىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرى بىلەن «بەيھەقى» نىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىدە قوللىنىلغان «ئۇگە»، «ھاجىپ» قاتارلىقلارنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئۇنۋان مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ ناملىرى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان مەنبەلىرى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى. 1042 ـ يىلى پەرغانىنىڭ ئىسفەرە شەھىرىگە يېقىن ۋاروۇق قىيالىقى ئۈستىدىن قېزىۋېلىنغان قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈش جەريانىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان قولىيازمىلار بىرىنچى قوللۇق يازما ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نەقشىبەندى تەرىقەتىنىڭ پېشۋاسى دېيىلىپ كەلگەن باھائىدىن مۇھەممەدىن بىن مۇھەممەد ئەل بۇخارىنىڭ (مىلادىيە 1018 ـ 1089) سۆزلىرى ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، ھېكايەتلىرىنى ئاڭلىتىدىغان «رىسائىي باھائىيە» ناملىق قولىيازما مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە شۇ دەۋرگە ئائىت ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىن ناسىرنىڭ سەمەرقەندتىكى مەدرىسىگە تەئەللۇق كىتابلارنىڭ پارچىلىرى شۇ دەۋر تارىخىنى يورۇتۇشتا مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە①.

ئەھمەد بىن مۇھەممەدنىڭ «مۇئىنۇل فۇقەرا»،

---

① رىشات گەنجى: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

«موللازادە» قاتارلىق ئەسەرلەردە قاراخانىيلار خانلىقى ۋاقتىدا بۇخارادا قازىلىق قىلغان غەربىي قاراخانىيلاردىن بولغان ھۆكۈمدارلارنىڭ، ئۆلىمالارنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. بۇ ھەم قاراخانىيلارنىڭ دىنىي مۇئەسسەسە ئورگانلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبەلەردىن بىرىدۇر.

تارىخشۇناس ھىبەتۇللاھ بىن مۇھەممەد ئەت تەبەرىنىڭ 11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قاراخانىيلار شاھزادىلىرىدىن تۇغان تېكىنگە تەقدىم قىلغان پارسچە تېببىي كىتابىدا بايان قىلىنغان ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، شەرقىي قاراخانىيلار تارىخىغا تەۋە بەزى ھۆكۈمدارلار بىلەن شاھزادىلەرنىڭ نەسەبلىرى تىلغا ئېلىنغان. بۇ مەنبەئە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئىسىملىرى ۋە لەقەملىرىنى بېكىتىشتە مۇھىم مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەمدى ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى سىياسىي، ئەدەبىيات، تىل، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، قانۇن، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۇنەرۋەنچىلىك، ھەربىي ئىلىم قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەردىكى كۆز قاراشلار شەرھلەنگەن «قۇتادغۇبىلىك»، «تۇركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق بۇيۇك ئىككى ئەسەرنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرىمىز:

## 2. «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا

قاراخانىيلار دەۋرىدە «قۇتادغۇبىلىك»، «تۇركىي تىللار دىۋانى» دەك بۇيۇك ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى، ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ گۇۋاھچىسى سۇپىتىدە مىڭ يىلدىن بېرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۇيۇك ئابىدىسى

بولۇپ تۇرماقتا. شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مىراسىدۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئاپتورى، قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ يېتىلگەن بۈيۈك ئالىمى، قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ دۆلەت ئەربابى، ئۆز زامانىسىنىڭ سىياسىي، ئىلمىي سەھنىسىدىكى ئەدىب، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى بىلەن قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلى ۋە ئاساسچىسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانىشمەن مۇتەپەككۇرى ئىدى. ئۇنىڭ زامانىدىشى مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى بىلەن تۈركولوگىيە ئىلمىگە ئاساس سالدى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى مۇتەپەككۇر ئالىملىرىنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەس نادىر ئەسەرلىرى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشتە تەڭدىشى يوق ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا قوشقان شانلىق تۆھپىسىنى چۈشىنىشتىمۇ ئەڭ ئوبدان تارىخىي ھۆججەت.

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلار دەۋرى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ مۇجەسسەم ئىنكاسى ۋە بىۋاسىتە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدېئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەقىقىي بىر تەسۋىرىنى سىياسىي ۋە مەنىۋى نوپۇزىنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىممىتىنى، مەدەنىيەت تارىخىنى يورۇتۇپ بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىل - پاراسەت، بىلىم، ئەخلاق ۋە ئىنسان پەزىلەتلىرىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن رېئال ھاياتىدىكى جانلىق ئوبرازىنى بەدىئىي ئەدەبىيات ۋاسىتىسى بىلەن

ناماياں قىلغان. ئىدراك ۋە بىلىمنىڭ قىممىتىنى، قۇدرىتىنى مەدھىيىلىگەن. «قۇتادغۇبىلىك»تە مەركەزلىك ھالدا شۇنى تەۋسىيە قىلغانكى، بىلىم تۇندىكى چىراغ، ئەبەدىي چىرىمەس گۆھەر، سۆيۈملۈك گۈزەل، سادىق دوست. ئۇ كىشىنى سائادەتلىك قىلىدۇ. كىشىدە بىلىم بولسا ھەممىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئادالەتنىڭ ئاساسى توغرا قانۇن. ئىنساننىڭ كامىللىقى ئۇنىڭ ئىلمىيلىقىدا. كىشى ئەبەدىي ھاياتقا ئۆزىنىڭ قالدۇرغان ياخشى ئىزلىرى بىلەن ئېرىشىدۇ. يولى كەلگەندە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردە ئىلىم ـ بىلىم تېخى بىخ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان دەۋردە بىلىمنى مۇشۇنداق مەدھىيىلىشى XVI ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، دۇنيادا تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي تەربىيىسى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرگە ئالاقىدار بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەردە ئىنچىكە ئىجتىمائىي تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق دەلىللەپ چىققان مەسىلىلەرنى ئىلمىي قاراش بىلەن سىستېمىلاشتۇرۇپ چىقتى. ھۆكۈمدارنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇللىرى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت ۋەزىپىلىرى ۋە ئۇلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق، پەزىلەت، بىلىم، ئىقتىدار شەرتلەرنى، دۆلەت ئاپپاراتىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىغا دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بەردى.

ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۇنياۋىلىكى ۋە ئەڭ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇ يەردىكى، ئۇ قاراخانىيلار دۆلىتىدە بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرىلا ئوتتۇرىغا

قويغان كۆز قاراشلار دۇنيادا نۇرغۇن ئالىملارنى ھەيران قالدۇردى. ئېيتايلۇق، قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە كەڭ يولغا قويۇلغان ئارىفمېتىكا (ھېساب) ئىلمىنىڭ يۈكسەكلىك دەرىجىسگە كۆتۈرۈلۈپ جەمئىيەتكە كەڭ يول ئاچىدىغان بىلىم ئىكەنلىكىدىكى كۆز قاراشلىرىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈشى ۋە جەمئىيەتتە ئومۇملىششى بولۇپمۇ ئاسترونومىيە ئىلمىدە يۇقىرى تەرەققىي قىلىپ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشتىكى تەتقىقاتنىڭ دۇنيادا گالىلېينىڭ تېلېسكوپ ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشكە باشلىغاندىن تەخمىنەن ئالتە يۈز ياكى يەتتە يۈز يىل ئىلگىرى باشلانغان①. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «كىشى بىلىملىك تۇغۇلمايدۇ، ئۆگىنىپ بىلىملىك بولىدۇ» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 ـ، 6 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان جۇڭگو پەيلاسوپلىرىدىن كۇڭزى ۋە مېڭزىلارنىڭ «تۇغما قابىلىيەتلىك» قارىشىنى رەت قىلغان②. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنىڭ رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. بىلىمنى ئەخلاق ۋە قانۇننى دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم قورالى دەپ قارىغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۆت تادۇ» دىن ئىبارەت بۇ ماددا كۆز قارىشى بويىچە ئىنسانلار جەمئىيىتىنى بىر جەريان دەپ بىلىپ، تارىخ قارىشىدا ئىلىم ـ بىلىمنى ئاساس قىلىدىغان كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنى 5587 ـ، 5589 ـ بېيىتلەردە بايان قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كوپېرنىكتىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى «قۇياش مەركەز» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئارستوتېلنىڭ يەر مەركەز قارىشىنى دادىللىق بىلەن رەت قىلغان③.

---

① تۇرسۇن ئەرشىدىن: «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئارىفمېتىكا، گېئومېترىيە، ئالگېبرا ۋە ئانالىز ماتېماتىكىغا دائىر مەلۇماتلار دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدىن.

② سەمەت خېۋىر: «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدىن.

③ مەتىمىن يۈسۈپ: «ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدىن.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، 11 ـ ئەسىردە ياشىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسانلار ئەمدىلا تۆمۈر ئەسۋابلار دەۋرىگە قەدەم قويغان دەۋردە بىلىمنىڭ كۈچىنى تونۇپ يېتىپ، بىلىم ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەينى دەۋرلەردە بۇنىڭ قويۇلۇشى يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەت دېمەي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە. «بىلىم ـ كۈچ» دېگەن ھۆكۈمنى ماركس ئەنگلىيە ماتېرىيالىزمى ۋە ھازىرقى زامان تەجرىبە پەننىڭ بوۋىسى دەپ ئاتىغان فىرانس بېكون 16 ـ ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئەينى چاغدا بۇ پۈتۈن دۇنيانى قاتتىق زىلزىلىگە سالغانىدى. ئەمما بۇ ئىدىيە بەش يۈز يىل ئىلگىرى «قۇتادغۇبىلىك» تە ئاللىقاچان ئوتتۇرىغا قويۇلغان[1].

قۇتادغۇبىلىك بىلىم ئارقىلىق دۆلەتنى ئىدارە قىلىش نەزەرىيىسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بىلىم بەخت نەزەرىيىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم بىلەن بەختنى باغلاپ كىشىلەر بىلىمنى ئىگىلىگەندىلا مۇكەممەل بولالايدۇ، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولالايدۇ. ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقى، بەختكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. 1853 ـ، 1855 ـ، 1858 ـ، 1861 ـ، 1871 ـ بېيىتلەرنى ئوقۇساق بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنەلەيمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىم بىلەن ئىش قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ بىرەر ئادەم بىلىم ئىگىلىگەن بولسا، ئىشنى ياخشى قىلالايدۇ. قىلغان ئىشلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ دەپ قارىغان. بۇ ھازىر بىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان نېمە قىلماقچى بولساڭ شۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈش دېگىنىمىز بىلەن ئوپمۇئوخشاش. مۇندىن

① فۇجىڭيۈەن: «قۇتادغۇبىلىكتىكى بىلىم قارىشىغا دائىر ئىدىيىلەر» ناملىق ماقالىسىدىن.

مىڭ يىل ئىلگىرى بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىنتايىن ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراشلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى تەرەققىيات ئەھۋالىنى يورۇتۇپ بەرگەندىن تاشقىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەلىرىنى ئۆز ئەسىرىگە سىڭدۈرۈپ شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئىلغار پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىغانلىقى بىلەن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە يەنە قەدىمكى ئەسەرلەردىكى ئۇيغۇر تارىخىي مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى سىستېمىلاشتۇرۇپ پەلسەپەۋى كۆز قاراشلار بىلەن بېيىتىپ، قەدىمكى دەۋرلەردىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پارلاق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بولمىغاندا ھازىرقى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى تارىخىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەردى. شۇڭا، «قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات، مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ يېتىشكەن پەيلاسوپى، ئۇلۇغ ئالىمى ۋە دۆلەت ئەربابى بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ سىياسىي، ئىلمىي ساھەسىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بېجىرگەن ئەدىب، شائىر. ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى خەلققە بېغىشلىغان ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلى زاتى، تۇغۇلغان يېرى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىخىز ئاچمىغان. پەقەت ئاخىرىدا قەلەم تەۋرىتىپ كىتىپ بىرىپ «قۇتادغۇبىلىك»

تە ئىختىيارسىز يېزىپ تاشلىغىنىدەك ئۆز ئىسمىنى پەقەت بىرلا قېتىم 667 ـ بېيىتتە تىلغا ئالغان.

ئې يۈسۈپ، سەن يارامىلىق دۇرۇس سۆزنى ئېيت،
يارامسىزنى يوشۇر زەرەرلىك قارا[①].

يۇقىرىقى بېيىتتە ئىسمىنى يۈسۈپ دەپ بىرلا قېتىم ئېيتمىغان بولسا، بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى، نامىنىڭ يۈسۈپلىكىنىمۇ ھېچكىم بىلمىگەن بولاتتى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە مۇشۇ بىر يۈسۈپتىن باشقا «قۇتادغۇبىلىك»تە ھېچقانداق مەنبە كۆرسەتمىگەن. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا تەپسىلىيرەك مەلۇماتنى «قۇتادغۇبىلىك»نى كىتابخانىلارغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە كېيىن يېزىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرى، نەزمى مۇقەددىمىلىرىدىن كەڭرەك بىلىمنى، يەنى يۈسۈپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»نى يېزىشقا كەتكەن ۋاقتى، تاماملىغان ۋاقتى، كىتابنىڭ نامى، ئۇنىڭ خانغا تەقدىم قىلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەر نەزمى مۇقەددىمىسىدە كۆرۈلىدۇ.

كۆرەرسەن كىتابنى بۇ يازغان كىشى،
ھۈنەرلىك ئەرەنكەن كىشىلەر بېشى.
بۇ تۇرلۇك پەزىلەت ئەقىل ـ ئاڭ بىلە،
ئۇ ئەرش بېزەنگەن يۇرەرمىش كۆلە.
ئۇ توغرا با ھۆرمەت بىر زات ئېرۇر،
بىلىملىك ۋە تەقۋا ئېرىغ ـ پاك يۇرۇر[②].
تۇرۇقلۇق ماكانى «قوز ئۇزدۇ» ئېلى[③]،

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 1355 ـ بەت.
② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» 17 ـ بەت.
③ قوزئۇزدۇ ـ بالاساغۇن شەھىرىنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى.

تولۇپ ئەسلى نەسەبتىن خەۋەرچى تىلى.
ئۇ تۇغقان ئېلىدىن كېتىپتۇ چىقىپ،
كىتابنى نەزمىگە قوشۇپ تۈگىتىپ.
پۈتۈن ھەممەتكە بېكىتكەچ نىزام،
ئۇنى قەشقەر ئىچىدە قىلغان تامام[①].
ھوزۇرىدا خانىنىڭ ئوقۇغان ئۇنى،
ئۇ تاۋغاچ قارا بۇغراخانلار خېنى.
قەدىرلەپ ئۇنى كۆپ بېرىپ خىلئىتى[②]،
قىلەم ھەققىدە كۆپ قىلىپ ھۆرمىتى.
ئۇنىڭغا بېرىپ خاس ھاجىپلىق ئېتىن،
ئۇنى ئەيلەمىشتۇر ئۆزىگە يېقىن.
بۇ مەنە ئۈچۈن كۆر قەدىرلەر ئۇنى،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەپ ئاتىلار ئۇنى[③].

نەزمىي مۇقەددىمە ۋە نەسرى مۇقەددىمىدە يېزىلغان مەنبەلەردىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا ئۇنىڭ بالاساغۇن[④] دە تۇغۇلغانلىقى «قۇتادغۇبىلىك» نى قەشقەردە يېزىپ تاماملىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. ئەمما ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ھېلىھەم ئېنىق مەلۇمات يوق. دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى قەشقەردە تاماملاپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنى قاراخانىيلار خاقانى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغان. ھەسەن بۇغرا خان بۇ كىتابنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىپ، مۇئەللىپكە «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»، 19 - بەت.
② خىلئەت - (ئە) بۇ يەردە مۇكاپات مەنىسىدە.
③ «قۇتادغۇبىلىك»، 19 - بەت.
④ بالاساغۇن - ئۇنىڭ ئورنى نامەلۇم، تەخمىن قىلىنىشىچە چۇ دەرياسى بويىدا، ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىدا ئىدى. كۆز ئوردو دەپمۇ ئاتىلاتتى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە ياكى نەزمى، نەسرى مۇقەددىمىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. ئەمما، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدىن بۇ توغرىدا مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ:

يىل ئاتمىش ئىككى ئەردى تۆت يۈز بىلە[1]،
تۈگەتتىم سۆزۈمنى بىر توپ ئۆلكىلەر.

بۇ بېيىتتىكى مەزمۇندىن شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 462 (مىلادىيە 1069 ـ 1070) يىلىدا يازغانلىقى بىلىنىدۇ.
يۈسۈپنىڭ بۇ زور ئەسىرىگە سەرپ قىلغان ۋاقتى 18 ئاي بولۇپ ئۇنى بۇ بېيىتلەردىن بىلەلەيمىز:

تولۇق ئون سەككىز ئايدا تۈگەتتىم بۇ سۆز،
يىغىپ سۆز تاللىدىم ھەم تىزدىم تىرە.
ماڭا تەگكۈزۈپ قولىنى ئەللىك ياشىم،
قوغۇ قىلدى، قوزغۇن توسىك باشىم.
مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش ئەمدى دەيدۇ كەل،
بارۇرمەن نېرى گەر يەتمىسە ئەجەل.

بۇ بېيىتلەرگە قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىشقا ئاتقان چاغلىرىدا 50 ياشلارغا كىرىپ قالغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن. «يىل ئاتمىش ئىككى ئەردى تۆرت يۈز بىلە»، «تۆكەل ئون سەككىز ئايدە ئايدىم بۇ سۆز ...» دېگەن قۇرلارغا قارىغاندا بۇ كىتاب ھىجرىيىنىڭ 462 ـ يىلى (مىلادىيە 1069 ـ 1070) يىللىرى جەمئىي 18 ئايدا

[1] ھىجرىيە 462 ـ يىلى.

يېزىپ تۈگەتكەن. ئەمدى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشقا باشلىغاندا بېيىتتا ئۆزىنىڭ 50 ياشلاردا ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىغا قاراپ ئۇنى تەخمىنەن مىلادىيە 1019 ـ 1020 ـ يىلى تۇغۇلغان دېيىشكە بولىدۇ. شائىرنىڭ تۇغۇلغان يېرى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى پايتەختى بالاساغۇن ئىدى. بۇ شەھەر مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ، تارىختا بالاساغۇن، ۋالاساقۇن، بىلات، ساقۇن دېگەن ھەر خىلناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئورنى نامەلۇم، تەخمىنەن قىلىنىشىچە چۇ دەريا بويىدا، ئىسسىقكۆلنىڭ يېنىدا ياكى ھازىرقى قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك ئوبلاستىدىكى «ئاق پىشىن» دېگەن جايغا توغرا كېلىدۇ.

مىلادىيە 893 ـ يىلى قاراخانىيلار پايتەختى قەشقەرگە كۆچۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ بالاساغۇن يەنىلا قاراخانىيلارنىڭ ئىككىنچى پايتەختى سۈپىتىدە مەركىزىي شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەن. بۇ دەۋرلەردە قاراخانىيلارنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرى قەشقەر، سەمەرقەند، بۇخارا، فاراب، شاش ياكى تاشكەنت ۋە بالاساغۇن ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان زامانلاردا قەشقەر پايتەخت ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق يەردە بىر نېمە دېيىلمىگەن. ئەمما، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قەسىدە قىسمىدا يۈسۈپنىڭ خېلىلا ياشانغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ 50 ياشنىڭ قىرىلىقىدىن تىلغا ئالىدۇ. بۇ كىتابنى يازغان ۋاقتىدا 50 ياشلاردا جىسمانىي ئاجىزلىق ۋە قېرىلىقتىن شىكايەت قىلىپ:

يىگىتلىكتە تاتلىق ئىدى ھەر ئىشىم،
ئوغا قىلدى ئەمدى ماڭا يەر ئىشىم.
قىيىندەك بويۇن ئەردى، ئوقتەك دۇرۇس ـ تۈز،

بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئىڭىشتىم.

بۇنىڭدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپقا خېلىلا ئۇزۇن ئۆمۈر نېسىپ بولمىغان بولسا كېرەك دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

**2) «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نامى ۋە بىرقانچە نۇسخىلىرى**

ئەسەرنىڭ نامى ئەسەر ئىجادچىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يازغان:

كىتاب نامى قويدۇم «قۇتادغۇبىلىك»،
قۇتادسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئىلىك.

دېگەن بۇ بېيىت بويىچە «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئات قويدۇم، ئوقۇغان كىشىنى قۇتلۇق قىلسۇن ۋە ئۇنىڭغا يول كۆرسەتسۇن دېگەن بېيىتنى نەقىل كەلتۈرۈپ «قۇتادغۇبىلىك»، «ئىنسانغا بەخت ــ سائادەت يولىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى بىلىم» دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ «قۇت» سۆزى ئۇيغۇرلاردا «بەخت، سائادەت، مۇبارەك» مەنىلىرىدە بولۇپ، «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن سۆز ھازىرقى ئۇيغۇرچىدە «بەخت بەرگۈچى بىلىم» دېگەن سۆزنىڭ ئۆز ئەينىدۇر. «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن سۆزنى ئىلىم دۇنياسىدا ھەربىر تەتقىقاتچىنىڭ بەرگەن باھاسىدا ھەر خىل قاراشلار مەيدانغا كەلدى. گېرمانىيە ئالىمى ئوتتوئولبېرىت «قۇتادغۇبىلىك»نى ئارستوتىل بىلەن ئىبىن سىنانىڭ ئىلغار پىكىرلىرىنىڭ تەسىرىدە يېزىلغان بىر پەلسەپە كىتابى دەپ ھېسابلايدۇ. تۈركىيە ئالىمى كۆپرۈلۈزادە فۇئات بۇ پىكىرلەرگە قوشۇلۇپ «قۇتادغۇبىلىك»تە ئۆز ئىچىگە ئالغان پىكىرلىرى بىلەن ئىبىن سىنا تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك دەيدۇ.

روس ئالىمى ئا. سامايلوۋىچ «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سى ئوتتۇرىسىدا ئەدەبىي جەھەتتە باغلىنىش بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشىدۇ. ۋېنگىرىيە ئالىمى ۋامبېرى بىلەن رۇس ئالىمى بارتولد «قۇتادغۇبىلىك» تە قەدىمكى ئىران ۋە جۇڭگو پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئىتالىيە ئالىمى ئا. بومبارچى بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن تامامەن ئورگىنال بىر ئەسەردۇر. ئىرانلىقلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» كە «شاھنامەئى تۈركىي» تۈركىي تىلىدىكى «شاھنامە» دەپ نام بەرگەنلىكى ھەققىدىكى گەپلەر «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن «شاھنامە» ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇ جىددىي مۇناسىۋەت بارلىقىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ، دەپ قارايدۇ. پروفېسسور سەدرى مەقسۇدى «قۇتادغۇبىلىك» قانۇن قوللانمىسى، شۇنداقلا تۈركىي تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ بىر ئابىدىسى، دەيدۇ. پۈتۈن ئۆمرىدە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان دوكتور رەشىت رەھمەتى ئارات مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلغان ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىپىسىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بىر ھايات پەلسەپىسىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئەڭ كەڭ مەنىدىكى مۇتەپەككۇر ئالىمدۇر. «قۇتادغۇبىلىك» — بەخت بەرگۈچى بىلىم دەپ قارايدۇ.

دۇنيا مىقياسىدا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى شەرق ۋە غەرب دۇنياسىدىكى ئەللەرگە كەڭ تارقالغاندىن كېيىن بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقات بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان داۋام قىلماقتا. نۇرغۇنلىغان دۇنياۋى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىدا يېڭى - يېڭى نەتىجىلەر مەيدانغا كەلمەكتە. دۇنيا ئالىملىرىنىڭ يېڭى تەتقىقاتىدىكى نەتىجىسىدە دۇنياۋى سېلىشتۇرما تەتقىقاتى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ زامان، ماكان، شارائىت سەۋىيىسىدىن ھالقىغان يۈكسەك ئىلمىي سەۋىيىدە يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك»

ئالەمشۇمۇل ئەسەر ئايان بولماقتا. دۇنيا ئالىملىرىنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدىكى نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئوتتۇرىغا چىقماقتا. ئېلىمىزدە «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئەمدىلا باشلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرىدىن بولغان ئۇيغۇر ئالىملىرى ئارىسىدا تەتقىقات چوڭقۇرلاشسا، تېخىمۇ زور ئىلمىي نەتىجىلەر يارىتىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە يەنىمۇ زور تۆھپە قوشقان بولاتتى. مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئىقتىدارلىق، ئاتاقلىق ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى جەزمەن ئېچىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«قۇتادغۇبىلىك» قەدىمىي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزمە تۈرى بويىچە يېزىلغان چوڭ نەزمىي ئەسەر بولۇپ، مەسنەۋى (ئىككىلىك) ئۇسلۇبى ۋە ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان بولۇپ جەمئىي 6645 بېيىت، يەنى 13290 مىسرادىن تەركىب تاپقان (كېيىن قوشۇلغان مۇقەددىمىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە سەكسەن بابقا بۆلۈنگەن. ئەپسۇسكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسى تېپىلمىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن نۇسخىلىرى ئەسەر يېزىلغان ۋاقىتتىن بىرقانچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن كۆچۈرۈلگەن. بۇلار ۋېنا، قاھىرە، پەرغانە نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت.

ۋېنا نۇسخىسى، مىلادىيە 1437 ـ يىلى، يەنى «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كېلىپ 370 يىلدىن كېيىن ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ غەربىي شىمالىدىكى ھىرات شەھىرىدە قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ۋە 1474 ـ يىلى ئىستانبولغا كەلتۈرۈلگەن. 1474 ـ يىلى ئاۋستىرالىيىلىك شەرقشۇناس

www.uyghurkitap.com

هاممىر پىروكىستاك ۋىناغا ئاپىرىپ ۋىنا كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان (هازىرمۇ شۇ يەردە ساقلانماقتا). 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ ۋېنگىرىيىلىك شەرقشۇناس ئا. ۋامبېرى، رۇس ئالىملىرىدىن ۋىلىلىم رادىلوف (1837 ـ 1918) بۇ كىتابنى تۇنجى قېتىم ترانسكرىپسىيىسى ۋە بىر قىسىم تەرجىمىسى بىلەن دۇنياغا ئاشكارىلىغان.

قاھىرە نۇسخىسى، بۇ نۇسخا ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن جەمئىي 8500 بەتتىن ئىبارەت. بۇ نۇسخا قاھىرە «ھىدىۋ» كۇتۇپخانىسىنىڭ نېمىس مۇدىرى دوكتور مورتىز 1896 ـ يىلى تۇنجى قېتىم ئىلان قىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردە تۈركىيە تىل جەمئىيىتى بۇ نۇسخىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى تۈركىيىگە كەلتۈرۈپ 1943 ـ يىلى نەشر قىلدى.

پەرغانە نۇسخىسى، ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن ھەممىدىن تولۇق نۇسخا بولۇپ 445 بەت 6095 بېيىتتىن ئىبارەت. بۇنى تۇنجى قېتىم 1914 ـ يىلى زەكىي ۋەلىدىي توغان پەرغانەنىڭ نەمانگان شەھىرىدىن تاپقان ۋە شۇ چاغلاردا رۇس جامائەتچىلىكىگە بىر قۇر تونۇشتۇرغان. بۇ نۇسخا ئاردا بىر مەزگىل يوقىلىپ كېتىپ 1924 ـ يىلى ئۆزبېك ئالىمى پروفېسسور فىترەت تەرىپىدىن قايتا ئاشكارىلىنىپ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇلغان.

1934 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ نۇسخىنىڭ فاكسىمىلىنى تۈركىيە تىل جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلغان. تۈركىيە تىل جەمئىيىتى 1943 ـ يىلى بۇ نۇسخىنىڭ فاكسىمىل نۇسخىسىنى نەشردىن چىقارغان. ئاندىن كېيىن دوكتور رەشىت رەھمەتى ئارات ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرۈپ بۇ نۇسخىلارنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ، تولۇقلاش بىلەن 1947 ـ يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تولۇق مەتىن (تېكىستىنى) نى ترانسكرىپسىيە بويىچە نەشردىن چىقارغان. 1959 ـ يىلى ھازىرقى زامان تۈركچىسىگە قىلىنغان نەسرىي

تەرجىمىسىمۇ بىللە ئېلان قىلىندى. رەشىت رەھمىتى ئارات تۈزەشكە باشلاپ ئاخىر ئۆمرى يار بەرمىگەنلىكتىن تاماملانماي قالغان. «قۇتادغۇبىلىك» ئىندىكسى (سۆزلۈكــى) مۇ تۈرك مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى تـەرىپىدىــن تـولــۇقلىنىــپ 1979 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تىلى توغرىسىدا، ئەسلى قايسى يېزىق بىلەن يېزىلغانلىق مەسىلىسى بۇ ئەسەر تەتقىقاتىدا تېخىچە ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. «قۇتادغۇبىلـــــك» تەتقىقاتىدىكى ئالىملار ئارىسىدا بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تۈرلۈك ئىختىلاپلار مەۋجۇت. ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇ دەۋرلەردە قەشقەر ۋە قەشقەر ئەتراپىدا ئىسلام دۇنياسى بىلەن زىچ باغلىنىشقا ئىگە ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ خېلـى بۇرۇنلا بۇ جايلاردا ئۆزىگە زېمىن ھازىرلىغانلىقىغا قاراپ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى ئەسەرلىرىنىڭ بىرى دەپ قاراش، يەنە بەزىلەر كىتاب يېزىلغان چاغلاردا ئىسلام دىنىنىڭ قاراخانىيلار تەرىپىدىن رەسمىي دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقىغا ۋە ئەرەب تەسىرىنىڭ كۈچەيگەنلىكىگە قاراپ بۇ كىتابنى ئەرەب يېزىقىدا يازغان دېگەن بۇ پىكىرنى دوكتور رەشىت رەھمىتى ئارات رەت قىلىپ، ئۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىنمۇ قاراخانىيلاردا ئەرەب يېزىقى بىلەن بىللە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭمۇ باراۋەر قوللانغانلىقىنى، ھەتتا ھەسەن بۇغرا خان دەۋرىدە يەركەنتتە تۈزۈلگەن مەھكىمە قارارلىرىنىڭمۇ شۇ ئىككى خـــل يېزىقتا بولغانلىقىنى، بۇ ۋەسىقەلەرنىڭ بەزىلىرىدىكى شاھىتلارنىـــڭ ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىمزا قويغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەھمۇد قەشقەرى قەدىمدىن تارتىپ قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىلغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن: «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق

ۋە خەت ـ ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن»[1]. يەكەندىن 11 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا ۋە 12 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىغا ئائىت رەسمىي ۋەسىقەلەر ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا ئائىت ھۆججەتلەر تېپىلغان. بۇ ھۆججەتلەردە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ۋە ئەرەب يېزىقىنىڭمۇ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. دوكتور رەشىت رەھمەتى ئارات تارىخىي پاكىتلار «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلان بۇغرا قاراخانغا تەقدىم قىلغان دەسلەپكى نۇسخىسىنىڭ قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا، دېگەن.

بۇ ۋەسىقە ھۆججەتلەردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، شۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ھۆججەتلەر بولغىنىدەك، ئەرەب يېزىقىدا يېزىلغان ئەرەبچە ھۆججەتلەرنىڭمۇ بارلىقى، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بەزىلىرىدە گۇۋاھچى، شاھىتلارنىڭ ئىمزالىرى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقىنى، دۆلەت ئىشلىرىدا يۈرگۈزۈلىدىغان يېزىقلار ئىچىدە يەنىلا ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە شۇنداق پاكىتلارنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ نەسرىي مۇقەددىمىسىدە «بۇغرا خان تىلىنچە» دېگىنى بۇ ئەسەرنىڭ شۇ چاغدا قەشقەردە بۇغرا خان تىلى دەپ ئاتالغان خاقانىيە تىلى بىلەن يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، «قۇتادغۇبىلىك» نى يېزىپ تاماملىغان چاغلاردا قەشقەردە قاراخانىيلارنىڭ بۇغرا قاراخان دۆلىتىنى تەشكىل قىلغان غوللۇق خەلق يەنىلا ئۇيغۇر مىللىتى ئىدى. بۇ ئۇيغۇر مىللىتى قەشقەردە ئاساسىي كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەر شەھىرى سىياسىي،

---

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 11 ـ بەت.



www.uyghurkitap.com

ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش جەھەتلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭا، قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلى دۆلەت تىلىغا ئايلانغان.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇماتلارنى بەرگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ شەھەردە ئولتۇراقلاشقانلىقىنى، ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ يۈكسەكلىكىنى، ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدىلەرنىڭ بېزىلىشى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ فونېتىكا، گراماتىكا قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە «ئۇيغۇر» سۆزىنى باشقا ئېلىپ تۈركىي تىللىق خەلقلەر دېگەندە «بەزى» ئازچىلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئىبارىلەرنى قوللانغانلىقىدىن «بۇغرا خان تىلىنچە» دېگەندە ئاساسەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېغىر سالمىقىنى تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈش قىيىن ئەمەس. يۇقىرىقى پاكىتلار «قۇتادغۇبىلىك» تىلى ئۇيغۇر تىلى، خاقانىيە تىلى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا ئالتۇن ئوردا ۋە ئىراندىكى بەزى تۈركىي مىللەتلىرىدە 12 ـ ئەسىرگە قەدەر ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىلغانلىقى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان ئەسلى نۇسخىسى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان دەپ دەۋەت قىلماقتا. ئەمدى ئەرەب يېزىقى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە قولىمىزدا ئېنىق مەلۇمات يوق.

يۇقىرىقى تارىخىي پاكىتلارغا قاراپ شۇنى دېمەكچىمەنكى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاخىرقى قېتىم ئەرەب يېزىقىدا ئاپتور تەرىپىدىن قەشقەردە يېزىلغانلىقى ھەر ئىككى يېزىقتىكى بىرىنچى قولىيازمىلىرى «يەنە يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغانلىقى، بالاساغۇندىن قەشقەرگە كەلگەندە ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئەرەب يېزىقىغا ئۆزى كۆچۈرگەن ۋە

www.uyghurkitap.com

تەھرىرلىگەن.»①

«قۇتادغۇبىلىك» تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇغراخان تىلى، يەنى خاقانىيە تىلىدا يېزىلغان ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ يادىكارلىقى ۋە نەمۇنىسى. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت بايلىقىلا ئەمەس بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى چاقناپ تۇرغان گۆھەر. بۇ يەردە شۇنى دەپ ئۆتۈش لازىمكى، «قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا تونۇلغاندىن كېيىن دۇنيا ئەللىرىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ۋە يۇقىرى باھاغا ئېرىشكەن. باشقىلار تەرىپىدىن «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان بىر مۇقەددىمىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «چىن ۋە ماچىن ئالىملىرى بىلەن ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەپ تونۇغانكى، پۈتۈن مەشرىق ۋىلايىتى، پۈتۈن تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغرا خان تىلى (خاقانىيە تىلى) ۋە تۈركىي سۆزلەر بىلەن ھېچكىم مۇنداق بىر پايدىلىق كىتابنى يازمىغان. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئىلىم دۇنياسى بۇ ئەسەرگە ناھايىتى ئېتىبار بېرىشتى. نۇرغۇن ئالىملار بۇ كىتاب تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئۆمۈرلىرىنى سەرپ قىلىشتى. ئۇزۇن ۋاقىت پۈتۈن ئۆمرىنى «قۇتادغۇبىلىك»نى تەتقىق قىلىپ بۇ ساھەدە ھەممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر ۋە زور ئىلمىي پائالىيەت بىلەن تونۇلغان دوكتور رەشت رەھمەتى ئارات «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە توختىلىپ: «‹قۇتادغۇبىلىك› تېخى قول تەگمىگەن بىر ئابىدە ھالىتىدە تۇرماقتا» دەپ جاكارلىغان. ئۆزبېكىستان س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن «قۇتادغۇبىلىك»نى نەشرگە تەييارلىغان قېيىم كېرىموپ «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە نۇرغۇن چۈشەنچىلەرنى بەرگەندىن كېيىن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ قىممىتىنى مەۋجۇت نىزاملارنىڭ ھېچبىرى بىلەن ئۆلچىگىلى

---

① ئەمىر نەجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» قولىيازمىلىرىنىڭ «نەمانگان ۋە قاھىرە نۇسخىلىرىدىكى تېكىستى ئۈستىدە تەھلىل».

بولمايدۇ دەيدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان تەتقىقاتچىلاردىن بىرى تۈركىيەلىك ئالىم ئا • دىل ئاچار «قۇتادغۇبىلىك» پارىلداپ تۇرغان كوچىلار بىلەن تولغان بىر شەھەردۇركى، كۆرگەنلەرنىڭ كۆزلىرى قامىشىدۇ. ھەممە كوچىلارنى تاماشا قىلىپ چىقىش تېخى ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولغىنى يوق. ھەر كىم ئۆزى كۆرگەن كوچىسىنى تەرىپلەۋاتىدۇ، دېگەن. كونونوف 1983 ـ يىلى ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىدە: «قۇتادغۇبىلىك» ئەڭ قەدىمكى بىردىنبىر كونا ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان توپلامدۇر. بۇ داستان ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ جەۋھىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن قامۇستۇر، دېدى. پروفېسسور ئىۋانوف: «قۇتادغۇبىلىك» ئوتتۇرا ئەسىردىكى سان ـ ساناقسىز ئالەمشۇمۇل ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىدە ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئۇلۇغ نەزمىي ئەسەر، دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ «قۇتادغۇبىلىك» ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ماتېرىياللارنىڭ موللۇقى، ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، ئالىمنىڭ بىلىمىنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە تەڭداشسىز ئەسەردۇر. «قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىيلارنىڭ گۈللىنىپ كامالەتكە يەتكەن (ئىچكى قارىمۇقارشىلىق بىلەن تولغان بولسىمۇ) كۈنلىرى بولۇپ ئىلىم ـ مەرىپەت، مەدەنىيەت ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ياشناپ تەرەققىي قىلغان. ھەر ساھەدە ئالىملار يېتىشىپ چىققان بىر زاماندا يېزىلغان. شۇڭا، قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەك زور ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەنلىكى قاراخانىيلار دەۋرىدە مەۋجۇت بولغان مەدەنىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. «قۇتادغۇبىلىك» ئاددىي ھالدىلا يېزىلىپ قالغان تارىخ كىتابى ئەمەس، ياكى رايون شەھەرلەرنى تەسۋىرلەيدىغان جۇغراپىيىۋى كىتاب ئەمەس، «قۇتادغۇبىلىك» تە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيە قانداق ھاكىمىيەت

تۇتۇش، قايسى يول بىلەن دۆلەتنى باشقۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي ھاياتىنى، روھىي قىياپىتىنى، دۇنيا قاراش، ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى، قاراخانىيلار دەۋرىدىكى سىياسىي قانۇن، پەلسەپىۋى قاراشلارنى چوڭقۇر شەرھلەشتىن ئىبارەت. يۇرتنىڭ ئاۋاتلىقىنى ئادالەت دەپ تونۇغان. ئادالەتنىڭ ئاساسى توغرا قانۇن دەپ بىلگەن. بۇ خىل ھەقىقەتنى ئوبرازلىق بەدىئىي شەكىل بىلەن يورۇتۇپ بېرىدىغان دۇنياۋى مەشھۇر «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنى يازغان. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئەھۋالىنى نامايان قىلغان مۇنداق بىر نادىر ئەسەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۈملىدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارىدۇر.

## 3. «تۈركىي تىللار دىۋانى» توغرىسىدا

9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن تارتىپ 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان قاراخانىيلار دەۋرى ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئىگىلەيدۇ. 10 ـ، 11 ـ ئەسىرلەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋر مەھمۇد قەشقىرىدەك بۈيۈك ئالىملار يېتىشىپ چىققان ۋە بىر تۈركۈم ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردىكى ئەسەرلەردىن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىرى ئىچىدە ھەر جەھەتتىن ئەڭ قىممەتلىك يەنە بىر ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇر.

ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىم مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۆزى ئاساس قىلىپ ئالغان ئەدەبىي تىلنى خاقانىيە تىلى دەپ ئاتىدى. بۇ تىلنى ئەڭ پاساھەتلىك تىل دەپ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەرنى مەركەز قىلغان كەڭ رايون خاقانىيە ئۆلكىسى دەپ ئاتىلاتتى. شۇ چاغلاردا

قەشقەردە خاقانىيە تىلىنى تەشكىل قىلغان غوللۇق خەلق ئۇيغۇر مىللىتى ئىدى. بۇ مىللەت قەشقەردە كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. مۇشۇ زور كۆپچىلىكنى ئاساس قىلغان ئۇيغۇر تىلى ئاساس قىلىناتتى. شۇڭا بۇ تىل خاقانىيە تىلى، كاشغەر تىلى دېگەنناملار بىلەن ئاتالدى. مۇشۇ خاقانىيە تىلىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمكى يادىكارلىقلار ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتى، تىلىنى ئۆگىنىشتە بىزنى ئەڭ باي ئىلمىي ئاساسلار بىلەنلا تەمىنلەپ قالماستىن، يەنە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ تىلىنى، مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتىمۇ بىزنى ئەڭ ئىشەنچلىك مەنبەلەر بىلەن تەمىن ئەتكەن، ئەڭ كەڭ ھەم ئەڭ چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىلمىي قىممىتى ئىنتايىن زور بولغان يىرىك ئەسەردۇر. ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا قوشقان شانلىق تۆھپىسىنى چۈشىنىشتە بىباھا تارىخىي ھۆججەت.

ئىلىم دۇنياسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تىلشۇناسلىقتا تەڭداشسىز ئەسەر دەپ ھېسابلىماقتا. «دىۋان» بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى تۈزۈلگەن تۈركىي تىللار قامۇسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا ئالاقىدار ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر ئېنسىكلوپېدىيىسى دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

## 1) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى توغرىسىدا

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى ھەققىدە قولىمىزدا ماتېرىيال كەم. ئەمما، ئاپتورنىڭ ئۆزى «دىۋان» نىڭ كىرىش سۆز قىسمى ۋە مۇناسىۋەتلىك جايلىرىدا بەرگەن مەلۇماتلارغا ئىگىمىز. ئاپتور ئۆزىنىڭ ئاتىسى ۋە بوۋىلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئەمدى مۇھەممەد ئوغلى ھۇسەيىننىڭ پەرزەنتى مەھمۇدنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغايسىز»①، «... تۈرك ئەللىرىنى سامانىيلار ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى خەمىر تېكىن دەيدۇ»②. «بارسغان ئەفراسىياپ سالدۇرغان شەھەر، مەھمۇدنىڭ ئاتىسى شۇ شەھەردىن»③ «بارسغان ئەفراسىياپنىڭ ئوغلىنىڭ ئېتى، بارسغان شەھىرىنى شۇ بىنا قىلغان. بۇ مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ شەھىرىدۇر»④. مۇشۇ مەلۇمات بويىچە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد نەسەب جەھەتتىن قارىخانىيلار سۇلالىسىدىن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ مىلادىيە 1056 ـ، 1057 ـ، 1058 ـ يىللىرى تەختكە ئولتۇرغان. 15 يىلدىن كېيىن تەختنى چوڭ ئوغلى مەھمۇدنىڭ ئاتىسى ھۇسەينگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن»⑤. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن، جەڭ ئىشلىرىدا ئەڭ ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن» دېيىشى ئۇنىڭ خان جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بارسغان ئەسلى قاراخانىيلارنىڭ يازلىق پايتەختى بالاساغۇننىڭ يېنىدىكى شەھەر بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 1 ـ توم، 1 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 152 ـ بەت.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم.
④ «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 3 ـ توم، 569 ـ بەت.
⑤ مىرسۇلتان ئوسمانوف: «مەھمۇد قەشقەرى ۋە تۈركىي تىللار دىۋانىدا بايان قىلىنغان ئەدەبىي تىل ھەققىدە».

مەركىزي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمال رايونىدىكى سودا مەركىزى ئىدى. بارسغان ئەفراسىياپ ئوغلىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى ۋە ياشىغان زامانى توغرىسىدا «دىۋان» دىكى مەنبەلەر بويىچە مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ، ئاپتور «ئاتۇش يېزىلىرىنى قەشقەر ئەتراپىدىكى بىر يېزا» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىزاھلاپ، «ئازىيغ (ئەزىغ azik) دېگەن ئىككى يېزىنى تىلغا ئالغاندا ئۇلارنى «ئازىغ» بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى① ، ئازىغ «ئوپال»② ۋە «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىزاھلايدۇ. بۇ بىزگە ئاپتورنىڭ ئۆز يۇرتى توغرىسىدا بەرگەن گۇۋاھلىقى. ئاتۇش ۋە قەشقەردە بۇ يېزىلار ھازىرمۇ مەۋجۇت ۋە مۇشۇ ئىسىملار بىلەن قەدىمدىن تارتىپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى دىۋانىدا «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دەپ مۇشۇ ئىككى يېزا ئۈستىدە توختالغان ۋە تىلغا ئالغان. مۇشۇ مەلۇماتلارغا قارىغاندا مەھمۇد قەشقەرى ئازىغ كەنتىدە دۇنياغا كېلىپ بالىلىق ۋە ئوقۇش يىللىرىنى ئازىغدا ۋە قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئوپالدا ۋاپات بولغان. ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى قەدىمدىن تارتىپ مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان قەشقەرنى قەلەم ئىسمى قىلىپ قوللانغان. ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قەشقەرى دېگەن تەخەللۇسنى قوشۇپ ئىشلەتكەن. قەشقەر ئۆز دەۋرىدە قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت يۇرتى بولغانلىقتىن، شەرق بىلەن غەربنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقە، مەركىزىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تۈگۈنى ئىدى. قەدىمكى قەشقەر ئۆزىنىڭ 2500 يىللىق تارىخى داۋامىدا نۇرغۇن ئالىم، ئەدىب ھەر خىل

---

① ھازىرقى ئاتۇش ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدە ئازاغ دەپ ئاتىلىدىغان يېزا بار. مەھمۇد قەشقەرى بۇ يېزىنى «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى » دەپ شەرھلىگەن.

② مەھمۇد قەشقەرى ئوپالنى بىزنىڭ يۇرت دەپ ئىزاھلىغان. بۇ يېزا قەشقەردىن 36 كىلومېتىر غەربىي جەنۇب تەرەپتە بولۇپ، ھازىرغىچە ئوپال دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

پەنلەرنىڭ مۇتەپپەككۇرلىرىنى، رەسسام ـ سازەندىلىرىنى، شۇنىڭدەك پەن ـ مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنى يارانقان. شۇنداقلا بۇ جايغا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەدىب، ئالىملار توپلانغانىدى. 11 ـ ئەسىردە مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى، ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى دۇنياغا كەلگەن. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋان» نى مىلادىيە 1072 ـ يىلى باشلىنىپ 1074 ـ يىلى يېزىلىپ تاماملىغانلىقىغا قارىغاندا ئۇنىڭ 11 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدا تۇغۇلغانلىقى ۋە 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ۋاپات بولغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەردە ئاتاقلىق مەدرىسىلەردىن بولغان ساچىيە مەدرىسىسى، يەنى «مەدرىسى ساچىيە» دە ئوقۇپ بىلىم ھاسىل قىلغان، كېيىنكى چاغلاردا باغدادتىكى مەشھۇر كۇتۇپخانىلاردا ئەرەب، پارس ۋە تۈركىي تىللىرىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەرنى پۇختا تەتقىق قىلىپ، چوڭقۇر بىلىم ئالغان.

مەھمۇد قەشقەرى ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي تىللارنى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىنى پىششىق بىلگەن، جاھان تۈركولوگىيە پېنىگە ئاساس سالغۇچى يىرىك تىلشۇناس. ئۇ تۈركىي تىللارنى پىششىق بىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆز دەۋرىدىكى ئالىملارنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك ئەرەب، پارس تىللىرىنى ۋە ئەدەبىياتىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن. بولۇپمۇ ئۆز دەۋرىدە قۇرئاننى ۋە ئىسلام پەلسەپىسىنى تولۇق ئىگىلىگەن. ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل ئىگىلەش بىلەن بىللە ئۇلارنى تۈركىي تىللار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەتكەن. «دىۋان» دا نۇرغۇن ئورۇنلاردا ئەرەب تىلى، ماقال ـ تەمسىللىرى قاتارلىق تىل پاكىتلىرىنى مىسال كەلتۈرۈشى ئۇنىڭ ئۆز دەۋرىدە يېتىلگەن مەشھۇر ئەرەبشۇناسلاردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نى يېزىشتىن ئاۋۋال ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ تاكى ئامۇر دەريا ۋە سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە بولغان پۈتۈن ماۋەرائۇننەھردە ۋە ھازىرقى شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئوغۇز، تۈركمەن، ياغما، چىگىل، قارلۇغ، قىپچاق، باسمىل، چۇمۇل، تۈركەش، ياباقۇ، ئۇيغۇر، قىرغىز، بۇلغار، تاتار، باشقىرت، پەچەنەك قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ پەرقلىرىنى، تارىخىنى، جۇغراپىيىۋى جايلىشىشلىرىنى، مەدەنىي ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ۋە بولۇپمۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قاتارلىقلاردىن توغرا مەلۇمات بەرگەن. قاراخانىيلار تېررىتورىيىسى ۋە بۇ كەڭ تېررىتورىيىدە ياشىغان تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ جايلىشىشى، كۈندىلىك يېمەك - ئىچمەك ھاياتى، قەبىلە - ئايماقلارنىڭ قەدىمكى ئىسىملىرى، كىيىم - كېچىكى، تۇرالغۇ جايلىرى، قوراللىرى، تۇرلۇك ماددىي - مەدەنىيىتى ۋە خانلىقلارنىڭ قەدىمكى تۈركچە ئىسىملىرى ۋە ھەربىي تەشكىل ئاپپاراتلىرى، قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ بوۋىلىرىنىڭ ئىسىملىرى، ئۆز نەسەبى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېسىلزادىلەردىن ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم شەھەرلىرى، ئۇنىڭ بىنا قىلىنىشى، تۈرلۈك قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇپ ئۇيغۇرلارغا بىر گەۋدە بولۇشىدىكى تارىخىي جەريانلىرى، تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ ياشىغان قەدىمكى ماكانى ۋە زېمىنى، تارىختىكى مەشھۇر دەريا ۋادىلار ۋە تارىخىي شەخسلەر، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى توپلاشتا جاپالىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، دۇنياۋى قىممەتكە ئىگە بولغان بۇ ئالەمشۇمۇل ئەسەرنى مەيدانغا چىقارغان. ئاپتور مۇنداق دەيدۇ: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ماھىر

نەيزىۋازلاردىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاخىر كېزىپ چىقتىم. تۇرك، تۇركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم»① بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» نى يېزىشتا ۋە تەنقىق قىلىشتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، ئۇنى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە بىر خىل ئۇسۇلدا تۈزۈپ چىققان، «سۆزلەرنى جايى جايىغا قويدۇم، تۇتۇقلارنى ئاچتىم، چىگىشلەرنى يەشتىم، ئاخىر بۇ لۇغەت كىتابىنى سەككىز بۆلۈمگە يىغىنچاقلىدىم»② دېگىنىگە قارىغاندا، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسەرگە نۇرغۇن يىللار ئىزدەنگەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك «دىۋان» نىڭ ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، ئۇنىڭ باشقا ھەر خىل لۇغەت كىتابلارغا ئوخشىمايدىغانلىقى، ئالاھىدە ئۇسلۇب بىلەن تۈزۈلۈشى، مەزمۇنىنىڭ تولىمۇ بايلىقى، سۆزلەرنىڭ ئىخچام ھالدا مىسال، ماقال ـ تەمسىل، خەلق قوشاقلىرى، دانىشمەنلەرنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىلەن چوڭقۇر ئىزاھلىنىشى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ئەسەرگە ئىلاۋە قىلغان تۈركىي تىللىق خەلقلىرىنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرسىتىدىغان خەرىتىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى، بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىشىدىكى تۈپكى مەقسەتكە دائىر «تۈركىي تىلىنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن ...»③ بۇنى يازدىم. كېيىنكى

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» . ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 3 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.
③ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، 1 ـ توم، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

ئەۋلادلارغا «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۈركىي تىللار دىۋانى) دەپ ئات قويدۇم، دېگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇرى مەھمۇد قەشقەرى ئالەمشۇمۇل ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى يېزىشتىن باشقا دىۋاندا بەرگەن مەلۇماتىدا، «كىتابۇ جاۋاھىرىن نەھۋى لۇغاتىت ـ تۈرك» (تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق بىر ئەسەرنى يازغانلىقى مەلۇم. ئەپسۇسكى، بۇ كىتاب زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلمىگەن.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» تىلشۇناسلىقنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر دەستۇرى بولۇش بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىزنى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ باي ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. ئۇ تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكتىكىلىق لوگىكىسى ۋە تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىغا ئىنتايىن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەرەب تىلىدا ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تىل قائىدىلىرى ۋە تىل بايلىقلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغانلىقى ئاپتورنىڭ يېتىشكەن تالانتىنى ئىپادىلىگۈچى ئالامەتتۇر.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تۈركىي تىللارنىڭ تارىخىي سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىغا قوشقان تۆھپىسى توغرىسىدا سوۋېت توركولوگى ن. ئا. باسكاكوف «مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي تىللار ساھەسىدىكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتنىڭ پېشۋاسى» دېگەنىدى. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىزنى بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئۇيغۇرلارنىڭ جۈملىدىن تۈركىي تىللاردا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ ئېتنوگرافىيىسى توغرىسىدىكى

مەلۇماتلارغا ئىگە قىلىدۇ. بۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئېتنوگرافىيىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. «دىۋان» دا يەنە شۇ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇزۇن تارىخىي جەرياندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك ۋە تاماق تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ ياسىلىش تېخنىكىسى، تۇرار جاي، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، بايرام كۆڭۈل ئېچىش، مەي ئىچىش قائىدە - يوسۇنلىرى، بالىلارنىڭ ھەر خىل ئويۇنلىرى بايان قىلىنغان. يەنە نەققاشچىلىق، قۇرۇلۇش تېخنىكىسى، تاشچىلىق، كانچىلىق، چالغۇ - ئەسۋابلار توغرىسىدىمۇ تەپسىلىي بايان قىلىنغان. «دىۋان» دا يەنە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تېببىي ئىلمى ۋە تېبابەتچىلىك تارىخى توغرۇلۇق ماتېرىياللار خېلى كۆپ.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا تۈركىي تىللىق خەلقلەر جايلاشقان تېررىتورىيىنى «دائىرە» دەپ ئاتالغان خەرىتىگە ئېلىپ كۆرسەتكەن. بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمكى بىردىنبىر مۇكەممەل خەرىتىسى بولۇپ، بۇنىڭدا يەر يۈزى يۇملاقلىق ئۇقۇمى بويىچە ئىلمىي سىستېمىغا ئېلىپ سىزىلغان.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلارنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا يىللارنى مۆچەل بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلى ۋە يۇلتۇزلارغا ئات قويۇشنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمكى زاماندىلا پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى بەرگەن.

ئۇ مۇنداق بايان قىلغان: «تۈركىي خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن بىر جەڭنى ئۆگەنمەكچى بولغاندا، بۇنىڭدىن ئاشۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز

خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى. بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن». خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان. ھەممە ياۋا ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان»①. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ئۆزىنى ئىلى دەرياسىغا ئاتقان ياۋا ھايۋانلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. دەريادىن ئەڭ ئاۋۋال ئۆتكىنى چاشقان ئىكەن. شۇڭا، يىل بېشى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ چاشقان يىلى دېيىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر يىل ئۇچۇن ئىسىم بولۇپ قالغان②. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ كۆرسىتىلىشىچە، ئون ئىككى يىل ئۇچۇن تۆۋەندىكى ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ نامى قويۇلغان. مەسىلەن، 1 ـ چاشقان يىلى، 2 ـ كالا يىلى، 3 ـ يولۋاس يىلى، 4 ـ توشقان يىلى، 5 ـ بېلىق يىلى، 6 ـ يىلان يىلى، 7 ـ ئات يىلى، 8 ـ قوي يىلى، 9 ـ مايمۇن يىلى، 10 ـ توخۇ يىلى، 11 ـ ئىت يىلى، 12 ـ توڭگۇز يىلى، توڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن باشلىنىدۇ. مۇشۇ قائىدە بويىچە قايتىلىنىپ داۋاملىشىۋېرىدۇ. بۇنىڭ ئالتىسى ئۆي ھايۋىنى، ئالتىسى ياۋايى ھايۋان. يىللارنىڭ نامىنى بۇنداق ھايۋانلار بىلەن ئاتايدىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يىللار يۇقىرىقى قائىدە بويىچە

① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 449 ـ، 450 ـ بەتلەر.
② مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 450 ـ بەت.

ھېسابلىنىدۇ.

پروفېسسور زەكىي ۋەلىدىي توغاننىڭ ھۆكۈم قىلىشىچە، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان رىۋايەتلەردىكى كالېندار يىلىنى مىلادىدىن 2000 يىل بۇرۇن (ھازىرقى كۈندىن تۆت مىڭ يىل بۇرۇن) قوللىنىشقا باشلىغان.

ئۇنداق بولسا مۆچەلنى كىم ئىجاد قىلغان؟ ئۇ قانداق شەكىللەنگەن؟ بۇ مەسىلىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان مەسىلە.

مۆچەلنىڭ ئىجاد قىلىنىشى توغرىسىدا كۆز قاراشلار ئوخشاش ئەمەس. يەنى تۆۋەندىكىدەك كۆز قاراشلار مەۋجۇت:

گېرمانىيە ئالىمى خرت (1865 ـ 1939) بىلەن فىنلاندىيە ئالىمى ي . ئا. مىككوللا (1664 ـ 1866) مۆچەلنى گرېتسىيىدە پەيدا بولۇپ باكترىيە سوغدا ئارقىلىق خىتايغا ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىدۇ. نېمىس ئالىملىرى مۆچەل ئاۋۋال غەربىي ئاسىيادا پەيدا بولۇپ، كېيىن باشقا جايلارغا تارقالغان دەيدۇ. ۋېنگرىيە ئالىمى ئارمىنى ۋامبېرى مۆچەلنى «تاتار مۆچىلى» دەپ ئاتىغان. رۇس ئالىملىرى پ . ك. كاكوسوف بىلەن ن. پ. ئوستروف مۆچەلنى موڭغۇللار ئىجاد قىلغان دەيدۇ. بۇ بىر خىل كۆز قاراش.

فرانسىيە تۈركولوگى، شەرقشۇناس ھەم خەنزۇشۇناس، خەنزۇ مىللىتىنىڭ تارىخى، ئارخېئولوگىيىسى، گۈزەل سەنئەت توغرىسىدا 250 پارچە خەتتىن ئەسەر يازغان چاۋاننېس (1918 ـ 1965) مۆچەلنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئۇزۇن مۇددەت تەتقىق قىلغان ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ مۆچەلنىڭ تۈرك، پارس، موڭغۇل، مانجۇ، خەنزۇ، ياپون، تىبەت، ۋېيتنام، كامبۇدژا، تايلاند، چام تىللىرىدىكى ناملار ۋە مەنبەلەردىن تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاخىرىدا مۆچەلنى قەدىمكى تۈرك خەلقى ئىجاد قىلغان دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. «فرانسوس

گ. پ سىريوچېنكومۇ ئۆز تەتقىقاتى ئارقىلىق مۆچەل تۈرك خەلقلىرىدىن چىققان» دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن[①].

روس ئالىمى س. ئو. ئىۋانوف بولسا مۆچەلنى خەنزۇلار ئىجاد قىلغان دەپ قارايدۇ. بۇ 3 - قاراش.

1 - قاراش توغرىسىدا شۇنداق دېيىش مۇمكىن، گرېتسىيىنىڭ قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللىرىدا ھېچقاچان مۆچەل ھېسابى ئۇچرىغان ئەمەس. بىرونىنىڭ بايان قىلىشىچە، غەربىي ئاسىيا خەلقىنىڭ قەدىمكى تارىخىدا مۆچەل ھېسابى بولمىغان. موڭغۇل، تاتار بۇلار تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر بولۇپ، موڭغۇللار مۆچەل ھېسابىنى 1027 - يىللىرىدىن تارتىپ قوللىنىشقا باشلىغان.

زادى مۆچەلنىڭ ئىجادچىسى خەنزۇلارمۇ ياكى تۈرك خەلقلىرىمۇ؟

خەنزۇلار ئىجاد قىلغان دېگۈچىلەر — خەنزۇلارنىڭ ئاتمىش يىللىق دەۋر ھېسابى يىلنامىسى جۇڭگودا شىيا - شاڭ (مىلادىدىن 21 - 16 - ئەسىر ئىلگىرى) سۇلالىسىدىن تارتىپ بار بولغان دېيىشى ئىككىنچى جۇڭگونىڭ خەنزۇلار رايونىدا تېپىلغان ئاسار ئەتىقىلەر ئىچىدىن 12 ھايۋاننىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مېدال، ئەينەك بۇيۇملار چىققان. ئەمما، خەنزۇلارنىڭ 60 يىللىق يىلنامىسى ئەسلىدە ئاسمان غوللىرى بىلەن يەر تومۇرلىرىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 12 مۆچەل بۇنىڭدا يوق ئىكەنلىكىگە خەنزۇ تارىخچىلىرىمۇ ئىقرار. يەنە بىر تەرەپتىن تارىخىي ئاسار ئەتىقىدىكى مۆچەل بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇيۇملار ئوتتۇرا ئەسىرگە ئائىت نەرسىلەر بولۇپ، بۇ مەزگىلدە مۆچەل ئاللىقاچان تۈرك خەلقلىرى ئارىسىدا مۇنتىزىملىشىپ بولغانلىقىغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان.

---

① م. ئىسھاقبايوف: «قازاقنىڭ قەدىمكى كالېندارى» دېگەن ئەسىرىدىن.

كالېندار يىل ھېسابى دېگەننى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ساقىش» دەپ ئاتىغان. ھازىرغىچە تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى تۈرك مىللەتلىرى تارىخىغا ئائىت يادىكارلىقلاردىن باشلاپ «12 مۈچەل» يىل ھېسابى، يەنى ھايۋانلار كالېندارى ئىشلىتىلگەن.

10 ـ ئەسىرلەردە ئىسلام دىنىنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇيغۇرلار «ھىجرىيە» يىلنامىسىنى قوبۇل قىلغان. 13 ـ، 14 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىدىن «ئالېكساندىر ئېراسى» مۇ قوللانغان. ئۇيغۇرلاردىمۇ شۇ خىل يىلنامىلەر قوللىنىلغان مەزگىللەردىمۇ ئۇيغۇرلار يەنىلا 12 مۈچەل ھېسابىنى قوشۇپ ئىشلىتىپ كەلگەن ۋە تارىخىي مەنبەلەردە ئىز قالدۇرغان. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك» دىكى مۈچەل ھەققىدىكى بايان تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسى م. شاكىر، ئۇلگوتاشىرنىڭ «قەشقەرلىك مەھمۇد» ناملىق ئەسىرىدىكى بايانلار مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئېيتقىنىغا ئوخشاش بولۇپ، تارىخىي يادىكارلىقلاردىكى مۈچەل ھېسابى بىلەن خاتىرىلەنگەن يىللار ناھايىتى ئېنىق. تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەزەلدىن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنىسى ئېنىقكى، يېزىق يوق دەۋرلەردە يىلنى ھايۋان ھېسابى بىلەن بەلگىلەپ شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئەستە تۇتۇش، خاتىرىلەش ۋە ھېسابلاشمۇ شۇنداق مۇھىتتا پەيدا بولغان. ئۇنىڭدىن قالسا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا 12 مۈچەل ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، كەڭ ئۆزلەشكەن. مۇشۇنىڭغا قاراپ مۈچەل تۈرك تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن پەيدا بولغان دېگەن خۇلاسىگە كېلىشى مۇمكىن. مۈچەل ھېسابىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە قوللىنىشقا باشلىغانلىقىغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بولغانلىقىدا شەك يوق. لېكىن دەل قايسى ۋاقىتتىن تارتىپ باشلانغان؟ بۇنىڭغا دەماللىق جاۋاب بېرىش تەس. شۇنىسى مەلۇمكى، 732 ـ يىلى ئۆلگەن

تۈرك خانزادىسى كۆل تېكىن قەبرىسىدىكى مەڭگۈ تاشقا ئويۇلغان يېزىق ئىچىدىكى يىللارنىڭ مۆچەل ھېسابى بىلەن خاتىرىلىنىشىگە قارىغاندا بۇ خىل يىلنامە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئاللىقاچان مۇنتىزىملىشىپ بولغان. مەنبەلەردىن قارىغاندا خەنزۇلارغا مۆچەل ھېسابى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە تۈركىي مىللەتلىرىدىن كىرگەن بولسا كېرەك. ياپونىيە ۋە باشقا ئاسىيا ئەللىرى مۆچەل ھېسابىنى جۇڭگودىن ئالغان. موڭغۇللاردا 1027 ـ يىللىرىدىن تارتىپ مۆچەل قوللىنىلىشقا باشلىغان. مۆچەل ھېسابى بۇنىڭدىن 3 ـ 4 مىڭ يىل ئىلگىرى پەيدا بولغان بولۇپ ئۇزاق ئۆتمۈشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈپ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق مىلادىيەنىڭ بېشىدا تۇراقلاشقان.

مەھمۇد قەشقەرى ھەم ئولگوتاشىرنىڭ رىۋايەتلىرىگە قارىغاندا، قەدىمكى تۈرك خاقانى يىللارنى ھەم بولۇپ ئۆتكەن مۇھىم ۋەقەلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۆچەلدىكى ھايۋانلارنىڭ ئاتىلىشى بىلەن يىللارغا نام بېرىش ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلغان. بۇ يىلنامىنىڭ پەيدا بولۇشى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى تۇرمۇش شارائىتىدىن قارىغاندا ئەمەلىيەتتىن ئانچە يىراق تەسەۋۋۇر ئەمەس. يىل — ۋاقىت ھېسابىدىن ئازغىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن يىللانى ھايۋانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان. خۇلاسىلىگەندە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردا 12 مۆچەل ئەڭ بۇرۇن قوللىنىلغان.

## 2) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يازغان ۋاقتى

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىش ئۈستىدە توختىلىپ «بۇ كىتابنى ھىجرىيە 464 ـ يىلى جەمادىل ئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىشقا كىرىشىپ، تۆت قېتىم كۆزدىن

كەچۇرۇپ، ئوبدان تەھرىرلەپ چىققاندىن كېيىن 466 ـ يىلى ھىجرىيىدە تاماملىدىم» دەيدۇ. ئاپتورنىڭ مۇشۇ سۆزىدىن قارىغاندا «دىۋان» نىڭ 1 ـ نۇسخىسى ھىجرىيىنىڭ 464 ـ يىلىدىن 466 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1072 ـ 1074 ـ يىللىرى) دا يېزىلغان بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 467 ـ يىلى (مىلادىيە 1075 ـ يىلى) دا قايتا كۆزدىن كەچۈرۈلۈپ پۇختا تەھرىرلەنگەندىن كېيىن باغدادتىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27 ـ خەلىپىسى بولغان ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىنغان.

## 3) مەھمۇد قەشقەرىنىڭ باغدادقا بېرىشى توغرىسىدا

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ باغداتقا بېرىشىدىكى سەۋەبلەر توغرىسىدا تەتقىقاتچىلار ئارىسىدا ھازىرغىچە ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. قاراخانىيلار تارىخىنى ئۇزۇن تەتقىق قىلغان گېرمانىيە ئالىمى پىرتساك: مەھمۇد قەشقەرىنىڭ باغدادقا نېمە سەۋەب بىلەن كۆچۈپ كەلگەنلىكى پەقەت ئاشكارىلانمىغان. تۈرك ئەللىرىدە ئېلىپ بارغان ئۇرغۇن ساياھەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرى سۆزلەنمىگەن. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ باغدادقا بېرىشىدىن ئىلگىرىكى ۋەقەلەر تولۇق ئېچىلمىغان، دەپ قارايدۇ. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، سالچۇقىيلار دەۋرىدە باغداد ئەرەبلەر بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئۆزئارا ئۇچرىشىدىغان ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش ۋە بىرەر مەرتىۋىگە ئېرىشىش ئارزۇسىدا بولغانلارنىڭ باغداد ۋە مىسىرغا كۆچۈپ بارغىنىدەك ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلغانلارنىڭمۇ مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان جايغا بېرىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

شۇ دەۋرلەردە باغدادتىن باشقا بۇخارا، قاھىرە ۋە شام قاتارلىق بىرمۇنچە شەھەرلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار باغدادتەك ئەھمىيەتلىك ئەمەس ئىدى.

باغدادقا توپلانغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەرەب دۇنياسىغا نىسبەتەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرى كۈچلۈك بولغانلىقتىن پۈتۈن سىياسىي، ئىلمىي پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈرك خەلقلىرىنىڭ قولىدا ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى باغدادقا بارغان ۋاقىت سالچۇقىيلار خاندانلىقى (1031 ـ 1157) مەلىك شاھنىڭ تەختتىكى ۋاقتى بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى تۈركان خاتۇن قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى تابغاچ بۇغراخاننىڭ قىزى ئىدى. تۈركان خاتون رەسمىي سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان. ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلارغا كۆپىنچە تۈركلەردىن ۋالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلار تەيىنلىنەتتى. بۇنداق ئوبيېكتىپ سەۋەب تۈپەيلىدىن تۈركىي تىللىق خەلقلىرىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىش ۋە ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش نىيىتىدە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ۋە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغانلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۇچۇن تەبىئىي ھالدا خاقانىيە تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى.

تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسىدە ھىجرىيە 447 ـ، 448 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1056 ـ، 1057 ـ يىللىرى) سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. قاراخانىيلار خانى سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپ ئۆزىنىڭ ئىنىسى ھەم خانلىق شېرىكى بولغان مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇپكە قارشى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، دۆلەت ھوقۇقىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان. ئىككى ئوتتۇرىدىكى جەڭدە ئارسلان خان سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپ مەغلۇپ بولۇپ ئەسىرگە چۈشىدۇ. بۇغرا خان مۇھەممەد ئىبىن يۇسۇپ ئۇنى زىندانغا تاشلاپ، دۆلەت ھوقۇقىنى قولىغا ئالىدۇ. بۇ

توغرىدا يەنە ئىبنۇل ئەسىرنىڭ يازغان «تارىخىي كامىل» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق بىر مەلۇماتنى بايان قىلىدۇ: «15 ئايدىن كېيىن بۇغرا خان مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇپ چوڭ خاقان (ئارسلان خان) بولۇپ دۆلەت ھوقۇقىنى چوڭ ئوغلى ھۈسەيىن چاغرى تېكىنگە تۇتقۇزدى. ئۇنى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ نامزات خانى دەپ ئېلان قىلدى. لېكىن، بۇغرا خاننىڭ (ئارسلان خان مۇھەممەد ئىبنى يۇسۇپنىڭ) ئىككىنچى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان كىچىك بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ خوتۇن ھۈسەيىن چاغرى تېكىننىڭ نامزات خانلىققا تەيىنلەنگەنلىكىگە نارازى بولۇپ بۇغرا خان (سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپ) غا قەست قىلدى. ئۇنى ۋە پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ بىرنەچچە ئەزاسىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ قېرىندىشى ئارسلان خان ئىنىسى قادىرخان (سۇلايمان يۇسۇپ) نىمۇ بوغۇزلىۋەتتى. مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن يەنى مەھمۇد قەشقەرى مۇشۇ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان بىرقانچە كىشىنىڭ بىرسى ئىدى. ئۇ بۇ ۋاقىتتا قېچىپ چىقىپ ئۆز ساياھىتىنى باشلاپ بۇ سەپىرىدە ئۆزى ئېيتقاندەك بىر نەچچە يىللار جاپا-مۇشەققەت چېكىپ، تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى كەزگەن. بۇنى ئۆزىنىڭ تۈركىي تىللارنى تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت دەپ ھېسابلىغان»①. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىغا ئىشەنچلىك سادىق بولۇپ كەلگەن ھەر ساھەدىكى كىشىلەر ۋە ئەرباب-ئەمىرلەرنىڭ قوللىشى بىلەن تۈرك يۇرتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى ۋە ئۇلار ئاپتورنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شەرت-شارائىت يارىتىپ بەردى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

---

① مىرسۇلتان ئوسمانوۋ: «مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دا بايان قىلغان ئەدەبىي تىل ھەققىدە» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدىن.

ئاخىردا سەلچۇقىيلار خاندانلىقىنىڭ سۇلتانى مەلىك شاھنىڭ ئايالى قاراخانىيلار سۇلالىسىدە مەھمۇدنىڭ ئاتىلىرى بىلەن نەسەبداش بولغان تۇركان خاتۇننىڭ قېشىغا سالامەت يېتىپ بارغاندىن كېيىن تۇركان خاتۇننىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن بۇ ئالەمشۇمۇل نادىر ئەسەرنى تاماملاپ، خەلىپىگە تەقدىم قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى شانلىق مەدەنىيەتنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەمۇنىلىرىدىن بىرى ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئەسكەرتىشىچە، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن خەۋەردار بولغان. مەسىلەن، ئۇ «دىۋان» دا ئەبۇ بەكرى قەففال شاشىنى، چۇچۇ ئىسىملىك مەشھۇر شائىرلارنى ئەسلەپ ئۆتكەن.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» تىلشۇناسلىق كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان ئەڭ مۇكەممەل ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭغا ھەممە ساھەدىن مەلۇمات بېرىلىپ ناھايىتى كەڭ مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىلگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزگە قاراخانىيلار ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئىنتايىن مول ياخشى مەلۇمات بېرىدىغان مەنبەلەردىن بىرىدۇر. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشى، مەدەنىي ھاياتىنى، كۈرەش پائالىيىتىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىنچىكە ۋە ئەترابلىق بايان قىلغان. 242 پارچە (1 ـ تومدا 117 پارچە، 2 ـ تومدا 48 پارچە، 3 ـ تومدا 77 پارچە) ئەدەبىي پارچە ۋە تۈرك خەلقلىرىنىڭ سەرگۈزەشتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر قوشاق، تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر كىرگۈزۈلگەن.

يەنە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاقانىيە تىلىدىن باشقا تۈركىي تىللارغا خاس بولغان قەبىلىۋى سۆزلەردىن 500 گە

يېقىن سۆزنى كۆرسەتكەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن شېئىر، قوشاق، تەمسىل، ماقالىلەر تىل گۈزەللىكى، رەڭدارلىقى، يېقىملىقلىقى ۋە مەزمۇنىنىڭ موللىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئاسترونومىيە خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئاسماندىكى سەييارلارنىڭ ئورۇنلىشىشىنى تەتقىق قىلىش باشلانغان. شۇ چاغدىكى ئاسترونوملار ناھايىتى نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويۇپ، بىزنى ئاسمان جىسىملىرى توغرىسىدا يېڭى مەنبەلەر بىلەن تەمىنلىگەن.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاراخانىيلار دەۋرىدە بىزگە قالدۇرۇلغان مەدەنىي مىراس بولۇپلا قالماستىن، ئېلىمىزدە ياشىغۇچى باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتىمۇ بىزنى ئەڭ ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىگەن بىباھا خەزىنە. ئۇ كەڭ ھەم چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئىلمىي قىممىتى ئىنتايىن زور يىرىك ئەسەر بولۇش بىلەن يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇشقا ھەقلىق.

## 4. «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» توغرىسىدا

قاراخانىيلار دەۋرىدە يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»تىن باشقا يەنە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرى بىلەن پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر بولغان نادىر ئەسەر «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق»نى مىسال قىلىش مۇمكىن.

«ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» نىڭ ئاپتورى ئەھمەد يۈكنەكى 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرى ياشىغان ئۇيغۇر ئەدىب. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس.

ئەمما، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ۋە تىل خۇسۇسىيەتلىرىدىن قارىغاندا، بۇ ئەسەرنى قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يېزىلغان، دەپ تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ئاساسىدىكى ۋەز - نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئەسەر جەمئىي 14 باب 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان.

ئالدىنقى بەش باب 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن مەسنەۋى (ھەر بىر كۇپلېتى ئىككى مىسرالىق شېئىر)، كېيىنكى توققۇز بابنىڭ ھەر بىر مىسراسى 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. 1 -، 2 -، 3 - مىسرالىرى قاپىيەلىشىپ كېلىدىغان رۇبائىي شەكلىدە يېزىلغان. كېيىن دۇنيا ئالىملىرىدىن بىرقانچىلىرى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئىلاۋە قىلغان مىسرالىرىنى قوشقاندا بۇ ئەسەر جەمئىي 512 مىسرادىن تەركىب تاپقان داستان ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چىققان.

«ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر تىلى تارىخىنى تەتقىق قىلىش ھەمدە قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەمىر ئارسلان خوجا قاراخان تەرىپىدىن بۇ ئەسەرگە يازغان ئىلاۋىدە ئەسەرنىڭ قەشقەر تىلى، يەنى «خاقانىيە تىلى» دا يېزىلغانلىقى ئېيتىلغان. «ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» نىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» كە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، بۇ ئەسەر چاغاتاي تىلى (چاغاتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلى) بىلەن يېزىلغان. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە تۈركىي تىللار ئىچىدە تۇتقان ئورنىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن، بىزنى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» نىڭ بىزگە ھازىرغىچە مەلۇم بولغىنى ئۈچ خىل قولىيازما نۇسخىسى بولۇپ، بىرىنچىسى

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ مىلادىيىنىڭ 1444 ـ يىلى زەينۇل ئابىدىن، سۇلتان بەخت ھۈسەيىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەندتە كۆچۈرۈلگەن. ھازىر ئىستانبۇلدىكى ئايا سوفىيا مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئىككىنچىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا قۇرمۇ قۇر پاراللېل قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، ئابدۇل رەزاق قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىسىمۇ ئىستانبۇلدىكى ئايا سوفىيا مۇزېيىدا ساقلانماقتا. ئۈچىنچىسى يالغۇز ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بولۇپ، بۇمۇ ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگەن كىشىنىڭ نامى ئېنىق ئەمەس. ھازىر بۇ نۇسخىمۇ ئىستانبۇلدىكى توپقاپى ساراي كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا.

# ئالتىنچى باب
# قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشى

قاراخانىيلار سۇلالىسى مىلادىيە 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 13 ـ ئەسىرگىچە قەدەر ھۆكۈم سۈرۈپ مىلادىن 1222 ـ يىلى يىمىرىلدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى فېئوداللىق تۈزۈمدىكى ئۇيغۇر ئىسلام خانلىقى. قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر مەملىكىتىمىز تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەۋردۇر. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇ قاراخانىيلار زېمىنىدە ياشىغان ئۇيغۇر، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى يۇقىرىقى چىندىن خەزەر دېڭىزىغىچە بولغان كەڭرى زېمىننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، گۈللەندۈرۈشتەك تارىخىي ۋەزىپىنى ئۆتىگەن. بىرقانچە ھاكىمىيەتلەرنى ۋە بىرقانچە قوۋملەرنى قاراخانىيلار دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ بىرلىككە كەلگەن قۇدرەتلىك قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇردى. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيىتىنى يۇكسەك دەرىجىدە ئالغا سۈرۈپ، يېڭى بىر ئىسلام مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. كەڭ تېررىتورىيىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۆز دائىرىسىدىكى رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ھاكىمىيەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش تۈزۈمى بىلەن يەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. خان ئۆزىگە قاراشلىق يەرلەرنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەردى. ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋەرائۇننەھر ۋە

يەتتە سۇ قاتارلىق جايلاردىكى ئىلىك خانلار، ئەمىر، بەگلەر ئەپلىك جۇغراپىيىۋى شارائىتتىن پايدىلىنىپ، تەپرىقىچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىدىغان، بىر - بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بولدى. ئۆزئارا نىزا - ماجىرالىرى كۆپىيىپ كەتتى.

نەتىجىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈندىن - كۈنگە چۇشكۈنلىشىش، پارچىلىنىش كۈچەيگەن. بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش ماجىرالىرى، ئۆزئارا ئۇرۇش ماجىرالىرى كۆپەيگەن. دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ياماناشقان. بۇنىڭ بىلەن خاندانلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىختىلاپ زىددىيەتلىرى كۈچەيدى. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش — فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى[1] ئەمگەكچى خەلقلەر بىلەن ھۆكۈمران سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قاراخانىيلار خانلىقى فېئودال - ئاقسۆڭەك خانزادىلەر ۋە دىنىي يۇقىرى قاتلام ۋەكىللىكىدىكى ھاكىمىيەت بولغاچقا، بۇ خانلىق ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايتتى. بۇ ھال قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مۇستەھكەم بولماسلىقىغا، بۆلۈنۈشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا سەۋەب بولدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ھەرقايسى جايلاردا خەلق قوزغىلاڭلىرى كۆتۈرۈلدى. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەل شۇنداق خەلق قوزغىلاڭلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا ئاجىزلىشىپ يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەنىدى.

---

① ستالىن: دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم» ئەسىرىدىن.

## 1. قاراقىتانلارنىڭ بېسىپ كىرىشى

خەنزۇچە تارىخ كىتابلاردا غەربىي «لىياۋ» دەپ ئاتالغان قاراقىتانلار (ئەسلىدە «قاراقىتان» بولۇپ بىز ئادەت بويىچە قارا خىتاي دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.) موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخىدا «karakitay»[①] دەپ ئېلىنغان. قاراقىتانلار مىلادىيە 1124 ـ يىللىرى جىن سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا زاۋاللىققا يۈزلەندى. بۇنداق بىر تارىخىي شارائىتتا قاراقىتانلاردىن يوللىغ تاشىن دېگەن بىر ئاقسۆڭەك بىر قىسىم ئادەملەرنى باشلاپ غەربىي شىمال تەرەپكە قېچىپ كەلدى. ئۇ ئاخىر بۇ رايونغا بېسىپ كىرىپ، بۇ جايدا (لىياۋ) خانلىقىنى قۇرۇپ، ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. بۇ خانلىق ئىسلام تارىخىدا قاراقىتانلار دەپ ئاتالدى. يەرلىك خەلقلەر قاراقىتانلارنىڭ خاقانى يوللىغ تاشىننىڭ ھۆرمەت نامىنى گورخان (خانلارنىڭ خانى ياكى بۈيۈك خان دېگەن مەنىدە)[②] دەپ ئاتايتتى. ئۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۇرخۇن دەرياسى بويىدىكى خاتۇن شەھەرگە ئۇندىن كېيىن غەربىي شىمالغا يۆتكىلىپ، يەنسەي ۋادىلىرىدىكى قىرغىز رايونىغا باردى. قىرغىزلار ئۇنى يەنسەي ۋادىسىدىن ھەيدىۋەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ بەشبالىققا كېلىپ ئورۇنلاشتى. يوللىغ تاشىن جىن سۇلالىسىدىن قىساس ئېلىش ۋە قاراقىتان خانلىقىنى قايتا قۇرۇش مەقسىتىدە بۇ جايدا كېڭەش قۇرۇلتاي ئېچىپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۆزىگە قوشۇپ، 40 مىڭدەك ئادەم توپلىدى. ئۇ غەربىي رايونغا ئىچكىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىمىل دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلدى. كېيىنچە چۆچەك رايونىغا كېلىپ ھەرىكەتلەندى.

---

① «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 95 ـ بەت.

② «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 95 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن كېيىن قوچو خانلىقى (ئۇيغۇر ئىدىقۇت) چېگراسىغا قەدەر بېسىپ كىردى. جىن سۇلالىسى مىلادىيىنىڭ 1129 - يىلى يوللىغ تاشنىنىڭ قايتا تىرىلىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇل - كېسىل زەربە بەرمەكچى بولۇپ، غەربىي رايونغا قوشۇن ئەۋەتكەندە قاراقىتانلار بۆلۈنۈپ قېچىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قاراخانىيلار دائىرىسىدىكى يەتتە سۇغا يېقىن كەلگەندە، شىمالىي ئىلىك خان تاغ يوللىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، چېگرانى قوغداش ۋەزىپىسىنى يۈكلەش شەرتى بىلەن ئۇلارغا يەر، سۇ كۆرسىتىپ بەردى ۋە مەلۇم دەرىجىدە خىزمەت ھەققى بەردى. ئەينى ۋاقىتتا بۇلارنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسەت قارلۇق، قىپچاق، قاڭقىل قاتارلىقلارنىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىدىكى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشىگە تاقابىل تۇرۇش ئىدى. قاراقىتانلارنىڭ يەنە بىر قىسمى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزى قەشقەر چېگراسىغا بارغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ھەيدىۋەتتى.

يەتتە سۇ ھاكىمى (تارىخىي كىتابلاردا قايسى ئىلىك خان ئىكەنلىكى ئېنىقلانمىغان) قاراقىتانلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشنى زورلىغاندا قاراقىتانلار رەت قىلدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى ساقلاپ قېلىش ھېسابىغا ئىلىك خان تەرىپىدىن قويۇلغان ھەممە تەلەپلەرنى ئىجرا قىلىپ، خانغا تولۇق بويسۇندىغانلىقىنى بىلدۈردى (ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلغان دىنى مانى دىنىمۇ ياكى خرىستىئان دىنىمۇ ھازىرچە ئىسپاتلاش قىيىن) . ئەمما قاراقىتانلار ماكانلىشىپ بولغاندىن كېيىن چېگرا مۇداپىئەسىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئىچكى جەھەتتىن كۈچ توپلاپ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش سۈيىقەستىنى پىلانلىدى.

مىلادىيە 1137 - يىلى قارلۇقلارنىڭ شىمالىي ئىلىك خانغا

قارشى قوزغىلىڭى پارتلىغاندا قاراقىتانلار پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىمالىي ئىلىك خانغا قارشى پىتنە قوزغاپ، ئۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بالاساغۇننى ئىشغال قىلدى. بۇ ۋاقىتتا مۇھەممەد ئىبنى سۇلايماننىڭ ئۇچىنچى ئوغلى مەھمۇد قاراقىتانلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، خوجەنتكە يېقىن جايدا مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەندكە قاچقان. مەلۇم ۋاقىتلاردىن كېيىن مەھمۇد بىلەن قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدا كېلىشمەسلىك پەيدا بولۇپ، سەنجەرنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلدى. قارلۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيادا ۋۇجۇدقا كەلگەن يېڭى كۈچ قاراقىتانلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان[①] . شۇنداق قىلىپ سەمەرقەند ئەتراپىدىكى كاتىۋان بوز قىرىدا بۇيۇك سەلچۇقىيلار بىلەن قاراقىتانلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇپ سەنجەرلەر تەرەپدارلىرى خوراسانغا قېچىشقا مەجبۇر بولغان. پۈرسەتتىن پايدىلانغان قاراقىتانلار پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى ئىگىلەش ئۈچۈن داۋاملىق ئىلگىرىلەپ يەنسەي دەرياسىدىن تالاسقا قەدەر سوزۇلغان كەڭ رايوننى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ قاراقىتانلار ھاكىمىيىتىنى ئورناتتى[②] .

قاراقىتانلارنىڭ خانى يوللىغ تاشىن زور كۆلەمدىكى ھەربىي قوشۇن بىلەن ئىسسىقكۆل ئارقىلىق قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىپ، قەشقەرنى بېسىۋالدى. ئارقىسىدىنلا يەكەن، خوتەن، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق يەرلەرنى بويسۇندۇرۇۋالدى. قەشقەر قاراقىتانلار تەرىپىدىن تامامەن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن قاراخانىيلار خانلىقى قاراقىتان ھاكىمىيىتىگە بېقىندى بولۇپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قاراقىتانلار شەرققە قاراپ يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ قوچو خانلىقىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىمۇ بويسۇندۇردى. 1441 ـ يىلى قاراقىتانلار غەربىتىكى قاراخانىيلار خانى تامغاچ مەھمۇد خان ئۈستىگە ئەسكەر

---

① پىرىتساك: «قاراخانىيلار» .
② پىرىتساك: «قاراخانىيلار» .

تارتىپ ئۆزكەنت، كاسان قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى ئىشغال قىلدى. تامغاچ مەھمۇد خان سەمەرقەندتىن ھەربىي قوشۇن كەلتۈرۈپ قاراقىتانلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئاجىز كېلىپ، سۇلھى تەلەپ قىلدى. يوللىغ تاشىن تامغاچ مەھمۇد خاننىڭ تەلىپى بويىچە سۇلھى تۈزۈشكە قوشۇلدى. سۇلھى بويىچە تامغاچ مەھمۇد خان ئىچكى جەھەتتىن مۇستەقىللىقنى ساقلاپ قېلىپ مەلۇم مىقداردا باج تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن قاراقىتانلارغا تەۋە بولدى.

مىلادىيە 1141 ـ يىلى 9 ـ ئايدا قاراقىتانلار غەربتىكى سۇلتان سەنجەر سەلجۇقىيلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. سۇلتان سەنجەر سەلجۇقىي قاراقىتانلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ سەمەرقەندكە قاراپ ئىلگىرىلىدى. قاراقىتانلار بۇخارا بىلەن سەمەرقەند ئارىسىدىكى كاتىۋان چۆلىگە ئەسكەر توپلىدى. مىلادىيە 1141 ـ يىلى 10 ـ ئايدا سۇلتان سەنجەر سەلجۇقىيلار بىلەن قاراقىتانلارنىڭ قوشۇنلىرى كاتىۋان چۆلىدە ئىنتايىن شىددەتلىك ئۇرۇش قىلدى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سۇلتان سەنجەر سەلجۇقىيلارنىڭ ئەسكەرلىرى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ئىككى تەرەپتىن ئوتتۇز مىڭ ئادەم ھالاك بولدى. سۇلتان سەنجەر تىرمىزغا قاچتى. 1141 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قاراقىتانلار بۇخارانى ئىشغال قىلىپ، ئالىپ تېكىننى بۇخاراغا ئەمىر قىلىپ بەلگىلىدى.

سۇلتان سەنجەر سەلجۇقىيلارنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى خارەزم شاھى ئاتسىز ئۈچۈن خۇددى قاراقىتانلارنى چاقىرىپ كەلگەندەك خەۋپلىك بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈردى. قاراقىتانلارنىڭ قوماندانى ئەزبەر خارەزمگە نۇرغۇن ھەربىي قوشۇن باشلاپ بېرىپ، خارەزم شاھىنى يەڭدى. بۇنىڭ بىلەن خارەزم شاھى ئاتسىزنىڭ مەملىكىتى ئۇزۇنغا قالماي

قاراقىتانلارنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تالان ـ تاراج قىلىندى. خارەزم شاھى قاراقىتانلار بىلەن سۇلھى تۈزۈشكە مەجبۇر بولۇپ، ھەر يىلى 30 مىڭ دىنار (ئوتتۇز مىڭ تىللا) ئالتۇن تۆلەش ۋە مەملىكىتىدە بىر ئالىي دەرىجىلىك ۋەكىلنى تۇرغۇزۇش شەرتى بىلەن قاراقىتانلارغا بېقىندى بولدى.

## 2. قاراقىتانلارنىڭ زۇلمى

قاراقىتانلار ئەسلىدىكى لياۋ سۇلالىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شەكلىنى داۋاملاشتۇردى. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، قاراقىتانلار ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بۇخارا، سەمەرقەند، خارەزم ۋە شىنجاڭ قاتارلىق جايلارنى قەدىمكى لياۋ خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش سىستېمىسى بويىچە باشقۇردى. ئۇلار قاراقىتانلارنىڭ ئەسلىكى بىر يۈرۈش چارىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. يەرلىك ئاھالىلەر ئۈستىدىكى سىياسىي زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. قاراقىتانلار ئۆزىگە قاراشلىق جايلار ۋە رايونلارنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلدى.

1. بويسۇندۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ئەۋەتىپ، يەرلىك ھۆكۈمدارلار ئۈستىدىن نازارەت قىلدى. مەسىلەن، قاراقىتانلار قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىدا كەنجى باسقاق ناملىق ۋەكىلنى تۇرغۇزدى. ئۇلار باشقا جايلاردىمۇ شۇنداق قىلدى.

2. مەلۇم مۇددەتتە باج ـ خىراج يىغقۇچى ئەمەلدارلارنى ئەۋەتىپ باج ـ خىراج يىغدى.

3. ئۆز ھۆكۈمدارلىقى ئاستىدىكى جايلارنىڭ ئەمەلدارلىرىغا كۆمۈشتىن ياسالغان دەستەك بېرەتتى. بۇ دەستەكنى ئالغانلار ئۇنى دائىم يېنىدىن ئايرىمايتتى. بۇ دەستەك قاراقىتانلارغا تەۋە

بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى. قاراقىتانلار ئۆز هاكىمىيىتىنى ئورناتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ باسقاقلىرىنى ئەۋەتىپ، داۋاملىق ئېغىر ئالۋان ـ ياساقلارنى سېلىپ، خەلقنى دەهشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلدى. هەربىر ئائىلە باشلىقىنى بىر دىنار باج تاپشۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ باجدىن باشقا يەنە خىراج دەپ مەهسۇلاتنىڭ ئوندىن بىرىنى تارتىۋالاتتى. بۇ باجنى ۋاقتىدا تاپشۇرمىغانلارنى دەرهال جازالايتتى. قاراقىتانلارنىڭ چېرىكلىرى تېخىمۇ هەددىدىن ئېشىپ، يەرلىك خەلقنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىغا باسقۇنچىلىق قىلىپ ئۇلارنى دەپسەندە قىلسىمۇ هېچقانداق جاۋابكارلىققا تارتىلمايتتى. مىلادىيىنىڭ 1143 ـ يىلى قاراقىتانلارنىڭ خانى يوللىغ تاشىن ئۆلدى. قاراقىتان خانلىقىنىڭ تەخت ۋارىسى يوللىغ ئىلى كىچىك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا يوللىغ تاشىننىڭ خوتۇنى كوياك ياكى پوسوۋەن خان بولدى. بۇ خانلىق ۋاقتىنىڭ قانچىلىك داۋام قىلغانلىقى تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق ئېيتىلمىغان. ئەمما، يوللىغ تاشىن ئۆلگەندىن كېيىن قاراقىتانلار ئىچىدە خانلىق تالىشىش كۈرەشلىرى ئىنتايىن كەسكىن بولۇپ، نەتىجىدە كوياك ئۆلتۈرۈلدى. مىلادىيە 1150 ـ يىلى قاراقىتانلار تەختىدە يوللىغ ئىلى (شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى، موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخىدا «چورق» دەپ ئالغان)① ئۆلتۈرۈلدى. قاراقىتانلارغا قاراشلىق جايلارنى گورخاننىڭ ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئىدارە قىلدى.

مىلادىيە 1156 ـ يىلى ئىبراھىم ئىبن ئەھمەد قاراخانىيلارنىڭ خانى قەشقەردە ۋاپات بولدى. شۇ يىلى ئىبراھىم ئىبن مۇھەممەد تابغاچ قاراخان قەشقەردە تەختتە ئولتۇردى. ئۇمۇ قاراقىتانلارغا تەۋە بولۇپ، مەلۇم مىقداردا باج تۆلەپ تۇردى.

---

① «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، 173 ـ بەت.

مىلادىيىنىڭ 1156 ـ يىلى خارەزم شاھى ئاتسىز ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىل ئارسلان خان تەختتە ئولتۇردى. مىلادىيىنىڭ 1157 ـ يىلى سۇلتان سەنجەر سالچۇقىي ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئۇ 71 ياشتا ئىدى. سەنجەر سالچۇقىي خانلىقىنىڭ نەسلىدىن غىياسىددىن مۇھەممەد ئىبنى مەھمۇد ئىراقتا خان ئىدى. بۇ ۋاقىتتا سەمەرقەندتە قاراخانىيلاردىن ئىبراھىم ئارسلان خاننىڭ ئوغلى تامغاچ مۇھەممەدنىڭ قاراقىتانلارغا بېقىندى ھاكىمىيىتى مەۋجۇت ئىدى. تامغاچ مۇھەممەد خان ھاكىمىيىتى ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى. مۇشۇ مەزگىللەردە يەتتە سۇ قاتارلىق جايلاردا قارلۇقلار قاراقىتانلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈردى. تامغاچ مۇھەممەد خان قارلۇقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. تارىخشۇناس ئۇيغۇر ئالىمى جامال قارشى بۇ ۋەقەلەرنى مىلادىيىنىڭ 1156 ـ يىلى بولغان دەپ كۆرسىتىدۇ.

تامغاچ مۇھەممەد ئىبراھىم خاننىڭ ئورنىغا يۇسۇپ مۇھەممەد قاراخان بولدى. سەمەرقەندتە تەختتە ئولتۇردى. يۇسۇپ ئىبنى مۇھەممەد قاراخان تەختكە چىقىش بىلەن قارلۇقلارنىڭ قاراخانغا قارشى قوزغىغان ئىسيانىنى بېسىقتۇرۇش ئۇچۇن زور تەدبىر قوللىنىپ قارلۇقلارنىڭ رەئىسى قاراخان يانجۇنى ئۆلتۈردى. قارلۇقلارنىڭ ئىسيانى تىنچىتىلدى. قارلۇقلار ئىسيانى تىنچىتىلغاندىن كېيىن قارلۇقلارنىڭ بىر قىسمى خارەزم شاھى سۇلتان ئىل ئارسلان خان قېشىغا قېچىپ بېرىپ ئۇنىڭدىن پاناھلىق تىلىدى. خارەزم شاھى ئىل ئارسلان خان قارلۇقلار بىلەن بىرلىشىپ مىلادىيە 1158 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھرگە يۈرۈش قىلدى. سەمەرقەندتىكى قاراخانىيلار خانى تامغاچ ئىبنى مۇھەممەد قاراقىتانلارنىڭ خانى گورخاندىن ياردەم تەلەپ قىلدى. قاراقىتانلار ئىلىك تۈركمەن قوماندانلىقىدا ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇننى ياردەمگە ئەۋەتتى. خارەزم شاھى

www.uyghurkitap.com

بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ چېكىنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش سۇلھى يولى بىلەن ھەل قىلىنىدى. خارەزم شاھى ئۇرۇشتا يېڭىلگەنلىكى ئۈچۈن قاراقىتانلارغا ھەسسىلەپ باج تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ ۋاقىتتا بۇخارادا جالالىددىنىنىڭ ئوغلى قىلىچ خان مەسئود ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. خارەزم شاھى ئارسلان خان مىلادىيىنىڭ 1172 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا كىچىك ئوغلى سۇلتان شاھ تەختكە چىقتى. بۇ چاغدا ئارسلان خاننىڭ چوڭ ئوغلى تەكەش خۇجەنتنى ئىدارە قىلاتتى. خارەزم شاھ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەتلەر كەسكىنلىشىپ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن تەخت تالىشىپ قالدى. نەتىجىدە تەكەش سۇلتان شاھتىن ھاكىمىيەت تەختىنى تارتىۋالدى. ئۇ مىلادىيىنىڭ 1172 ـ يىلى خارەزم تەختكە تەكەش چىقىپ مىلادىيىنىڭ 1200 ـ يىلىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. خارەزم شاھى تەكەش تەختكە چىقىش بىلەن قاراقىتانلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، قاراقىتانلارنىڭ باسقاقىنى ئۆلتۈردى. قاراقىتانلار بۇ قوزغىلاڭنى قوراللىق باستۇردى.

مىلادىيە 1200 ـ يىلى خارەزم شاھى تەكەش ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى مۇھەممەد شاھلىق تەختكە چىقتى. بۇ ۋاقىتتا سەمەرقەندتە قاراخانىيلاردىن ئىبراھىم بىن ھۈسەين ئوغلى ئوسمان، سۇلتان ئۇنۋانى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. قاراقىتانلارنىڭ سەمەرقەندتىكى زۇلمى چېكىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چەكسىز غەزەپ ـ نەپرەت پۈتۈن سەمەرقەندنى قاپلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە جايلىرىدا قاراقىتانلارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئوت ئۇچقۇنلىرى لاۋۇلداپ خەلقنىڭ نارازىلىقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيمەكتە ئىدى. قاراقىتانلارغا قارشى قوزغىلاڭ ئالدى بىلەن خوتەندە كۆتۈرۈلدى. قاراقىتانلار قارلۇقلارنىڭ باشلىقى ئارسلان خانغا قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ياردەم بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق

بەردى. ئارسلان خان قاراقىتانلارغا قارشى بولغاچقا قاراقىتانلار مۇشۇ تەدبىر ئارقىلىق ئارسلان خاننىڭ قارشىلىقىنى بوشىتىپ، ئۇنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى خوتەن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا بۇرىماقچى بولدى. ئارسلان خان قاراقىتانلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە نائىلاج ھالدا خوتەن خەلقىنىڭ قوزغىلىڭىنى باستۇردى. لېكىن، كۆرەش يوشۇرۇن ھالدا داۋاملىق راۋاجلاندى.

مىلادىيىنىڭ 1204 ـ يىلى چىڭگىزخان نايمانلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنىڭ باشلىقى تايان خاننى ئۆلتۈردى. تايان خاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك شىنجاڭغا، يەنى قاراقىتانلارنىڭ يېنىغا پاناھ تارتىپ قېچىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاراقىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى خۇددى لاۋۇلداپ يانغان ئوتتەك ھەممە جايغا تۇتاشقانىدى. قاراقىتانلارنىڭ خانى ۋەزىيەتنى ئوڭشاش مەقسىتىدە كۈچلۈكنى دەرھال قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلدى. كۈچلۈك قاراقىتانلارنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇردى. مىلادىيىنىڭ 1205 ـ يىلى قەشقەردە قاراخانىيلار خانى يۈسۈپ ئىبىن مۇھەممەد ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەد ئىبىن يۈسۈپ خان بولدى. قەشقەر خانى گەرچە قاراقىتانلارغا بېقىندى بولسىمۇ، ئەمما قاراقىتانلارغا قارشى كۆرەشنى زادىلا توختاتمىدى. قاراقىتانلارنىڭ خانى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چىرىكلەشكەن ۋە لىڭشىپ قالغان ھاكىمىيىتىنى جېنىنىڭ بارىچە قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، قاراخانىيلارنىڭ سەمەرقەندتىكى ئىلىك خان سۇلتان ئوسمانغا كۈيئوغۇل بولۇشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان ئوسمان خان قاراقىتان خاننىڭ بۇ تەلىپىنى قاتتىق رەت قىلدى. قاراقىتانلارنىڭ سەمەرقەندكە ئەۋەتكەن ۋەكىلىنى دەرياغا تاشلاپ قاراقىتانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلىدى.

سۇلتان ئوسمان خان قاراقىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن خارەزم شاھى مۇھەممەد بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ بىرلىشىش مەقسىتىدە مۇھەممەد شاھنىڭ قىزى بىلەن نىكاھلىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. خارەزم شاھ مۇھەممەد سۇلتان ئوسمان خاننىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى.

غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى سۇلتان ئوسمان قاراقىتانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، خارەزم شاھى مۇھەممەد بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئەسلىدە خارەزم شاھ مۇھەممەدنىڭ ئانىسى تۈركان خاتۇن قاراخانىيلار ئەۋلادى ئىدى. خارەزم شاھ مۇھەممەد بىلەن سۇلتان ئوسمان قاراقىتانلارنى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن بىرلەشمە قوشۇن تەشكىللەپ، ئوتتۇرىدا قاراقىتانلارنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا سۇلتان ئوسماننىڭ بىرلەشمە قوشۇنى قاراقىتانلارنىڭ تانىكو باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرىنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىپ، نۇرغۇنلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. تانىكو قېچىپ قۇتۇلدى. ۋەزىيەتنى كۆزەتكەن كۈچلۈك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دەرھال ئىسيان كۆتۈرۈپ، مىلادىيە 1211 - يىلى قاراقىتانلارنىڭ خان ئوردىسىنى ئىشغال قىلىۋالدى. قاراقىتانلارنىڭ خانى چورۇقدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قاراقىتانلار ئاغدۇرۇلۇپ، ھاكىمىيىتى مۇنقەرز بولدى. كۈچلۈك قاراقىتانلارنى يوقاتقاندىن كېيىن ئۇ داۋراڭ قىلىپ قاراقىتانلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى جايلارنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالدى. كۈچلۈك قاراقىتانلارنىڭ ئورنىنى باستى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تىغ ئۇچىنى ئالدى بىلەن غەربىي قىسىم قاراخانىيلار خانى سۇلتان ئوسمان ۋە خارەزم شاھقا قاراتتى. ئۇ شۇ يىلى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. مۇشۇ ئۇرۇش جەريانىدا ماۋەرائۇننەھردىكى بۇخارا ۋە سەمەرقەندكە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ، بۇ جايلارنى ئۆز

ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. كۆچلۈك قەشقەر ئەتراپىدىكى قارشىلىقنى باستۇرۇشتا دەل دېھقانچىلىقنىڭ ئۈزۈكچىلىك پەسلى ۋە ھوسۇل يىغىش ۋاقتىدا قوشۇن ئەۋەتىپ سۆرەلمە خاراكتېرلىك ئۇرۇش ئېلىپ باردى. بۇ جايلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى، سۇ ئىنشائاتلىرىنى ۋەيران قىلدى. ئاشلىقنى قىسىش ئارقىلىق خەلقنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرۈش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، قەشقەر رايونىنى بويسۇندۇردى. يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغا داۋاملىق ھەربىي يۈرۈش قىلىپ يەرلىك ھاكىمىيەتلەرنىڭ كۈچىنى قانلىق باستۇرۇپ، بۇ رايونلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۇ كۇچار، ئاقسۇ، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆز ھاكىمىيەت ئاستىغا ئالدى.

قاراقىتانلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە بۇ رايونلاردا ئېلىپ بارغان ئۇزۇن يىللىق ئۇرۇش نەتىجىسىدە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇملىدىن شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى قاتتىق ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئۆزىگە كېرەكلىك كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنى خالىغانچە بۇلدى. بولۇپمۇ قەشقەر رايونى تېخىمۇ قاتتىق تالان ـ تاراج ئاستىدا قالدى.

كۈچلۈك ئەسلى نېستۇرى دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. غەربىي دىيارغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئۇ قەشقەر رايونىدىكى، بولۇپمۇ خوتەندىكى مۇسۇلمانلارنى بۇددا دىنىغا كىرىشكە ياكى نېستورىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلاپ، بۇ دىنغا كىرىشنى خالىمىغان مۇسۇلمانلارنى قاتتىق باستۇردى. خوتەندە قۇرئاننى تەپسىر قىلىش ئىسلام تارىخى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى، تېببىي كىتابلارنى ئوقۇشنى قەتئىي مەنئى قىلدى. ھەتتا مەدرىسە ئىلىم ـ مەرىپەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېتىۋەتتى. خوتەندە ئۈچ مىڭدەك

مۇسۇلمان دىنىي ئۆلىمالارنى، داموللا ۋە ئالىم ئىماملارنى يىغىۋېلىپ ئۇلارنى دىن ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە زورلىغىدى. خوتەننىڭ ئاتاقلىق دىنىي ئالىمى ھەزرىتى ئىمام ئەلائىددىن مۇھەممەد خوتەنىنى (مىلادىيە 1157 ـ يىلى تۇغۇلغان) ۋە خوتەن خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن قايتىشقا، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇلۇغ ئىسلام ئالىمى ئەلائىددىن كۈچلۈكنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندا، كۈچلۈك ئۇنى ئۆزىنىڭ مەدرىسىسىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ، پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ مىخلاپ ئۆلتۈردى. ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى، ئالىم دامولللارنى ئەڭ ۋەھشىي ئۇسۇل بىلەن ئوققا تۇتۇپ، قىرىپ تاشلىدى. خوتەندىكى ئىسلامىيەتنىڭ قەدىمكى يادىكارلىقلىرىنى، مىللىي مىراسلىرىنى ۋە ھەر خىل ئىلىم ـ پەنگە دائىر تارىختىي قەدىمكى كىتاب ۋە ئەسەرلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

## 3. چىڭگىزخاننىڭ ئىستىلاسى

13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موڭغۇل دالاسىدا چىڭگىزخان باش كۆتۈرۈپ چىقتى. چىڭگىزخاننىڭ ئاتىسى يەسىرگەي[1] نىڭ خوتۇنى «ئولۇن ئوجىن»[2] (چىڭگىزخاننىڭ ئاپىسى ئوجىن خانىم دېگەن مەنىدە) ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ ئەسلى ئىسمى تېمورچىن (تۆمۈرچى، تۆمۈردەك قاتتىق دېگەن مەنىدە) بولۇپ مىلادىيە 1161 ـ يىلى باش ئەتىيازنىڭ 16 ـ كۈنى كۈن قىزارغان بامدات مەزگىلىدە تۇغۇلغان[3]. تۇغۇلغان جايى ئونون

① «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 25 ـ بەت.
② «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 24 ـ بەت.
③ «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 25 ـ بەت.

دەرياسىنىڭ زەلمىگۇن بولداغ[1] دېگەن جاي ئىدى.

چىڭگىزخان تەۋە بولغان ئۇرۇق، يەنى (ئالتۇن ئۇرۇق) دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇق[2] دىن بولۇپ، ئۇ ئونون دەرياسىنىڭ بېشىدىكى بۇرهان خالدۇن تېغىغا كېلىپ ماكانلاشقان. كېيىن ئونون دەرياسى بىلەن لېگۈەن دەرياسى ئوتتۇرىسىغا كۆچۈپ كەلگەن موڭغۇل قەبىلىسى بىلەن بىللە چۆللۈكنىڭ شىمالىدا يەنە نۇرغۇن قەبىلىلەر بار ئىدى. بۇ قەبىلىلەر ئىچىدىن تاتارلار (شەرقتە بويۇر كۆلىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان)، ئوڭغۇتلار (سەددىچىن ئەتراپىغا جايلاشقان)، توڭراتلار (ئوڭغۇت ۋە تاتارلار ئوتتۇرىسىدىكى جايلارغا جايلاشقان)، كىرەيلەر (ئۇرۇقنامى قاڭغاي تېغى بىلەن هازىرقى خانگاي تاغلىرىنىڭ، يەنى موڭغۇلىيەنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان)، مەركىتلەر (بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبى سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان)، نايمانلار (قاڭغاي تاغلىرى بىلەن ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان) قاتارلىقلاردىن باشقا يەنە ئويراتلارمۇ بار ئىدى (هازىرقى موڭغۇلىيەنىڭ غەربى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى، ئالتاي رايونلىرىدىكى موڭغۇللارنى كۆرسىتىدۇ). بۇلار مانجۇر خانلىقى دەۋرلىرىدە ئويرات ياكى ئۆيرەت دەپ ئاتىلاتتى. بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيەسى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. بەزىلىرى چارۋىچىلىق بىلەن، بەزىلىرى ئوۋچىلىق ئىشلىرى بىلەن، بەزىلىرى بېلىقچىلىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئوڭغۇتلار، توڭراتلار دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. شىنجاڭغا قوشنا بولغان نايمانلار موڭغۇل

---

① «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 25 ـ بەت. «زەلمىگون بولداغ» جاي نامى. زەلمىگون ـ سىبىرنىڭ يىلنى. بولداغ ـ ئېدىر ـ تۆپىلىك، دۆڭ دېگەن مەنىدە.

② بۇ ئۇرۇق مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى ئاز بىر قىسىم مەسىلەن، قارا چىنلارنىڭ ئويراڭقاي ۋە شىنجاڭدىكى تورغۇتلارنىڭ كەرەي قاتارلىق ئۇرۇقلىرىدىن باشقا قالغانلىرى مۇشۇ ئالتۇن ئۇرۇققا تەۋە. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چىڭگىزخاننىڭ ئىنىلىرىنىڭ ئەۋلادى. بۇ ئۇرۇق موڭغۇللارغا سەككىزگە يېقىن هۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن.

يايلاقلىرىدىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە مەدەنىيەتلىك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، سىياسىي تۈزۈم شەكلى ۋە ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ئاساسەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا ئوخشاپراق كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىق ئورگانلىرىدا بىرمۇنچە ئاتاقلىق ئالىم، ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرى ئىشلەيتتى. ھەتتا ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلىتەتتى. نايمانلارنىڭ قاغانى تايانخاننىڭ ئوردا پۈتۈكچىسى ۋە دۆلەت ئۇستازى تاتا تۇڭا ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، ئالىم كىشى ئىدى. نايمانلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇلار خرىستىئان دىنىنىڭ نېستۇرى مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلاتتى.

تېمۇرچىن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىغا يۈزلەندى. موڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بۇ ئەينى دەۋردىكى بىرلىشىشى، بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىستىكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ يۈنىلىشىگە ئۇيغۇن ئىدى. شۇڭا، تېمۇرچىن موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن مەركىت ۋە كىرەيلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۆزىگە قاراتتى. باشقا موڭغۇل قەبىلىلىرىمۇ تېمۇرچىننىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ، ئارقا - ئارقىدىن تېمۇرچىنغا تەسلىم بولۇپ قوشۇلدى. مىلادىيە 1206 - يىلى ھەرقايسى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلىرى ئونون دەرياسى بويىدا قۇرۇلتاي ئېچىپ، مەيدانغا توققۇز دانە چوڭ ئاق تۇغ (بايراق) قاداپ بۈيۈك موڭغۇل خانلىقىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. تېمۇرچىن خانلىققا سايلىنىپ «چىڭگىزخان»[①] دېگەن ئۇنۋان بىلەن تەختتە ئولتۇردى. بۇ چاغدا موڭغۇل

---

① چىڭگىزخان - تېمۇرچىن مىلادىيە 1189 - يىلى چىڭگىزخان بولۇپ تىكلەندى. چىڭگىزخان دېگەن ئىسىم ھەققىدە خىلمۇ خىل كۆز قاراشلار بار. لېكىن، فرانسىيىلىك تارىخشۇناس بىللىئود بۇ ئىسىم ئۈستىدە ئىزدىنىپ مۇنداق دېگەن: چىڭگىزخان دېگەن ئىسىم خەت مەنىسىدىن ئېيتقاندا دېڭىز خان دېگەن مەنىدە. ئۇنىڭ قارىشىچە تېڭىز ياكى دېڭىز ئۇيغۇرچىدىن كىرگۈزۈلگەن سۆز بولۇپ موڭغۇلچە دالان دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى بىلەن ئوخشاش.

خانلىقىنىڭ زېمىنى شەرقتە ھىنگان تاغلىرى، غەربتە ئالتاي تاغلىرى، شىمالدا سىبىرىيە تاغلىرىنىڭ جەنۇب شىمالى گوبى چۆللۈكى قاتارلىق زېمىنلار قارايتتى. چىڭگىزخان پۈتۈن موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇ غەرب ۋە شەرققە قاراپ كېڭىيىشكە باشلىدى. ئالدى بىلەن تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈكنى يوقىتىش ئۈچۈن جەبەنويان باشچىلىقىدىكى قوشۇننى تەشكىللەپ يۈرۈش قىلدى. بۇ يۈرۈشتە نايمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ۋەيران قىلدى. كۈچلۈك بولسا داۋاملىق قېچىپ غەربكە سۈرۈلدى. چىڭگىزخان زور قوشۇن بىلەن تاڭغۇتلارنىڭ ئەدىپىنى بەردى. شۇ يىللىرى چىڭگىزخان يەنە ئىككى نەپەر ئەلچى ئەۋەتىپ يەنسەي قىرغىزلىرىنىڭ بېقىندى بولۇشىنى تەلەپ قىلغاندا، قىرغىزلارنىڭ باشلىقى ئىنال ۋە كەككەمچۈت رايونىنىڭ باشلىقى ۋە ئورۇس ئىنال قاتارلىقلار چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ، چىڭگىزخانغا تەسلىم بولدى. چىڭگىزخان بۇ قەبىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن غەرب ۋە شەرققە قاراپ كېڭىيىشكە باشلىدى. تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك قاراقىتانلارغا قېچىپ بېرىپ، 1211 ـ يىلى قاراقىتان خانى گورخاندىن ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئالدى. ئۇ ئۆز كۈچىنى قايتا تەشكىللەپ قەشقەر، يەركەنت، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن بېسىۋېلىپ، قەشقەردىكى شەرقىي قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى يوقىتىپ، بۇ جايلاردا ئۆزىنىڭ ئىستىبداتلىق ھاكىمىيىتىنى تىكلىدى. ھەتتا قۇجۇ ئۇيغۇر خانلىقى قاراقىتانلارنىڭ بېقىندىسىغا ئايلىنىپ قالدى. قاراقىتان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىغا قاراتقان سىياسىي زۇلۇمى ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئېغىرلاشقانلىقتىن قۇجۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى. 1209 ـ يىلى قۇجۇ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن

قاراقىتانلارنىڭ قوجۇدا تۇرۇشلۇق كەنجى باسقاقىنى ئۆلتۈردى. قوجۇ ئۇيغۇرلىرى قاراقىتانلارنىڭ ھۆكۈمدارلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز ئۈمىدىنى موڭغۇللارغا باغلىدى. مىلادىيە 1210 ـ يىلى چىڭگىزخان قوجۇ ئۇيغۇرلىرىنى ئۆزىگە بېقىندى قىلىش ئۈچۈن قوجۇغا ئەلچى ئەۋەتتى. شۇ چاغدا قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىن چىڭگىزخاننىڭ ئالدىغا ئاتكىراق، دارى باي دېگەن ئىككى ئەلچىنى ئەۋەتىپ: «ئەگەر خان ئالىيلىرى ماقۇل كۆرسە ئالتۇن بەلۋاغلارنىڭ ئۇقىسى، قىزىل تونلارنىڭ چۇچىسى بولاي. يەنى مېنى بەشىنچى ئوغۇللىرى قاتارىدا كۆرسىلە، خىزمەتلىرىگە جان تەسەددۇق ئېتەي» دەپ چىڭگىزخانغا بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چىڭگىزخان قىزىنى تارتۇق قىلىدىغانلىقى ۋە بەشىنچى ئوغلۇم بولسۇن دەپ تەشەككۇر ئېيتىپ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتتى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شادلىققا چۆمگەن ئىدىقۇت ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، سەدەپ ـ مونچاق، شايى كىمخاپ، تاۋار ـ دۇردۇنلارنى ئېلىپ چىڭگىزخان ھۇزۇرىغا كەلدى. چىڭگىزخان ئىدىقۇتقا ئىلتىپات قىلىپ، ئال ئالتۇن دېگەن قىزىنى بەردى[1]. چىڭگىزخان قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ئىدىقۇتى بارچۇق ئارت تېكىننىڭ ئوغلىغا بەشىنچى ئوغۇللۇق مەرتىۋىسىنى بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ قوجۇ ئۇيغۇر خانلىقى چىڭگىزخان ھاكىمىيىتىنىڭ بېقىندى بىر خانلىققا ئايلىنىپ قالدى. مىلادىيىنىڭ 1218 ـ يىلى چىڭگىزخاننىڭ جەبەنويان باشچىلىقىدىكى قوشۇنلىرى زور قوشۇن بولۇپ قەشقەرگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن كۈچلۈكنى يوقاتتى. كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ۋە خەلقلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قوزغىلىپ كۈچلۈكنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنى ئۆلتۈرۈپ،

[1] «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى»، 221 ـ بەت.

چىڭگىزخانغا تەسلىم بولدى. كۈچلۈك قەشقەرنىڭ غەربىدىكى پامىر ئېگىزلىكىگە قاراپ قاچقاندا جەبەنويانىنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنىدىكى ئىسمايىل سارىق قولغىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈردى. ئارقىدىنلا موڭغۇل قوشۇنلىرى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قىلدى. قەشقەردىكى قاراخانىيلار خانى يەركەنت، خوتەن قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسى موڭغۇللارغا تەسلىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىقى قەشقەر رايونىنى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلدى.

موڭغۇللار مىلادىيىنىڭ 1219 ـ يىلى كۈز پەسلىدىن باشلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۇجۇم قىلىش ئورۇشىنى قوزغاپ مىلادىيىنىڭ 1222 ـ يىلى ماۋەرائۇننەھردىكى قاراخانىيلارنىڭ ئىلىك خانلىقى ۋە خارەزم شاھىنى بويسۇندۇردى. چىڭگىزخان ماۋەرائۇننەھر ۋە قەشقەر رايونىنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۇ رايونلاردا چىڭگىزخان ھاكىمىيىتى تىكلەندى. قاراخانىيلار سۇلالىسى پۈتۈنلەي يىمىرىلدى.

قوشۇمچە 1

# زور ۋەقەلەر يىلنامىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 1. قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مۇھىم ۋەقەلەر يىلنامىسى

ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى تارىخى ئۇزۇن ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار «دىڭلىڭ» (丁零) ياكى «دىيلى» «丁灵» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالدى. مىلادىيە 3 ـ ئەسىردىن كېيىن يەنە «چىلى» (敕勒) ۋە «تىلى» (铁勒) ئاتالدى. «دىڭلىڭ» نامى ئەڭ دەسلەپ مىلادىدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى يېزىلغان تارىخىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان. ئۇلار ئەينى زاماندىكى «دىڭلىڭ» شەرقتە بايقال كۆلى، غەربتە ئېرتىش دەرياسى ۋە بالقاش كۆلىگە تۇتىشىدىغان جايلاردا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قوۋم ئىدى. ئۇلارنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغان جايلىرىغا قاراپ «ۋېي خاندانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دا شەرق ۋە غەرب تېلىلار دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. «دىڭلىڭ» لار كېيىنكى دەۋرلەردە «چىلى» ياكى «قاڭقىللار» ۋە «تېلىلار» دەپ ئاتالدى. 4 ـ ئەسىردە «تېلى» قەبىلىلىرىدىن ئۇيغۇر، بۆكو، تۇڭرا، بايىرقۇ قەبىلىلىرى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ باشچىلىقىدا بىر ئىتتىپاق تۈزدى. كېيىن بۇ ئىتتىپاق نامى «خۇيخې» دەپ ئاتالدى. خۇيخې دېگىنىمىز دەل ئۇيغۇرلار ئىدى. ئۇلار تۈرك ـ رۇنىك يېزىقىنى قوللاندى. مۇشۇ يېزىق بىلەن

نۇرغۇن تاش ئابىدىلەرنى قالدۇردى. تۇرالار، ھۇنلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرى ئىدى. ھۇنلار ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىلا (مىلادىيىدىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن تارتىپلا) جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ۋە غەربىي قىسمىدا ياشىغانىدى.

مىلادىدىن 5 ئەسىر ئىلگىرىكى چاغلاردا بايقال كۆلىنىڭ غەربى ۋە سىلىنگا دەريا ۋادىسى تۇغلۇقلارنىڭ پائالىيەت مەركىزى ئىدى. 552 ـ يىللىرى يەنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا ئورۇنلاشقان تېلېلار ئاشىنا ئۇرۇقىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاۋار خانلىقىنى يوقىتىپ، تۈرك خانلىقىنى قۇردى. 6 ـ ئەسىرلەردىكى خەنزۇچىدە رەسمىي ئۇيغۇر نامى بىلەن قەيت قىلىندى. خەنزۇ مەنبەلىرىدىكى «ۋېيخې» دېگەن نام ۋە «خۇيخې» دېگەن ناملار ئۇيغۇرلارنىڭ مەنبەلىرى ئىدى. ئۇلار 5 ـ ئەسىرلەردىن باشلاپلا بىر قىسمى موڭغۇل يايلاقلىرىدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تارىم بوستانلىقلىرى قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقانىدى. 627 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلار زور قۇدرەتلىك كۆچكە ئايلىنىپ شەرقىي تۈركلەرنى يوقاتتى. سىرتاردۇشلار بىلەن ئۇيغۇرلار قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك قەبىلىلەردىن بولۇپ مەيدانغا چىقتى. 646 ـ يىللىرى ئۇيغۇرلار تاڭ سۇلالىسى بىلەن بىرلىشىپ سىرتاردۇش خانلىقىنى يوقاتتى. 646 ـ، 682 ـ يىللىرى قۇملۇقنىڭ شىمالىدىكى تورا قەبىلىرى ياغلۇقلار قەبىلىسىنى يېتەكچى قىلىپ ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇزلارنى يېتەكچى قىلىپ، ئۇيغۇر ئىتتىپاقداشلىقىنى شەكىللەندۈردى. ئۇيغۇرلار كۆكتۈرك خانلىقى (552 ـ 743 ـ يىللىرى) نىڭ ئىچكى قىسمىدا بولغان كۈرەشلەردىن پايدىلىنىپ ئۇيغۇر ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى قەبىلىلەر بىلەن بىرلىشىپ كۆك ـ تۈرك خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىلادى 744 ـ يىللىرى

www.uyghurkitap.com

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى قۇرغان.

مىلادىيە 755 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىدە ئەنلۇشەن ـ شىسىمىڭ توپىلىڭى پارتلىدى. مىلادىيە 756 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر خانلىقىغا ئەنلۇشەن ـ شىسىمىڭ توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى. ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاتلىق قوشۇن بىلەن تاڭ سۇلالىسىگە ياردەملىشىپ ئەنلۇشەن ـ شىسىمىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقان.

مىلادىيە 762 ـ يىلى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئاتلىق قوشۇن تەشكىللەپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ ئەنلۇشەن ـ شىسىمىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، تاڭ سۇلالىسىگە ياردەم بەردى.

789 ـ، 791 ـ يىللىرى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى تىبەت بىلەن بەشبالىقنى تالىشىپ قاتتىق جەڭ بولدى. ئاخىر ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى جەڭدە غەلىبە قىلدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى بوي خاقان (ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش قۇت بىلگە خاقان) (808 ـ 821 ـ يىللىرى) قارلۇق ۋە قىرغىزلارنىڭ ئىتتىپاقىنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈن جۇڭغارىيە ئويمانلىقى ۋە پامىرنىڭ غەربىدىكى چۇ دەريا ۋادىسىنى تىزگىنلىدى.

## 2. قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىدىكى زور ۋەقەلەر يىلنامىسى

840 ـ يىلى قىرغىزلار ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئۆتۈكەنگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلدى. پان تېكىن باشچىلىقىدا 15 قەبىلە غەربتىكى قارلۇق زېمىنىغا كۆچۈپ بېرىپ، يەتتە سۇ رايونىدا بىلگە كۆل قادىرخان قاراخانىيلار خاندانلىقىنى قۇردى.

840 ـ يىلى سامانىيلار خاندانلىقىدىن نوھ ئىبنى ئەسەد سەمەرقەندنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان ۋاقىتتا ئەسكەر چىقىرىپ،

ئىسپىجاپ شەھىرىنى ئىشغال قىلدى.

9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى بىلگە كۆل قادىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. چوڭ ئوغلى بازىر چوڭ قاغانلىققا تەيىنلىنىپ بالاساغۇندا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئىككىنچى ئوغلى ئوغۇلچاق قادىر ئورۇنباسار قاغانلىققا تەيىنلىنىپ قادىرخان ئۇنۋانى بىلەن تالاسقا ھۆكۈمرانلىق قىلدى.

893 ـ يىلى ئوغۇلچاق قادىرخان مەركەزنى يۆتكەپ قەشقەرنى پايتەخت قىلدى.

10 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا سۇتۇق تېكىن ئارسلان بۇغرا قاراخان ئۇنۋانى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە مۇسۇلمانچە «ئابدۇلكېرىم» دېگەن ئىسمنى قوللاندى.

10 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا ئابدۇلكېرىم سۇتۇق تېكىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان ئوغۇلچاق قادىرخاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئوردۇكەنت (قەشقەر) دە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنى قاراخان دەپ ئېلان قىلىپ، قەھرىمانلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئارسلان بۇغرا قاراخان ئۇنۋانى بىلەن ئاتالدى.

مىلادىيە 942 ـ يىلى سۇتۇق ئارسلان بۇغرا قاراخان سۇياپ شەھىرىنى ۋە بالاساغۇننى ئىشغال قىلىپ، ئۇ جايلارنى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى.

مىلادىيە 955 ـ يىلى سۇتۇق ئارسلان بۇغرا قاراخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنى قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى ئاستىنئاتۇشنىڭ مەشھەت كەنتىگە قاراخانىيلارنىڭ ئائىلە مازىرى «گۇمبەزەتۇل ـ خاقانىيە» گە دەپنە قىلدى. بۇگۈنكى كۈندە سۇلتان سۇتۇق مازىرى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

مىلادىيە 956 ـ يىلى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى موسا

ئىبن ئابدۇلكېرىم (تۈركچە ئىسمى بايتاش) ئارسلان بۇغرا قاراخان ئۇنۋانى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى.

مىلادىيە 960 - يىلى مۇسا ئىبن ئابدۇلكېرىم ئارسلان بۇغرا قاراخان قەشقەرنى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ مەركىزىي پايتەختى قىلدى. ئىنىسى سۇلايمان بۇغراخان بالاساغۇندىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ يەنە بىر پايتەختىدە ئولتۇردى. 960 - يىلى مۇسا ئىبن ئابدۇلكېرىم بۇغراخان ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش يۈزىسىدىن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى مەركىزىي ھاكىمىيىتىنى ۋە بالاساغۇن ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ئىچكى بىرلىكنى كۈچەيتتى. شۇ يىل 200 مىڭ چېدىرلىق تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىسلام دىنىغا كىردى.

961 - يىلى ئەبۇ نەسىر سامانىي ۋاپات بولدى.

مىلادىيە 968 - يىلى مۇسا ئىبن ئابدۇلكېرىم بۇغرا خان ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا بۇددا دىنىنىڭ مەركىزى بولغان ئۇدۇن (خوتەن) خانلىقى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى، شۇنداقلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا يۈرۈش قىلدى. ئىدىقۇتتىكى بۇددىس ئۇيغۇرلار ئۆز ئېتىقادىدا قېلىش شەرتى بىلەن قاراخانىيلارغا بويسۇندى.

مىلادىيە 970 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇجۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن بەشبالىقتا ئېلىپ بارغان بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭدە ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ئوغلى ئەبۇلفەتتاھ باتۇرلۇق بىلەن خىزمەت كۆرسىتىپ قازا قىلدى. مۇسا ئارسلان بۇغرا قاراخان ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭغا «ئالىپ تېكىن» ئۇنۋانىنى بەردى. ئالىپ تېكىننىڭ مازىرى نەنسەننىڭ تاغ ئېتىكىدە بولۇپ ھازىرمۇ خەلقلەر بۇ مازارنى «ئەلپەتتاھ خوجام مازىرى» دەپ ئاتايدۇ.

مىلادىيە 992 ـ يىلى موسا ئىبن ئابدۇلكېرىم ئارسلان بۇغرا قاراخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ ئاتۇشتىكى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەبرىگاھى تەختىيوندىكى بۇغرا مازىرى نامى بىلەن ئاتالغان «گۇمبەزەتۇل خاقانىيە»گە دەپنە قىلىندى.

مىلادىيە 992 ـ يىلى موسا ئىبنى ئابدۇلكېرىمنىڭ ئىنىسى ھارۇن بۇغرا قاراخان ئۇنۋانى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. ھارۇن بۇغرا قاراخان بىلىم ئىقتىدارى يۇقىرى، سىياسىي تەدبىرلىك، يېتىلگەن ئالىم بولۇپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى ئىچكى جەھەتتە تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈردى. ھەربىي كۈچنى مۇنتىزىملاشتۇرۇپ ۋە ئاشۇرۇپ قاراخانىيلارنىڭ زېمىن دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ئىسپىچاپنى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن پەرغانە، سەمەرقەندنى ئالغاندىن كېيىن، سامانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. سامانىيلار ھۆكۈمدارى ئەمىر نۇھنى مەغلۇپ قىلىپ، بۇخارا قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلدى.

مىلادىيە 997 ـ يىلى ھارۇن بۇغرا قاراخان بۇخارادا كېسەل بولۇپ كېسلى ئېغىرلىشىپ قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە يول ئۈستىدە «قوچقار بېشى» دېگەن جايدا ئالەمدىن ئۆتتى. قاراخانىيلارنىڭ ئائىلە مازىرى «گۇمبەزەتۇل ـ خاقانىيە» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىندى.

997 ـ يىلى مۇسا ئارسلان بۇغرا قاراخاننىڭ جىيەنى ئەھمەد ئىبنى ئەلى (توغان خان) قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ تەختكە ئولتۇردى. بۇ ۋاقىتتا ھارۇن بۇغرا خاننىڭ چوڭ ئوغلى يۇسۇپ قىدىرخان قەشقەردە ئارسلان خان ئىدى. غەربىي قىسىمنى ئىدارە قىلىش ئىشىنى يەنىلا ئارسلان خان ئوغۇللىرىدىن ناسىر بىن ئەلى ئىلىك خان ئىدارە قىلدى.

مىلادىيە 998 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى ئەھمەد بىن ئەلى توغان خان ئابباسىيلار خەلىپىسىنى ئەڭ بۇرۇن

ئېتىراپ قىلغان قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى بولدى. قاراخانىيلار ئابباسىيلار خەلىپىلىرىنىڭناملىرىدا مېتال پۇللارنى چىقاردى.

مىلادىيە 998 ـ يىلى ھارۇن بۇغراخان نەۋرە ئىنىسى (مۇسا بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى) ناسىر ئىبنى ئەلى ئىلىك خان ئورغۇن قوشۇن تەشكىللەپ سامانىيلار خاندانلىقىغا يېڭىدىن ھۇجۇم قوزغىدى. ھارۇن بۇغرا خان قەشقەرگە قايتىش ۋاقتىدا، قېرىندىشى ئەلى تېكىننى قاراخانىيلارنىڭ بالاساغۇن، ئۆزكەنتتە تۇرۇشلۇق ئىلىك خان نامى بىلەن باش ئەمىر ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلارنىڭ بالاساغۇندىكى ئەمىرى شىمالىي ئىلىك خان نامى بىلەن ئاتالدى. شىمالىي ئىلىك خان تېررىتورىيىسى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە سىر دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى زېمىنلىرىنى ئىدارە قىلاتتى.

999 ـ يىلى سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى مالىمانچىلىقى يۈز بەردى. بۇ ۋاقىتتا غەربىي ئىلىك خانى ناسىر ئىبنى ئەلى زور ھەربىي تەييارلىق بىلەن ئەسكەر چىقىرىپ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. قاراخانىيلارنىڭ قوشۇنى شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، بۇخارانى ئىشغال قىلدى. بۇنىڭ بىلەن 130 يىل (870 ـ 1000) ھۆكۈم سۈرگەن سامانىيلار خانلىقى ئۈزۈل ـ كېسىل مۇنقەرز بولدى.

1000 ـ يىلى يۈسۈپ قادىرخان خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، خوتەن خانلىقىنى مۇسۇلمان قىلىپ بويسۇندۇردى، يۈسۈپ قادىرخان خوتەنگە خان بولدى.

1000 ـ يىلى غەزنەۋىي خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى سۇلتان مەھمۇد قاراخانىيلار بىلەن دوستلۇق ئورنىتىش تەلىپىنى قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاندى.

1001 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن غەزنەۋىيلەر خاندانلىقى ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق كېلىشىمى بۇزۇلۇپ ئۇرۇش

پارتلىدى. ئاخىر غەزنەۋىلەر خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمدارى سۇلتان مەھمۇد سۇلھى تەلەپ قىلدى.

1002 ـ يىلى خوتەندە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان خەلقلەر ئىسلام دىنىدىن يېنىپ قاراخانىيلار سۇلالىسىگە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. يۇسۇپ قادىرخان ئوتتۇرا ئاسىيادىن قايتىپ نۇرغۇن ھەربىي كۈچ ۋە ئىسلام دىنىي ئۆلىمالىرى بىلەن بىرلىكتە خوتەندە بۇددىستلارغا قارشى يۈرۈش قىلىپ، خوتەن خانى چىگالۇۋ خالخالىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، خوتەندە ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇردى.

1026 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى يۇسۇپ قادىرخان بالاساغۇننى قايتا ئىشغال قىلدى. 1032 ـ يىلى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خانى يۇسۇپ قادىرخان ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنى قەشقەردىكى قاراخانىيلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلدى.

1032 ـ يىلى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ خانلىق ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان بىن يۇسۇپ ئارسلان قاراخان ئۇنۋانى بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەختىدە ئولتۇردى. بۇ مەزگىلدە قاراخانىيلار سۇلالىسى بالاساغۇننى قاراخانىيلار سۇلالىنىڭ يازلىق پايتەختى، قەشقەرنى قىشلىق پايتەخت قىلدى. قەشقەرنى ئوردۇكەنت نامى بىلەن ئاتىدى.

1039 ـ يىلى ئىبراھىم ئىبنى ناسىر ئىلىك خان «تامغاچ ئىبراھىم خان» ئۇنۋانىنى قوللاندى.

1041 ـ يىلى تامغاچ ئىبراھىم خان سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلدى ۋە ماۋەرائۇننەھرنى كونترول قىلدى. سەلچۇقىيلار سۇلتانى ئالىپ ئارسلان قوشۇن تەشكىللەپ، ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ھۇجۇم قىلدى. بۇنىڭ بىلەن سەلچۇقىيلار سۇلتانى ئالىپ ئارسلان بىلەن تامغاچ ئىبراھىم خان ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. تامغاچ ئىبراھىم خان باغداد خەلىپىلىكىدىن ياردەم

www.uyghurkitap.com

سورىدى. باغداد خەلىپىلىكى بۇ ئىشقا قول سالمىدى. ئەمما ئۇنىڭغا «مۆمىنلەرنىڭ ئەزىزى» دېگەن ئۇنۋانىنى ھەدىيە قىلدى.

1042 ـ يىلى ئىبراھىم قاغان تابغاچ ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆز ھۆكۈمرانلىق مەركىزىنى سەمەرقەندكە يۆتكىدى. پۈتۈن ماۋەرائۇننەھر رايونىنى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. شۇندىن ئېتىبارەن قاراخانىيلار سۇلالىسى غەربىي قىسىم ۋە شەرقىي قىسىم بولۇپ ئىككى خانلىققا ئايرىلدى. غەربىي قىسىم سەمەرقەندنى مەركەز قىلدى. شەرقىي قىسىم يەنىلا بالاساغۇننى مەركەز قىلدى.

### 1) شەرقىي قاراخانىيلارغا دائىر زور ۋەقەلەر يىلنامىسى

مىلادىيە 1043 ـ، 1044 ـ يىللىرى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇلايمان ئارسلان خان (1032 ـ 1056) تايانغۇ (كېڭەش) چاقىرىپ چوڭ ئىنىسى مۇھەممەد بىن يۈسۈپنى تالاس، ئىسپىجاپ شەھىرىنى باشقۇرۇش، يەنە بىر ئىنىسى مەھمۇد بىن يۈسۈپنى پەرغانە ۋىلايىتىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردى. مۇھەممەد بىن يۈسۈپنىڭ چوڭ ئوغلى ھۈسەين بىننى مۇھەممەد («تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دادىسى) نى ئىسسىقكۆلنىڭ جەنۇبىدىكى بارسغان شەھىرىنىڭ ھاكىمى قىلدى. سۇلايمان ئارسلان خان بالاساغۇن ۋە قەشقەرگە بىۋاسىتە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. سۇلايمان ئارسلان شەرق شىمالدىكى ياباقۇ، باسمىللارنىڭ قاراخانىيلار خاندانلىقىغا قارىتا قوزغىغان ئىسيانلىرىنى باستۇرۇپ، بالقاش ۋە ئالا كۆل ئەتراپلىرىنى قاراخانىيلار خاندانلىقى ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالدى. 1044 ـ يىلى بۇلغارلار بىلەن بالاساغۇنلار ئوتتۇرىسىدا كۆچمەن بولۇپ ياشاپ كەلگەن ئون مىڭ چېدىرلىق كۆچمەن تۈركىي تىللىق قوۋمنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. سۇلايمان

ئارسلان خان ئىلىمدە يېتىلگەن ئادىل ۋە دىندار ھۆكۈمدار بولۇپ، ئالىملارنىڭ دوستى ۋە ھامىيسى دەپ تونۇلغانىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۆلىما ۋە ئالىملار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ كېڭەش ئۆتكۈزەتتى.

1045 ـ يىلى سۇلايمان ئارسلانخان شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى بولۇپ تۇرغان دەۋردە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ھاكىمىيەتنى ئادىل باشقۇردى. رەشىدىددىن فەزلۇللا «جامىئوتتەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدە سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپنى ئادىل، تەقۋادار ئىدى، ئۆلىمالارنىڭ دوستى ئىدى، دەپ بايان قىلغان.

1046 ـ يىلى سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپنىڭ قاراخانىيلار خانىدانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا نارازى بولغان ئىنىسى ھوقۇق تالىشىش مۇددىئاسى بىلەن سۇلايمان ئىبنى يۇسۇپ بىلەن زىددىيەتنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا نىزا پەيدا بولۇپ، ئاخىردا جەڭ پارتلىدى. بۇ سوقۇشۇشتا سۇلايمان ئىبن يۇسۇپ ئىنىسى مۇھەممەدكە ئەسىر چۈشتى. مۇھەممەد ئۇنى تۈرمىگە تاشلاپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئۇلۇغ خاقان دەپ ئېلان قىلدى.

1057 ـ يىلى مۇھەممەد ئىبن يۇسۇپ ئۆز ئورنىنى چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن ئىبنى مۇھەممەدكە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئەمما، مۇھەممەدنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئانىسى بۇ ئىشقا قاتتىق نارازى بولۇپ، تەختنى ئۆز ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەقسىتى بىلەن تەختنى ھۇسەيىن مۇھەممەددىن تارتىپ ئېلىشنى پىلانلاپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ، مۇھەممەدنى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى. شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ خانلىق تەختىگە ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئولتۇردى.

1058 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ خانى تامغاچ ئىبراھىم خان شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىچكى

ماجىرالىرىدىن پايدىلىنىپ، دەرھال شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارلىقى ئاستىدىكى پەرغانە ۋە شاش (تاشكەنت) قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالغاندى.

1059 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد بۇ خىل ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭ ئالىسى ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ، كۇشكۇرتۇش بىلەن بارسغان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغاندا بارسغان ھاكىمى ئىنال تېكىن تەرىپىدىن قاتتىق مەغلۇپ بولىدۇ. ئىنال تېكىن ئىبراھىمنى ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ.

1060 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تەختىگە يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى توغرۇل مۇھەممەد قاراخان ئولتۇرىدۇ. مۇشۇ يىللاردا قەشقەر ھاكىمى بولغان سۇلايمان بۇغرا خاننىڭ ئوغلى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان بىلەن بىرلىكتە غەربىي قاراخانىيلار خاندانلىقى بېسىپ ئالغان زېمىنلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلدى. 1068 - يىلى شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى توغرۇل مەھمۇد غەربىي قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى شەمسۇل - مۇلۇككە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى. بۇ ئىككى سۇلالە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش شىددەتلىك بولۇپ، ئاخىر كېلىشىم بىلەن ئاخىرلاشتى. كېلىشىمگە ئاساسەن خۇجەنت غەربىي قاراخانىيلار زېمىنى دەپ بەلگىلىنىپ، پەرغانىنى شەرقىي قاراخانىيلار تېررىتورىيىسى دەپ بەلگىلىدى. مەھمۇدنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان ئوغلى ئۆمەر بىننى مەھمۇد شەرقىي قاراخانىيلارغا ئىككى ئايلا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمان تەرىپىدىن قاماققا ئېلىندى.

1069 - يىلى ئۆمەر بىننى مەھمۇدنىڭ قول ئاستىدىكى قوشۇن ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمانغا سادىق بولىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچىپ ساداقەتلىكىنى بىلدۈردى.

1070 ـ يىلى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىن سۇلايمان تامغاچ بۇغرا قاراخان ئۇنۋانى بىلەن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك قاغانى بولدى. مانا مۇشۇ دەۋردە شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى قۇدرەتلىك، يۈكسەك مەدەنىيەتلىك تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويدى. قەشقەر مۇھىم مۇقەددەس بىر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى.

1071 ـ يىلى سۇلايمان ئارسلان خاننىڭ ھۇزۇرىدا مۇتەپەككۇر ئۇلۇغلارنىڭ يېتىشكەنلىكىگە ئوخشاش ئۇنىڭ ئۆزىمۇ دانىشمەن زات ئىدى. ئەبۇ ئەلى ھەسەن ھۇزۇرىدا چوڭ ئالىملار، مۇتەپەككۇر شائىرلار، ئەدەبىيات پېشۋالىرى كۆپ ئىدى.

1072 ـ يىلى 11 ـ ئەسىر ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى ئېپتىخارىمىز ۋە غۇرۇرىمىز بولغان مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىنى يېزىپ ئاباباسىيلار خەلىپىسىنىڭ 27 ـ نۆۋەتلىك خەلىپىسى بولغان ئەبۇل قاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان. يەنە ئۇ 1081 ـ يىلى سەلچۇقىيلار سۇلتانى مەلىك شاھ ماۋەرائۇننەھرنى قولغا كىرگۈزۈشكە قول سېلىپ، ئۆزكەنتكە قەدەم قويغاندا قاراخانىيلار خانلىقى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ كېلىشىم بىلەن ئاخىرلاشقان.

1102 ـ يىلى تامغاچ بۇغرا خان ئەبۇ ئەلى ھەسەننىڭ ئوغلى ئەھمەد بىن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلان خان نامى بىلەن تەختكە ئولتۇردى.

1105 ـ يىلى ئەھمەد بىن ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئارسلان خان باغدادتىكى خەلىپە ئەل مۇستەزھىربىللا ھۇزۇرىغا مەھمۇد بىن ئابدۇلجېلىل باشچىلىقىدىكى بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، دوستلۇقنى ئىزھار قىلغان. ئۇنۋان سورىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارزۇسى قوبۇل قىلىنىپ ئۇنىڭغا مەخسۇس تون بىلەن بىللە «نۇرۇددەۋلە» ئاتىقىنى بەرگەن.

www.uyghurkitap.com

1128 ـ يىلى ئەھمەد بىننى ئەبۇ ئەلى ئارسلان خان قاراقىتانلارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىدىكى ھۇجۇمىنى ئالدىنئالا توسۇپ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداپ قالغان.

1124 ـ يىلى قاراقىتانلارنىڭ خانى يوللىغ تاشىن قاراقىتانلارنى باشلاپ غەربكە ئىلگىرىلىدى. ئۇ 40 مىڭدەك ئادەم توپلاپ ئىلى دەريا ۋادىسى، ھەتتا چۇچەك رايونىغا قەدەر كېلىپ ھەربكەت قىلدى. ئۇلار تارىختا قاراقىتايلار خانلىقى دەپ ئاتالدى.

1128 ـ يىلى قاراخانىيلار خانى ئىبراھىم ئىبىن ئەھمەد قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قارلۇق، قىپچاق، قاڭقىللار ئىسيان كۆتۈردى. ئىبراھىم قاراخان بۇ ئىسياننى تىنچىتىش ئۈچۈن يەتتە سۇغا كەلگەن قاراقىتانلاردىن ياردەم سوراپ، ئۇلارنى شىمالىي ئىلىك خانلىقىدىكى يەتتە سۇغا ئورۇنلاشتۇردى.

1133 ـ يىلى قاراقىتانلار يەتتە سۇدىن ئىلگىرىلەپ بالاساغۇننى ئىشغال قىلدى. 1204 ـ يىلى نايمان دۆلىتىنى قۇرغان كۈچلۈك قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ، قاراقىتانلار بىلەن بىرلىشىپ شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ مەركىزى بولغان قەشقەرنى ئىگىلەپ بىرمۇنچە شاھزادە بەگلەرنى ئۆلتۈرۈپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلدى.

## 2) غەربىي قاراخانىيلارغا دائىر زور ۋەقەلەر يىلنامىسى

1041 ـ يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىككىگە ئايرىلغاندىن كېيىن غەربىي قاراخانىيلار ئۆزكەنتنى مەركەز قىلدى. تۇنجى غەربىي قاراخانىيلار تەختىدە مۇھەممەد ئىبىن ناسىر ئولتۇردى.

1052 ـ يىلى مۇھەممەد ئىبىن ناسىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن

ئىبراھىم ناسىر خانلىق تەختىدە قىلىچ قاغان ئۇنۋانى بىلەن ئولتۇردى. پايتەختى يەنىلا ئۆزكەنت ئىدى. يېزىق مەنبەلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، تابغاچ خان دەپ ئاتالغان ئىبراھىم بىننى ناسىرنىڭ تولۇق نامى تابغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم بىننى ناسىر ئىدى.

1056 ـ يىلى تابغاچ ئىبراھىم بىننى ناسىر غەربىي قاراخانىيلار تەختىگە چىقىپلا شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شاش (تاشكەنت)، مىڭلاق، قونخاس ۋە پەرغانىنىڭ بىر قىسمىنى تارتىۋېلىپ غەربىي قاراخانىيلار زېمىنىغا قوشتى.

1057 ـ يىلى تابغاچ ئىبراھىم بىننى ناسىر بۇغرا قاراخان كېسەل بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، ھاكىمىيەتنى ئوغلى ناسىرغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ھاكىمىيەتنىكى يۆتكىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلانغان شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى مۇھەممەد بىن يۇسۇپ ئەبۇ ھەسەن بىننى سۇلايمان غەربىي قاراخانىيلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان يەرلەرنى تارتىۋېلىش يۈزىسىدىن ئىككى ئوتتۇر.ا ئۇرۇش بولۇپ 1068 ـ يىلىدىن 1080 ـ يىلغىچە داۋام قىلدى.

1072 ـ يىلى كۈزدە سۇلتان ئالىپ ئارسلان خان 200 مىڭ قوشۇن بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە يۇرۇش قىلدى. بۇ ۋاقىتتا مەلىك شاھ سەمەرقەندكە قاراپ يۇرۇش قىلغان. شەمسۇل ـ مۇلۇك ئەبۇل ھەسەن ناسىر بىننى ئىبراھىم بۇ كۈچكە تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىپ سەلچۇقىيلار ۋەزىرى نىزامۇل مۇلۇكنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈشى بىلەن سۈلھى ئىمزالاندى.

1075 ـ يىلى شەمسۇل ـ مۇلۇك خانمۇ ئاتىسىدەك ھاكىمىيەتنى ئوبدان باشقۇرۇش بىلەن ئادىل ھۆكۈمدار دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئۇ غەربىي قاراخانىيلار ئىچىدە شەھەر قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ ئەڭ چوڭ ئىمارەتلەردىن بىرى

رەباتى مۇلۇك ناملىق ئىمارەتنى بەكمۇ گۈزەل، كۆركەم قىلىپ سالدۇرغان. شۇنداقلا شەمس ئابات شەھىــرىدە ئۇرغۇن جامە مەسچىتلەرنى بىنا قىلدۇرغان.

1079 ـ يىلى شەمسۇل ـ مۇلۇك خان ۋاپات بولغاندا سەمەرقەندتىن خوجەنتكە بارىدىغان يول ئۇستىدىكى ئاق كۆتەل دىگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. شەمسۇل ـ مۇلۇك خاندىن كىيىن ئۇنىڭ ئوغلى ناسىرنىڭ تۆتىنچى ئىنىسى ئەبۇ شوجا خىزىر بىن ئىبراھىم تەختكە ۋارىسلىق قىلغان.

1080 ـ، 1081 ـ يىللىرى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىزگە مەلۇم ئەمەس. «بۇخارا تارىخى» كىتابىنىڭ مۇئەللىپى نىزامى ئارۇزىنىڭ بايانىچە ئۇنىڭ زامانىسىدا دۆلەت روناق تاپقان. خان ئالىم، شائىرلارنى ياخشى كۆرگەچكە ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ ئۇلارنىڭ شېئىر ئوقۇش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. ياخشى ماھارەت كۆرسەتكەن بىر شائىر 250 دىنار بىلەن مۇكاپاتلانغان.

1081 ـ، 1088 ـ يىللىرى خىزىر بىننى ئىبراھىمدىن كىيىن ئوغلى تامغاچ ئەھمەد خان تەختتە ئولتۇردى. ئۇ كىچىك چىغىدىلا تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەتنى باشقۇرالماي شىئە مەزھىپى ئۇلغىيىپ، مەزھەپ كۈرەش قايىنىمىغا كىرىپ كەتتى. بۇنىڭدىن پايدىلانغان سەلچۇقىيلار سۇلتانى مەلىك شاھ ئىككىنچى قېتىم ماۋەرائۇننەھرگە ھۇجۇم قىلدى. غەربىي قاراخانىيلار پايتەختى بۇخارانى ئىشغال قىلدى. ئارقىدىن سەمەرقەندنى بىسىۋالدى. كىيىن غەربىي قاراخانىيلار سەلچۇقىيلار تەرىپىدىن ئىــدارە قىلىنىدىغان بېقىنــدى دۆلەت بولۇپ قالدى. ئەھمەد بىــلەن ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا يېڭى ئىختىلاپلار چىقىپ ئۇ ئەيىبلەندى. بۇنىڭ بىلەن خەلق مۆتىۋەرلىرى تەرىپىدىن قاماقتا ئىلىنىپ 1095 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلدى.

1095 ـ يىلى ئەھمەد خان ئورنىغا قىلىچ تامغاچ خان مەسئۇد بىننى مۇھەممەد تەختكە چىققان بولسىمۇ، قىسقا ۋاقىت

1097 ـ يىلىغا قەدەر ھۆكۈم سۈردى.

1097 ـ يىلى مەسئۇد بىننى مۇھەممەد ئورنىغا تاغىسىنىڭ ئوغلى سۇلايمان تېكىن داۋۇكۇچ تەختكە چىقىپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن شۇ يىلى ۋاپات بولدى.

1097 ـ، 1099 ـ يىللىرى غەربىي قاراخانىيلارنىڭ تەختىدە ئەبۇلقاسىم مەھمۇد خان ئولتۇردى. مۇشۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلانغان سەنجەر سەلچۇقىيلار ماۋەرائۇننەھرنى ئۆزگە ئىگىلىدى.

1130 ـ يىلى مۇھەممەد بىننى سۇلايمان ئارسلان خان غەربىي قاراخانىيلار تەختىگە چىقىپ سەمەرقەندنى پايتەخت قىلدى. مۇھەممەد ئارسلان خان يەنىلا سەلچۇقىيلارغا بېقىندى دۆلەت بولۇپ قالدى. مۇھەممەد بىننى سۇلايمان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پالەچ كېسىلى بىلەن ياتقان مەزگىلدە ئوغۇللىرىدىن ناسىر، ئەھمەدلەر ھاكىمىيەت تالىشىش نىزالىرى بىلەن بولدى. سەلچۇقىيلار بۇ زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ سەنجەر سەمەرقەندنى بېسىۋېلىپ، دۆلەت خەزىنىسىگە قول سالدى. ناسىر ئۇلارغا ئەسىرگە چۈشتى.

1131 ـ يىلى مۇھەممەد بىننى سۇلايمان ئالەمدىن ئۆتتى. سەلچۇقىيلار مەرۋىدىكى ئەبۇل ھەسەن بىننى ئەلىنى سەمەرقەندكە ھاكىم قىلدى. ئەبۇل ھەسەن ئۆلگەندىن كېيىن سەلچۇقىيلار مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ ئىنىسى ئەبۇل مۇزەپپەر ئىبراھىم بىننى سۇلايماننى قاغان دەپ ئېلان قىلدى. مۇھەممەد بىننى سۇلايماندىن كېيىن ئۈچىنچى ئوغلى مەھمۇد خان بولدى.

1136 ـ يىلى مەھمۇد قاراقىتانلارنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن خۇجەندتە قاراقىتانلار بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، مەھمۇد

مەغلۇپ بولۇپ سەمەرقەندكە قېچىپ بېرىپ، قارلۇقلار بىلەن ئوتتۇرىسىدا كېلىشمەسلىك پەيدا بولدى. مەھمۇد سەنجەردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. قارلۇقلار قاراقىتانلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى.

1141 ـ يىلى سەمەرقەند ئەتراپىدىكى كاتىۋان دېگەن جايدا قاراقىتانلار بىلەن سەلچۇقىيلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىدى. بۇ ئۇرۇشتا سەلچۇقىيلار يېڭىلىپ قاراقىتانلار سەمەرقەندنى ئىسىۋالدى ۋە بىر مەزگىل پۈتۈن ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا تەختتە ئولتۇرغان مەھمۇدنىڭ ئىنىسى ئىبراھىم بىننى مەھمۇد يەنىلا قاراقىتانلارنىڭ ھىمايىسىدىكى خان ئىدى.

1141 ـ يىلى ئالىپ تېكىن ئىسىملىك بىرسى بۇخاراغا ۋالىي بولدى. ئىبراھىم قارلۇقلار بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈلدى. بەلختە كۆچمەن بولۇپ ياشاۋاتقان ئوغۇزلار 1159 ـ يىلى ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى ئۇنىڭ ئۆزىگە ھۆكۈمدار بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن سەلچۇقىيلاردىن ئارسلان بىننى ئاتسىز (خارەزم شاھ) قالايمىقانچىلىق چىقارغان ئوغۇزلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

1152 ـ يىللىرى مەھمۇدنىڭ ئىككىنچى ئوغلى مەلىك خارەزم شاھ ئاتسىز بىلەن بىللە قىپچاقلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان چاغدا ئۆز شېرىكلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ كۆلپەت ئىچىدە ئۆلتۈرۈلدى.

1162 ـ يىلى مەھمۇد بىلەن ئوغلى مۇھەممەد ئەسىر ئېلىنىپ كۆزىگە زەھەر چېچىپ تۈرمىگە تاشلىنىپ ئىككى يىلدىن

كېيىن ئاتا ـ بالا ھەر ئىككىلىسى ئۆلدى.
1204 ـ يىلى غەربىي قاراخانىيلاردىن ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ئوسمان غەربىي قاراخانىيلار تەختىدە ئولتۇردى. ئۇ قەيسەر، ئىقتىدارلىق خان بولۇپ، خارەزم شاھى بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ قاراقىتانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ بۇخارانى تارتىۋالغان.
1212 ـ يىلى قاراقىتانلار غەربىي قاراخانىيلار خانى مۇھەممەد ئوسمان خانغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ بۇ ئۇرۇشتا مۇھەممەد ئوسماننى ئەسىرگە ئالغان. سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ، غەربىي قاراخانىيلار خانى مۇھەممەد ئوسماننى ئۆلتۈردى. سەمەرقەند يەنىلا خارەزم شاھىنىڭ پايتەختى بولدى.
1218 ـ يىلى چىڭگىزخان جوبە نايان باشچىلىقىدىكى قوشۇن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ كۈچلۈكنىڭ قول ئاستىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلدى.
1221 ـ يىلى غەربىي ۋە شەرقىي قاراخانىيلار خانلىقى يىمىرىلدى. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا چىڭگىزخان ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتتى.

## قوشۇمچە II

# پايدىلانغان مەنبەلەر


1. كىشلوف: «جەنۇبىي سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى»، بىرىنچى قىسىم.
2. ماچاڭشۇۋ: «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى تارىخى».
3. «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 1998 ـ يىل 1 ـ سان.
4. ئا. خوجا: «غەربىي يۇرت ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ناملىق ئەسەر.
5. ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر: «غەزىنىلىرى بوسۇغىسىدا».
6. «تارىخنامە ۋە ھۇنلار تەزكىرىسىدىن».
7. فىلك جياشىڭ، چىلڭ سۇلو، موگۇاڭۋېن: «ئۇيغۇر تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى».
8. گو باۋ: «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى ھەققىدە يېڭى ئىزدىنىش».
9. ۋ. ۋ. رادلوف: «ئۇيغۇرلار مەسىلىسى توغرىسىدا»، 1893 ـ يىل.
10. گو باۋ: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە دائىر بىرقانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا».
11. ۋ. ۋ. گرىگورىيوف: «چىنى تۈركىستان».
12. ئا. گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇشى».
13. ئا. خوجا: «چەرچەن ناھىيە زاغۇنلۇقتىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان ئېسىل يادىكارلىقلار»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 98 ـ يىل 3 ـ سان.
14. ئا. راخمان: «ئۇيغۇر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى».

15. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى».
16. ئا. گابائىن: «قوچو ئۇيغۇر خانلىقى (850 ـ 1400)
نىڭ خانلىق قارىشى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»
97 ـ يىللىق سان.
17. «خوتەننىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» خوتەن
تەزكىرىچىلىكى.
18. «تاڭنامە».
19. «كونا تاڭنامە» دىن.
20. ئەبۇل غازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك».
21. موللا موسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىيە».
22. جۇۋەينى: «تارىخى جاھانگوشاي».
23. رەشىدىددىن فەيزۇللا: «جامىئۇتتەۋارىخ».
24. «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى 1964 ـ
يىللىق 2 ـ سان.
25. «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى».
26. ياڭ شىڭمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇرلار».
27. شۆ زوڭجىڭ: «شىمالىي چۆللۈكتىكى ئۇيغۇر
خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى».
28. يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى: «قۇتادغۇبىلىك ۋە
قانۇن».
29. دوكتور زەكەرىيا: «تۈركىستاندا ئىسلامىيەت ۋە
تۈركلەر».
30. «تاڭ سۇلالىسىگە دائىر خاتىرىلەر».
31. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 1994 ـ يىللىق 1 ـ
سان.
32. ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «ھارۋىنىڭ كەشىپ
قىلىنىشى».
33. ئابدۇرېھىم راخمان: «ئۇيغۇرلاردىكى ئاتچىلىق

توغرىسىدا» ، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى.

34. «قانۇنلار قامۇسى، باسمىللار ھەققىدە قىسقىچە، قەدىمكى ئۇيغۇرلار» دېگەن ئەسەردىن.

35. فېڭ جياشېڭ: «ئۇيغۇرلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ قىسقىچە توپلىمى».

36. «يېڭى تاڭنامە».

37. پېتېرووۋسكى: «موڭغۇلىيە بىلەن جۇڭگودىكى ساياھەت توغرىسىدا».

38. جىنوسكى: «ئوتتۇرا ئەسىر تۈركلىرى، ئىرانلار، كافكازلىقلار» ، 1978 ـ يىلى لوندون نەشرى.

39. گىشلوب: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمكى شەھەرلەر ۋە سوۋېت ئارخېئولوگىيىسىدىن».

40. مىنورىسكى: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى تۈركلەر».

41. ئا. گ. مالياۋكىن: «ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى».

42. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ، «ئارخېئولوگىيە» قىسمى.

43. «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» 98 ـ يىللىق 3 ـ سان.

44. فېڭ چېڭجۈن (تەرجىمىسى) : «دۇسان موڭغۇل تارىخىدىن».

45. «غەربىي يۇرتتىكى تۈركىي خەلقلەر تارىخى».

46. ئۆمەلژان پىرىتساك: «قاراخانىيلار».

47. سىن جۇڭمىيەن: «تۈرك تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» 2 ـ قىسىم.

48. جامال قارشى: «مولھاتوس ـ سوراھ».

49. مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان: «تارىخى رەشىدىي».

50. «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 4 ـ توم.

51. «ھۇدۇدۇلئالەم».

52. بارتولد: «موڭغۇللار بىسىپ كىرگەندىكى تۈركىستان».
53. «تەزكىرەئى سۇلتان سۇتۇق بۇغرا خان» قولىيازما نۇسخىسى.
54. ئىبنول ئەسىرى: «تارىخى كامىل».
55. بارتولد: «ئىران جۇغراپىيە تارىخى».
56. «ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى»، «تۆت ئىمام تەزكىرىسى».
57. يۇسۇپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك».
58. «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى».
59. مورگان: «تۈرك تارىخىنىڭ ئانا خەتلىرى».
60. ھىنرى يولى: «قەدىمكى جۇڭگودا ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلىرىمدىن خاتىرە».
61. «ھەزرىتى موللام تەزكىرەسى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى.
62. «ئەبۇنەسىر سامانىي تەزكىرىسى».
63. سەيپىدىن ئەزىزى: «سۇتۇق بۇغراخان».
64. مۇھەممەد ئىمىن يۇسۇپ: «يۇسۇپ خاس ھاجىپ دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىرى».
65. تۇرسۇن ئەرشىدىن: «قۇتادغۇبىلىكتىكى ئارىفمېتىكا، گېئومېتىرىيە، ئالگېبرا، ئانالىز ماتېماتىكىسىغا دائىر مەلۇماتلار».
66. سەمەت خېۋىر: «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى».
67. فۇ چىڭيۈەن: «قۇتادغۇبىلىكتىكى بىلىم قارىشىغا دائىر ئىدىيىلەر».
68. ئەمىر نەجىپ: «‹قۇتادغۇبىلىك› قولىيازمىلىرىدىن نەمەنگان، قاھىرە، مىسىر نۇسخىلىرىنىڭ تېكىستى ھەققىدە».

www.uyghurkitap.com

69. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار».
70. م. ئىسقاقبايوف: «قازاقنىڭ قەدىمكى كالېندارى».
71. مىرسۇلتان ئوسمانوف: «مۇھەممەد قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى› دا بايان قىلىنغان ئەدەبىي تىل ھەققىدە».
72. ستالىن: «دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم».
73. رىشات گەنجى: «قاراخانىيلارنىڭ تەشكىلاتى».
74. خامىلتون: «بەش دەۋر مەزگىلىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار».
75. چېڭ سولو: «قوچو ئىدىقۇتلىرىنىڭ شەجەرىسى ئۈستىدە تەتقىقات».
76. چېڭ سولو: «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىسىسىغە تولۇقلىما».
77. جاڭ گۇاڭدا: «غەربىي ئايماق ئۇيغۇرلىرىغا دائىر دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان بىر پارچە ھۆججەت»، «بېيجىڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى» 89 - يىل 2 - سان.
78. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخىغا دائىر مۇھىم خاتىرىلەر».
79. «قاراغوجا ئۇيغۇر خانلىقى».
80. ۋاڭ يەندې: «قوجوغا ئەلچىلىككە بېرىش خاتىرىسى».
81. «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى — قوجو تەزكىرىسى».
82. «جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى تارىخى — قوجو تەزكىرىسى».
83. ئەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىخى».
84. سۇڭ داچاڭ: «تەكرار خەۋەر بايانى».
85. «كىتابلار جەۋھىرى».
86. ياڭ فۇشۇ: «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ پۇل ھەققىدە

ئىزدىنىشى» .

87. «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» .

88. «شىنجاڭ تارىخىغا دائىر مەدەنىي يادىكارلىقلار» .

89. تىخنوف: «10 ـ ، 14 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمى» .

90. «مايتىر سىمىت» .

91. لاڭ يىڭ: «جۇڭخۇا ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى قۇتادغۇبىلىك» .

92. «تارىخىي يېزىقلىرىمىز» .

93. بارتولد: «تېرنىر ماددىسى ـــ دائىرەتول مۇئادىپ ئەل ئىسلامىيە» .

94. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى» .

95. بارتولد : «ئىسلام مەدەنىيەت تارىخى» .

96. جەئەتانى: «ئىسلام تارىخى» .

97. «تۈركلەر ۋە ئىسلامىيەت» ناملىق ئەسەردىن.

98. ئۆگەل باھائىددىن: «ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى تۈرك تارىخى» .

99. ئىبنى نەدىم: «مەلۇم بولمىغان ئىچكى ئاسىيا» .

100. بىروككېلمان: «ئىسلام مىللەتلىرى ۋە دۆلەتلەر تارىخى» .

101. نارشاھى: «بۇخارا تارىخى» .

102. بارتولد: «موڭغۇللار دەۋرىدىكى تۈركىستان» .

103. ئابدۇل مالىك: «پارس ئەدەبىيات تارىخى» .

104. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن: «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» .

105. ئەبۇسەئىد ئابدول ھەييان بىننى زەھھاك گەردىزى: «زەينۇل ـ ئەخبار» .

106. شۈەنزاڭ: «غەربىي يۇرتقا ساياھەت خاتىرىسى» .

107. ئەبۇ جەئپەر مۇھەممەد ئىبنى جەرىر تەبەر: «تارىخى تەبەر» .
108. ف. ئېنگېلس: «دىيورىڭغا قارشى» 1972 ـ يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى.
109. جيەن بوزەن: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى توغرىسىدا» .
110. بىرنىشتېيىن: «قازاق پەلسەپە تارىخى» .
111. ئەھمەد زەكىي ۋەلىدى توغان «قەدىمكى كۆچار خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى» .
112. پىروفېسسور رەشىت رەھمىتى ئارات: «قۇتادغۇبىلىك، نە يېزىلغان كىرىش سۆز» .
113. نىزامى ئەرۇزى: «بۇخارا تارىخى» .
114. ج. كلوسون: «ئۇيغۇرلارنىڭ نامى توغرىسىدا» .
115. «جۇڭگو ـ غەرب قاتنىشى توغرىسىدا ماتېرىياللار توپلىمى» .
116. دوكتور ب. ن. شەھسۇۋاز: «فارابىنى تونۇشتۇرۇش» .
117. چىڭ سولو: «ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا ماكانلىشىشى» .
118. دوكتور ئارسلان تىرزىھى ئوغلى: «تۈرك تارىخى كونگرېيىسى» .

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت

# قەدىمكى ئۇيغۇرلار ۋە قاراخانىيلار

ھاجى نۇرھاجى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭدىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32 باسما تاۋىقى:
15.875 قىستۇرما ۋارىقى: 4
2009 ـ يىل 4 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN7-228-06389-9/K·927
باھاسى: 23.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com